شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە 4 - نۆۋەتلىك «ژۇرنال مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەن ژۇرنال
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە 5 - نۆۋەتلىك «ژۇرنال مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەن ژۇرنال



# تارىم

1

2010

塔里木

ISSN 1002-9044

# ئەسسالام ئەل-ئاۋام !

# 2010-

# يېڭى يىلىڭلارغا مۇبارەك بولسۇن !



**ياسىن زىلال**
(ئالىي مۇھەررىر)




**پاتىگۈل ئەخمەت**
(كاندىدات ئالىي مۇھەررىر)




**قاھار نىياز**
(كاندىدات ئالىي مۇھەررىر)



**مۇھەممەد ئەيسا ئۆزئەرك**
(كاندىدات ئالىي مۇھەررىر)



**غېنى مۇھەممەت**
(كاندىدات ئالىي مۇھەررىر)



**ھەزرەتئەلى ئەخەت**
(ياردەمچى مۇھەررىر)



**خاسىيەت ئەمەت**
(كاندىدات ئالىي مۇھەررىر)



**مۇختار تۇردى**
(مۇھەررىر)

# تارىم

ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنال

2010·1

60-يىل نەشرى

www.uyghurkitap.com

تارىم

2010- يىللىق 1- سان

نەشرىيات باشلىقى:
باش مۇھەررىر: ياسىن زىلال (ئالىي مۇھەررىر)

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:
پاتىگۈل ئەخمەت (كاندىدات ئالىي مۇھەررىر)

## بۇ ساندا

### پوۋېست

پىسخىكىلىق بوھران ................................................ **ئەكبەر ئىمام كۆكبۆرە** 38

### ھېكايىلەر

ئانا ................................................................ **نۇرگۈل ئەبەي** 4
ئۆچمەس ئوت ................................................................ **مەدەنىيەت قېيۇم** 18

### نەزمىي ئەسەرلەر

چولاق قۇش باللادىسى ................................................ **مۇھەممەد چاۋار** 34
يىل ھالقىسى ................................................................ **تەلئەت قادىرى** 105
ۋەتەن ئىشقى ................................................................ **ھېسامىدىن ئەزىزى** 107
گۈلۈمنىڭ كۆزى ................................................................ **ئابدۇرېھىم زۇنۇن** 108
دىلرەبا ................................................................ **ئەكرەم ئابدۇمىجىت** 109
باھار رەڭلىك تەن ................................................................ **ئوسمان زاھىر** 110
گۈزەل قىرغاق ................................................................ **گۈلسۇم ئوسمان** 112
ئوت ئارىلى ................................................................ **ھاياتنوپۇس مۇھەممەت** 136
كۆك خىنىم ................................................................ **مەھمۇت ھېيت مەھدى** 138
سەن گويا پىنھاندا ئېچىلغان بىر گۈل ................................................ **ھەزرەتئەلى ئەلى** 139
رۇبائىيلار ................................................................ **نامانجان تۇرسۇن قاراتېكىن** 141

### مۇھاكىمە ۋە تەقرىز

ئۇيغۇر يېڭى پروزىچىلىقىنىڭ بارلىققا كېلىشىدىكى ئىجتىمائىي، تارىخىي شارائىت ۋە مەدەنىيەت كونتېكىستى ................................................ **مەتتۇرسۇن ئېلى** 114

## تەھرىر ھەيئىتى

(ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە)

ئابلىمىت سادىق، ئارسلان ئابدۇللا، ئازاد سۇلتان، ئەبەيدۇللا ئىبراھىم، ئەخەت تۇردى، ئەكبەر سالىھ، پاتىگۈل ئەخمەت، خالىدە ئىسرائىل، سارەم ئىبراھىم، قۇربان ياسىن، مەھەممەت شاۋۇدۇن، مۇختار مەخسۇت، مەتتىمىن ھوشۇر، مۇھەممەت باغراش، مۇھەممەت پولات، مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت، ھېيتەم ھۈسەيىن، ئوسمانجان ساۋۇت، ۋاھىدجان غوپۇر، ئىمىن ئەھمىدى، ئىمىن تۇرسۇن، ياسىن زىلال.

ھەر ئاينىڭ 1-كۈنى نەشردىن چىقىدۇ

ئومۇمىي 587- سان

«ئىزدىنىش» ۋە «زامانىمىزنىڭ قەھرىمانى» ھەققىدە سېلىشتۇرما تەھلىل .........................
......... **ئامانگۈل ئىمىن، مۇنىرىدىن شەمشىدىن** 121

### ئەدىبلەر بىلەن سۆھبەت

مەندە شۇنداق ئەقىدە بار ......................... **ئالىمجان ئىسمائىل، ئېزىزجان خۇدابەردى** 127

### ئالتۇن روجەك

تەكچۈگلۈقنى يوقىتىش (ھېكايە) ......................................... **شىك چىڭجي** 142
ئەدەبىيات- سەنئەت ۋە بىمەنىلىك ............................................. **ۋاڭ مېڭ** 145

### كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتى

ھىرقەتى ۋە نەۋايى .................................... **ھەنىفە سالىھوۋا** (ئۆزبېكستان) 153

### خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن

بىلىقچىنىڭ قىزى ......................................................... 158

*    *    *

مۇقاۋىنىڭ 1- بېتىدە: دولان ئۇيسۇلى (ماي بوياق) ........................ **يالقۇن غازى** سىزغان

بۇ ساننىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى : مۇھەممەد ئەيسا ئۆزئەرك
مەسئۇل كوررېكتور(تەكلىپلىك) : قەييۇم تۇرسۇن
مۇقاۋا، بەت لايىھىلىگۈچى : ھەزرەتئەلى ئەخەت
رەسسام : پەرھات ئىبراھىم
خەتتات : ئابلىمىت ئوسمان
كومپيۇتېردا : ئەنۋەر تىلىۋالدى

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

نۇرگۇل ئەبەي

# ئانا



(ھېكايە)

موماي كوچىلاردا خېلىغىچە مەقسەتسىز ئايلىنىپ يۈردى، كەچ كىرىپ ئەتراپنى خېلىلا قاراڭغۇلۇق قاپلىدى. ئاپلا! نامازشام ئۆتۈپ كەتكىلى تۇرۇپتۇغۇ. موماي شۇندىلا ئېسىنى يىغىپ دەرھال نامىزىنى ئوقۇماقچى بولدى ۋە قەيەرلەرگىدۇر ئالدىرىدى، لېكىن ئالدىدىكى تۆت كوچا ئېغىزىغا كەلگەندە يەنە نەگە مېڭىشىنى بىلەلمەي تۇرۇپلا قالدى. كوچىنىڭ ئۇدۇل تەرىپىدىلا چوڭ قىزىنىڭ ئۆيى، ئايىغىدا چوڭ ئوغلىنىڭ ئۆيى بار ئىدى، سول تەرەپتىكى كوچىدا 3-ئوغلىنىڭ ئۆيى، ئاۋۇ بىنادا كىچىك قىزىنىڭ ئۆيى كۆرۈنۈپلا تۇراتتى. ئۇنىڭ بايىلا چەكسىز دەرد-ھەسرەت ئىچىدە پۇچىلىنىپ يېنىپ چىققىنى ئۆزىنىڭ، توغرىسى 2-ئوغلىنىڭ ئۆيى ئىدى، ئۇ بۇ ئۆيگە ئەمدى ھەرگىزمۇ قايتىپ كىرمەيتتى. موماي ئۈچۈن ھاياتلىقتا يەنە

كۆڭلى تارتىپ ئۇسۇپلا كىرەلەيدىغان، قورقماي
بارالايدىغان ھېچقانداق يېرىمۇ قالمىغاندەك
قىلاتتى. مومايىنى ئىختىيارسىز تىترەك باستى.
كەچ كۈزنىڭ ئاچچىق شامىلى ئۇنىڭ ئاجىزلاپ
كەتكەن كۆچىسىز تېنىگە زەھەردەك سانجىلاتتى.
كوچىنى ئوراپ تۇرغان دەرەخلەردىن تۆكۈلگەن
ساپسېرىق غازاڭلار مومايىنىڭ ئاياغلىرىدىن شىل-
دىرلاپ ئۆتۈپ، قاياقلارغىدۇر دەرمانسىز ئۇچات-
تى. موماي يەر بېغىرلاپ ئۇچۇۋاتقان غازاڭلارغا،
سۇلىياۋ خالتىلارغا، يالىڭاچلىنىۋاتقان دەرەخلەر-
گە نەزەر تاشلىدى. شۇ تاپتا ئۇ ئۆزىنىمۇ ئاشۇ
شېخىدىن ئايرىلغان غازاڭلاردەك، تاشلىۋېتىل-
گەن قەغەز پارچىلىرىدەك قەدىرسىز ھېس
قىلاتتى. ئۇ چەكسىز ئازاب ۋە ئۈمىدسىزلىك ئى-
چىدە نەزىرىنى ئاستا-ئاستا بىپايان كۆككە يۆت-
كىدى. ئاسماندا كۈل رەڭ بۇلۇت ئارىسىدا مىس-
كىنگىنە ئاي، يۈزىنى توسۇپ تۇرغان بەدرەڭ بۇ-
لۇتلاردىن ئازار يېگەندەك ئاستا ئۈزۈپ يۈرەتتى.
ئاينىڭ مىسكىنلىكى بىلەن مومايىنىڭ قەلبىدى-
كى ئازاب گويا بىر گەۋدىگە ئايلىنىپ كەتكەن-
دەك قىلاتتى... كۆڭۈلسىز مەنزىرىلەر مومايىنىڭ
كۆڭلىدىكى غەشلىكنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتتى.
چەكسىز ئازاب بىلەن بىللە ئۆزىنى ئۇزاق يىل
قىيناپ كەلگەن زىققە كېسىلى مومايىنىڭ ھالى-
نى قويمىدى. ئۇ ئۆرتەپ كەلگەن يىغاندىن ھۆر-
كىرەپ يىغلىۋېتىشتىن ئۆزىنى بېسىپ ئاستا
كەينىگە ياندى-دە، نەچچە قەدەملا نېرىدىكى پىيا-
دىلەر يولىغا ياندىش قويۇلغان ئۇزۇن ئورۇندۇقتا
لاسسىدە ئولتۇرۇپ قالدى. شامال كۈچىيىپ
كەتتى، قاياقتىندۇر ۋەھىمىلىك ئاۋازلار كېلەت-
تى. ئاچچىق سوغۇق مومايىنىڭ ئەتىسىز بەدەنلى-
رىگە زەرب بىلەن ئۇرۇلاتتى. موماي تىترەپ
تۇرۇپ ۋاقتى ئۆتۈپ كەتسىمۇ نامازشامنىڭ ئۈچ
رەكەت پەرھىزىنى ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ خىيا-
لىي، ئانچە-مۇنچە ئىشارەت بىلەن ئۇقۇۋالدى.
ناماز ئاخىرلاشقاندا ئادىتى بويىچە قولىنى كۆتۈ-
رۈپ دۇئا قىلماقچى ئىدى، سوغۇقتىن دۈگدىيى-
شىپ، يۇگۇرۇشۇپ دېگۈدەك كېتىۋاتقانلاردىن
سەل نومۇس قىلىپ قالدى. لېكىن قول كۆتۈر-
مەيمۇ چىن دىلىدىن دۇئا قىلىشقا باشلىدى: «ئاھ
قۇدرىتى كەڭ ئاللا! بالىلىرىمنىڭ كۆڭلىگە
ئىنساپ، دىيانەت ئاتا قىلغىن، ئۇلارنى ئىككىلا
دۇنيادا ئەزىز قىلغىن، مەن ئۇلاردىن مىڭ مەرتى-
ۋە رازى...» موماي مىڭ يېرىدىن تۆكۈلۈپ
كەتتى. ئوغلىنىڭ گۈلدۈرمامىدەك قەھرلىك ئاۋا-
زى، ھېلىلا ئۇنى يانچىپ تاشلىۋېتىدىغاندەك ئەل-
پازدا قولىدىكى تىزگىنەكنى قارس-قۇرس قىلىپ
سۇندۇرۇپ، ساپا يېنىدىكى يۇمىلاق ئورۇندۇقنى
كۈچەپ تېپىشلىرى كۆز ئالدىغا كېلىۋالدى. ۋە-
ھىمە، ئۈمىدسىزلىك، ھاياتتىن بىزار بولۇش تۇي-
غۇسى ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى ئېزىپ-ئېزىپ پايخان
قىلاتتى، يۈرىكىنى مۇجۇپ نەپىسىنى قىساتتى.
— ئەگەر ئۇ سىزگە ۋارقىراپ - جارقىرى-
سىلا ياقىسىغا ئېسىلىڭ، نوچى بولسا سىزنى
بىرنى ئۇرۇپ باقسۇنچۇ قېنى! ئاندىن كۆرىدۇ
كۆرگۈلۈكىنى. سىز دېگەن ئانا! ئانىدەك تۇرۇڭ!
بۇ كىچىك قىزنىڭ سۆزى، بىچارە قىز
مىڭ يېرىدىن تۆكۈلۈپ تۇرۇپ ئاچچىق دەردىدە
ئانىسىغا ۋارقىراپ كەتكەنىدى. لېكىن موماي
ئوغلىنىڭ ياقىسىغا ئېسىلمىدى. ئۇنىڭ قولىدى-
كى نەرسىلەرنى قەھرلىك سۇندۇرۇپ، ئورۇندۇق-
نى زەرب بىلەن تېپىشلىرىگە ئۇنىسىز قاراپ
تۇردى. يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان، تونۇ-
غۇسىز دەرىجىدە ئۆزگىرىپ، قورقۇنچلۇق دەرى-
جىدە ۋاپاسىزلىشىپ كەتكەن ئوغلىغا ئاجىيىپ
بىچارىلەرچە تەلمۈرۈپ قارىدى. «كەچۈرۈڭ ئانا!
مەن ئەقىلسىزنى كەچۈرۈۋېتىڭ! مەن نېمىلەرنى
قىلىپ يۈرۈيمەن ئانا، مەن پۇشايمان قىلدىم» دېيى-
شىنى مىڭلارچە تەمە بىلەن كۈتتى. ئۇ ھەرگىزمۇ
يۈرەك پارىسىنىڭ ياقىسىغا ئېسىلمايتتى. شۇ
ھالدا ئۆزىنى مىڭ پارە قىلىۋەتسىمۇ دەردى چىق-
مىغۇدەك دەرىجىدە تەلۋىلىشىپ كەتكەن ئوغلى-
نىڭ قولىنى ئۆزىگە تەگكۈزۈپ، ئۇنى ئالالىنىڭ
ئالدىدا مەڭگۈ «قارغىش»، «ئاسىي»، ئىككىلا ئالەم
قارا يۈز قىلىۋېتىشنى خالىمايتتى...
موماي شۇ ھالدا خېلى ئۇزاقىچە ئولتۇرۇپ
كەتتى. نېمانچە ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىدىغاندىمەن؟ —
دەپ ئويلاپ كەتتى ئۇ، — ياشلىقىمدا قايسى

5

قىلىپ قويغان گۇناھلىرىمغا مۇشۇ كۈنگە قالارمەن؟ مېنىڭدىن خېلىلا كىچىك ئاياللارمۇ بىر - بىرلەپ ھەق دۇنياغا كېتىپ بولدى... موماي 80 ياشقا كىرىپمۇ يەنە بۇ دۇنيادا سۆرىلىپ، مىڭ زىخنىڭ ئىچىدە قورۇنۇپ، تەمتىرەپ ياشاپ كېلىۋاتاتتى. خۇدا بەندىسىگە ئۆلۈۋېلىشنى راۋا قىلغان بولسا ئىدى، ئۇ قەدىناسى ھېلىم بوۋايغا ئەگىشىپ شۇ كۈنىلا قارا تۇپراققا كىرىپ كېتىۋالغان بولاتتى، لېكىن مۇقەددەس ئېتىقاد بۇنىڭغا يول قويمىدى. بوۋاي 80 يېشىدا تۈگەپ كەتتى. مانا ئارىدىن ئون يىل ئۆتۈپ مومايمۇ شۇ ياشقا كەلدى. قانداقتۇر بىر چۈشىنىكسىز تۇيغۇ ئۇنىڭ يېشىنى 80 گە پۇتتۇۋەتكەندەك، ئۇنىڭ نېرىسىغا ئۆتمەيسەن دەپ ۋەھيي قىلاتتى.

بۈگۈن قۇربان ھېيتنىڭ ناماز كۈنى ئىدى.

«سەن قۇربان ھېيتنىڭ ناماز كۈنىدە تۇغۇلغان، شۇڭا ئىسمىڭنى قۇربانگۈل قويغان، — دەپ ھېكايە قىلىدىغان مومايىنىڭ مومىسى، — ئاناڭ رەھمەتلىك جىق ھەرەج تارتقان، داداڭ ھېيت نامىزىغا كەتكەندى، داداڭ نامازدىن قايتىپ، تۇغۇت ئانىسىنى ئۆيگە ئېلىپ كەلگۈچە ئاناڭ قانسىراپ كەتتى... ساق - سالامەت تۇغۇلغىنىڭنى كۆرۈپ ئاناڭ رەھمەتلىك خۇشاللىقتىن يىغلاپ كەتكەندى. سېنى كۆتۈرۈپ ئېمىتمەكچى بولدى، لېكىن قوللىرى قېتىپ بوپتىكەن رەھمەتلىكنىڭ. ساڭا بىر يۇتۇم سۈت بېرەلمىگىنىگە ھەسرەتلىنىپ كۆزى ئوچۇق كەتكەن...»

مومايىنىڭ ئېسىگە مومىسىنىڭ تالاي رەت ئېيتىپ بەرگەن ئانىسى ھەققىدىكى ھېكايىلەر كەلدى، موماي ئانىسىنى بىلمەيتتى. ئۇنى مومىسى بېقىپ چوڭ قىلغانىدى. «ئۆگەيلەيدۇ» دەپ دادىسىنىڭ كېيىنكى خوتۇنىنىڭ ئالدىغا بىر ئاخشاممۇ بەرمەيتتى. ئۆزى بىر قوللۇق بېقىپ، تەربىيىلەپ 16 ياشقا كىرگەندە قوشنا مەھەللىنىڭ كۆزى بولغان ئىشچان يىگىت ھېلىمغا تاپشۇرۇپ پەرزىنى ئادا قىلدى...

مومايىنىڭ ئۆپكىسى ئۆرۈلدى، ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا كۆزلىرىدىن مېھرىبانلىق يېغىپ تۇرىدىغان مومىسى، ئۆزىگە، ئاقارغان چاچلىرىغا، پېشانىسىدىكى يول-يول قورۇقلارغا ياشلىق چاغلىرىدەك ئىچ كۆيەرلىك بىلەن قاراپ كېتىدىغان بوۋىيى كەلدى. ئۇ ئاچچىق ياشلاردىن تېخىمۇ خىرەلىشىپ كەتكەن گۈنسىز كۆزلىرىنى قىبلە تەرەپكە — چەكسىز ئاسمان بوشلۇقىغا تىكتى. يىراق-يىراقتىن خىرە كۆرۈنگەن سۇس يۇلتۇزلار شۇ تاپتا زورۇقۇپ جىلمىيىۋاتقاندەك، موماي ئۈچۈن ياش تۆكۈپ پەرياد چېكىۋاتقاندەك كۆڭۈلسىز كۆرۈنەتتى.

موماي چوڭ قىزىنى تۇغۇپ ياتقاندا، مەھەللىدە تۇيۇقسىز ئېغىر ۋابا پەيدا بولۇپ، دادىسى بىلەن مومىسى شۇ ئاپەتتە نۇرغۇن قېرى - ياش، ئۇلۇغ - ئۇششاقنىڭ قاتارى كۆز يۇمدى.

— ئاۋۇ ئەڭ يورۇق تۇرۇۋاتقىنى موماڭ شۇ، قارا! رەھمەتلىك ئەل ئۆمرىدە ساۋابلىقتىن باشقىنى بىلمەيتتى. شۇڭا ھەممىدىن بەك يورۇپ تۇرىدۇ. يېنىدىكى پارقىراق يۇلتۇز ئاناڭ ھەجەرقىز، ئاۋۇ نېرىدىكىسى داداڭ شۇ. بىزمۇ ئۇلارنىڭ يېنىغا كېتىمىز، روھىمىز يۇلتۇز بولۇپ ئەۋلادلىرىمىزغا قاراپ تۇرىدۇ، — بوۋاي شۇنداق دەپ مومىينىڭ كۆڭلىنى ياسايدىغان. بوۋاينىڭ دېيىشىچە ئاسماندىكى ھەر بىر يۇلتۇز ئۆلۈپ كەتكەن بىر ئادەمنىڭ روھى ئىكەن. موماي شۇنىڭدىن بېرى بوۋاي كۆرسەتكەن قىبلە تەرەپتىكى ئۈچ تال يورۇق يۇلتۇزغا پات-پات قاراپ قوياتتى. ساددا قەلبى بىلەن ئاسماندا چاراقلاپ تۇرغان پاك روھلارنىڭ ئەۋلادلارغا يار-يۆلەك بولۇپ، ئۇلارنى قوغداپ تۇرىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ تۇراتتى، ھەم بۇنىڭغا شەكسىز ئىشىنەتتى. مۇشۇ خىل كۈچ-قۇدرەت ۋە ئۈمىد ئىچىدە ئۇ نۇرغۇن يىللارنى ئۆتكۈزدى. كۆرمىگەن كۈنى، تارتمىغان جاپاسى قالمىدى. ئۇنىڭ ئۈچۈن ھەرقانداق قىيىنچىلىق، كۈلپەت، قەھەتچىلىك، ۋابا... ھەممىسى ئۆتكۈنچى شامال ئىدى. ئۆتۈپ كەتمەيدىغان، ئىزىغا چۈشمەيدىغان ھېچقانداق ئىش بولمايتتى. لېكىن موماي شۇ يېشىغا كەلگەندە ئۆزىگە كەلگەن بۇ غېرىبـ

لىقىنىڭ قاچان، قەيەردە ئۆتۈپ كېتىدىغانلىقىنى زادىلا بىلمىدى.

بوۋاي تۈگەپ كەتكەندە، مومايغا بازارنىڭ ئەڭ ئاۋات يېرىدىن باغۋارانلىق ھويلا، ئىشىكى تالاغا قاراپ ئېچىلغان، چوڭ - كىچىكلىكى، زىننەتلىنىشىمۇ ئوخشاش ئون ئېغىزلىق دۇكان ئۆي قالدى. دۇكانلارنىڭ ئايلىق ئىجارىسىلا 5000 يۈەندىن ئاشاتتى. بوۋاي بىلەن مومايىنىڭ بۇ دۇنيالىقتا تاپقان - تەرگىنىنىڭ ھەممىسىمۇ مۇشۇلار ئىدى. كېيىنكى كۈنلەردە مومايىنىڭ ياغلىقىغا تۈگكەنلىرىنىمۇ بوۋاي دۇكاننى زىننەتلەش ئۈچۈن پاكپاكىز ئىشلىتىۋەتتى.

— نېمىمۇ قىلارمىز قېرىغاندا بۇنچە جىق پۇل خەجلەپ؟ — دەپ كوتۇلدىغانتى موماي قۇرۇقدىلىنىپلا قالغان تۈگكۈچلىرىگە ئاچچىق بولۇپ.

— ھەي نادان خوتۇن، بىز كۆرگەن كۈن ئازمۇ؟ باللار بىز كۆرگەننى كۆرمىسۇن، بىز تارتقان جاپالارغا قالمىسۇن، ئوغۇل نەۋرىلىرىمىزمۇ خېلى بار، ئۇلارنىڭ كېيىنكى تەقدىرىنى پەقەت ئاللا بىلىدۇ، كۈنلەرنىڭ بىرىدە باللارنىڭ بېشىغا كۈن كەلگەندە «دادام بۇ دۇكاننى سېلىپ قويۇپتىكەن» دەپ بىرەر ھۈنەر قىلسىمۇ، ياكى ئىجارىسىنى ئېلىپ خەجلىسىمۇ چىرىغىمىز يورۇيدۇ، ئۆزلىرىمۇ غېرىب بولمايدۇ. مۇشۇ تۇرغان ئۆيىنىڭ ئورنىغىمۇ ئېسىل دۇكاندىن بىرنى سېلىۋېلىپ، ئۈستىگە قەۋەت چىقىرىپ سېنى ئورۇنلاشتۇرۇۋالسام، ئاستىڭدىكى دۇكاننىڭ پۇلىنى خەجلەپ، غەمدىن خالىي ياتقىنىڭنى كۆرسەم، ئوغۇللارغا ئىككىدىن دۇكان ئايرىپ بەرسەم بۇ دۇنيادا باشقا ئارمىنىم قالمايتتى...

ئۇلارنىڭ بەش ئوغلى، ئىككى قىزى بار ئىدى. ئوغۇللارنىڭ روزغارى ھەرھالدا ئۆزىگە تۇشلۇق ئىدى. «ۋاي دادا، ۋاي ئانا» دېيىشىپ ئۇلارنى چۆرگىلەپ كېتەلمەيتتى. بوۋاي ئىككى قىزىنىڭ مىراسىنى ئۇلارنى ياتلىق قىلغاندىلا خىللانغان ئوندىن ساغلىق، بىر جۈپتىن ئالتۇن بىلەزۈك بىلەن ئايرىپ بەرگەنىدى.

— سىلەرگە ئويلىغىنىم بار، — دەيتتى ئۇ ئۆزىدىن بىر ئامالللار بىلەن گەپ ئېلىۋاتقان ئوغۇللارغا سوغۇق قاراپ. لېكىن بوۋاينىڭ قانداق ئويلىغىنى، كىمگە نېمىلەر قالدۇرماقچى بولغىنى ئوغۇللارغا سىر بولۇپ قالدى. بىر جۈمە كۈنى بوۋاي نامازدىن كېلىۋېتىپ تۇيۇقسىز يىقىلىپ كەتكەن بىلەن مېڭىسىگە قان چۈشۈپ، دوختۇرخانىدىلا جان بەردى. 50 نەچچە يىللىق ھەمراھى، تاغدەك يۆلەنچۈكىدىن شۇنداقلا جۇدا بولۇش مومايغا بەكلا ئېغىر كەلدى. بوۋاينىڭ كۆك يوپۇق يېپىلغان ھەيۋەتلىك جىنازىسى دەرۋازىدىن لەڭ ئۇرۇپ چىققاندا، موماي يۈرىكىنىڭمۇ جىنازا بىلەن تەڭلا قىنىدىن سۇغۇرۇلۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. جانغا تاقىلىدىغان بىر خىل قاقشاتقۇچ زەربە، ئۈمىدسىزلىك، ھەسرەت بىلەن تىرىكگىدە كەينىگە ئۈچۈپ ھوشىدىن كەتتى.

بوۋاينىڭ قىرىق نەزىرىسىگە ئۇلاشمايلا ئوغۇللار، كېلىنلەر ئۆزلىرىنى بېسىشالمىدى.

— دادام چوڭ دۇكان بىلەن ئاياغتىكى دۇكاننى سەن ئاچقىن دېگەنتى، — دەپ گەپ تەشتى يېشى 50 تىن ھالقىغان چوڭ ئوغلى كۆۋرەپ.

— دادام ئۇنداق گەپ قىلمىغانغۇ؟ ساڭا قاچانلاردا شۇنداق دېگەنتى؟ چوڭ دۇكان بىلەن ئاياغتىكى دۇكاننىڭ ئورنىمۇ، سودىسىمۇ بەلەن، بۇ ئىككى دۇكاننى ئەجەب ساڭىلا بەرگۈسى كەپتىكەن ھە دادامنىڭ؟! — ئاكىسىنىڭ قاراپ تۇرۇپ يالغان گەپ قىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ كىچىك ئوغلىنىڭ قېنى قىزىدى. ھويلىنى تېرەكتەك ئوغۇللارنىڭ تاپا - تەنە، ئاچچىق قايناشلىرى بىر ئالدى، كېلىنلەرمۇ ھەتتا نەۋرە-چەۋرىلەرمۇ مومايىنىڭ كۆزىچىلا بىر-بىرىگە يەۋەتكۈدەك ئەلپازدا ھومىيىشىپ، نەچچە تەرەپ بولۇپ كېتىۋاتاتتى. مومايىنىڭ ئۆپكىسى ئۆرۈلدى، بوۋاي ھايات ۋاقتىدا شۇ ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان چوڭ ئوغلى جېنىدا «خوش» دەپ تۇراتتى، كىچىكى چوڭىغا باش ئېگەتتى، چوڭىمۇ كىچىكىنىڭ گېپىنى يەرمايتتى. ئۇلار ھەتتا بوۋاينىڭ ئالدىدا بىر ئېغىز گەپنى ئۈنلۈك قىلىشتىنىمۇ ئەيمىنەت-

تى، مانا ئەمدى بوۋاي كېتىۋېدى، ئۇلار مومايىنىڭ كۆزىچىلا تەپ تارتماستىن بىر-بىرىگە دۈشمەنلەردەك مۇئامىلە قىلىشۋاتاتتى. يىللاردىن بۇيانقى قان ـ قېرىنداشلىق، مېھىر ـ ۋاپا شۇ تاپتا نەلەرگىدۇر غايىب بولغانىدى. موماي ئانىلىق ھەيۋىتىنىڭ، ئابرۇيىنىڭ بوۋاي بىلەن تەڭلا سۇنغانلىقىنى ھېس قىلدى.

— بولدى قىلىڭلار، مەن تېخى ئۆلمىدىم! داداڭلارنىڭ مىراسىنى ھەر بىرىڭلارغا قانداق بەرمەكچى بولغانلىقى ماڭا ئايان! — موماي مۇڭ ۋە ھەسرەتتىن پۈچىلانغان ھالدا شۇنداق دەپ ۋارقىرىدى. شۇندىلا باللار ئۆزلىرى تالىشىۋاتقان باغ ـ ئورمان، ئايۋان ـ دۇكانلارغا قارىتا ئانىسىنىڭمۇ دادىسىغا ئوخشاش قارار قىلالايدىغانلىقىنى، مىراس ئايرىيالايدىغانلىقىنى ئەمدىلا چۈشىنىۋاتقاندەك مومايغا تەڭلا قارىشىپ قالدى. پۇل ـ بايلىق، مال ـ دۇنيا دېگەننىڭ قۇدرىتى ئاجايىپلا بولىدىكەن. موماي سەل تىنچلانغاندەك قىلغىنى بىلەن يەنىلا بىر-بىرىگە يەۋېتىدىغاندەك ئەلپازدا كۆكىرىشىپ، ھازىرلا ئېتىلىدىغاندەك ئولتۇرغان باللارغا ھەسرەت بىلەن قاراپ، ئېغىر ئۇھ تارتقىنىچە باغقا چىقىپ كەتتى.

شۇ تەرىقىدە يەنە بىر نەچچە كۈن ئۆتۈپ كەتتى. ئوغۇللار، كېلىنلەر ئۆز ئىچىدە يەنىلا ئوپۇر-توپۇر بولۇشۇپ تۇراتتى. ھەممىسى ئۆز نەپسىنىڭ كويىدا ھە دەپ مومايغا خۇشامەت قىلغاندەك، ھەممىسىلا يالغۇز يەردە ئۆز دەردىنى، چوڭ ئۆيگە قايسى چاغدا قانچىلىك كۈچ چىقارغانلىقىنى، دادىسىنىڭ شۇ چاغدا نېمىلەرنى دېگەنلىكىنى... ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەيتتى، كۆپرەك مىراس تەمەسىدە ئاكىلىرى ياكى ئۇكىلىرىنىڭ غەيۋىتىنى قوشۇپ قوياتتى. موماي خىيالىدا قىرىقى نەزىردىن كېيىن ئويلاشماقچى بولغان ئىشلار شۇ كۈنلەردە كوچىغا، تونۇش ـ بىلىشلەرنىڭ ئاغزىغىمۇ يېيىلىپ كەتتى.

— ئىمام ئاخۇنۇم، ئوغۇللارغا تېگىشلىك نېسىۋىسىنى ئايرىۋېتەي دېگەنتىم، — دېدى موماي بىر كۈنى ئەل بېسىققاندا قېرى ئىمامنىڭ ئۆيىگە كىرىپ، — ئەتە بىر نەچچە كىشىنى ئېلىپ كەچلىك تاماققا داخىل بولۇپ بەرگەن بولسىلا.

ئىشلار شۇنداق قارار تاپتى. ئەتىسى موماي ئوغۇللىرى، كېلىنلىرىنى چوڭ ئۆيگە يىغدى. قىزلىرى ئوخشىتىپ پولۇ ئەتتى.

— داداڭلارنىڭ ۋەسىيىتىمۇ، ئويلىغىنىمۇ شۇ ئىدى باللىرىم، دۇكان ئوڭ قولدىن باشلاپ مىراس بولۇپ ئايرىلغاي، ئوڭ قولدىن باشلاپ سانىغاندا، 1-، 2-دۇكان چوڭ ئوغۇل قاسىمجانغا، 3-4-دۇكان ئاسىمجانغا. 5-، 6-دۇكان...

موماي شۇ تەرىقىدە ئون دۇكاننى ئىككىدىن بەش ئوغلىغا بۆلۈپ بەردى. ئوغۇللار، كېلىنلەر سەل گۇدۇڭشۇپ، يۈزلىرى قىزىشقاندەك، چىرايلىرى ئۆزگەرگەندەك، يەنە بىرلىرى خۇشال جىلمايغاندەكمۇ بولدى. ئەل ـ جامائەتتىن تەپ تارتتىمۇ، نېمىلا دېگەنبىلەن ھېچكىمدىن باشقىچە پىكىر ـ تەلەپلەر ئوتتۇرىغا چىقمىدى.

— ئانا، سىزگىچۇ؟ دۇكاننىڭ ھەممىنى ئاكىلىرىمغا بۆلۈپ بەرسىڭىز سىزگە نېمە قالىدۇ؟ سىز نېمە خەجلەپ، نېمە يەيسىز؟ — كۆڭلى بىر ئىشلارنى تۇيغان كىچىك قىزى شۇنداق دەپ قالدى.

— ئالىيە راست دەيدۇ، ئانام نېمە يەپ، نېمە ئىچىدۇ؟ — چوڭ قىزىمۇ ھۆپپىدە ئېسىلىپ سىڭلىسىنىڭ گېپىنى قۇۋۋەتلىدى.

ئارىنى دەقىقىلىق سۈكۈت باستى، ئىماممۇ، كىرگەن گۇۋاھچىلارمۇ، قىزلارمۇ، مومايمۇ ئۇدۇلدا ھەيۋەت بىلەن قاتار ئولتۇرۇشقان ئوغۇللارغا بىر خىل ئىلتىجا بىلەن تەلمۈرۈپ قارىدى.

— ئانام ئۆزىگە قالدۇرغان زېمىننى ساراڭغا بەرسىمۇ 150 مىڭ يۈەنگە ئالىدۇ، يەنە كېلىپ ھېچكىم ئۆيدىكى دادامدىن قالغان نەق پۇلنى ئايرىيمەن دېمىدىغۇ؟ — دېدى كىچىك ئوغلى يەڭگىلتەكلىك بىلەن سۆز قىستۇرۇپ.

— ئاكا، نېمە دەۋاتىسەن؟ ئاپامدا نەدىمۇ پۇل بولسۇن؟ ھەممىمىز بىلىمىزغۇ، دادام بار-يوقى پۇلىنىڭ ھەممىنى دۇكاننى زىنىنەتلەپ بېرىمەن دەپ تۈگەتمىدىمۇ؟ چوڭ ئاكا، سەن بىر ھەق



www.uyghurkitap.com

گەپنى قىلە! ــ كىچىك قىزى چىدىيالماي ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

ــ ئالىيەنىڭ گېپى راست، دادام ھەممە پۇلنى ئىشلىتىشۋەتتىم دەپ ئۆز ئاغزى بىلەن دېگەن، ئاسىم ئاكا، سەنمۇ بارغۇ ھە؟ ــ 4-ئوغلى شۇنداق دېۋىدى، پۇلنىڭ ئىشى شۇنىڭ بىلەن تۈگىگەن بولدى.

ــ سىلەرنىڭ خىيالىڭلارچە ئانام دادامدىن قالغان ئۆينى خەجلەپ ياتسا بولىدىكەن-ھە؟ ئانام جېنىنى جان ئېتىمەن دەپ-زە، ماكانسىز قالىدىكەن-دە؟ ــ دېدى چوڭ قىزى دىمىغىنى قېقىپ.

ــ ئۇنداق قىلىشقا بولامدىغان؟ بۇ ئۆي دېگەن چوڭ ئۆي، دادامنىڭ بەرىكىتى، روھى بار ئۆي بۇ! سېتىپ خەجلەپ دېگەنمۇ گەپمۇ؟

چوڭ ئوغلى ئاۋازىنى قەستەن ئۇنلۇك چىقىرىپ ھەممىنىڭ زۇۋانىنى ئەتتى.

ــ مانا بىز دېگەن بەش ئوغۇل، قاراپ تۇرۇپ ئانامنى خەجسىز قويارمىزمۇ؟ شۇنداقمۇ ئۇكىلىرىم؟ ــ ئۇ ئىنىلىرىغا تەكشى قاراپ چىقتى.

ــ شۇنداق، ــ دەپ باش لىڭشىتتى قالغانلارمۇ.

چوڭ ئىش قارار تېپىپ، يېزىق شەكلىدىكى ۋەسىيەتنامە پۈتۈلۈپ، مومايمۇ، ئوغۇللارمۇ، قىزلارمۇ قول قويۇشتى. مومايغا بوۋاي بىلەن تەڭ بەرپا قىلغان باغۋارانلىق ھويلىلا، چوڭ ئۆي مىراس قالدى...

بوۋاي كېتىپ تۆت يىلدىن كېيىن، مومايىنىڭ ئۆيۋاقلىرى، ئوغۇللارغا تەۋە بولۇپ كەتكەن دۇكان - رەستىلەرنىڭ ئورنىغا يېڭى ھۆكۈمەت بىناسى سېلىنىدىغان بولۇپ پىلان ئىچىگە كىرگۈزۈلدى. ھۆكۈمەت تەرەپنىڭ كۆپ كېلىشتۇرۇشى بىلەن ھەر ئىككى دۇكان ئۈچۈن ئوغۇللارغا 100 كۋادرات مېتىرلىق بىنا ئۆي بېرىلىدىغان، مومايىنىڭ قورۇ - جايى ئۈچۈن 80 كۋادرات مېتىرلىق بىنا ئۆيدىن باشقا قولىغا 40 مىڭ يۈەن نەق پۇل بېرىلىدىغان بولۇپ كېلىشتى. كېلىشىمگە قول قويۇلۇپ، ئەتىسىلا، بوۋاي مومايىنىڭ يېرىم ئەسىر يىغىپ تۇگۇپ سالغان دۇكانلىرى، ئۆيۋاقلىرى، باغۋاران، ھويلا-ئارامىلىرى ھەيۋەتلىك ئېتىترىش، چېقىش ماشىنىلىرى تەرىپىدىن ئىككى سائەتكە قالمايلا چېقىلىپ، ھەپتىگە قالمايلا تۈزلىنىپ كولىنىپ يېڭى قۇرۇلۇش ئۈچۈن ئۇل سېلىنىپ بولدى. شۇ يىلى كۈزدە بۇ يەردە قەد كۆتۈرۈلگەن ھەيۋەتلىك سەككىز قەۋەتلىك ھۆكۈمەت بىناسى بوۋاي، مومايىنى ئەسلىتىدىغان ھېچقانداق نەرسىنىڭ ئىزىنىمۇ قويمىدى. ئوغۇللار، كېلىنلەر بىنا ئۆينىڭ راھىتىنى كۆردى، مومايمۇ قەپەستەك كىچىك ئۆيگە كۆچۈپ كىردى. ئەسلىدىنلا كەڭ ئايۋانلىق، باغۋارانلىق ئۆيگە كۆنۈپ قالغان موماي دەسلەپتە بۇ تار قەپەستە دېمى كېسىلگەندەك، بۇرنىنى بىرى ئېتىۋېلىپ ئەركىن تىنالمايۋاتقاندەك بەكمۇ بىئارام بولدى، ئىششىك- دېرىزىلەردىن خۇش پۇراق گۈللەرنىڭ ھىدى كىرىپ تۇرىدىغان كەڭ، ئازادە ئۆيلىرىنى، خېلى كۆپ جامائەتنى سىغدۇرۇپ كېتەلەيدىغان كەڭ ئايۋانلىق، تال باراڭلىق ھويلا - ئارامىلىرىنى سېغىندى. باللىرىغا كۆرۈنمەي ئەتىگەن- ئاخشاملىرى كونا جايىغا، ھەيۋەت بىلەن قەد كۆتۈرگەن سوغۇق بىناغا قاراپ يىغلاپمۇ چىقتى، لېكىن كۆنمەي بولمىدى. يەنە كېلىپ باشقا چارىمۇ يوق ئىدى.

ۋاقىت بەيگە ئاتلىرىدەك چېپىپ يەنە ئۈچ يىل ئۆتۈپ كەتتى، موماي نەۋرە قىزى بىلەن بىللە تۇرۇپ، بۇ قەپەسكىمۇ خېلى كۆنۈپ قالغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە، 2-ئوغلى ئاسىم كەيپچىلىكتە موتسىكلىت بىلەن يولدىن چىقىپ كېتىپ، پىيادىلەر يولىدا ئۆز خىيالى بىلەن كېتىۋاتقان بىر ئايالنى سوقۇپ قويىدى. ئۆزىنىڭمۇ مۇرە سۆڭىكى سۇنۇپ جىددىي ئوپېراتسىيە قىلىندى. ئوپېراتسىيىغۇ ئوڭۇشلۇق بولدى، لېكىن ئۇ سوقۇپ قويغان ئايال جىددىي قۇتقۇزۇش ئۈنۈم بەرمەي بىر ھەپتىدىن كېيىن دوختۇرخانىدىلا ئۆلۈپ كەتتى. پالاكەتچىلىك ئوغلىنى تەرەپ - تەرەپتىن قىسماققا ئالدى، پۈتۈن سەۋەنلىك ئوغلىدا بولغاچقا سوت ھەممە مەسئۇلىيەتنى ئاسىمغا ئارتىپ قويدى. يەنە كېلىپ

www.uyghurkitap.com

ئاسىمىنى چوڭ ئوپېراتسىيىگە چۈشۈپ ئۇزاق داۋالانغاچقا يېنىدىن ئۆزى ئۈچۈنىلا 20 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك چىقىم بولدى.

— ئانا، شۇ ئايالنىڭ ئورنىدا مەن ئۆلسەمچۇ كاشكى، — دېدى ئوغلى ئانىسىنى كۆرۈپ خۇددى كىچىك چاغلىرىدىكىدەك ئېسەدەپ. مومايىنىڭ يۈرىكى ئېزىلدى، سوت ئوغلىغا قارشى تەرەپ ئۈچۈن دوختۇرخانا چىقىمىدىن باشقا 50 مىڭ يۈەن پىچىپ قويغانىدى.

— قانداقمۇ تۆلەپ بولارمەن؟ رېمونتخانىنىمۇ ئېلىشقا سېتىۋەتتىم، مەندە بارىمۇ شۇ ئىدى. يەنە خېلىلا كەم ئانا، ھېلىمۇ رازىيەنىڭ مائاشى بولۇپ قاپتىكەن... بولمىسا قانداقمۇ قىلار ئىدىم؟

ئانا كىچىك بالىلاردەكلا ئېسەدەپ يىغلاپ تۇرغان ئوغلىغا چىدىمىدى. ئوغلىنىڭ ھەرقاچان بەگزادىلەردەك تىك تۇرىدىغان بېشى شۇ تاپتا يەردىن ئۇستۇنگە قارىمايتتى. سۇنۇق ئازابى، ئىقتىسادتىكى بېسىم، ئادەم ئۆلگەندىن كېيىنكى قورقۇش، ساراسىمە ئۇنىڭ ئاپتاپتەك كۇلۇپلا تۇرىدىغان نۇرلۇق كۆزلىرىنى چەكسىز مۇڭ ۋە ھەسرەتكە كۆمۈۋەتكەنىدى.

— بالام، سىلەر قانداق ئويلاشقان ئىدىڭلار؟ — دەپ سورىدى ئۇ ئوغلىدىن بەكرەك سولىشىپ كەتكەن كېلىنىگە قاراپ. ئەر-خوتۇن خېلىغىچە جىمىپ كەتتى.

— مەن... ئۆينى سېتىۋېتەيمىكىن دەيمەن ئانا، ئالىدىغان ئادەمنىمۇ ئۇقۇشۇپ بولغان. شۇنداق قىلمىسام، بۇنچە كۆپ پۇلنى جايلىيالمىغۇدەكمەن. ئۆي تېپىۋالغۇچە سەن بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ تۇرايلىمىكىن دەپمۇ ئويلىغانتىم.

موماي ھېچنېمىنى ئويلىمىدى. ئۇنىڭ ئۈچۈن ئوغلىنى قاپساپ تۇرغان ئازابنى يىغىش ھەممىدىن مۇھىم ئىدى.

— مەيلى بالام، شۇنداق قىلىڭلار، مەنمۇ يالغۇز، بىللە تۇرساق خۇش بولىمەن تېخى! — شۇنداق قىلىپ 2-ئوغلى خوتۇن - باللىرى بىلەن مومايىنىڭكىگە كۆچۈپ كىردى، ئۆزلىرىنىڭ ئۆينى سېتىۋېتىپ كاللىسىنى ساقايتتى، رېمونتخانىسىنىمۇ قولىغا ئالدى.

مومايىنىڭ ئۆيى يېڭى بولغان بىلەن بىساتلار كونا ئىدى.

— ئانا، بىزنىڭ ئۆيدىكى نەرسىلەرنى يەر ئاستى ئۆيىگە دۆۋىلەپ قويغۇچە ئاچىقىپ مۇشۇ ئۆينى تۈزىمەيلىمۇ؟ — دېدى بىر كۈنى كېلىنى ئاپتاپتەك كۈلۈپ.

— مەيلى قىزىم، ئۆزىڭىز بىلىڭ.

بىر ئۆمۈر ئاسراپ، قەدىرلەپ كەلگەن سەرەمجانلىرىنىڭ خۇددى بوينى باغلانغان مەھبۇسلاردەك غېرىب «چىقىپ» كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ مومايىنىڭ ئىچى ئېچىشتى، باللارغا بۇ ئۆي جاھازىلار كونا، مودىدىن قالغان بولۇپ كۆرۈنگەن بىلەن ئۇنىڭ ئۈچۈن ھەر بىر جاھازىنىڭ قىممىتى ئالتۇنغا تەڭ ئىدى، ھەر بىر جاھازىدا بوۋاي بىلەن، ھەر بىر ئوغۇل - قىزلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بىر ھېكايە بار ئىدى، لېكىن ئۇ ھەممە نەرسىنىڭ يېڭىسىغا، مودىسىغا ئىنتىلىدىغان كېلىنىنىڭ، ئوغلىنىڭ كۆڭلىنى يەردە قويۇشنى خالىمىدى. مومايىنىڭ رازىلىقى بىلەن كونا سەرەمجانلار يەر ئاستى ئۆيىگە دۆۋىلىنىپ، ئورنىغا يېڭى، ئېسىل بېزەكلەر تىزىلدى، ھەتتا بەزىلىرىنى كېلىنى بازاردىن ئاتايىتەن سېتىۋالدى. مومايىنىڭ بىر ئېغىزلىق كىچىك ھۇجرا ئۆيىمۇ ئالاھىدە سەرەمجانلاشتۇرۇلدى. موماي نېمىشقىدۇر بىردىنلا ئۆزگىرىپ ياسىداقلىشىپ قالغان ناتونۇش ئۆز ئۆيىدىن ياتسىراپ قالدى.

تۇيۇقسىزلا تونۇغۇسىز ياسىداقلىشىپ كەتكەن «چوڭ ئۆي»گە قاراپ كىچىك قىزىنىڭ كۆڭلى بىر قىسىملا بولۇپ ئانىسىغا قاتتىق تەگدى:

— مۇشۇنداق قىلىپ سېنى ئاستا-ئاستا سىقىپ چىقارمىسىلا بولاتتىغۇ بۇلار؟ ئۆزۈمنىڭكىنى تۇتايلى، پۇل بۇزماڭلار، سىلەرمۇ ئىتتىكرەك ئۆي تېپىڭلار، مېنى ئازادە قويۇڭلار، دېسەڭ بولماسمىدى ئانا. قېرىغاندا ئەقلىڭ گاللىشىپ كېتىپتۇ سېنىڭ!

قىزىنىڭ بۇ گەپلىرى ئەسلىدىمۇ ياتسىراپ نېمىلەردىندۇر ئايرىلىپ قالغاندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالغان مومايغا خېلىلا تەسىر قىلدى، لېكىن ئۇنىڭ قولىدىن ئۆزىنىمۇ، قىزىنىمۇ بەزلەشتىن باشقىسى كەلمەيتتى.

— ئۇنداق قىلمايدۇ، بالام، ئاكاڭ سىلەر ئويلىغاندەك ئىنساپسىز ئەمەس، ئۇمۇ شۇ كۈنلەردە خوتۇن - بالىلىرى بىلەن ھەرقايسىڭلارنىڭ ئالدىدا قىسىلىپ ئارانلا تۇرىدۇ، بىچارە ئاكاڭنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈننى ئاللا بەندىسىگە سالمىغاي.

— قالغىنىنى ئۆزۈڭ بىل ئانا... لېكىن بۇ ئۆي سېنىڭ، شۇڭا ئۆي ئىگىسىدەك، قېينانىدەك تۇرغىن.

شۇ تەرىقىدە يەنە ئۈچ يىل ئۆتۈپ كەتتى. موماي ئوغلى بىلەن تۇرۇۋاتاتتى، ئۇلار كۆچۈپ كىرگەن دەسلەپكى كۈنلەردە ئوغلى ئايالى بىلەن «بۇ يەردە مۇنداق ئۆي بار ئىكەن، بۇ يەردە مانچە پۇللۇق ئۆي بار ئىكەن» دەپ ئانچە - مۇنچە ئۆينىڭ غېمىنى قىلىشاتتى. لېكىن، يېقىنىدىن بۇيان ئۆينىڭ گېپى تىمتاسلا بولۇپ كەتتى. يەنە كېلىپ ئوغلى ئۆينى بىرەر قۇر زىننەتلەپمۇ چىقتى، ھەر يىللىق پار پۇلى، توك پۇللىرىنى بىر قوللۇق تۆلەپ كەلدى. لېكىن ۋاقىت ئۆزارغانسېرى ئوغلى مومايىنىڭكىدە ئەمەس، بەلكى موماي ئوغلىنىڭكىدە پاناھلىنىۋاتقاندەك، ئوغلى مومايىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ ئۇنىڭغا ئاش - تاماق بېرىۋاتقاندەك، كېلىنىنىڭمۇ، ئوغلىنىڭمۇ گەپ - سۆزلىرىدە چۈشىنىكسىز تاپا - تەنىلەر كۆپىيىپ قالدى. مومايغا ئەڭ ئەلەم قىلىدىغىنى قىزلىرى ياكى باشقا ئوغۇللىرى مومايىنى يوقلاپ كەلسە كېلىنىنىڭ قاپاقلىرىنىڭ تۈرۈلۈپ، نەرسە - كېرەكلەرنى تاراق - تۇرۇق قىلىپ كېتىشلىرى ئىدى. بۇ ئۆيگە كەلگەنلەرمۇ ئىختىيارسىز كېلىنىنىڭ قاش - قاپىقىغا قاراپ ئىش قىلىدىغان، نەۋرە - چەۋرىلەرلا ئەمەس، ئوغۇل - قىزلىرىمۇ بەكلا ئاز كېلىدىغان بولۇپ قالدى. ئاكىسى بىلەن يەڭگىسىنىڭ بۇ مۇتتەھەملىكىدىن قاتتىق غەزەپلىنىپ ئەلىمىنى يۇتالمىغان كىچىك قىزى ھەتتا كېلىن بىلەن بىر قېتىم قاتتىق سوقۇشۇپمۇ قالدى.

— ئىككىنچى بۇ ئۆيگە دەسسىمە! — دەپ گۆلەيدى ئوغلى خوتۇنىنىڭ تەرىپىنى ئېلىپ.

— بۇ سەنلەرنىڭ ئۆيۈڭمىتى؟! بۇ دېگەن ئانامنىڭ ئۆيى! سەنلەر يوقلىش، ھۇ نومۇسنى بىلمەيدىغانلار! — شۇ تەرىقىدە ئۇلارنىڭ ئېغىزلىرىدىن چىقمىغان زەھەر - زوقۇملار قالمىدى. موماي ھېچقايسى تەرەپنى بېسىقتۇرالماي كۆڭلى ئاينىپ «تىرىكلىكىدە» ئۇچۇپ چۈشكەندە، ئۇرۇش ۋاقىتلىق پەسكارىغا چۈشۈپ ھەممىسى جىم بولدى. شۇنىڭدىن بېرى بۇ ئۆي ئىلگىرىكىدىنمۇ بەكرەك چۆلدەرەپ قالدى. قىزلىرىمۇ ئاكىلىرىغا ئوخشاش پەقەت ئىككى ھېيتتىلا ئانىسىنى يوقلاپ قوياتتى. ياخشىراق تاماق قىلغانلىرىدا بولسا بالىلىرىنى ئەۋەتىپ ئانىسىنى ئېلىپ كېلەتتى. كىيىملىرىنى يۇيۇپ چاچلىرىنى تاراپ بىرەر - ئىككى كېچە قوندۇرۇپ ئاپىرىپ قوياتتى.

— شۇمۇ كۈن بولدىمۇ سىزگە؟ ئۇلارنى قوغلاپ چىقىرىڭ! بۇ ئۆي دېگەن سىزنىڭ ئۆيىڭىز! ئۆزىڭىزنىڭمۇ ئۆيىگە ئىگە بولالمىسىڭىز سىزمۇ ئانا بولدىڭىزمۇ ئەمدى؟! قاراپ تۇرۇپ چوڭ ئۆينى تۇزۇتۇۋاتىسىز! يا بىر قورقماي كىرەلمىسەك بۇ ئۆيگە!

شۇ كۈنلەردە مومايىنىڭ قايسىلا بالىلىرىنىڭ ئۆيىگە بارسا ئاڭلايدىغىنى مۇشۇ تاپتا تەنە ۋە دەشنام ئىدى. بۇ ئۆزىگە بارغانچە سوغۇق مۇئامىلە قىلىپ كېتىۋاتقان ئاسىمغا: «ئەمدى ئۆي تېپىۋالغان بولساڭ»، دېمەكچىمۇ بولدى لېكىن ئوغلىنىڭ تۈرۈلگەن قاپاقلىرىدىن ئەيمىنىپ چىش يىرالمىدى.

— ئۆزۈمگە تۇشلۇق پەسرەك ئۆيدىن بىرنى ئىجارە ئېلىپ ئولتۇرايمىكىن ... بىنا ئۆيگە كۆنەلمىدىم... ئاكاڭ ئۆينىڭ ئىجارىسىنى بەرسە ...—

موماي چوڭ قىزىغا مىڭ قىسىلىپ شۇ مەسلىھەتنى سېلىۋېدى، قىزى چىچاڭشىپ يەر تېپىپ كەتتى.

— سەن ساراڭ بوپسەن ! ئۇلار سېنى ئۆيدىن ھەيدىسە، قاراپ تۇرۇپ ئۆيدىن چىقىمەن دېگىنىڭنى قارا! ئۇ ئۆي دېگەن سېنىڭ ئۆيۈڭ، ئانا! ئۆتكەندە ئاسىم دېگەن مۇناپىق بۇ ئۆينىڭ ئۇ يېرىنى ئوڭشىدىم، بۇ يېرىنى زىننەتلىدىم، 50 مىڭ يۈەندەك پۇلۇم كەتتى، دەپ ئادەمنى قارتىپ قويۇپلا بىر تاغار پوقنى ساڭا ئارتىپ قويدى. بىلەمسەن ئانا، بۇ دېگىنى: «بۇ ئۆي مېنىڭ، بۇ ئۆيدە 50 مىڭ كويلۇق ھەققىم بار!» دېگىنى ئۇلارنىڭ. ئالىيە بىلەن ئۆز ۋاقتىدا سېنى توسۇساق زادىلا گېپىمىزگە كىرمىدىڭ، مانا ئەمدى سېنى ئۆيدىن قوغلايدىغان چېغى كەپتۇ ئۇلارنىڭ. نەدە ئۇنداق ئاسان ئىش بولسۇن! جېنىمنى تىكىپلا قويارمىنا ئۇ نائەھلىلەرگە.

موماي قىزىدىن بىر مۇنچە تاپا-تەنە ئاڭلاپ، كارىۋات ئايىغىدا كۆزىگە زورلاپ ئولتۇراتتى، قىزى «مۇقام»نى باشقىغا چالدى:

— چوڭ ئاكامنى 5000 يۈەن پۇلۇمنى بەردى دەپ كېتىپتىكەنسەن، نەدە بېرىدۇ؟ ئۇ پۇلنى ئالمەن دېگىنىڭ ئۇخلاپ چۈشۈڭ!

— ئۇنىڭ ئوغلى ئەمدىلا تىجارەتكە كىرىشتى بالام، ئەمدى تېپىپ بېرەر، — دېدى موماي دۇدۇقلاپ. ئۇنىڭ ئېسىگە چوڭ ئوغلىنىڭ: «ئوغلۇم ئۆلۈك ئەمەس، ئانا، ئۇنچىلىك پۇلىڭىزنى بېرىدۇ. لېكىن ئوقەتلىرىنى يۈرۈشتۈرۈۋالسۇن دە! ئۇنچىلىك پۇل ئاسىم ئىگىلىۋالغان يۈز نەچچە مىڭ يۈەنلىك ئۆينىڭ ئالدىدا نېمىتى؟!» دېگەن ئاچچىق تەنىلىرى كەلدى. لېكىن ئۇ قىزىغا بۇلارنى دېيەلمىدى.

— ئەمىسە ئادىل ئاكامچۇ؟ قىزىنى ئوقۇتالمىدىم دەپ پۇلىڭىزنى ئالداپ ئېلىپ قىزىنى ماڭغۇزغان بىلەن، خوتۇنى ئۆتكەندە بىر چايدا: «ئادىل تېرە سودىسى قىلىپ مانچە پۇل تاپتى، ئۇنچە پۇل تاپتى، سودىگەرلەرگە ياغاچ ئوقۇشۇپ بېرىپلا ئارىدىن 30 مىڭ سوم پايدا ئالدى» دەپ شۇنداق پوچىلىق قىلىپ كەتتى. سىزنىڭ پۇلىڭىزنى ئېلىۋالغانلىقىنى مېنى بىلمەيدۇ دەپ ئويلاپتىكەنمۇ دەيمەن، «ئەمىسە ئانامنىڭ 3000 يۈەن پۇلىنى بەرساڭلار بولمامدۇ» دېسەم، بىردەم ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ كېتىپ: «ئانام قېرىغاندا ئالجىپ قاپتۇ. بىز نەدىمۇ ئانامدىن پۇل ئالىمىز» دەپ تېنىۋالدى !

موماي قاتتىق تەڭقىسلىقتا قالدى. ئۇ شۇ يېشىدا، قىز-ئوغۇللىرىنى دائىم كۆرۈپ تۇرسا، ئۇلار بىلەن دادىسىنىڭ، ئۆلۈپ كەتكەن قولۇم-قوشنا، ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنىڭ ... گېپىنى قىلىپ مۇڭداشسا، دەرد-پىراقلىرىنى تۆكسە بولاتتى. لېكىن باللىرىدىن ئاڭلايدىغىنى ئۆي ۋە پۇل مەركەز قىلىنغان ئايىغى چىقماس تاپا-تەنە، خاپىلىق ئىدى.

موماي تېخىمۇ قېرىپ كەتتى، بوۋىيى بار چاغدىكى سۇر-ھەيۋىسىدىن ئەسەرمۇ قالمىدى. پۇتلىرىمۇ، ھەرىكەتلىرىمۇ كالانپاي، قوپال ئىدى. كۆزلىرى بارغانچە نۇرسىزلىنىپ ياشاڭغىراپ، خىيلىلا يېقىندىكى نەرسىلەرنىمۇ خىرە كۆرەتتى. يەنە كېلىپ ئۆتكەندە ئۇدا ئۈچ قېتىم، ياتقان ئورنىغا كىچىك تەرەت قىلىپ قويدى. ئۇ قانداقلارچە تەرەت قىلىپ قويغىنىنىمۇ بىلمەيلا قالدى. موماينىڭ بۇ ئىشى كېلىنىنىڭلا ئەمەس، ئوغلىنىڭمۇ ئوغىسىنى قايىنىتىۋەتتى. نەۋرىلەر بۇرۇنلىرىنى ئېتىشىپ تالاغا قاچتى.

— نېمانچە بەغەرەز سەن؟ يوغان ئادەم تۇرۇپ... بىزنى شۇنداق قىلىپ تويغۇزماقچىمۇ يا؟ مەنمۇ ساراڭ، مۇشۇ ئۆيگە تاپقان-تەرگىنىمنى تىقىۋېتىپ! — موماي بىلمەستىن قىلىپ سالغان ئىشىدىن ئەسلىدىمۇ قاتتىق نومۇس قىلغانىدى. ئوغلىدىن بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ نەچچە كېچە ئاللاغا سېغىنىپ چىقتى: «ئى ئاللا! قېرىغاندىكى مەينەتچىلىكتىن، خارۇ زارلىقتىن، ئىپلاس، پاسىق كېسەللەردىن ساقلىغىن ئاللا!» نىھايەت ئاللاغا موماينىڭ زارى يەتتىمۇ، بۇنداق ئىش قايتا سادىر بولۇپ قالمىدى...

موماي ئىلگىرى دائىم نامىزىنى ئوقۇپ، تەسۋى سىيرىپ ئۆيدە ئولتۇراتتى. ھەرقانداق دەرد-پىراقنى ئاللاغا ئىبادەت قىلىش، شۇكۇر قىلىش بىلەن بېسىپ كېلەتتى. لېكىن شۇ كۈنلەردە قەل





www.uyghurkitap.com

بىگە دەرد ـ ھەسرەتلىرى پاتمايلا قېلىۋاتاتتى.

— سىلى بەكلا دۆت خۇتۇنكەنلا قۇربانخان! ئەرلىرىنىڭ سىلىگە قالدۇرغان نېسىۋىسىنى بولسىمۇ چىڭ تۇتسىلا بولماسمىدى؟ قاراپ تۇرۇپ ھەممە دۇكاننى قانۇنغىمۇ مەسلىھەت قىلماي ئوغۇللارغا ئايرىپ بەردىلە. مانا ئەمدى ئۆيلىرىگىمۇ ئىگە قىلغىلى تۇرۇپىلا. قاراپ تۇرسىلا، ئۆلمىسەم كۆرىمەن، ئەمدى سىلى ئانا ئەمەس، بالا بولۇپ خارلىقتا ئۆتىلا... — بوۋىينىڭ يېقىن ئۇلپەتدىشى سايىم بوۋاي ئۇنىڭغا قايناپ شۇنداق دېگەنىدى. ئۇ بوۋايىمۇ ئالدىنقى يىلى تۈگەپ كەتتى. مومايىنىڭ شۇ ھالدىكى غېرىب، مىسكىن تۇرقىنى كۆرەلمىدى...

بۈگۈن قۇربان ھېيتنىڭ ناماز كۈنى ئىدى. مومايغا بۇ قېتىمقى ھېيت زادىلا ھېيت بولمىدى. نەچچە يىللاردىن بۇيان «ئۆيىنى تارتقۇزۇپ» قويۇپ، ھېچنېمىگە ئىگە بولالماس بولۇپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن يىلدا ئىككى قېتىم كېلىدىغان ھېيتتا ئۇ ئۆزىنىڭ تېخى ھايات ئىكەنلىكىنى، ئۆز ئۆيىدە باللىرىنى، نەۋرىلىرىنى خالىغانچە يايلىتالايدىغانلىقىنى ئىسپاتلىماقچى بولغاندەك، كېلىنىنىڭ قاپاق تۈرۈشلىرىگىمۇ، ئوغلىنىڭ: «سەن قېرىدىڭ، سەن ئۇلارنى ئەمەس، ئۇلار سېنى ھېيتلاتسا بولىدۇ»، دەپ كوتۇلداشلىرىغىمۇ پەرۋا قىلماي، بازاردىن ئۆزى بىر قوللۇق گۆش، ئۇششاق ـ چۈششەك ئەكېلىپ، ساڭزا، قۇيماق سېلىپ، باللىرىنى چۆرىسىگە يىغاتتى. باللىرىنىڭ ئالدىدا ئېشىپ ـ تېشىپ تۇرغان نازۇ نېمەتلەرنى كۆرگىنىدە خۇددى باللىرىغا سايە بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى تىندۇرۇۋاتقاندەك، بوۋاينىڭ روھىنى خۇش قىلىۋاتقاندەك، ئانىلىق مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىۋاتقاندەك تۇيغۇغا كېلەتتى ھەم ئالەمچە خۇشاللىققا چۆمەتتى.

لېكىن بۇ يىلقى ھېيت ھەر يىلقىغا زادىلا ئوخشىماي قالدى. مومايىنىڭ يانچۇقى قۇپقۇرۇق ئىدى. شۇنچە قىسىپ قاتلاپ، مىڭ پۈكسىمۇ بۇ قېتىمقى ھېيتقا كەلگەندە مومايىنىڭ تۈگكۈچى پۈتۈنلەي قۇرۇقدىلىپ قالدى. بوۋاينىڭ بەركىتى شۇنچىلىككە پايلىدى. ئەمدى ئۇنىڭدىن ھېچنېمە قالمىدى، ھەتتا يەر ئاستى ئۆيىدىكى كونا سەرەمجانلارمۇ ئالدىنقى ھەپتە ئوغلى تەرىپىدىن ئەسكى ـ تۈسكى ئالىدىغانلارغا نەچچە يۈز يۈەنگە سېتىلىپ كەتتى. پۇلىنى بولسا ئوغلى مومايدىن سوراپمۇ قويماي ئۆيىنىڭ بىر يىللىق تازىلىق پۇلىغا ھېسابلاپ تاپشۇرۇۋەتتى. نادان باللار ئاتا ـ ئانىسىدىن قالغان بەرىكەتنىڭ ئاشۇ تازىلىق پۇلىغا يارىغان ئاخىرقى بىسات بىلەن پۈتۈنلەي ئۆچكەنلىكىنى ئويلاپمۇ قويمايتتى ھەم زادىلا ئىشەنمەيتتى. ئۇلارچە ئانىسى ئۈچىسىدىن سالمايدىغان پىنجىكىنىڭ يانچۇقىدىكى ياكى مومايلا بىلىدىغان مەلۇم پىنھان جايدا دادىسى قالدۇرغان «تۈگىمەس بايلىق» يەنە خېلى كۈنلەرگە، خېلى چوڭ ئىشلارنى قىلىشقا يېتەتتى. شۇڭا ئۇلار ئانىسىدىن ھېچ ئىككىلىنىپ قالماي: «قالغانلارغا دېمەي تۇرغان بولسىڭىز»نى شەرت قىلىپ پۇل سورىيالايتتى. سورىغان پۇلنى قايتۇرۇشنى، ئانىسى ئۈچۈن ھېيت ـ بايراملاردا بولسىمۇ ئاز ـ تولا چىقىم قىلىشنى ئەسلا ئويلاپ قويمايتتى...

ھېيت نامىزى ئۆتەپ بولۇپلا، ئوغۇللار باللىرىنى ئەگەشتۈرۈپ ئانىسىنى يوقلاپ چوڭ ئۆيگە يىغىلىشتى. ئاسىم ئەتىگەندە ھېيت نامىزى ئۆتەش ئۈچۈن چىقىپ كەتكەنچە قايتىپ كىرمىدى. ئايالىمۇ قاپاقلىرىنى تۈرگىنىچە باللىرىنى يېتىلەپ ئانىسىنىڭكىگە ھېيتلاپ كەتتى. شۇنداق چىرايلىق ياسالغان ئۆينىڭ ھەممە يېرىدىن بوران ئۇچۇپ، ھېيتقا تەۋە ئازراقمۇ خۇشاللىق، قىزغىنلىق كۆرۈنمەيتتى. موماي ئەتىگەنلىك بامداتقا تۇرغانچە جايىنامازدىن چۈشمىدى. ئوغۇللىرى كەلگەندىمۇ شۇ ھالدا تەسۋى سىيرىپ ئولتۇراتتى. ئىچ ـ ئىچىدىن ئۇقچۇپ چىقىۋاتقان دەردلىك پىغاندىن بىراقلا تۈگىشىپ، خۇددى بىرلا تىنىقى قالغاندەك باشقىچىلا ئاجىزلاپ كەتكەنىدى.

— ئانا قۇربانلىقنى مەن ئۆلتۈرۈپ بېرەمدىم ياكى ئاسىم ئۆلتۈرۈپ بولدىمۇ؟ — دېدى

كىچىك ئوغلى ئادەتتىكىدەك. ئۇ شەھەردە قاسساپلىق قىلاتتى، سودىسىمۇ ياخشى ئىدى.

— قۇربانلىق قىلالمىدىم بالام... — موماي شۇلارنى دەۋېتىپ پاڭىدە ئېتىلىپ يىغلىۋېتىشتىن ئۆزىنى ئاران تۇتۇۋالدى. شۇ تاپتا يۈرەكلىرى پارە - پارە بولۇپ، ئاچچىق زەھەر بوغۇزىدا كەپلىشىپ تۇراتتى.

ئوغۇللار چۈشىنىكسىز بىر خىل ئىپادىدە بىر - بىرگە قاراپ قويۇشتى، شۇندىلا ئۇلار بىر تال چەينەكتىن، تۆت تال ناندىن باشقا ھېچنېمە تىزىلمىغان داستىخانغا، ھەممە يەردىن غېرىبلىق تۆكۈلۈپ تۇرغان سوغۇق ئۆيلەرگە قارىدى.

— نېمىشقا ئالالمىدىڭ، ئانا؟ ھېلىلا باللار ئانىلىرى بىلەن كىرىدۇ. تەييار گۆشلا ئەكىرەمدۇق يا ھە، ئاكا؟ — كىچىك ئوغلى نادانلارچە سوئال بىلەن ئانىسىغا تىكىلدى. مومايىنىڭ ئۆپكىسى ئۆرۈلدى، كۆزلىرىدىن تۆكۈلگەن ياشلىرى ئىختىيارسىز لېچەك ئىچىدە پۈرمە - پۈرمە گۈنىسىز تېرىلىرىنى بويلاپ سىيرىلىپ چۈشتى، شۇ تاپتا ئۇ ئۆزىدىن نەچچە ھەسسە باي، ساغلام، ئايالى ۋە باللىرىغا تاغدەك يېقىلماس يۆلەنچۈك بولۇپ يۈز تېپىۋاتقان ئوغۇللىرىنىڭ:«ئانا، مانا بۇ قۇربان ھېيتلىق قوي، مانا بۇ سىزنىڭ ھېيتلىق خەجلىكىڭىز...» دېيىشىگە، ئانىسىنىڭ شامالغىمۇ بەرداشلىق بېرەلمىگۈدەك ھالدىكى شۇ ئاجىز تېنىگە ھامىي بولۇپ، بىر قېتىم بولسىمۇ بوران ئۈچۈپ تۇرغان بۇ ئۆيلەرگە دادىسى بار چاغدىكىدەك ئايەم شادلىقى باشلاپ كېلىشىگە قانچىلىك تەشنا ھە؟! لېكىن باللار چوڭى 60 ياشقا يېقىنلىغان قامەتلىك ئەرلەر بولسىمۇ، ئۇلار ئاتا - ئانىسى ھايات ۋاقتىدا ئەقلىنى قولىغا ئالالمايدىغان بارلىق نادان باللارغا ئوخشاش يەنىلا ئەقىلدە گال ئىدى. شۇ ئەسنادا كىچىك قىزى ئوغلىنى يېتىلىگىنىچە ئۆيگە كىرىپ كەلدى. ئانىسىغا، ئاكىلىرىغا ھېيت سالىمى قىلىپ ئانىسىنى قۇچاقلىدى.

— ئانا بۇ يىل 80 ياشقا كىرىدىغۇ ھە؟ تۇغۇلغان كۈنىڭگە، ئايىمىڭگە مۇبارەك بولسۇن! — ئۇ شۇنداق دېگەچ سومكىسىدىن چىرايلىققىنە بىر ياغلىقنى ئالدى - دە، ئانىسىنىڭ بېشىدىكى ئاپئاق لېچەكنىڭ ئورنىغا چىگىپ قويدى. مومايىنىڭ كۆڭلى ئىللىققىنە بىر ئېقىمدىن دەقىقە ئارام تاپقاندەك بولدى.

— رەھمەت بالام... ئۆزۈڭگە ئالساڭ بولماسمىدى، بالام... مەن قېرى يېڭىنى چىگمىسەممۇ بولتى ئەمەسمۇ.. لېكىن مەن بۇ ھېيتتا سىلەرگە ھېچنېمە قىلىپ بېرەلمىدىم، بالام... قۇربانلىقمۇ قىلالمىدىم... — موماي مىچچىدە يىغلىۋەتتى.

— يىغلىمىغىنا ئانا، قۇربانلىق قىلىمەن دەپ ساڭا نېمە كەپتۇ. يىغلىمىغىن، بىز ھەممىمىز قۇربانلىق قىلدۇق. ئوخشاش ئەمەسمۇ؟ — قىزى قۇپقۇرۇق داستىخانغا، قاپاقلىرى تۈرۈلۈپ كەتكەن ئاكىلىرىغا ئاچچىق بىلەن قاراپ قويۇپ ئانىسىنى بەزلىدى.

— ئانا، پۇلۇڭ يوقمىتى يا؟— بىر دەملىك جىملىقتىن كېيىن 3 - ئوغلى تەرەپباللا شۇنداق دېدى.

— ئانامدا قانداقسىگە پۇل بولىدۇ، ئاكا؟ ئانامدىكى پۇل ھېلىمۇ تۈگىمەيدىكەن. شۇنىمۇ سوراش كېتەمدۇ؟ ئانام پۇل يوق ھېيتلىق قىلالماپتۇ، داستىخانغا نازۇ نېمەت تىزالماپتۇ! — دېدى قىز ئاچچىق بىلەن.

— پۇللىرىڭ قېنى، ئانا؟— بۇ سوئالنى قايسى ئوغلى سورىغىنىنى موماي ئۇقالمايلا قالدى. ئۇ ئىختىيارسىز بېشىنى كۆتۈرۈپ ئوغۇللىرىغا قاراپ قالدى. ئۇلارنىڭ ھالىتى تېڭىرقاش، ھەيران قېلىشتىن بەكرەك جىنايەتچىنى سوراق قىلىۋاتقان سۈرلۈك ساقچىلارغا ئوخشايتتى. مومايىنىڭ يۈرىكى ۋاژىلداپ ئېچىشىپ كەتتى. ئۇ ئوغۇللىرىغا تىكىلىپ تۇرۇپ: «سەن، سەن، پالانى، مانچە پۇلۇمنى ئېلىۋالدىڭ، مۇنچىلىك پۇلۇمنى قايتۇرمىدىڭ... شۇ پۇلنى قايتۇرماي تۇرۇپ يەنە خىجىل بولماي مەندىن قايسى يۈزۈڭ بىلەن ھېساب ئېلىشىسەن؟ مەندە سەنلەر گۇمان قىلغۇدەك نەدىمۇ شۇنداق جىق پۇل بولسۇن» دەپ تۇۋلىۋەتكۈسى كەلدى. لېكىن، ئۇ

www.uyghurkitap.com

يەنىلا ئۆزىنى بېسىۋېلىپ ھېچنېمە دېمىدى. نې-
مىدەپ جاۋاب بېرىشنىمۇ بىلەلمىدى.

— ئانامنىڭ پۇللىرىنىڭ نەگە كەتكەنلىكى-
نى سىلەر بەكرەك بىلەرسىلەر؟! — دېدى قىزى
ئانىسىنىڭ ئورنىدا جاۋاب بېرىپ.

— بۇ نېمە دېگىنىڭ؟ سېنىڭچە ئانامنىڭ
پۇلىنى بىز ئېلىۋاپتۇق تە؟! — چوڭ ئاكىسى خۇ-
دۈكسىنىپ دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

— مېنى بىلمەيدۇ دېيىشەمسەن؟! سەن ئوغ-
لۇڭغا ئېلىپ بەرگەن 5000 يۈەن پۇلغا قانچە يىل
بولدى، قايتۇردۇڭمۇ؟! سېنىڭچۇ؟ قىزىمنى مەك-
تەپكە ماڭدۇرۇۋالاي دەپ ئالغان 3000 يۈەن
پۇلچۇ؟ قىزىڭنىڭ ئوقۇشىمۇ تۈگىگىلى تۇردى،
قېنى شۇ پۇل؟! ئوغلۇمغا ئۆي ئېلىپ بېرىمەن
دەپ سەن ئېلىۋالغان 4000 يۈەننى قايتۇردۇڭمۇ؟
سەنچۇ كىچىك ئاكا؟ ماشىنا ئالىمەن دەپ ئاپام-
دىن ئالغان پۇلنىڭ ساننى مېنى بىلمەيدۇ دېمە!

بالىلار مومايىنىڭ كۆزىچىلا، ھېيت-ئايەم
دېمەي ئۇرۇشۇپ، بىر-بىرىگە ئىزا-ئاھانەت قى-
لىشىپ ئائىلىنى مالەم قىلىشقىلى تۇردى. موماي-
نىڭ ئۇلارنى توسىغۇدەكمۇ ھالى قالمىغانىدى.
يۈرىكى لەختە-لەختە زەرداپ ئىچىدە ئاجىز پۇ-
لاڭلايتتى. ئۇ ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ ھۇجرىسىغا
كىرىپ كەتتى-دە، جەينامازىغا يۈكۈندى...

— ئاۋۇ ئاسىم دېگەن لايغەزەل 150 مىڭ
كويلۇق ئۆينى ئۈچچە ئىگىلىۋالغاندىكىن بىر
قېتىم ھېيت قىلىپ قويسا نېمە بولىدۇ ھە؟!
شۇمۇ ئوغۇل بالا بولدىمۇ؟! ھۇ خوتۇنىنىڭ ئىش-
تىنىنى كىيگەن! قاراپ تۇرۇپ ئۆزىنىڭ ئۆيىنى
نەدىكى لىڭتاسىمىغا تارتقۇزۇپ قويغاندىكىن
مۇشۇ ئانامغىمۇ ئاز! ئۆزىگە شۇنداق پۇختا
بولۇپ، بالىلىرىنى سانىڭ چۈجىسىدەك قانتى
ئاستىغا ئېلىپ، ئەتراپىغا يىغىپ يۈرۈيدىغان نى-
نى ئانىلارمۇ باركەن. بۇ بىزنىڭ ئانىمىز قانداق
ئانىدۇ، ئىسىت...

ئەڭ ئاخىرىدا ئوغۇللارنىڭ تاپا-تەنە،
سوغۇق ئۇرۇشلىرىنىڭ نەتىجىسى «ئۆزىگە
پۇختا بولمىغان» مومايغا مەركەزلىشىپ، «توۋا!»
دەپ ياقا چىشلىگىنىچە ھەممىسى ئۆيلىرىگە
مېڭىشتى.

— بىزنىڭكىگە بېرىپ ھېيت قىل ئانا
ئەمدى، — دېدى 4-ئوغلى ئىشىكتىن چىقىۋېتىپ.

— شۇنداق قىلماي نېمە ئامال؟ چوڭ ئۆيدە
ھېيت پىشىپ بوپتۇ، — چوڭ ئوغلىنىڭ پەلەمپەي-
دىن چۈشۈپ كېتىۋېتىپ دېگەن مەسخىرىلىك
گەپلىرى مومايىنىڭ قۇلىقىغا كىرىپ قالدى.

موماي كىچىك قىزى بىلەن ئۆيدە يالغۇز
قالدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ غېرىبلىقىغا، پەرىشانلى-
قىغا ھېچنېمە توغرا كەلمەيتتى.

— نېمىدەپ بۇ نېمىلەرگە ھەممە دۇكاننى
بېرىۋېتىسەن؟ نېمىدەپ پۇللىرىڭنى ئۆتنە قىلى-
سەن؟ قايتۇردىمۇ ئەنە؟ گېپىنىڭ چوڭلۇقىنى
ئاڭلىغانسەن؟ تېنىپلا ئالدىغۇ ھەممىسى؟! توۋا،
بۇنى ئاز دەپ ئاۋۇ ئاسىمنى بۇ ئۆيگە تىقىپ
قويۇپ، ئۆي-ماكانسىز، چوكا-سۇنۇقسىز
قالغىنىڭغا نېمە دەي ئەمدى؟ ئۆز ۋاقتىدا نېمە
دېدىم ساڭا؟ ئۇنى يولاتما دېسەم ئۇنىمىدىڭ، مانا
ئەمدى ھەممە نەرسەڭنى يەپ بولدى.

قىزى چاڭىلداپ سۆزلەيتتى، بوغۇلاتتى،
يىغلايتتى. ئۇنىڭ دېگىنى ھەق ئىدى، لېكىن
موماي بۇنداق كۈنلەرنى ئالدىن بىلەلەيدىغان ئەۋ-
لىيا ئەمەس ئىدى. ئۇ باغرىنى يېرىپ چىققان،
ئۆزى بىر قوللۇق تەربىيىلىگەن بالىلارنىڭ شۇ
دەرىجىدە رەھىمسىز، قارا كۆڭۈل بولۇپ كېتى-
دىغىنىنى ئەسلا ئويلاپ باقمىغانىدى. ھېلىھەم-
مۇ شۇنداق ئويلىمايتتى. بالىلىرىنى نادانلىق قى-
لىۋاتىدۇ. بۇلار تېخى كىچىك، ئەقلىنى قولىغا
ئالالمايۋاتىدۇ، دەپلا ئۆزىگە تەسەللى قىلىپ تۇ-
راتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ موھتاج بولۇۋاتقىنى،
بىرەر كىچىك بالىدىن بولسىمۇ چىرايلىققىنە
ئىككى ئېغىز تەسەللى، يۈرەكنى سالقىندىتىدى-
غان، تىنچلاندۇرىدىغان چىرايلىق سۆز، ھېيتلىق
سالاملا ئىدى، خالاس...

قىزى ئاخىر قاقشاشتىن توختىدى. قىزىرىپ
كەتكەن يۈز-كۆزلىرىنى يۇدى.

— بىزنىڭكىگە كېتەيلى ئانا، بىزنىڭكىدىلا

هېيت قىلايلى، ــ دېدى ئۇ ئانىسىنىڭ قورايدەك
قاتقان ئورۇق قوللىرىدىن تۇتۇپ. ئۇ شۇ قاينى-
شىدا ئىچىدىكى ئاچچىقنى چىقىرىۋالغاچقا،
كۆڭلىمۇ كۆتۈرۈلۈپ، ئاچچىقىمۇ يېنىپ قالغا-
نىدى. لېكىن نادان قىز ئانا قەلبىنىڭ، ۋۇجۇدى-
نىڭ شۇ تاپتا پۈتۈنلەي كاردىن چىققانلىقىنى نە-
دىنمۇ بىلسۇن؟ ئۇلارچە ئانىسى يەنە 80 يىل يا-
شايتتى. بەلكىم ئۇنىڭدىنمۇ ئۇزاق ياشىشى
مۇمكىن. ئىشقىلىپ ئۇلار ئانىسىنىڭ بەكمۇ
قېرىپ كەتكەنلىكىنى، ئازلا كۈندىن كېيىن دادى-
سىغا ئوخشاش تۇۋلىسا ھە دېمەيدىغان، چاقىرسا
كېلەلمەيدىغان يامان يەرگە كېتىدىغانلىقىنى ئويى-
لاپمۇ قويۇشمايتتى.

ــ ماقۇل بالام... مەن ھېلىراقتا كەينىڭىزدىن
باراي... ئاچچىڭىز كېلىپ قالسا يوق بولۇپ
قالماي، ــ دېدى موماي زورلاپ كۈلۈمسىرىمەك
بولۇپ، لېكىن ئۇ كۈلەلمىدى.

ــ ئەمىسە بايا دېگەندەك بولسۇن ئانا، ئاسىم
دېگەن جوھۇتنى ئۆيدىن قوغلاپ چىقارغىن! بۇ-
گۈنلا گەپنى ئوچۇق قىلىۋەتكىن! بولمىسا ياقى-
سىغا ئېسىل! سېنى بىر ئۇرۇپ باقسۇن قېنى،
كۆرىدىغىنى بار ئۇنىڭ!

ــ ماقۇل بالام...

قىزى يەنە بىر مۇنچە گەپلەرنى تاپىلاپ
ئۆيدىن چىقتى. بايىقىدىنمۇ بەتتەر سۆرۈنلى-
شىپ كەتكەن، خۇددى بوران ئۇچۇپ، ئەزرائىل
ھۇۋلاپ تۇرغاندەكلا يېقىمسىز بولۇپ قالغان
ئۆيدە موماي يالغۇز قالدى. ئۇ ئاخىر قەتئىي نى-
يەتكە كېلىپ، قىزىغا بەرگەن ۋەدىسى بويىچە
ئوغلى بىلەن چىرايلىقچە پاراڭلىششنى كۆڭ-
لىگە پۈكتى. خېلى ۋاقىتتىن كېيىن ئاسىم
ئۆيگە كىردى. ھېچنېمە تىزىلمىغان داستىخان-
غا، قۇيقۇرۇق تۇرغان قازانغا، ئاشخانا ئۆيلەرگە
مۇنداقلا قاراپ قويۇپ، ئانىسىغا گەپمۇ قىلماي
تېلېۋىزور كۆرۈپ ئولتۇردى. موماي ئوغلىنىڭ
سۈرۈن تەلەتىدىن ئەيمىنىپ، خېلى ئۇزاقىچە
گېپىنى تېپىپ قىلالمىدى. ئاخىر مىڭ يېرىدىن
تۆكۈلۈپ تۇرۇپ، ئۆيدە يالغۇز ئولتۇرۇشنى ئاغ-
زىغا ئەمدىلا ئېلىۋېدى، ئوغلىنىڭ جان - پېنى
چىقىپلا كەتتى.

ــ نەدە شۇنداق ئىش بار كەن؟ نەچچە يىلدىن
نېمىدەپ ئېغىز ئاچمايسىز؟ مەن ئانام يالغۇز
قالدى، بېقىۋالاي دەپ ئەسلى - ۋەسلىمنى مۇشۇ
ئۆيگە سېلىپ بەردىم، كۆزىڭىز كۆردى! 50 مىڭ
يۈەن دېگەن ئاز گەپمۇ؟! مەن تام تەشمەيمەن ياكى
بانكا ئاچمايمەن. قېنى كىم مېنى بۇ ئۆيدىن چىق
دېيەلەيدىكەن؟! نوچى بولسا پۇلۇمنى قايتۇرۇش-
سۇن. سىزنى كۈشكۈرتكەن شۇ نوچىلار! مەن
ھېچنەگە كۆچمەيمەن! ئاڭلاپ قېلىڭ!

مومايغا ئۆزىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى تىنىقىلا قال-
غاندەكلا تۇيۇلۇپ كەتتى. تولىمۇ ئاجىزلاپ
كەتكەن قاقشال، مىسكىن، غېرىب تېنى، روھى
بۇ ئەڭ ئاخىرقى زەھەرنى يۇتالمىدى.

ــ مەن سىڭلىڭنىڭ ئۆيىگە بېرىپ
كېلەي... ــ دېدى موماي كەچ كىرگەندە بارلىق
ئاچچىقىنى ئانىسىدىن ئېلىپ بولۇپمۇ يەنىلا قا-
پاقلىرىدىن مۇز ياغدۇرۇپ ئولتۇرغان ئوغلىغا
مەيۈس قاراپ.

ــ ھە... ــ ئوغلى بېشىنىمۇ كۆتۈرمەستىن
تولىمۇ سوغۇق جاۋاب بەردى.

موماي ئۆيدىن يېنىپ چىقتى. زەھەردەك
ئاچچىق سوغۇق ئۇنىڭ كونىراشقا باشلىغان
سارجا پەلتوسىدىن ئۆتۈپ، ئاجىز يەلكىسىگە
مۇزدەك ئۇرۇلاتتى.

موماي چىگىش، ئاچچىق ئەسلىمىلەر باغرى-
دا تاراملاپ تۆكۈلۈۋاتقان ياشلىرىنى ياغلىقىنىڭ
ئۇچى بىلەن ئېرتىپ ئۇلگۈرتەلمەيۋاتاتتى. ھېلى-
مۇ ياخشى كېچە، ھاۋا تۇرۇپلا سوۋۇپ كەتكەچ-
كە كوچا ئېغىزىدا خۇددى قارانچۇقتەك قېتىپ
ئولتۇرغان ۋېجىككىنە مومايغا دىققەت قىلىدى-
غانلارمۇ يوق ئىدى. يەنە كېلىپ مومايىنىڭ
كىچىك باللاردەكلا بولۇپ قالغان ئورۇق،
كۈچسىز تېنى ھېچكىمنىڭ كۆزىگە چېلىقىپ-
مۇ كەتمەيتتى... موماي شۇ ھالدا قانچىلىك
ۋاقىت ئولتۇرغىنىنىمۇ بىلمىدى. ئەتراپ تىم-
تاسلىقتا چۆمدى. كوچىدا مومايدىن باشقا ئادەم





www.uyghurkitap.com

قالمىغاندەك قىلاتتى. بوران ئۆشقىرتاتتى. موماينىڭ خىياللىرى چىگىشلىشىپ كەتكەندەك بولدى. ئارقىدىن تۇرۇپلا ئۈزۈلۈپ قالدى. ئوغۇللىرى، قىزلىرى، نەۋرە - چەۋرىلىرى ئۇنىڭدىن شۇنچە يىراقلاپ كېتىۋاتاتتى، ئاخىر ئۇلار ھەققىدىكى بارلىق ئەسلىمىلەر بىردىنلا يوقاپ كەتتى. كوچا چىراغلىرى بىردە يېنىپ، بىردە ئۆچۈپ تۇراتتى. موماي كوچا چىراغلىرىنىڭ نېمىشقا بىر يېنىپ، بىر ئۆچۈپ تۇرۇۋاتقىنىنى ئويلاپ قالدى. پۈتۈن زېھنىمۇ پەقەت مۇشۇلارنىلا سېزىپ تۇراتتى. باياتىن بېرى توڭلاپ كەتكەن قول - پۇتلىرى شۇ تاپتا ئىللىپ، ھاسىراپ تۇرغان نەپەسلىرىمۇ راۋانلىشىپ قالدى. بەدەنلىرىمۇ يېنىك ئىدى. شامال بارغانسېرى كۈچىيىپ كەتتى. ئەمدى كوچا چىراغلىرى يانمايلا قويدى. جاھان قاراڭغۇلۇققا پاتتى. موماي بېشىنى كۆتۈرۈپ قىبلە تەرەپتىكى ئاشۇ تۆت تال يورۇق يۇلتۇزنى ئىزلىدى. لېكىن ئاسماندا نە ئاي، نە بىر تال يۇلتۇز كۆرۈنمەيتتى، ئۇ قىبلە تەرەپنىلا ئەمەس ھەتتا ئاسماننىمۇ، زېمىننىمۇ پەرق ئېتەلمىدى. گويا ئاسمان - زېمىن بىر - بىرى بىلەن تۇتىشىپ كەتكەندەك ھەممە ياق كۆڭۈلنى خىرەلەشتۈرىدىغان چەكسىز قاراڭغۇلۇققا پاتقانىدى. غەلىتە يېرى قاياقتىندۇر شوخ ئۇرۇلغان ھېيتلىق ناغرىنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. بۈگۈن قۇربان ھېيت... ناماز كۈنى ... لېكىن كىشىلەر تاڭ ئاتماستىنلا ناغرا چالغىلى تۇرسا - ھە؟ كۆڭۈللەرگە شادلىق بەخش ئەتكۈچى ناغرىنىڭ ئاۋازى موماينىڭ قېتىپ قالغان ھېس - تۇيغۇلىرىنى ئويغاتقاندەك قىلدى. ئۇ ياشاڭغىراپ تۇرغان نۇرسىز كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ، ياشلىرىنى سۈرتۈۋەتمەكچى بولدى. لېكىن قوللىرى ھەرىكەتكە كەلمىدى. ئۇ كۆزلىرىنى تېخىمۇ يوغان ئېچىپ تېخى بايىلا، يىراقتا بولسىمۇ كۆرەلىگەن يۇلتۇزلارنى زورۇقۇپ ئىزدەشكە باشلىدى. بىراق يەنىلا تاپالمىدى. ئۇ ئەجدادلىرىنىڭ، بوۋىسىنىڭ روھىنى تاپالمىغانسېرى خىياللىرى، تەپەككۇرى يەنىمۇ قېتىپ كېتىۋاتقاندەك بولاتتى. توۋا! موماينىڭ كۆزلىرى بىردىنلا نۇرلىنىپ كەتتى. خىياللىرىمۇ، تەپەككۇرىمۇ، ئەتراپىمۇ پاللىدە يورۇپ، ئۇمچىيىپ يىغلاشقىلا كۆنۈپ قالغان ئاغزى ئىختىيارسىز كۈلۈمسىرىدى. ئۇنىڭ يېنىدىلا چاراقلاپ يانغان تۆت تال يۇلتۇز نۇر چېچىپ تۇراتتى. ئۇلار دەسلەپ كۈچلۈك نۇر چەمبىرىكى ھاسىل قىلىپ موماينى ئارىغا ئېلىۋېلىشتى. ئارقىدىن تۇيۇقسىز موماي تەرەپكە سوزۇلۇپ نۇرغا پۈركەلگەن سۆيۈملۈك بىر سىيماغا ئايلاندى. بۇ سىيما موماينىڭ تاشتەك قاتقان يىرىك قوللىرىنى ئاستا تۇتۇۋېدى، موماي قوللىرىنى يۇمشاق قۇش ئۇۋىسىغا كىرىپ قالغاندەك ئاجايىپ راھەتتە سەزدى. موماي ئىختىيارسىز بۇ قوللارغا زەن سېلىپ قاراپ كەتتى. بۇ قوللار بىر تۇرۇپ مومىسىنىڭ، يەنە بىر تۇرۇپ دادىسىنىڭ قوللىرىغىمۇ ئوخشايتتى. يەنە تۇرۇپلا بوۋىسىنىڭ كۈچلۈك، قىزىق، ھارارەتلىك ئالىقانلىرىدەكمۇ قىلاتتى. ئۇ چەكسىز رازىمەنلىك بىلەن نۇر ئىچىدىكى بۇ سىيماغا قاراپ خۇشاللىقتىن ۋىلىقلاپ كۈلۈپ كەتتى. ئۇ ئاخىر يىراق ئاسمان قەترىدە ھەمىشە تەلمۈرۈپ خىيال قىلىدىغان، سېغىنىدىغان سۆيۈملۈك ئادىمىنى كۆرەلىدى... موماي پەيدەك يېنىك، پەرىلەردەك گۈزەل ئىدى. ئۇ كۈچلۈك نۇر ئىچىدە، ئۆزىگە تاتلىق جىلمىيىپ، ھەييارلىق بىلەن كۆز قىسىشىۋاتقان چەكسىز يۇلتۇزلار ئارىسىدا تەگسىز بوشلۇقتا ھاۋاغا دەسسەپ، بۇلۇت قاتلاملىرىنى يېرىپ، ئۆزىنى يېنىككىنە يېتىلەپ كېتىۋاتقان سۆيۈملۈك سىيماغا چەكسىز مۇھەببەت بىلەن خاتىرجەم ئەگىشىپ كەتتى... ياڭراق ئۇرۇلغان ناغرىنىڭ ئاۋازى تېخىمۇ شوخ پەدىگە يۆتكەلدى. موماي ھېيت خۇشاللىقىغا پۈركەلگەن چەكسىز يۇلتۇزلار ئالىمىگە سىڭىپ كەتتى.

(ئاپتور خېجىڭ ناھىيىلىك دېھقانچىلىق ئىدارىسىدا)

مۇھەررىر **پاتىگۈل ئەخمەت**

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

مەدەنىيەت قېيۇم



# ئۆچمەس ئوت

(ھېكايە)

ئىمامنىڭ مۇڭلۇق ئاۋازدا سوزۇپ ئەرزان توۋلىشى بىلەن بۇ قەدىمىي مەھەللە ئويغىنىپ كەتتى. لېتىپ ئاخۇن ئايالى تەييارلاپ بەرگەن تەرەت سۈيىنى كۆتۈرۈپ باغ تەرەپكە قاراپ كېتىۋېتىپ، ئوغلى جېلىلنىڭ ھۇجرىسى ئالدىغا كەلگەندە گېلىنى قىرىپ يۆتىلىپ قويدى. ھەر كۈنى سەھەر دادىسى بىلەن تەڭ ئويغىنىپ كېتىدىغان بۇ يىگىت بۈگۈن ئۇخلاپ قالغان ئىدى. ئۇ دادىسىنىڭ شەپىسىنى ئاڭلاپ چۆچۈپ ئويغاندى ۋە ئورنىدىن تۇرۇپ تېز-تېز كىيىنىشكە باشلىدى. ئۇ ھويلىغا چىققاندا چىمەنخان ئانا ئەتىگەنلىك ناشتىنىڭ تەييارلىقى بىلەن ئالدىراش ئىدى.

— تىنىچ-ئامان تۇردىڭىزمۇ، ئانا؟ —

يىگىت ئانىسىغا سالام بېرىپ تىنچلىق سورىدى، ئەمما ئانىسىنىڭ كۆزىگە ئۇدۇل قارىيالمىدى.

دۇرۇس، ئۇنىڭ ئانىسىغا قاراشقا يۈزى يوق، چۈنكى ئالتە بالىنى قاتارغا قوشۇپ ئۆيلۈك - ئوچاقلىق قىلىپ كېلىن- كۈيئوغۇل، نەۋرىلەرنى مۇشۇ ئۆينىڭ ئىسسىق مېھرىدىن بەھرىمەن قىلغان، ئانىلىق مېھرى بىلەن ئۆز ئەتراپىدا چۆرگىلەتكەن بۇ ئانا كەنجى ئوغلى جېلىلنىڭ توي ئىشىغا كەلگەندە قۇدا بولغۇچىلار ئالدىدا قانچىلىك يالۋۇرمىدى؟ ئۆزىنى نەزىرىگىمۇ ئىلىپ قويمىغان كىشىلەر ئالدىدا تۆۋەنچىلىك بىلەن ئېگىلىپ تۇرۇش قانداق مۈشكۈل - ھە؟

چىمەنخان ئانا ئۆزىنىڭ كۆزىگە قاراشقا پېتىنالماي، قۇلايسىز بىر ھەرىكەتتە ئۆز ئىشى بىلەن بولۇۋاتقان ئوغلىغا قاراپ ئۇھسىنىپ قويدى. بىچارە بالام، ئېگىز شاخقا ئېسىلغۇچە مەھەللىمىزنىڭ قوشنىلارنىڭمۇ ئوبدان، چىرايلىق قىزلىرى بارتى ئەمەسمۇ، بىز ئۇلاردىن قىز سورىساق ياق دەيتتىمۇ، ھەممىمىزگە نېمە كۆرگۈلۈك بۇ.

لېتىپ ئاخۇن ئائىلىسى ئانچە باياشاتمۇ ئەمەس، قەدىر ئەھۋال كۈنىنىڭ سىرىقىنى كۆرۈپ ياشاۋاتقان كىشىلەر ئىدى. كەنجى ئوغلى جېلىل تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتكۈزۈپ، ئىشچىلىققا ئىمتىھان بېرىۋېدى، ئۆتۈپ زاۋۇتقا ئورۇنلاشتى. دېمەك، بۇ ئۆيدىكى بىردىنبىر مائاشلىق كىشى جېلىل بولۇپ قالدى. يىگىت تولۇق ئوتتۇرىدا ئۆزى بىلەن بىر سىنىپتا ئوقۇغان، ھازىر يېزا ئىگىلىك بانكىسىدا خىزمەت قىلىدىغان، بۇ ناھىيىنىڭ ھاكىمىنىڭ ئەتىۋارلىق يالغۇز قىزى گۈلىستان بىلەن مۇھەببەتلىشىپ توي قىلىشقا پۈتۈشكەن ئىدى.

لېتىپ ئاخۇنلار ئوغلىنىڭ تەلىپى بويىچە بىرىنچى قېتىم ھاكىمنىڭ ئۆيىگە ئەلچى ئەۋەتكەندە، بارغان ئەلچىلەر خاپا ھالدا قايتىپ كېلىشتى.

— بولدى قىلىسىلا لېتىپ ئاخۇن، كىشىنى ئادەم ئەتمەيدىغان كىشىكەن ئۇ ھاكىم، — دېدى مەھەللىنىڭ كەكە ساقاللىق، مۇلايىم ئىمامى تېرىكىپ، — قىز دېگەن بىر كۆۋرۈك، ئۇنىڭدىن ھەر تەبىقە، ھەر كەسىپتىكى كىشىلەر ئۆتىدۇ ئەمەسمۇ؟ ئەلچىگە ئۆلۈم يوق، دەپتىكەن، بىزنى چىرايلىق يولغا سالسا بولمىدىمۇ؟ قىزىنى ھازىرنىڭ ئۆزىدە بۇلاپ ماڭمىغاندىكىن:

— كەچۈرۈشسىلە، تۇغقانلىرىم، ئۇلار ھەر قايسىلىرىنى خاپا قىلغان ئوخشايدۇ، ئۇلار ئۈچۈن مەن ناماقۇل بولاي، — شۇ تۇرقىدا بوۋاينىڭ چىرايىدا بىقۇۋۇللۇق، تەڭقىسلىق سايىلىرى ئەگىدى. تۇرمۇشنىڭ نۇرغۇن ئىسسىق - سوغۇقلىرىغا دۈچ كەلگەن بۇ دادا، ئوغلىدىن قىزنىڭ كىمنىڭ قىزى ئىكەنلىكىنى ئاڭلىغاندىلا، ئۆزىنىڭ ھەم ئوغلىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى كۆڭۈل دىشۋارچىلىقىنى پەملەپ بولغانىدى ھەم بۇ ھەقتە كۆڭلىدە تەييارلىقىمۇ بار ئىدى. بىراق غەمسىز، ئەركە ئۆسكەن ئوغلىنىڭ كۆز ئالدىدىكى بۇ دىشۋارچىلىقلارنى يېڭىشكە جۈرئىتى بارمىكىن؟ تۇرمۇشنىڭ چوڭ سىناقلىرىغا ئۇ تېخى جاۋاپ قايتۇرۇپ باقمىدى. بىچارە ئوغلۇم، يۈرىكىڭ زېدە بولىدىغان بولدى، ھاكىمنىڭ ئەمەس كىملا بولسۇن باشقا بىرسىنىڭ قىزى بولغان بولسىدى، گەپ بىلەن ھەل بولمايدىغان ئىش بارمىدى، تىل ئىنسانلارغا شۇ ۋەجىدىن بۇيرۇلغان ئەمەسمىدى.

60 نەچچە يىل مۇشۇ يۇرت كىشىلىرى بىلەن ھەمنەپەس بولۇپ ياشاپ كېلىۋاتقان لېتىپ ئاخۇن ئۈچۈن ھاكىمنىڭ مىجەزى يات ئەمەس ئىدى، ھاكىم بۇ ناھىيىدە كەسكىنلىكى، ئۆز پىكرى ۋە مەنتىقىسى بويىچە ئالدى - كەينىگە قاراپ ئولتۇرماي ئىش بېجىرىدىغانلىقى بىلەن ھۆرمەتكە سازاۋەر. ئۇنىڭ قاۋۇل بەستى، سۈرلۈك كۆزلىرى ھەممىنى ئەيمەندۈرىدۇ. لېتىپ ئاخۇن ئەنە شۇنداق كىشى بىلەن قۇدا بولىمەن دەپ ئەلچى ئەۋەتتى. ھاكىم ۋە ئايالى رەيھا-

نەم ئەلچىلەر بارىدىغان ۋاقىتتىن ئېنىق خەۋەردار ئىدى، بىراق ئۇلار ئۆيىدە ئۆي ئىشلىرىنى قىلىدىغان، ھاكىمنىڭ نەۋرە سىڭلىسى ۋە ئۇنىڭ ئېرىنى قالدۇرۇپ قويۇپ، نەگىدۇر كېتىشكەن ئىدى. ئەلچىلەر ئۇچۇن داستىخانغۇ مول راسلىنىپتۇ، بىراق ئۇلار قورساق ئۇچۇن بارمىدى ـ دە، شۇڭا ھاكىملارنىڭ بۇ قىلىقى ئۇلارغا ھار كەلدى. ئەلچىلەرنى رەت قىلار، بىراق ئۆينى تاشلاپ بېرىپ كېتەر دەپ كىم ئويلىغان، سەيياھلارنى، ھاجەتمەن بىچارىلەرنى كۈتۈپ، ئۇلارنى رازى قىلىپ يولغا سېلىش بىزگە ئۇدۇم ئەمەسمىدى، ھاكىمنىڭ نەزىرىدە بىزنىڭ شۇلارچىلىكمۇ ئورنىمىز يوقمۇ؟

ھاكىمنىڭ نەۋرە سىڭلىسىنىڭ ئېرى ئەلچىلەرنى ھاكىمنىڭ قالدۇرغان سۆزى بىلەن ئۇزىتىپ قويدى.

— ئاكام ھەر قايسىلىرىغا ئېيتىشنى تاپىلىغان، — دېدى ئۇ لۆم ـ لۆم ساپادا كېرىلىپ ئولتۇرۇپ، — يىگىت بۇ ئۆيگە ئىچ كۆيئوغۇل بولۇپ كىرىدۇ. قىز ـ يىگىت تويدىن كېيىن مۇشۇ قورۇدا چوڭلار بىلەن بىللە ئولتۇرىدۇ، تويلۇق چىقىمنى كېيىنچە دېيىشىمىز، بۇنىڭغا ئۇنىمىسا توختاپ قالايلى.

بۇ تەلەپكە ئەلچىلەر قانداق جاۋاب بەرسۇن، بىر نېمە دەي دېسە، قىزنىڭ ئىگىلىرى بولمىش ئاتا ـ ئانىلىرى نەق سورۇندا يوق، ئۇنىڭ ئۈستىگە يىگىت لېتىپ ئاخۇننىڭ تۇرسا، ئەلچىلەر چارىسىز ھالدا، يىگىتنىڭ ئاتا ـ ئانىسى بىلەن مەسلىھەت قىلايلى دېيىشىپ، روھسىز ھالدا قايتىشتى ھەم بۇ ئەھۋالنى لېتىپ ئاخۇنغا سىلىقلىتىپ ئېيتتى.

لېتىپ ئاخۇننىڭ پۈكلەنگەن قەددىنى كۆرۈپ، ئىمامنىڭ كۆڭلىدە مەھەللە باشچىسىغا خاس ئۆز قېرىندىشىنى ئاياش تۇيغۇسى باش كۆتۈردى.

— ئەمدى يۇرت كاتتىسى ئەمەسمۇ، ئۇنچىلىك كىبىرى بولىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە قىز ئىگىسىنىڭ ئۇنچىلىك نازى بولمىسا قانداق بولىدۇ، مەن جېلىل بالام ئۇچۇن يەنە بىر باراي بولمىسا، سىلىق سۆز تاشنى يارار، دەپتىكەن لېتىپ ئاخۇن.

— ھەر قايسىلىرىنى شۇنچىلىك ئاھانەتكە قويغىنىمىزمۇ يېتىپ ئاشار، بولدى قىلايلى، — لېتىپ ئاخۇننىڭ ئىمامغا روبىرو قارىغان كۆزلىرىدە ياش لىغىرلاپ قالدى، — بالام تېخى يېتىملىك كوچىسىدا سەرسان بولمىدى، مەن ۋە ئانىسى، قېرىنداشلىرى تېخى ھايات. ئەجەبا ھاكىم بىر ئاتا تۇرۇپ، ئاتىنىڭ غۇرۇرىنى ھېس قىلالامامدىكەن، مەندەك بىر ئاتىنى ئېتىراپ قىلمامدىكەن؟ — ئۇ شۇ سۆزلەرنى ئېيتىۋېتىپ ئېغىر ئۇھسىنىپ قۇياشنىڭ تارام ـ تارام نۇرلىرى ئېقىپ كىرگەن تۈڭلۈككە قارىۋالدى، ئۇ بۇ ھەرىكىتى ئارقىلىق كۆز يېشىنى سىڭدۈرۈۋەتمەكچى ئىدى.

— نېرىسىنى بەك جىق ئويلاپ كەتمىسىلە، قېرىندىشىم.

— ياق، ئىمام ئاكا، بالىسىغا ئىگە بولالماسلىق ئېشەكنىڭ ئىللىتى، ئۆزىگە بالا قىلىۋالماقچى بولسا، تويدىن كېيىن ئۇلار نەدىلا ئۆي تۇتمىسۇن، بالام ئۇلارنىڭمۇ ئوغلى بولىدىغۇ، ئوغلۇمنى ياخشى تەربىيىدە چوڭ قىلغانمەن، قېيناتىسىنىڭ خىزمىتىدە بولۇش، ئىشىنىمەنكى بالامنىڭ قولىدىن كېلەتتى.

ئىمام لېتىپ ئاخۇنغا تەسەللى بېرىپ، يەنىمۇ ئويلىنىپىراق، بار مەسلىھەت بىر ئىش قىلىشنى تاپىلاپ خوشلىشىپ چىقىپ كەتتى.

شۇ كۈندىن كېيىن بۇ ئۆيدە ئەلچىلىككە قايتا بېرىش توغرىسىدا گەپ بولۇنمىدى. بىراق جېلىل كۈندىن ـ كۈنگە خىيالچان بولۇپ قېلىۋاتاتتى. سەزگۈر دادا ئوغلىنىڭ كۆڭلىنى تارازىغا سېلىپ كۆرۈپ قىزغا بەكلا كۆيىدىغانلىقىنى سېزىۋالدى. ئۆزىنىڭ ياش چاغلىرىنى ئەسلەپ، ئوغلىنىڭ كۆيۈك ئوتىدا پۇچىلىنىشىغا چىدىمىدى. ئەگەر مۇشۇنداق كېتىۋەرسە ئوغلىنىڭ



www.uyghurkitap.com

روھى سۇناتتى، ئۇ چۈشكۈنلۈككە پېتىپ قالسا قانداق قىلغۇلۇق؟ ياق، ياق بۇنىڭ ئۈچۈن قۇربانلىق بەرمەي بولمايدۇ، جاندىن كەچمىگۈچە جانانىنىڭ ۋەسلىگە يەتكىلى بولمايدۇ. ئوغلۇم ئۈچۈن قەددىم پۈكۈلگەنگە، غورۇرۇم سۇنغانغا نېمە بوپتۇ.

شۇنداق قىلىپ لېتىپ ئاخۇن ئەلچىلەرنى يەنە ھاكىمنىڭ ئۆيىگە ماڭدۇردى. بۇ قېتىم ئەلچىلەرنى ھاكىم بىلەن ئايالى كۈتۈۋالدى، ئۇلار ئەلچىلەرنى ئالدىنقى قېتىمقىدەك مول داستىخان سېلىپ مېھمان قىلدى، ئۇلارنىڭ ھەر قانداق سۆز ۋە تەكلىپلىرىگە ئارتۇقچە ئىپادە بىلدۈرۈشمىدى. پەقەت ئۇزىتىدىغاندا رەيھانەم ئەلچىلەرنىڭ ئالدىغا بىر دەپتەرنى قويۇپ بۇ داستىخانلىق تىزىملىكنى يىگىتنىڭ ئاتا - ئانىسى كۆرۈپ بېقىپ جاۋابىنى بەرگەي، دەپ يولغا سالدى.

لېتىپ ئاخۇن ۋە چىمەنخان ئانا دەپتەردىكى داستىخان تىزىملىكىنى كۆرۈپ چۆچۈپ كېتىشتى. داستىخانلىق ئۇلارنىڭ ئۆيلىگەنلىرىدىنمۇ ئېغىر ئىدى. لېتىپ ئاخۇن قۇدا بولغۇچىلارنىڭ مەقسىتىنى ئاخىر چۈشىنىپ يەتتى.

— ئانىسى، ئۇلار بىزنى مۇشۇ يول بىلەن تەزدۈرمەكچى ئىكەندە، — لېتىپ ئاخۇن دەپتەرنى قولىدا سىقىمدىغىنىچە مۇڭغا پېتىپ ئولتۇرغان قەدىناسىغا قاراپ ئىچى سىيرىلغان ھالدا شۇنداق دېدى.

— شۇنداقتىمۇ دادىسى، بىراق ئوغلىمىز...

— غەم قىلماڭلا، ھەر ئىش ئۆز يولى بىلەن ھەل بولىدۇ. ئىشنىڭ تەرەققىياتىغا قارايلى.

ئۇلار ئۆيلىگەندەك ھاكىمنىڭ بۇ توي ئىشىغا تۇتقان يولى شۇ ئىدى. يىگىت تەرەپ قوبۇل قىلالمىغۇدەك تەلەپنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ ۋاقتىنى سوزۇش، بۇ ئارقىلىق قىزنىڭمۇ رايىنى ياندۇرۇش ئىدى. لېكىن گۈلىستان ئەتىۋارلىنىپ چوڭ بولغاچقىمىكىن، بىرەر تەلىپى ئورۇندالمىسا ئۆز گېپىدە چىڭ تۇرۇۋالاتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ جىبلىلنى ئۆلگۈدەك ياخشى كۆرەتتى. مەيلى قانداق شارائىتتا بولسۇن، يىگىتنىڭ تىنقى ئۇنىڭ ئۈچۈن ھاياتلىق، يىگىت بار جاي جەننەت ئىدى.

ھاكىم ئىككىنچى قېتىم بارغان ئەلچىلەرنى ياندۇرغاندىن كېيىن جىبلىل گۈلىستاندىن ئۆزنى قاچۇرۇپ يۈردى، يىگىت ئۈچۈن بىقۇۋۇللۇق يۈرىكىگە پاتقان مىخ، بۇ مىخنى يۇلۇپ تاشلاپ، قىزنى باغرىغا بېسىشقا ئۇ ئىلاجسىز ئىدى. بۇ ھال گۈلىستاندا ئايرىلىپ قېلىش ئەندىشىسىنى پەيدا قىلىپ قويدى. خۇددى ئۆلۈم ئالدىدا تۇرغان ئادەم ئۈچۈن ھاياتلىق ئۆز كۈچىنى كۆرسەتكەنگە ئوخشاش، گۈلىستان ئۈچۈن قولدىن كېتىش ئالدىدا تۇرغان بەخت شۇنچىلىك شېرىن تۇيۇلماقتا ئىدى. يىگىتنىڭ ئېگىز، قامەتلىك سۇباتىنى، ئوت يېنىپ تۇرىدىغان كۆزلىرىنى ئىچ كۆيەرلىك بىلەن ئەسلەپ تولغىناتتى. يىگىتنىڭ ئەرلەرگە خاس يىرىك مىجەزى ۋە ئۆزىنى باغرىغا بېسىپ ھىدلاشلىرىنى، سۆيگۈ ئىزھار قىلىشلىرىنى ئەسلىگىنىدە قىزنىڭ مۇھەببەت سەۋدالىقىغا يەنە بىر ھەسسە سەۋدالىق قوشۇلاتتى.

گۈلىستان جىبلىلنى ئۇچرىتالمىغانسېرى ئىچى تىتىلداپ تاقەتسىز ئاياغلىرى بىلەن ئۇ ماڭىدىغان يولغا، ئۇنىڭ ئۆيى بار مەھەللىگە قاترايدىغان بولۇپ قالدى. بىر كۈنى ئۇ جىبلىلنىڭ ئىشتىن چۈشىدىغان ۋاقتىنى پەملەپ، مەھەللە دوقمۇشىدا ئۇزاقتىن - ئۇزاق ساقلاپ تۇرۇپ، ئاخىر ئۇنىڭ بىلەن ئۇچراشتى.

— جىبلىل!

تونۇش، يېقىملىق ئاۋاز، خىيال بىلەن كېتىۋاتقان يىگىتنىڭ قەدىمىنى چىپپىدە توختاتتى، ئۇ خىجىللىق، تەڭقىسلىق، تەقەززالىق ئارىلىشىپ كەتكەن ھېيسىياتتا قىزنىڭ يېنىغا بېرىپ، قىزنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلىپ قارىدى. شۇ قاراشلىرى بىلەن قىزنى كۆزلىرىگە چۆكتۈرۇۋالغۇسى كېلىپ كەتتى.

— گۈلىستان، يېقىندىن بۇيان سىزنى كۆرۈشكە يۈزۈم يوق، قىيناپ قويدۇم.

— سىزنى شۇنداق كۆرگۈم كەلدى، جېلىل،— قىز چىرايلىق كۆزلىرىدىن تۆكۈلۈۋاتقان ياشنى ئالىقىنى بىلەن سۈرتۈپ يىگىتنىڭ كۆزىگە تەلمۈرۈپ قارىدى.

— مەنمۇ شۇ... گۈلىستان دەريا بويىدا مېنى ساقلاڭ، يەنە بىر سائەتتىن كېيىن شۇ جايدا كۆرۈشەيلى، بولامدۇ؟

— ماقۇل.

— ئۇنداقتا ئۆيىڭىزگە مېڭىڭ، مەن قاراپ تۇراي.

— خوش،— گۈلىستان يىگىتكە قىيمىغان ھالدا ئارقىغا يېنىش - يېنىشلاپ قاراپ قويۇپ كېتىپ قالدى.

جېلىل قىزنىڭ قارىسى يىتكۈچە ئارقىسىدىن قاراپ تۇرۇپ، ئاندىن ئۆيگە كىردى. كەچلىك تاماقتىن كېيىن غىپپىدە ئۆيدىن چىقىپ دەريابويىغا قاراپ يۈگۈردى. ئۇ يېتىپ كەلگەندە گۈلىستان ئۇنى ئۇلار دائىم ئۇچرىشىدىغان جايدا ساقلاپ ئولتۇرغان ئىدى. جېلىل قىزنىڭ يېنىغا كېلىپ يانمۇ يان ئولتۇردى ۋە ئادىتىدىكىدەك ئۆيدىن ئېلىۋالغان چاپىنى بىلەن قىزنى چىڭ ھىملىدى ۋە چاچلىرىنى ھىدلاپ تۇرۇپ چاقچاق قىلدى:

— ماڭا مەنسۇپ بولىدىغان ئەزىز تېنىڭىزنى پاشىلارغا يەم قىلىۋەتمىگەنسىز- ھە؟— يىگىتنىڭ كۆڭلىگە يېقىشلىق چاقچاقلىرىدىن مەست بولغان گۈلىستان ئۇنىڭ باغرىغا يېپىشتى، توختىماي تۆكۈلۈۋاتقان ياشلىرى يىگىتنىڭ كۆكرىكىنى نەمدەيتتى.

— گۈلىستان، نېمىشقا يىغلايسىز؟ مەن بىلەن كۆرۈشكەنگە خۇشال بولالمىدىڭىزمۇ؟ ياشلىرىڭىزنى تۆكۈۋېرىپ تۈگىتىۋەتسىڭىز تويىمىزدا يىغلايدىغانغا ياش قالماي ئۇياتقا قالماق يەنە.

— تويىمىزمۇ بولارمۇ جېلىل، بىز قوشۇلالارمىزمۇ؟— قىز يۈزىنى يىگىت كۆكرىكىدىن ئاجرىتىپ ئىلتىجا بىلەن يىگىتكە تەلمۈردى.

— قوشۇلىمىز، تېخى بالىلىق بولىمىز، نەۋرىلىكمۇ بولىمىز، بۇنىڭغا ئىشەنچىڭىز يوقمۇ سىزنىڭ؟

يىگىت ئوت يانغان كۆزلىرى بىلەن قىزغا ئىشەنچ تۇيغۇسى ئاتا قىلىپ، قىزدىكى يىگىتكە بولغان كۆيۈكلۈكنى ھەسسىلەپ ئاشۇردى. قىز يىگىتنىڭ بويىنىغا گىرە سالغانچە قۇلىقىغا شىۋىرلىدى.

— ئىشەنچىم بار، يېنىمدا سىزلا بولسىڭىز سەھرايى كەبىر چۆلىدىنمۇ ئۆتۈشكە ئىشەنچىم بار. بىز مەڭگۈ بىللە ياشايمىز. ماڭا ۋەدە بېرىڭ، ھەر قانداق ئىش يۈز بېرىشىدىن قەتئىينەزەر بىز ئايرىلمايمىز...

شۇ تاپتا قىزنىڭ ئىللىق تىنىقى، پىچىرلاشلىرى، يىگىتنىڭ قۇلىقىغا ۋىسال كۈيلىرى بولۇپ ئېقىپ كىرمەكتە ئىدى. بۇ ھال يىگىت قەلبىنى مەستلىك ئىلكىگە ئېلىپ، بىر سەۋدا ھېسسىنىڭ قوترىتىشى بىلەن قىزنى باغرىغا تېخىمۇ چىڭ باستى، چاچلىرىنى، بويۇنلىرىنى، ئوت يانغان يۈزلىرىنى تويماي ھىدلىدى...

تىنىقلار قوشۇلۇپ كەتتى. ئۇلارنىڭ ئېڭىدىن زامان، ماكان، قىسقىسى، ئۆزىدىن باشقا بارلىق مەۋجۇدات پاك - پاكىز چىقىپ كەتتى. مۇشۇ تۇرقىدا ئۇلار ئۈچۈن بىردىنبىر مەۋجۇتلۇق سۆيگۈنىڭ مەست قىلغۇچ شېرىن شارابىدىن قانماي ئوتلاش ئىدى.

ئۇلار ئاخىر پاكلىق قەلئەسىنىڭ قوۋۇقىنى داغدام ئېچىۋېتىشتى...

ئارىدىن بىر نەچچە ئاي ئۆتۈپ كەتتى. بۇ جەرياندا جېلىل قىزدىكى ئۆزگىرىشكە قاراپ ئالدىراپ قالدى. نەچچە رەت ئەلچىلەرنى قايتا ئەۋەتىش، توي تەييارلىقى قىلىش توغرىسىدا گۈلىستانغا مەسلىھەت سالدى. بىراق گۈلىستان ئۇنىماي قويدى. جېلىل گۈلىستاننى چۈشىنەلمەي تېڭىرقىدى.



www.uyghurkitap.com

گۈلىستان بۇ ھەرىكەتتى ئارقىلىق دادىسىنى بويسۇندۇرماقچى ئىدى. ئۆزىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى دادىسى، ئانىسى ھامان سېزىپ قالىدۇ. ئۇ چاغدا نېمە دەيدىكىن قېنى.

گۈلىستان مانا مۇشۇنداق ئۆزگىچە خاراكتېرلىك قىز ئىدى. ئۆزىنىڭ ئېرىشىدىغىنى ئۈچۈن ۋاستە تاللاپ ئولتۇرمايتتى.

گۈلىستان كۈتكەن ئىش ئاخىر يۈز بەردى. قىزىنىڭ سارغايغان چىرايى، سېرىق داغ قاپلىغان يۈزلىرى رەيھانەمنى چۆچۈتۈۋەتتى. قىزىنىڭ ھامىلىدار ئىكەنلىكىگە چىن پۈتتى. بۇ ئەھۋالنى ئانا ھاكىمغا يىغلاپ تۇرۇپ ئېيتتى. ھاكىم بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندا سۇر يېغىپ تۇرغان كۆزلىرىگە مۆللىدە ياش ياماشتى. ئۇنىڭ يۈرىكى ئۆرتەندى، ئاتىلىق قەلبى ئاچچىق ھەسرەتكە تولدى. ئىسىت، قىزى تۇغۇلغان ئاشۇ كۈنى ئۇنىڭغا بارچە ئالەم يورۇپ كەتكەندەك، گۈللەرنىڭ خۇش پۇرىقى پۈتۈن ئالەمنى قاپلاپ كەتكەندەك شۇنچە گۈزەل، شۇنچە شېرىن تۇيغۇغا ئەسىر بولمىغانمىدى؟!

ھاكىم بىر ھەپتىگىچە ھېچقانداق ئىپادە بىلدۈرمەي جىمىمىدە يۈردى. ئېرىنىڭ ھەسرەت ئىگىلىگەن چىرايىغا قاراپ بىر نېمە دېيىشكە تىلى بارمىغان رەيھانەمنىڭ كۆزىدىن ياش قۇرۇمىدى. ئۇ ئېرىنىڭ بۇ ھالىنى كەمدىن - كەم ئۇچراتقان. ئۇ زادى قانداق قىلماقچىدۇ؟ رەيھانەم ئەزەلدىن ئېرىنىڭ ھۆكمىگە قاراپ ئىش كۆرۈشنى ئادەت قىلغان. شۇڭا ئېرىنىڭ ئىجازىتىسىز قىل تەۋرىتەلمەيدۇ، ئېرىنىڭ ھۆكمىنى سەۋر بىلەن كۈتمەكتىن باشقا ئىلاج يوق. ئالاھەزەل بىر ھەپتىدىن كېيىن ھاكىم ئېغىز ئاچتى.

— بولغۇسى قۇدىلارغا يەتكۈزۈڭلار، ئالدىمىزدىكى يەكشەنبە داستىخان چېيىغا كەلگەي، داستىخاننى ئۆزۈڭلار ساندۇقۇڭلاردا بارنى يىغىپ تەييار قىلىڭلار.

— بىراق، داستىخانلىق ئوغۇل تەرەپ قۇدىلاردىن بولمامدۇ؟

ھاكىم ئائىلىغا سۇرلۇك بىر بېقىشتا قاراپ قويدى. بۇ قارىشىدىن ئائىل ھەممىنى چۈشەندى.

شۇنداق قىلىپ چىمەنخان بىر توپ تۇغقان، قولۇم - قوشنا ئائىلىلارنى باشلاپ، بېكىتىلگەن كۈندە ھاكىمنىڭ ھەشەمەتلىك قورۇسىنىڭ بوسۇغىدىن ئاتلىدى. داستىخان چېيى شۇنچە ھەشەم بىلەن داۋام ئەتمەكتە ئىدى. تۇغقان، يېقىن - يورۇقلىرى بىلەن ئۆي لىق تولغان بولۇپ، يىگىت تەرەپتىن كەلگەن ئائىلىلار بۇ ھەشەمەتتىن سەل قورۇنۇشۇپ تۆردە ئولتۇرۇشاتتى. ھاكىمنىڭ نەۋرە سىڭلىسىنىڭ شەرەت قىلىشى بىلەن چىمەنخان تۆردىن مىڭ تەسلىكتە پەگاغا چۈشۈپ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن گۈلىستاننىڭ ھوجرىسىغا كىردى. ھوجرىدا رەيھانەم كارىۋات ئۈستىگە دۆۋىلەنگەن ئېسىل رەختلەرنى داستىخان تاشلىنىدىغان ئۆيلۈك ئەزالىرىغا بىر كىيىملىكتىن قىلىپ رەتلەۋاتاتتى. چىمەنخان بۇ ھالنى كۆرۈپ دەماللىققا تېڭىرقاپ قالدى. چىمەنخاننى كۆرگەن رەيھانەم قولىدىكى ئىشنى قويۇپ، سۇس مۇئامىلىسى بىلەن چىمەنخاننى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى ۋە داستىخانلىق رەختلەرنى كۆرسىتىپ دېدى:

— داستىخانلىقنى ئۆزىمىز راسلىدۇق، سىلىنىڭ داستىخانلىقلىرى قېپقالسۇن، ھەر بىر ئۆيلۈك داستىخانلىققا ئىسىملىكنى يېزىپ قويدۇم، داستىخان ئاچىدىغانغىمۇ چاقىرىپ قويغان ئادىمىم بار، ھەرقايسىلىرى چىرايلىق ئولتۇرۇشۇپ بەرسىلىرى بولىدى.

چىمەنخان رەيھانەمنىڭ بۇيرۇق تەلەپپۇزدا ئېيتقان بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ئەلەم، خورلۇقتىن ئۆجۈقۈپلا كەتتى. ئۇ بىر ھازا ئولتۇرۇپ ئۆزىنى بېسىۋالغاندىن كېيىن رەيھانەمگە روبىرو قاراپ ئولتۇرۇپ:

— رەھمەت، بەك جۇۋاپ كېتىشىپلا. ئوغۇل ئۆزۈمنىڭ، ئۆيلەپ قويۇش ئۆزۈمنىڭ بۇرچى ھەم ئاتا - ئانا پەرزى، قائىدە بويىچە ئىش كۆرۈش بولسا ھەممىمىزنىڭ ھۆرمىتى. بىزمۇ ئوغۇل

www.uyghurkitap.com

ئۆيلەپ، قىز چىقارغان. ھەرقايسىلىرىنىڭ ھۆرمىتىنى قىلىپ بەك كاتتا داستىخانلىق تەييارلىيالمىساقمۇ، يىغقان - تۆككەنلىرىمىزنىڭ ھەممىسىنى داستىخان قىلىپ راسلاپ ئەكەلدۇق، كېلىن قىزىمنى قائىدىسى بىلەن، ئىززىتى بىلەن كېلىن قىلىش بىزنىڭ ھەرقايسىلىرىغا كۆرسەتكەن ھۆرمىتىمىز. ئۆزىمىزنىڭ داستىخانلىقىمىز ھېساب بولغاي، — دېدى.

ئىككى ئانا دەتالاش قىلىشىۋاتقان پەيتتە گۈلىستان ھۇجرىغا كىرىپ كەلدى. رەيھانەم قىزىغا قاراپ قويۇپ كېسىپلا ئېيتتى:

— ئۇنداقتا، بۇ تەلىپىمىزگىمۇ كۆنمىسەڭلار بۈگۈنكى داستىخان چېيىمىز ئادەتتىكى مېھماندارچىلىقتا ھېساب بولغاي. بۇ ئىش مۇشۇ يەردە توختاپ قالسۇن، ھەر ئىش بولسىمۇ قىزىمىزغا تىرەك بولىدىغان دادىسى، يېشىنى ئېرتىدىغانغا مەن بار.

چىمەنخانغا بۇ ئىش ھەقىقەتەن ھار كەلدى. ئۇ ئادەملىك قىممىتىنى، غۇرۇرىنى يەرگە ئۇرىدىغان بۇ داستىخان چېيىغا مىڭ لەنەتلەر ياغدۇردى، بالىسىغا ئىچ ئاغرىتىپ تۇرۇپ ئۇنى تىللىدى. ئۇ قوپۇپلا ھۇجرىدىن چىقىپ كەتمەكچى بولغان ئىدى، بىراق گۈلىستان چىمەنخاننىڭ قولىغا ئېسىلىۋالدى. قىزنىڭ كۆزلىرىدە ئەلەملىك ياش لىغىرلايتتى. گۈلىستان ئانىسىغا يالۋۇردى.

— جېنىم ئانا، مېنى ئاھانەتتە ئۆلۈۋالسۇن دەمسەن؟

— مەنمۇ شۇ سېنىڭ ئىززىتىڭنى ساقلايلى دەپ رايىم يوق بۇ ئىشنى قىلىۋاتىمەن. بىلەمسەن قىزىم، نەدىمۇ قىزنى ئۇستەكلەپ ئەرگە بەرگەن بار. بىزدىمۇ غۇرۇر بار، بىراق سېنىڭ ئىززىتىڭنى دەپ داداڭ ئىككىمىز غۇرۇرىمىزنى سۇندۇرۇشقا رازى بولۇۋاتىمىز. ئاتا - ئانا بولۇش شۇنداق تەسمۇ بىزگە، — رەيھانەم ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ يىغلايتتى، — بۇ داداڭنىڭ قارارى، ئۆزگەرتىشكە مېنىڭ ئامالىم يوق، داداڭنىڭ مىجەزىنى سەنمۇ ئوبدان بىلىسەن قىزىم...

گۈلىستان بۇقۇلداپ يىغلىغانچە چىمەنخاننىڭ مۈرىسىگە بېشىنى قويدى. چىمەنخان بۇ ھالغا چىداپ تۇرالمىدى. ئەگەر ھازىر پېشىنى قېقىپلا چىقىپ كەتسە، ھاكىمنىڭ ئۆيىدىكى بۇ داستىخانلىق چېيى كىچىككىنە ناھىيىگە بىردەمدىلا پۇر كېتىدۇ-دە، گۈلىستاننىڭ قىزلىق ئىززىتىگە قارا داغ ئىز سالىدۇ. ئۆزىمۇ قىز چوڭ قىلىپ قىزنىڭ دەردىنى تارتقان. شۇ چىمەنخانلار ئەكەلگەن داستىخانلىقلىرىنى تۆۋەن مۆلچەرلەپ، ھاكىملىق مەرتىۋىسىگە ماس داستىخانلىق تەييارلاپ قىزىنى ئابرۇيى بىلەن تالالىق قىلماقچى، كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە نېمە ئۈچۈن ماددىي بايلىق بىلەن ئىززەت - ئابرۇي بىر ئورۇنغا چىقىۋالىدىغاندۇ؟!

چىمەنخان ئاخىر ھەممىگە چىداشقا مەجبۇر بولدى ۋە رەيھانەمگە قاراپ ئېغىز ئاچتى.

— بولىدۇ، قىزىم گۈلىستاننىڭ ئىززەت - ئابرۇيى ئۈچۈن مېنى پەس كۆرگەنلىرىنى كۆتۈرەي، بىراق ھەممىمىز سەككىز گەز ماتاغا يۆگىنىپ قارا تۇپراققا كۆمۈلىمىز. ئاخىرقى ھېسابتا ھەممىمىزنىڭ تەقدىرىمىز شۇ. بۇنداق تۇرۇپ ھاياتلىقىمىزدا ئاز - تولا لاتا - پۇتا ئۈچۈن بىر - بىرىمىزگە، بولۇپمۇ، بالىلىرىمىزغا ئازار بېرىشىمىزنىڭ زۆرۈرىيىتى بارمىتى قۇدام، ھەممە ئىشنى ئۆزلىرى بىلگەنچە قىلسىلا، گۈلىستان قىزىمنىڭ كۆز يېشىغا سىلە چىدىغان بىلەن مەن چىدىمىدىم.

— بۇ ئىشنى ئۈچىمىزدىن باشقا ئادەم بىلمىسۇن.

توي ھەقىقەتەن ئوبدان ئۆتتى. قوشنىلار، تۇغقان، يارۇ بۇرادەرلەر بۇ تويىنى خۇددى ئۆزلىرىنىڭكىدەك بىلىپ، پۈتۈن ئىشتىياقى بىلەن ئىش - كۈشلەرگە يۈگۈردى. تويىنىڭ يارىشىقى نەغمە - ناۋانى ئەۋجىگە كۆتۈرۈۋەتتى. قىزنى كۆچۈرۈپ كەلگەندىن كېيىنكى قىز - يىگىتلەر ۋىچىركىسىمۇ شۇنداق قىزىدى.

تويدىن كېيىنكى كۈنلەر بۇ بىر جۈپ ۋىسال قۇچقانلار ئۈچۈن شېرىن ئۆتمەكتە ئىدى. ھەر ئىككىلىسى ئىشتىن چۈشكىچە ئۆيگە قاي-

تىشقا تەقەززا بولۇشاتتى. ئىشتىن چۈشۈپ ئۆيگە قايتقاندىن كېيىن ئۆز ھۇجرىسىغا كىرىۋېلىشقا ئالدىرىشاتتى. كىرىۋالسا چاقچاقلار، شېرىن شىۋىرلاشلار تۈگىمەيتتى. قىسقىسى، ئىككىسى ئۈچۈن بۇ كىچىككىنە ھۇجرا جەننەت ھۇزۇرى ئىدى!

گۈلىستاننىڭ قورسىقى كۆرۈنەرلىك يوغىناپ قالدى. ئۇنىڭ ئۇيقۇغا، ئېرىگە بولغان سېزىكلىكى ھېچ قويۇپ بېرىدىغاندەك ئەمەس، جىلىل يېنىدا بىردەم بولمىسا ئۇمچەرەپ ئۇنى ئىزدەيتتى. ئىشتىن سەل كەچ قالسا دوقمۇشقا چىقىپ ئولتۇرۇۋالاتتى. ئېرى يېنىدا بولسا ئۇنى چىڭ قۇچاقلاپ، باغرىغا تاشلىنىپ يېنىك پۇشۇلداپ ئۇيقۇغا كېتەتتى.

لېتىپ ئاخۇن بىلەن چىمەنخان بۇ ھالغا زادىلا كۆنەلمىدى. ئوغلىغا كۆنۈپ قالغان بوۋاي-مومايلار ئوغلىنىڭ ھۇجرىسىغا تەلمۈرۈپ قارىشاتتى. ئوغلىنىڭ ھەم كېلىنىنىڭ ئۆزلىرى بىلەن گۇڭ-مۇڭ بولۇشۇپ ئولتۇرۇشىنى، يالغۇزچىلىق تارتقۇزماسلىقىنى ئارزۇ قىلىشاتتى. ئۇلارنىڭ بۇ ئىستەكلىرى قېنىپ باقمىدى. پەقەت تاماق تەييار بولغاندىلا چىمەنخان ئانا ئالدىراپ ئۇلارنى چاقىرىشقا ماڭاتتى. بۇ ئۇلار ئۈچۈن بىر پۇرسەت ئىدى.

بىراق كۈنلەر بۇنداق ئۆتۈۋەرمىدى. بىر يەكشەنبە كۈنى چىمەنخان بېغىدىن بىر تەخسە ئەنجۈرنى ئۈزۈپ ئوغلىنىڭ ھۇجرىسىغا ئېلىپ كىردى ۋە ئوغلىنىڭ كىچىك ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇۋېلىپ بىر دۆۋە كىيىملەرنى يۇيۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قولىدىكى تەخسە يەرگە چۈشۈپ كەتكىلى قىل قالدى. گۈلىستان كارىۋاتتا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ ئېرىگە كۈلۈپ گەپ قىلىۋاتاتتى. كېلىن ئانىنى كۆرۈپ ئورنىدىن ئاۋايلاپ تۇردى. بىراق چىمەنخان كېلىنىنىڭ چىرايىغا قاراپمۇ قويماي، تەخسىدىكى ئەنجۈرنى قويۇپ قويۇشنىمۇ ئۇنتۇپ، ئارقىغا بۇرۇلۇپلا ھۇجرىدىن چىقىپ كەتتى. شۇ كۈندىن باشلاپ ئوغلىنىڭ مۈكچىيىپ ئولتۇرۇپ بىر دۆۋە كىيىملەرنى يۇيۇۋاتقان ھالىتى كۆز ئالدىدىن زادى نېرى كەتمىدى. بۇ ئىش ئالتە بالىغا قورساق كۆتۈرۈپ تاكى تۇغۇت كۈنىگىچە ئۆيلەرنى قېقىپ تازىلاپ، كىر-قاتلارنى يۇيۇپ، نانلارنى يېقىپ چىدىغان ئانا ئۈچۈن ھەقىقەتەن ھار كەلدى.

چىمەنخان شۇنىڭدىن كېيىن ئىككىلەنمەي ئوغلىنىڭ ھۇجرىسىنىڭ ئىشىكىنى قېقىپ، ئوغلىنى چاقىرىپ ئەپچىقىپ كېتىدىغان، تاماق تەييارلىقىنى قىلىپ قويۇپ، كېلىنى كەلگۈچە قازان ئاسماي كېلىنىنىڭ ئىشتىن كېلىپ قازان بېشىغا ئۆتۈشىنى كۈتىدىغان، ئۇلارنىڭ ئارام كۈنىگە توغرىلاپ ئىش ئورۇنلاشتۇرىدىغان بولۇۋالدى.

بۇنىڭ بىلەن گۈلىستاننىڭ خۇيى پات-پات تۇتۇپ قالىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ ھەر كۈنى ئىشتىن ئالدىراپ چۈشەتتى-دە، جىلىلنىڭ ئىشتىن چۈشۈشىنى ساقلاپ تۇراتتى. بالىنىڭ ساغلاملىقى ئۈچۈن كۆپرەك پىيادە مېڭىپ بېرىشنى باھانە قىلىپ ئايلىنىپ كېلىشنى ئۆتۈنەتتى. ئارام ئېلىش كۈنلىرى ئۆز ئۆيىگە بېرىۋېلىپ دادىسى ئارقىلىق جىلىلنى چاقىرتقۇزۇپ ئاپىرىۋالاتتى.

ھاكىمنىڭ ئۆيىدە ئوغلىنىڭ بىر قاچا تاماق ئۈچۈن تارتىنىپ قورۇنۇپ، قول قوشتۇرۇپ بىقۇۋۇل ھالەتتە ئولتۇرغان ئەپتى چىمەنخاننىڭ كۆز ئالدىغا كېلىۋېلىپ يۈرىكى ئاچچىق ئېچىشاتتى. ئەمەلىيەتتە ھاكىم بالىلارنىڭ كەلگىنىدىن ئالەمچە سۆيۈنۈپ، سۇر-ھەيۋىسىنىڭ ئورنىغا ئاتىلارغا خاس يۇمشاقلىق ئالمىشاتتى-دە، جىلىل بىلەن تاماق يەپ، تاماقتىن كېيىن ۋەزىيەت، جەمئىيەت، دۇنيا ئېقىم مەسىلىلىرى ھەققىدە تالىشىپ كېتەتتى. كۈيئوغلىنىڭ ئۆزىگە گەپ بەرمەي تالىشىشىدىن خاپا بولۇپ قالسىمۇ، يەنە بىردەمدىلا ئۇنتۇپ قالاتتى. رەيھانەمگە كۈيئوغلى ئامراق قىيمىلىق تاماق قىلىشنى تاپشۇراتتى. بىراق چىمەنخان بۇ ئەھۋاللارنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەيتتى. چىمەنخاننىڭ يادىدا قالغىنى ھاكىمنىڭ سۇرلۇك ھەيۋىسى، رەيھانەمنىڭ

uyghurkitap.com

تاشتەك يۈرىكى ئىدى، خالاس.

چىمەنخان ئاشۇ تەسەۋۋۇرى بىلەن كېلىنىگە ئۆتكۈدەك بىر گەپ قىلىشنى توغرا تاپتى. بىر كۈنى كېلىنى بىلەن تاماق يەپ ئولتۇرغاندا ئۇ گەپ تەشتى:

— قىزىم، بۇنىڭدىن كېيىن چوڭ ئۆيگە ھەپتىدە بىر قېتىم بېرىڭلار، قازان مۇشۇ ئۆيدىمۇ قاينايدىغۇ؟

— ئانا، قايسىلا ئۆيدە يېسەك ئوخشاش شۇ تاماق، سىلىمۇ ئۆزلىرىگە تۇشلۇقلا ئەتسىلە جاپانى ئاز تارتىلا ئەمەسمۇ؟

— جاپانى تارتىشنى خالىمىساق ئۆي تۇتمىساق بولىدۇ، قىزىم. قولنى كۆسەي، چاچنى سۈپۈرگە قىلىپ جاپا تارتقاندىلا ئۆي ئۆي بولىدۇ. ئايال كىشىنىڭ ئۆزىنى بېغىشلاپ جاپادىن راھەت ئىزلەشىنىڭ پەرز ئىكەنلىكىنى، تۆشەك ئىشلىرىغا ماھىر بولغاندىلا، ئىسسىق بىر قاچا ئاشنى ئېرىنىڭ، باللىرىنىڭ ئالدىغا قويالىغاندىلا ئائىلىنىڭ مېھرى ئىسسىق بولىدىغانلىقىنى ئانىڭىز ئۆگەتمىگەنمۇ؟

چىمەنخاننىڭ ئاچچىق كىنايىسى جاپادا پىشمىغان قىزغا ھار كەلدى ۋە قولىدىكى قاچىنى داققىدە قويدى ـ دە، چىقىپ كەتتى. ئارقىسىدىن جىلىل يۈگۈردى.

ئازىراق گەپنىمۇ كۆتۈرەلمەي خوي كۆرسىتىپ، قېيناتا، قېينانا ئالدىدىلا يامانلاپ چىقىپ كەتكەن كېلىنىگە غەزىپى تېخىمۇ ئۆرلىگەن چىمەنخان ئولتۇرغان جايىدىلا ئولتۇرغانچە قالدى. جىلىل گۈلىستاننى باشلاپ قايتىپ كىرگەندە چىمەنخان تېخىچە جايىدا ئولتۇراتتى. جىلىل ئايالىنى ئانىسىنىڭ ئالدىغا قولىدىن يېتىلىگەنچە ئېلىپ كەلدى. گۈلىستان ئېرىنىڭ قولىدىن قولىنى بوشىتىۋېلىپ تاماق شىرەسى ئۈستىدىكى قاچىلارنى يىغىشقا تۇتۇندى.

— ئانا، تاماقلىرىنى يەپ بولالماپلىغۇ؟

— سىز تويدۇرۇپ قويسىڭىز نەرىمگە يەيمەن؟ ھە دېسە ئۆيدىن چىقىپ كېتىشكە ئالدىرايدىغان بولۇپ قالدىڭىز، سىز تەشنا بولۇپ، ئارزۇلاپ مىڭ بىر بالادا كىرگەن ئۆي بۇ، ئەمدىلىكتە تويۇپ كېتىۋاتامسىز بۇ ئۆيدىن؟

— ھەر نېمە قىلسام شۇ ئوغۇللىرى جېدەل ئۈچۈن قىلدىمغۇ ئانا، ئۇنى يۈزۈمگە سالغانلىرى نېمىسى؟

— يۈزىڭىزگە سالغۇدەك ئىشنى تېخى ئېغىزىمغا ئالغىنىم يوق...

— ئۇستەكلەپ كىردىم شۇ، يۈزۈمگە سالسىلا شۇنچىلىك سالارلا، شۇڭا ئەتىۋارىم بولمايۋاتامدۇ بۇ ئۆيدە.

ئانا ئۈچۈن ئەڭ ھاقارەت سانىلىدىغان ئىشنىڭ كېلىنىنىڭ ئاغزىدىن ئاچچىق بىلەن چىقىشى چىمەنخاننىڭ ئېغىز تۇغىنىنى ئېچىۋەتتى.

— ئانىڭىزنىڭ تاشتەك يۈرىكىنى ئېرىتەلمىگەن كۆز يېشىڭىز، يېلىنىپ ـ يالۋۇرۇشلىرىڭىز بىلەن مېنى ئېرىتتىڭىز. رەسۋاچىلىقىڭىزنى يايپىمەن دەپ غۇرۇرۇمنى دوغا تىكمىگەن بولسام، ئانىڭىز سىزنى خەلقئالەم ئالدىدا رەسۋاچىلىققا قويياتتى. قۇتۇلدۇرۇۋالدىم، بولماپتىمۇ؟ بىر قۇچاق لاتا ـ پۇتىڭىزنى تىلغا ئالىسىزغۇ ئۇيالماستىن؟

ئىككى ئارىلىقتا مەڭدەپ قالغان جىلىل ئانىسىنى جىملەشكە ئۇرۇندى.

— بولدى قىلىڭ، ئانا.

جىلىل گۈلىستاننىڭ قولىدىن تارتىپ ھۇجرىسىغا سۆرىدى. بىراق گۈلىستان يىغىرىغا تەگكەن بۇ ئاھانەتكە بەرداشلىق بېرەلمىدى، ئۇ جاھىللىق بىلەن ئېرىنىڭ قولىدىن ئاجراپ ئېچىدىكىنى تۆكۈۋەتتى.

— لاتا ـ پۇتا دەپ قاپلا، سىلە شۇ كۆزگە ئىلىمىغان لاتا ـ پۇتىلارغا گىرىلىك قىلمىغان بولسىلا مەن شۇ شەرمەندىچىلىككە قالارمىدىم. مېنى مۇشۇ ھالغا چۈشۈرۈپ قويغان شۇ سىلەرنىڭ نامراتلىقىڭلار، بولۇمسىزلىقىڭلار، سىلىنىڭ يەنە شۇ شەرمەندىچىلىكنى ئېغىزغا ئېلىشلىرى ھاجەتمىدى، ھەققىلىرى بارمىدى؟ جىلىل دادام بىلەن يېقىن بولسا نېمە بوپتۇ؟ بىزنىمۇ ئۆزۈڭلاردەك بىر ئۆمۈر يوقىنىڭ تەڭلىك

ـچىلىكىدە ئۆتسۇن دەمسىلەر؟ دادام جىلىلنى
يۆتكەپ ياخشى خىزمەت ئورنىغا قويسا، ئىش-
ـچىلىقتىن، نامراتلىقتىن قۇتۇلىدۇ ئەمەسمۇ؟

ئايال كىشىلەر مانا مۇشۇنداق گەپ بىلەن
خېلى چوڭ ئىشنى تەۋرىتىۋېتەلەيدۇ، گېزى كەل-
ـگەندە شەھەرمۇ ئالالايدۇ، بىر پۈتۈن - سۇرۇك
ئەرنىمۇ يىقىتىۋېتەلەيدۇ، مانا مۇشۇ تۇرقىدا
جىلىل ئۈچۈن دۇنيادىكى ئەڭ يېقىن كىشىلىرى —
بىرى مېھرىبان ئانىسى، يەنە بىرى سۆيۈملۈك ئا-
يالى ئېغىز يۇگۇرۇكى بىلەن ئۇنىڭ ئەرلىك جا-
سارىتىنى سۇندۇرۇپ، غۇرۇرىنى غۇلاتماقتا
ئىدى. ئۇ مۇشۇ تۇرقىدا ئەڭ بىچارە، ئەڭ بىقۇ-
ۋۇل ئادەم ئىدى. ھەق بىلەن ناھاقنى، خاتا بىلەن
توغرىنى ئايرىشقا ئەقلى ئاجىز كېلىۋاتاتتى. ئۇ
ئۆز كونتروللۇقىنى يوقىتىپ، گۈلىستاننىڭ يۈ-
زىگە زەربە بىلەن بىر تەستەك سالدى.

— يوقال، كۆزۈمدىن يوقال!

ئۇ ئەسلىي ھەر ئىككىلىكىلار مىنى ئارامىمدا قو-
يۇڭلار، دېيىشى كېرەك ئىدى. ئۇ بۇ ھېسسىياتى-
نى ئەنە شۇنداق ئاچچىق بىلەن ئىپادىلىدى. بىراق
گۈلىستانغا بۇ ئاچچىق تەستەكتىن كۆرە ئېرى-
نىڭ، ئامراق ئېرىنىڭ «يوقال» دەپ ۋارقىرىشى ئا-
لەمچە ئېغىر كەلدى. ئۇ ئالدى- كەينىگە قاراپ ئول-
تۇرماي، ئۆيدىن يۈگۈرگىنىچە چىقىپ كەتتى.

گۈلىستان ئانىسىنىڭكىگە يامانلاپ كېلىۋال-
غانچە تۇرۇپ قالدى. چىمەنخان ئوغلىنىڭ كۆڭ-
لىنى دەڭسەپ كۆرۈپ، بالىسىنىڭ دەرد - پىرا-
قىغا چىداپ تۇرالماي ھەم قورساقتىكى بالىنى
دەپ قۇدىسىنىڭ ئۆيىگە كېلىنىنى ياندۇرۇپ ئە-
كەلگىلى نەچچە رەت باردى. بىراق گۈلىستان
كەتكىلى ئۇنىمىدى. ئۇ قايتىپ بارغىلى ئۇنىمى-
سىلا جىلىلنىڭ ئۆزىنىڭ رايىغا باقىدىغانلىقىغا
ئىشىنەتتى. ھەشەمەتلىك ھاكىم قورۇسىدا بىكار
شۇنچە ئۆيلەر تۇرسا، بۇ قورۇدا تۇرسا نېمە
بوپتۇ، گۈلىستان كېيىنكى ئىشلارنى شۇنداق
ئاددىي چاغلىدى. ئېرىنى كۆرگۈسى كېلىپ يۈ-
رىكى يېرىلغۇدەك بولسىمۇ، مەقسىتىگە يېتىش
ئۈچۈن چىدىدى، ھاكىممۇ كۈيئوغلىنى ئىزدەپ
ئىش ئورنىغا تېلېفونمۇ ئۇرمايدىغان بولدى. ئۇ
كۈيئوغلىنىڭ قىزىنى ئۇرغىنىنى، ئۆيدىن
ھەيدەپ چىقارغىنىنى زادىلا كەچۈرەلمىدى،
بىراق ئاجراشتۇرۇۋېلىش خىيالى يوق ئىدى.
مەقسەت، ئۇلارنىڭ ئۆينى مۇشۇ قورۇسى ئىچى-
ـگە كۆچۈرۈپ ئەكېلىش ئىدى.

بۇ پىكىرگە لېتىپ ئاخۇن بىلەن چىمەنخان
قەتئىي قارشى تۇردى. ھەتتا ئۆي ئايرىپ چىقى-
رىپ قويۇشقىمۇ ئۇنىمىدى. ئۆي ئايرىپ چىقى-
رىپ قويسا، بالا تۇغۇلسا گۈلىستاننىڭ ئۆز ئۆ-
يىگە بېرىۋېلىشى، ئوغلىنىمۇ قوشۇپ ئەكېتى-
شى تۇرغانلا گەپ.

كۇنلەر ئەنە شۇنداق دىمىقچىلىقتا ئۆتۈپ
كېتىۋاتاتتى. گۈلىستاننىڭ ئاي - كۈنى يېقىنلاپ
قالدى. كۇنلەر ئۆتكەنسېرى گۈلىستاننىڭ قەلبى-
دىكى جاراھەت ئېغىزى ئاستا - ئاستا پۈتۈپ، ئې-
رىنىڭ قىلغان ئەسكىلىكلىرىدىن كۆرە ياخشى
تەرەپلىرى كۆز ئالدىغا كېلىۋېلىپ ئېرىگە
بولغان سېغىنىش ئوتىنى چۇخچىلاپ قويۇۋاتات-
تى. كېچىلىرى ئېرىنىڭ ھىدىغا كۆنۈپ قالغان
گۈلىستاننىڭ ئۇيقۇسى قاچاتتى. كۈندۈزلىرى
بولسا ئېرى ھېلىلا ئىشىكتىن كىرىپ قالىدىغان-
دەك تۇيغۇدا ئىشىككە تەلمۈرەتتى. ئېرى خۇددى
ئۇنىڭ بىلەن مۆكۈشمەك ئويناۋاتقاندەك ئۆيلەر-
نى ئاختۇرۇپ كۆرەتتى، بىراق گۈلىستاننى



ئەكەتكىلى تولا كېلىپ ھارغان جېلىل ئەمدى كېلىشنى توختاتقان ئىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە جېلىل تاغىسىنىڭ ئۆي سېلىش ئىشلىرىغا قارىشىپ ئالدىراش بولۇپ قالغان ئىدى.

تەلمۈرۈشلىرى جاۋابسىز قېلىۋاتقان گۈلىستان ئېرىنىڭ ئۆزىگە بولغان مۇھەببىتىدىن شەكلىنىپ قالدى.

ئايدىڭ كېچىلەردىكى زارىقىپ كۈتۈشلەر، سۆزلەپ تۈگىتەلمىگەن يۈرەك سۆزلىرى تىلدىن ئەمەس يۈرەكلەردىن ئېقىپ چىقىۋاتقان تاتلىق شىۋىرلاشلار، تويماي بېقىشلار، بىر- بىرلىرىگە سىڭىپ كېتىدىغاندەك باغاشلاشلار... توۋا، ئەمەلىيەتتە جېلىل ئاشۇ شېرىن خاتىرىلەرنى ئۇنتۇپ كەتكەنمىدۇ ـ ھە؟ ئۇ ئەمدى كەلمەيلا قويارمۇ؟ ياق، ياق، مۇمكىن ئەمەس، مەن بۇنىڭغا يول قويالمايمەن.

گۈلىستان بىر كۈنى كەچ جېلىلنىڭ ئىشتىن چۈشىدىغان ۋاقتىغا توغرىلاپ ئۇنىڭ ئۆتىدىغان يولىغا كېلىپ ساقلاپ تۇردى. ناھايەت جېلىل كەلدى، بىراق ئۇنىڭ يېنىدا تاغىسىنىڭ يېڭىلا ئوقۇش پۈتكۈزۈپ خىزمەتكە چىققىلى بىرەر ئايچە بولغان قىزى بار ئىدى. ئۇلار گۈلىستاننىڭ قارشى تەرىپىدە بەخىرامان كۈلۈشۈپ پاراڭلىشىپ كېلىۋاتاتتى. بۇ ھالنى كۆرگەن گۈلىستاننىڭ يۈرىكى ئېچىپ كەتتى. شۇ تۇرقىدا ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى رەشك ئوتى كۆيدۈرمەكتە ئىدى. ئۇ دەلدۈگۈنۈپ ماڭدى. ئۇ يولنىڭ قارشىسىغا، جېلىلنىڭ يېنىغا ئۆتمەكچى ئىدى. بىراق پۇتلىرىغا خۇددى ئېغىر تاش ئېسىپ قويغاندەك يۆتكىيەلمىدى. تۆكۈلۈۋاتقان ياشلىرى كۆزلىرىنى خىرەلەشتۈرۈپ ئېرىنى كۆرۈشكە ئىمكان بەرمىدى. گۈلىستان مىڭ مۇشەققەتتە يولنىڭ قارشى تەرىپىگە ئۆتكەندە جېلىل يوق ئىدى.

گۈلىستان مۇشۇ مىنۇتتا ئۆزىنى قاتتىق خورلانغاندەك ھېس قىلدى. قېيىنانىسى ئۆتۈپ كەتكەن ئىشلارنى ئېسىگە سالغاندىمۇ، ئېرى ئۇنى ئۇرغان، «يوقال» دەپ ئۆيدىن ھەيدىۋەتكەندىمۇ بۇ قەدەر خورلانمىغان ئىدى.

گۈلىستان ئۆتكەن ئىشلارنى ئەسلەپ لۆم- لۆم كارىۋىتىدا تولغىنىپ ياتاتتى. توساتتىن ئۇنىڭ كاللىسىغا بىر ئەقىل كەلدى.

بىرەر قېتىم يولدا ماڭغىنىنى كۆرۈپ گۇمانلىنىپ، ئارتۇقچە ھەسرەتلىنىپ يۈرۈۋاتمايدىغاندىمەن ـ ھە! بىراق كۆپ بىللە بولسا ئىسسىق ئۆتۈشۈپ قالىدىغان ئىشمۇ بولىدۇ. مەن ئۇنىڭ ئايالى، قورسىقىمدا ئۇنىڭ بالىسى بار، ئىزدەپ بېرىپ پاراڭلاشسام نېمە بوپتۇ؟ ئۆز ئېرىم بىلەن كۆرۈشۈشكە نېزىقاپ ئولتۇرۇشۇمنىڭ نېمە ھاجىتى؟

گۈلىستان شۇ خىياللىرى بىلەن ئۆيدىن چىقتى. بۈگۈن يەكشەنبە، جېلىل دەم ئالىدۇ. شۇڭا ئۇ قىز چاغلىرىدا ئۇنى زارىقىپ كۈتىدىغان مەھەللە دوقمۇشىدا ئالاھازەل بىرەر سائەت ساقلاپ تۇردى. بىراق ئىششىپ كەتكەن پۇتلىرى، ئېغىر قورسىقى ئۇنى يەنە داۋاملىق ساقلاشقا يول قويمىدى. ئۇنىڭ ھېچ كەتكۈسى يوق ئىدى. ئۇ ئاستا مېڭىپ جېلىلنىڭ ئۆيى ئالدىغا كېلىپ توختىدى. بىراق بۇ يەردە ئۇزاق تۇرۇشقا خىجىل بولدى. شۇنىڭ بىلەن مەھەللىنىڭ ئاياغ تەرىپىگە قاراپ ماڭدى. جېلىلنىڭ تاغىسى ئۆيىنى قايتا يېڭىلاپ سېلىۋاتقان بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ئىشىك ئالدى ياغاچ ـ تاش، خىش ـ كېسەكلەر بىلەن تولۇپ كەتكەن ئىدى. دېگەندەك جېلىل ئىشتىنىنى تىزىغىچە تۈرۈپ قويۇپ، تامچى ئۇستامغا لاي سۇنۇپ بېرىۋاتاتتى. گۈلىستان ئېرىنى كۆرۈپ توساتتىنلا يېنىكلەپ كەتكەن قەدەملىرى بىلەن ئېرىگە قاراپ تېز - تېز ماڭدى، شۇ دەقىقىدە ئىچكىرىدىن تاغىسىنىڭ قىزى چىقىپ كەلدى ۋە جېلىلنىڭ يېنىغا كېلىپ تاتلىق كۈلۈپ تۇرۇپ:

ــ جېلىل ئاكا، تامىقىڭىزنى يەۋېلىڭ، ــ دېدى.

ئۇ شۇنداق دېگىنىچە جېلىلنىڭ يېنىغا بېرىپ قولىدىكى لۆڭگە بىلەن ئۇنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىنى قېقىشتۇردى. يەنە بىر قولىدا كۆڭلىكىگە چاپلىشىپ قالغان لاينى ئېلىپ ئۇنىڭ پېشانىسىگە چاپلاپ قويۇپ، ئۆزىنىڭ بۇ

قىلىقىدىن كۈلۈپ كەتتى.

جىبىلىلمۇ قىزغا ئەگىشىپ كۈلدى. قىز كۈلگىنىچە لۆڭگە بىلەن جىبىلىلنىڭ پېشانىسىدىكى لايىنى سۈرتتى ۋە قولىغا ئېسىلغانچە ئۆيگە ئېلىپ ماڭدى.

بۇ ھالنى كۆرگەن گۈلىستان دەماللىققا ئېسىنى يوقىتىپ تۇرۇپلا قالدى.

ئاھ تەڭرىم، مەن نېمىلەرنى كۆرۈۋاتىمەن ھە؟! شۇنچە مۇشەققەتتە ئېرىشكەن بەختىمىز شۇنداق ئاسان تۇزۇپ كېتەرمۇ؟ ماڭابولغان كۆڭلۈڭ شۇنچىلىكمىدى جىبىلىل؟ ۋىسالىمىز ئۈچۈن ئاھانەتلىك قۇربانلارنى بېرىشىم يۈرىكىڭنى سەگىتەلمىدىمۇ؟ بالدۇر ئۈزۈلگەن مېۋە ساڭا ئاچچىق تۇيۇلۇۋاتامدۇ؟

رەشك ئازابىدا نىرۋىلىرى قالايمىقانلاشقان گۈلىستان ئۆز ـ ئۆزىدىن ئەنە شۇنداق ئاچچىق سوئاللارنى سورايتتى. قەلب بوشلۇقىدا بىر پارچە غايەت زور ئوت گۇرۇلدەپ كۆيەتتى. ئۇ ئەسەبىيلەشتى، ئاي ـ كۈنى يېقىنلىشىپ قالغانلىقىنىمۇ ئۇنتۇپ ئۇلارغا قاراپ ئېتىلدى.

ــ نومۇسسىزلار...

گۈلىستان ئېرىنى ئۇراتتى، ئاغزىغا كەلگىنىچە قىز بىلەن قوشۇپ تىللايتتى. جىبىلىل گۈلىستانغا بىرەر ئىش بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ ئۇنى قوغداش بىلەنلا قېلىپ، نېمە ئىش يۈز بەرگەنلىكىنى ئاڭقىرالماي قالدى. قىز بولسا گۈلىستاننىڭ تىل ـ ئاھانەتلىرىدىن ھەممىنى چۈشىنىپ، ئاھانەتتىن ھۆكرەپ يىغلىغانچە ئۆيگە ئۆزىنى ئاتتى. گۈلىستان ئاخىر ھالسىزلىنىپ، جىبىلىلنىڭ قۇچىقىغا يىقىلدى.

گۈلىستان دوختۇرخانىغا ئېلىپ كېلىندى. ئۇ شۇ ياتقانچە يېتىپ قالدى. ئىشتىھاسى تۇتۇلۇپ، ئۈن ـ تىنسىز تورۇسقا تىكىلگەنچە ياتقىنى ياتقان ئىدى. قىزنىڭ بۇ ھالىنى كۆرۈپ چىدىيالمىغان ئاتا ـ ئانىسى كېچە ـ كۈندۈز بۇ يالغۇزەسىنىڭ بېشىدا پەرۋانىدەك پىرقىرىشاتتى. كۈيئوغلىنىڭ، بىر ئۆيدە ئۆز سىڭلىسىدەك چوڭ بولغان نەۋرە سىڭلىسىدىن گۈلىستاننىڭ ئارتۇقچە گۇمانلىنىپ قالغانلىقىنى چۈشەندۈرۈشلىرىگىمۇ قۇلاق سېلىشمىدى. ئۇلار ئۈچۈن ھازىرقى مۇھىم مەسىلە قىزنى تۇغۇتتىن ساق تۇرغۇزۇش ئىدى. ئاخىر ئانىلارنى ئۆلۈم بوسۇغىسىغا ئاپىرىپ قايتۇرۇپ ئەكېلىدىغان تولغاق باشلاندى. تولغىقى ھەر بىر تۇتقاندا گۈلىستاننىڭ ئاۋازى زېمىننى تىترەتكۈدەك نالىلىق چىقاتتى، ئاندىن ئاستا ـ ئاستا بوشاپ كۆزلىرى يۇمۇلۇپ ئۇنى ئۇيقۇ ئۆز قوينىغا چىللايتتى. يەنە لەپپىدە كۆزىنى ئېچىپ كۈچەپ ئۆرە بولاتتى ـ دە، ئىشىككە تەلمۈرۈپ قارايتتى. سەلدەك كۆز ياشلىرىنى ئاققۇزۇپ قىزنىڭ بېشىدا سەدپارە بولۇۋاتقان ئانا ئۇنىڭ خىيالىغا كىرىپ چىقمايتتى. ھامان بىر سېيمانى، بىر تونۇش ھىدنى ئىزدەيتتى، ئۇنىڭ يېنىدا بولۇشىنى زارىقىپ كۈتەتتى. بىراق قىزى ئۈچۈن مۇشۇ پەيتتە ئەڭ زۆرۈر بولغان كۈيئوغلىنى ئاتا ئانا قىزى بار جايغا يولاتمايتتى.

ئاخىر بالا تۇغۇلدى، بوۋاق قىز ئىدى. گۈلىستان بالا تۇغۇلۇپ نەچچە سائەتتىن كېيىن ھوشىغا كەلدى. ھوشىغا كەلگەن تۇنجى دەقىقىدە ئاۋۋال جىبىلىل، ئاندىن ھېلىقى قىز كۆز ئالدىغا كېلىۋېلىپ ئاچچىق زەرداپتا يۈرىكى ئېچىشتى.

مەن يەنە ھايات ئىكەنمەنغۇ؟ ئىززىتىمنى، قەدىر ـ قىممىتىمنى، مۇھەببىتىمنى ئۆلتۈرگەن بۇ بالا مېنى قارا تۇپراققا دەپنە قىلىۋەتسە بولماسمىدى؟! يەنە ياشارمەنمۇ؟

گۈلىستان يېنىغا ياتقۇزۇپ قويۇلغان بوۋاققا شارتتىدا ئارقىسىنى قىلىپ يېتىۋالدى:

ــ ئانا، جىبىلىلنى چاقىرىپ كېلىڭ، ئاندىن سىز ئۆيگە قايتىپ ماڭا ئاش ئېتىڭ، مېنىڭ سىز ئەتكەن سۇيۇقئاشنى ئىچكۈم كېلىۋاتىدۇ.

قىزنىڭ تاماق يېگۈم كېلىۋاتىدۇ، دېگىنىنى ئاڭلىغان ئانا خۇشاللىقىدا ھېچنېمىنى ئويلىماستىن ئالدىراپ چىقىپ كەتتى. ھايال ئۆتمەي جىبىلىل كىرىپ كەلدى. نەچچە كۈندىن بۇيان دوختۇرخانا ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈرگەن جىبىلىلنىڭ ساقال ـ بۇرۇتلىرى ئۆسۈپ، كۆزلىرى ئول

تۇرۇشۇپ كەتكەن ئىدى. ئۇ تەقەززالىق بىلەن كارىۋات يېنىغا باردى ۋە بالىسىغا ئاندىن گۈلىستانغا تويماي قارىدى. گۈلىستان يۆگەككە يۆگەلگەن بالىنى كۆتۈرۈپلا جېلىلنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى ۋە قەھرى بىلەن ۋارقىرىدى.

— يوقال، مۇنۇ بالاڭنى ئېلىپ كۆزۈمدىن يوقال.

— گۈلىستان، يوق ئىشقا ئۆزىڭىزنى ئۇنچە قىينىماڭ، ئۇ مېنىڭ سىڭلىم تۇرسا...

— يوقال دېگەندىكىن يوقال! — گۈلىستان تومپۇچكا ئۈستىدىكى تاماق قاچىسىنى ئېلىپ جېلىلغا قارىتىپ ئاتتى. جېلىل قۇچىقىدىكى بوۋاقنى قوغداپ قالماقچى بولۇپ يانچە تۇرۇۋالدى. تاماق قاچىسى ئۇنىڭ قولىغا تېگىپ چېقىلىپ پارە پارە بولۇپ كەتتى. جېلىلنىڭ شۇ تاپتا بىر نېمىنى ئويلاشقا ماجالى قالمىغان ئىدى، ئۇ بوۋاقنى باغرىغا تاڭغانچە كېسەلخانىدىن چىقىپ كەتتى.

گۈلىستان راستىنلا ئېرىدىن، بالىسىدىن ۋاز كەچمەكچىمۇ؟ بۇ سوئالغا ئۇ ئۆزىمۇ جاۋاب بېرەلمەيتتى. پەقەت ئۇنىڭ روھىيىتىدە بىر بوشلۇق ھۆۋۈللاپ، نېرۋىلىرىغا ئاراملىق بەرمەيتتى. بىر پارچە ئوت ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى كۆيدۈرەتتى. بىراق ئېرى يېنىدىن ئايرىلغان ئاشۇ دەقىقىنىڭ ئۆزىدە ئۆزىمۇ چۈشەنمەيدىغان بىر ھېسسىياتنىڭ سىلكىنىشىدە ئېسىگە كېلىپ قىيالماسلىق، پۇشايمان، غەزەپ ئارىلىشىپ كەلگەن بىر ئاچچىق تۇيغۇ تۈرتكىسىدە ئورنىدىن تۇرۇپ ئېرىنىڭ ئارقىسىدىن توۋلىماقچى بولۇپ ئىشىك يېنىغا كەلگەندە لەسسىدە يىقىلىپ چۈشتى.

جېلىل بوۋاقنى ئۆيگە كۆتۈرۈپ كەلگەندە لېتىپ ئاخۇن بىلەن چىمەنخان ھەيرانلىقتا نېمە قىلارىنى بىلەلمەي بىردە ئوغلىغا بىردە ئۇنىڭ قۇچىقىدىكى بوۋاققا قاراپ تۇرۇپلا قېلىشتى.

— بالام، بۇ نېمە ئىش؟ — چىمەنخان تەستە ئېغىز ئېچىپ، شۇنىلا سورىيالىدى. شۇ ئەسنادا بالا قىرقىراپ يىغلاشقا باشلىدى.

— ئانا، بالىنى ئۆزۈم باقىدىغان ئوخشايمەن، — بوۋاقنىڭ ئاچچىق يىغىسىغا بەرداشلىق بېرەلمىگەن جېلىل بالىنى چىمەنخانغا سۇندى، — ئالسىڭىزچۇ ئانا، قورسىقى ئاچتىمۇ نېمە؟

چىمەنخان نەچچە كۈن قىينالدى. بوۋاق كالا سۈتىگە كۈنەلمىدىمۇ ئۇخلاپ ئويغانسىلا قىرقىراپ ئاچچىق يىغلايتتى. ئۇ ھەتتا بەزىدە كېچە كېچىلەپ بوۋاقنى كۆتۈرۈپ، ئۆي ئىچىدە ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىپ تاڭ ئاتقۇزۇۋېتەتتى. بالا تۇمشۇقىنى چىمەنخانىنىڭ مەيدىسىگە سۈركەپ يۇمران لەۋلىرىنى چولوكشىتىپ شورايتتى. بالىنىڭ بۇ ھالىغا پەقەت چىداپ تۇرالمىغان چىمەنخان بىر كۈنى تاڭ يورۇشى بىلەن بالىنى كۆتۈرۈپ دوختۇرخانىغا باردى. رەيھانەم يۈزلىرى ئۆپكىدەك قىزىرىپ، كۈچسىز ئىڭراپ ياتقان قىزىنىڭ ئەتراپىدا مىشىلداپ يىغلىغانچە ئايلىنىپ يۈرەتتى. ئالتە بالا چوڭ قىلغان بۇ ئانا كېلىنىنىڭ ئەھۋالىنى بىر قاراپلا بىلىۋالدى. گۈلىستانىنىڭ كۆكسى ئېچىغان سۈتى بىلەن ياللۇغلىنىپ، پۈتۈن بەدىنى ئوت - كاۋاپ بولۇپ قىزىپ كەتكەن ئىدى. چىمەنخان ھالسىز گۆگراۋاتقان قۇچىقىدىكى بوۋاقنى كۆتۈرۈپ دوختۇرخانىدىن ئىلاجسىز يېنىپ چىقتى. چىمەنخان ئەسلىدە بالىسىنىڭ بۇ ھالىنى كۆرسە ئانا بولغاندىن كېيىن چىدىمايدۇ، چوقۇم ئېمىتىدۇ، بالىنىڭ مېھرى بىلەن ھەممىنى ئارقىغا تاشلاپ نىيىتىدىن يېنىپ قالىدۇ، دېگەن ئۈمىدتە دوختۇرخانىغا بارغان ئىدى. بىراق گۈلىستان كۆزىنى لاپپىدە ئېچىپ چىمەنخانىنىڭ قۇچىقىدىكى بالىغا شۇنداقلا قاراپ قويۇپ يەنە كۆزىنى يۇمۇپ بېشىنى بۇراپ يېتىۋالدى.

ئاشۇ كۆرۈنۈش چىمەنخانىنىڭ كۆز ئالدىدىن زادىلا نېرى كەتمىدى. «توۋا، — دەيتتى ئۇ ئۆز - ئۆزىگە، — جاھاننى يارغۇدەك ئاچچىق تولغاق يەپ تۇغقان ئۆز بالىسىغا نېمانچە قاتتىقلىق قىلغۇلۇق، بالا مېھرى ساكراتتا ياتقان ئانىنىمۇ تىك ئورنىدىن تۇرغۇزۇۋېتەلەيدىغان قۇدرەتكە ئىگىغۇ؟ تاش يۈرەكلىك بولارغا ئۇدۇممۇ يا، يېڭـ

ـدىن دۇنياغا كۆز ئاچقان بۇ بوۋاقنى باغرىغا بىر
بېسىۋالسا، ھېچ بولمىغاندا بىر قارىۋالغان بولـ
ـسىمۇ ئاغرىق ئازابى يەڭگىللىمەمتى؟ بوۋاقنىڭ
ھەقدار نېسىۋىسى بولغان سۈتىنى ئايىغىنى
بىلەن ئەنە شۇنداق جانغا پاتىدىغان گەپ. ئاغرىق
ئازابى ھەر بىر جاننى قىينىغاندا ئاشۇ گۇناھى
ئۈچۈن توۋا قىلسا بولاتتى. بىراق ئالدىغا ئاپارغان
بوۋاقنىمۇ قاراپ قويمىسا ھە...»

چىمەنخاننىڭ ئۆيلىگەنسېرى ئوغىسى قايـ
ـنايتتى. بالىغا چىدىغان ئانىنىڭ قولىدىن ھەر بالا
كېلىدۇ. بۇ، چىمەنخاننىڭ كېلىنگە بولغان باھا-
سىنىڭ خۇلاسىسى ئىدى.

بالىنى كېچە كۈندۈز قولىدىن چۈشۈرمەي
كۆتۈرۈپ يۈرۈشكە چىمەنخان يالغۇز بەرداشلىق
بېرەلمەي قالدى. جېلىلنىڭ بولسا ئانىسىنىڭ
ھالىغا ئىچى سىيرىلاتتى، تەڭلىكتە يۈرىكى
ئۆرتىنەتتى. تىلسىز بوۋىقىغا ئاتىلىق قەلبى
بىلەن ئۇھسىناتتى. ئىچ ئاغرىقىغا چىدىماي ئىـ
ـلاجسىزلىقتا تېڭىرقايتتى. بۇ ھال ئۇنىڭ گۈ-
لىستانغا بولغا ھېسسىياتىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ با-
راتتى. مۇھەببەت، سۆيگۈگە نىسبەتەن مەڭدىـ
ـگەن تۇيغۇسىدا بىر سوئال يۈرىكىنى قامالاپ
نەپسىنى سىقاتتى. جېلىل بايلىق، مەئىشەت،
ھوقۇق ـ ئىمتىيازلاردىن خالىي بۇ سۆيگۈسىدىن
شۇنچە سۆيۈنەتتىغۇ، ئۆزىنى ۋە گۈلىستاننى
ئاسان ئېرىشىش مۇمكىن بولمايدىغان بۇ ۋىسال
كامالىقىنىڭ ھەقدارلىرى دەپ ئىشىنەتتىغۇ،
جېلىل ئاددىي يەكۈن چىقىرىپ قويدىمۇ يا؟ گۈ-
لىستان ئۈچۈن بۇ سۆيگۈ، بۇ مۇھەببەت، بۇ
ۋىسال ئويۇنمۇ، چاقچاقمۇ ۋە ياكى بىر مەزگىلـ
ـلىك ھېسسىياتمۇ؟ ئۇلار تېخى بۇ بوسۇغىدىن
ئەمدىلا ئاتلىدى، ئالدىدىكى سەپەر ئۇزۇنغۇ؟ بىر
قېتىملىق جېدەل بوسۇغا ئاتلىغاندىن كېيىنكى
تۇنجى سىناقمۇ؟ ئەمەلىيەتتە بۇ سىناق بۇ بىر
جۈپ ئەر ـ خوتۇننى بىر ـ بىرىنى تېخىمۇ بەك
چۈشىنىشكە پۇرسەت بولۇشى كېرەك ئىدىغۇ؟!

چىمەنخان ئوچاق بېشىدا چوڭلار ئۈچۈن
ئۈچ ۋاخ چۆرگىلىسە، بوۋاق ئۈچۈن ئۇنىڭدىن
نەچچە ھەسسە ئارتۇق چۆرگىلەيدىغان بولدى.
ئاستا ئاستا ئەسلىگە كېلىشكە باشلىغان بوۋاق
تاتلىق گۈگراشلىرى، ۋىلىقلاپ كۈلۈشلىرى
بىلەن بۇ ئائىلىگە باشقىچە بىر شادلىق ئېلىپ
كەلدى. بىراق ياش ئەر ـ ئايالنىڭ يۈرەكلىرىگە
چۈشكەن دەز ئەسلىگە كېلەلمەي ئۇلار ئاخىر
ئاجراشتى.

بالىنىڭ ئىسمى گۈلزار ئىدى. گۈلزار ئۈچ
ياشقا كىرگەندە لېتىپ ئاخۇن بىلەن چىمەنخان
جېلىلنى ئۆيلەپ قويۇشنى مەسلىھەتلەشتى.
ئۇلارنىڭ قارىشىچە قىز بالىغا ئانا تەربىيىسى
ئىنتايىن مۇھىم. چىمەنخانمۇ ياشىنىپ ھالى
كۈندىن ـ كۈنگە بوشاپ كېتىۋاتىدۇ. گۈلزارنى
ئاخىرىغىچە تەربىيىلىشىگە ئۆمرى يار بەرمەيـ
ـدۇ، شۇڭا گۈلزار چوڭ بولۇپ، ئاق ـ قارىنى پەرق
ئېتىۋالغۇچە جېلىلنى ئۆيلەپ بالىنى يېڭى ئانىـ
ـغا كۆندۈرۈش كېرەك. ئۇنىڭ ئۈستىگە بالا
كىچىك بېقىلسا ئانىنىڭمۇ مېھرى چۈشىدۇ.
گۈلىستانمۇ ئاجرىشىپ ئۇزاق ئۆتمەي دادىسىـ
ـنىڭ خىزمىتىنىڭ ۋىلايەتكە يۆتكىلىشى بىلەن
تەڭلا خىزمىتىنى ۋىلايەتكە يۆتكەپ كېتىپ شۇ
جايدا توي قىلىۋالدى. جېلىلمۇ ئۆزى بىلەن بىر
زاۋۇتتا ئىشلەيدىغان گۆھەر ئىسىملىك بىر قىز
بىلەن باردى ـ كەلدى قىلىشىپ يۈرۈۋاتقىلى
نەچچە ئاي بولدى. ئۇ قىزنى چىمەنخان بىلەن
لېتىپ ئاخۇنلار ياقتۇرۇپ قالدى. گۆھەر ئىشچان،
ئاق كۆڭۈل، مۇلايىم ئىدى. ئۇلار ئانچە چوڭ
داۋراڭ قىلماي توي مەرىكىسى ئۆتكۈزۈۋالدى.

بىرەر ئايدىن كېيىن ئۇلارنى زاۋۇت بەرگەن
بىر يۈرۈش يېڭى ئۆيگە كۆچۈرۈپ قويۇشتى.
كېلىنمۇ گۈلزارنى تېزلا قوبۇل قىلىپ، ئانىلىق
مېھرى بىلەن ئىللىق باغرىغا تارتتى. ئۆز يولىدا
داۋام ئەتكەن تۇرمۇش يىللارنى كەينىدە قالدۇ-
رۇپ مانا گۈلزارمۇ ئون ياشلارغا كىرىپ قالدى
ھەم بۇدرۇق، ئوماق ئىككى ئوغۇلغا ئاچا بولۇپمۇ
قالدى. «باللىق ئۆي بازار، بالىسىز ئۆي مازار» دې
ـگەندەك، ئۈچ بالا بىلەن شاۋقۇن ـ سۈرەنگە تولغان
بۇ ئۆي ئانچە باياشاتلىقتا ئۆتمىسىمۇ، تىنچ،

خاتىرجەم ئىدى. بىراق زاماننىڭ تەرەققىياتى بۇ ئائىلىگە ئاسايىشلىق بىلەن يەنە يېڭى غەملەرنىمۇ قوشۇپ ئېلىپ كەلدى. جېلىل ئەر-ئاياللىمۇ ئىشتىن قېلىپ سودا دولقۇنىغا تەۋەككۇل قىلىپ ئۆزلىرىنى ئاتتى. بۇنىڭ بىلەن ئائىلىنىڭ رىتىملىق تۇرمۇش تەرتىپى يېڭى بىر داۋالغۇشقا دۇچ كەلدى. سودىدىكى جىددىيلىك، كەسكىن رىقابەت، بەزىدە ئېلىنغان پايدا، بەزىدە تارتقان زىيان ئەر - ئايال ئىككىسىنىڭ تۇرمۇش تەرتىپىگىلا ئەمەس، خاراكتېرىگىمۇ تەسىر كۆرسىتىپ ئۇلارنى چېچىلغاق قىلىۋەتتى. ئەر - ئايال ئوتتۇرىسىدا پات - پات سەن - پەن دېيىشىپ، ئۇرۇش - تالاش قىلىدىغان ئىشلار كۆپىيىپ، بالىلارنىڭ يۈرىكىنى ئەنسىزلىك قاپلاشقا باشلىدى. ئەنە شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە گۈلزار كىچىككىنە بىر سەۋەنلىكى ئۈچۈن گۆھەردىن قاتتىق دەشنام ئىشىتتى. گۆھەرنىڭ «شۇم پېشانىلىكىدىن ئۆز ئاناڭ تاشلاپ كېتىپتىكەن سېنى» دېگەن سۆزى گۈلزارنىڭ كۆڭلىگە قاتتىق تېگىپ كەتتى. چىمەنخانلار يېتىملىكنىڭ قارا سايىسىدا سولۇتمايمىز، دەپ شۇنچە پەپىلەپ چوڭ قىلغان بىلەنمۇ ئانا سۈتىگە قانماي چوڭ بولغان گۈلزارنىڭ كۆڭلىنى توقلىيالمىغانىدى. يۇمران قەلبىنىڭ چوڭقۇر پىنھانلىقىدا ئۆز ئانىسىغا بولغان ئىنتىلىش ئىستىكى كۆمۈلگەن بولۇپ، ئۆگەي ئانىسىنىڭ ئاچچىقتا دەپ سالغان سۆزى ئاشۇ پىنھانلىقتىكى كۆمۈلگەن ئىستەكنىڭ ۋولقاندەك پارتلاپ چىقىشىغا سەۋەب بولغانىدى. بۇ ئەلۋەتتە چوڭلارنىڭ يۈرىكىنى ئەزمەي قويمىدى.

گۈلزار چوڭ ئۆيگە بېرىۋالدى.

— چوڭ دادا، سىز دەپ بېقىڭە، شۇم پېشانە دېگەن سۆزنى بىلمەن، بۇ بەك يامان سۆز، مەندەك ئۆز ئانىسى يوق بالىلار شۇنداق شۇم پېشانە بولامدۇ؟

— ياق بالام، سېنىڭ ئۆز ئاناڭ بار، يەنە تېخى چوڭ ئاناڭمۇ بار، تاغا-ھاممىلىرىڭ بار، بىز ھەممىمىز ساڭا بەك ئامراق، بالام. سەن ھەرگىز شور پېشانە ئەمەس.

— چوڭ ئانا، ئەمسە نېمىشقا ئانام مېنى شۇم پېشانە دەيدۇ؟ — گۈلزارنىڭ كۆزلىرىدىن يېشىغا ماس بولمىغان بىر ئاچچىق ھەسرەت ياش بىلەن قوشۇلۇپ يامراپ چىقتى ۋە ھۆكرەپ يىغلىغانچە چىمەنخاننىڭ باغرىغا تاشلاندى.

نەۋرىسىنىڭ ئېچىنىشلىق نالىسىدىن چىمەنخاننىڭ يۈرىكى ئېزىلىپ، ئۇنى باغرىغا باسقانچە يۇم-يۇم ياش تۆكتى. لېتىپ ئاخۇننىڭ كۆزلىرىدىن تاراملاپ تۆكۈلگەن ياش قويۇق ساقاللىرىغا سىڭىپ باراتتى.

شۇ كۈندىن ئېتىبارەن گۈلزار بۇ ئۆيدە تۇرۇپ قالدى. گۆھەر ئالدىراپ دەپ قويغان سۆزى ئۈچۈن قاتتىق پۇشايمان يېدى. نەچچە يىلدىن بۇيان ئۆز ئانىسىدەك مېھىر بېرىپ ياتسىراتمايمەن دەپ كۆيۈنۈشلىرى بىكار كەتتىمۇ ئەمدى؟ ئۇنىڭ قولى ھېچ ئىشقا بارماي ھېلى ئۇ ئۆيگە، ھېلى بۇ ئۆيگە كىرەتتى. بىراق ئوغۇللىرىنىڭ ۋاڭ-چوڭلىرىمۇ ئۇنىڭ مۇڭغا تولغان يۈرىكىنى ئاۋۇندۇرالماي ھەتتا ئۆيىمۇ شۇنچە سوغۇق، مېھرىسىز تۇيۇلماقتا ئىدى. ئىسىت، مېنىڭ گۈلزارىم، ئوماق قىزىم، سەن بۇ ئۆينىڭ زىننىتى، بىر تال گۈلى ئىكەنسەن ئەمەسمۇ؟!

گۆھەر نەچچە رەت چىمەنخانغا يېلىنىپ گۈلزارنى ئەكېتىشنى ئۆتۈندى. چىمەنخان بىلەن لېتىپ ئاخۇنلار گۈلزارغا شۇنچە گەپ قىلسىمۇ ئۇنى كۆندۈرەلمىدى. ئەمدى گۆھەرنىڭ تۇرمۇشىغا يېڭى بىر ئالدىراشچىلىق قوشۇلدى. سودا ئىشى، مەكتەپتىن قايتىپ كېلىپ قازانغا قاراپ ئولتۇرىدىغان ئىككى ئوغۇل، ئۇلارنىڭ ئۆگىنىشىگە يېتەكچىلىك قىلىش، تۈگىمەس ئۆي ئىشلىرى... گۆھەر ھەر كۈنى چوڭ ئۆيگە بېرىپ گۈلزارنى كۆرۈپ كېلەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ چارچاشلىرى قاياققىدۇر غايىب بولاتتى. خۇددى يېقىن دوستلاردەك ئۇلارنىڭ مۇڭدىشىپ گېپى تۈگىمەيتتى. گۈلزارمۇ ئۆيگە قايتىشقا ئۇنىمىغىنى بىلەن گۆھەر ئانىسىنىڭ ئۇنى كۈندە بىر يوقلاپ تۇرۇشىنى خالايتتى. گۈلزار يەنىلا ئۆز ئانىسىنى تېپىش،

ئۇنى بىر قېتىم بولسىمۇ ئانا دەپ چاقىرىپ، باغرىغا قېنىش ئىستىكىدە ياناتتى. ئۇ شۇ ئىستەكنىڭ دەۋىتىدە ئانىسىنىڭ سىيماسىنى غايىبانە تەسەۋۋۇر قىلىپ كۆرەتتى.

ھاياتلىق ئۆز قانۇنىيىتى بىلەن داۋام ئەتمەكتە. بۇ ئائىلىدىمۇ تۇرمۇش ئۆز رىتىمى بىلەن يۇرۇشۇپ، ساناقسىز دەقىقىلەر يىللارنى تولدۇرۇپ، ئۆمۈر خاتىرىلىرىنىڭ ۋاراقلىرىنى قېلىنلىتىپ بارماقتا ئىدى. شۇ تەرىقىدە گۈلزار ئون بەش ياشنىڭ قارىسىنى ئېلىپ رەسىدە بولۇش ئالدىدىكى قىز بولۇپ قالدى. چوڭ دادا، چوڭ ئانىسىنىڭ بۇ قىز چوڭ بولغانسېرى ئانىسىغا قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشاپ كېتىۋاتىدۇ، دېگەن سۆزى بىلەن گۈلزارنىڭ قەلبىدىكى شەكىلسىز سىيمانىڭ ئورنىغا نۇرانە يۈزلۈك بىر مېھرىبان ئانىنىڭ سىيماسى ئالماشتى. بۇ نۇرانە سىيما ئۇنىڭغا ھەر دائىم كۈلۈپ قاراۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ، بىر ئىللىق تۇيغۇغا چۆمەتتى، قەلبىدە ئۇنى چوقۇم تاپىمەن، باغرىغا قانىمەن، «ئانا» دەپ مىڭ، تۈمەنمىڭ قېتىملاپ بار ئاۋازىم بىلەن چاقىرىمەن، دېگەن ئىستەك كۈندىن-كۈنگە ئۇلغايماقتا ئىدى.

بىر كۈنى كېچىدە چىمەنخان تەرەتكە چىقىپ كېتىپ قايتىپ كىرمىگەندىن كېيىن گۈلزار ئەنسىرەپ ھويلىغا چىقتى. چىمەنخان يەردىلا ياتاتتى. شۇ كېچىدە لىتىپ ئاخۇن ئۇنى دوختۇرخانىغا ئاپاردى، بىراق دوختۇرلار چىمەنخاننىڭ مېڭىسىگە قان چۈشكەنلىكى ئېيتىپ، ئۇنى ئىككى ھەپتە داۋالىغاندىن كېيىن كېسەلخانىدىن چىقىرىۋەتتى. چىمەنخان پالەچ بولۇپ يېتىپ قالدى. ئەمدى بۇ ئۆيدە چىمەنخانغا قارايدىغانغا ئادەم زۆرۈر بولۇپ قالغانىدى. جىلىل بىلەن گۆھەر باللىرىنى ئېلىپ بۇ ئۆيگە كۆچۈپ كېلىشتى.

چىمەنخان شۇ ياتقانچە بىر يىلغا يېقىن يېتىپ جىمىدە بۇ دۇنيا بىلەن خوشلاشتى. بۇ ۋاقىتتا گۈلزارمۇ تېخنىكومغا ئىمتىھان بېرىپ ۋىلايەتلىك پېداگوگىكا مەكتەپكە ئۆتكەنىدى.

ئۆلگەنلەر كەتتى، تىرىكلەر ياشىشى كېرەك. لىتىپ ئاخۇن گۈلزارنىڭ ئوقۇشقا بارىدىغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلاپ خۇشال بولدى، ئۇ نەۋرىسى ئۆز ئانىسى ياشاۋاتقان شەھەرگە ئوقۇشقا بېرىش ئالدىدا تۇراتتى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا يەنە گۈلىستان زاھىر بولدى. قانداق قىلىش كېرەك؟ ئانا-باللىق مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈپ تاشلاش ھېچقانداق بىر بەندىنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ.مۇشۇلارنى ئويلىغان لىتىپ ئاخۇن گۈلزارنى يېنىغا چاقىرىپ، ئۇنىڭغا ئۆز ئانىسى گۈلىستان ھەققىدە ئېغىز ئاچتى:

— بالام، شەھەردە ئاناڭ گۈلىستان بار، ئۇ سېنى ھامان ئىزدەيدۇ. سەن قانداق قىلاي دەيسەن؟

— چوڭ دادا، مەن ئانامنى ئۆزۈم ئىزدەپ باراي دەيمەن.

— بوپتۇ بالام، ئىزدەپ بارغىن، ئەمما گۆھەر ئاناڭنىڭ كۆڭلىگە ھەرگىز ئازار بېرىپ قويما، ئۇ سەن ئۈچۈن كۆپ جاپا تارتتى. مېھرى بىلەن سېنى بېقىپ چوڭ قىلدى. ئۇنىڭغا ياخشى جاۋاب قايتۇرۇشۇڭ كېرەك.

— بۇنى بىلىمەن چوڭ دادا، گۆھەر ئاپام قەلبىمدە يەنىلا ئەڭ يۇكسەك ئورۇندا تۇرىدۇ.

— ئوبدان قىزىم، شۇنى بىلسەڭلا بولدى. ئەته سەھەردە يولغا چىقىسەن. ئەمدى ئۇخلىغىن بالام، — لىتىپ ئاخۇن نەۋرىسىنىڭ بېشىنى مېھرىبانلىق بىلەن سىلىدى.

بوۋىسىنىڭ سۆزلىرى ئۇنىڭ قەلبىدىكى دېلىغۇللۇقلارنى يۇيۇپ تاشلىدى. ئۇ تاتلىق بىر ئۈمىدنىڭ ئەللەيلىشىدە شېرىن ئۇيقۇغا كەتتى.

(ئاپتور كورلا شەھەرلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە)

مۇھەررىر **خاسىيەت ئەمەت**

www.ushurkitap.com

مۇھەممەد چاۋار

# چولاق قۇش باللادىسى

خەلق ئىچىدە، گۇما بىلەن قاغىلىق ئوتتۇرىسىدىكى بىپايان ساي «چولاقنىڭ سېيى» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ نام ئۇستىدە، ئۇزاقتىن بۇيان ئەل ئارىسىدا «چولاق قۇش» ھەققىدىكى گۈزەل بىر رىۋايەت قەيت قىلىنىدۇ.

ــ خاتىرە دەپتىرىمدىن

1

كەڭ جەنۇبتا قۇملۇق بىپايان،
تۇگۇم-تۇگۇم بارخان قاتمۇ قات.
شىمال بويلاپ كەتكەن ئۇلۇغ ساي،
سايدەك چەكسىز گۈزەل كائىنات.
ئالتۇن كۈزدە ساپ-سالقىن ھاۋا،
سالقىنلىقتا ئويغاندى تاڭمۇ.
پۈتۈملەردىن ئويغاق ھەر يۈرەك،
شىۋىرلايدۇ ھەتتا باراڭمۇ.
چاشكا كېلىپ ئەدىدى چۇقان،
دۆڭ-دۆڭلەردە ھايقىرتقان سادا.
ئەل جۇغلاندى ھەش-پەش دېگۈچە،
كۆز-كۆزلەردە ئوتلۇق نۇر-زىيا.

ئەلمىساقتىن بۇ يۇرتتا شىكار
ئۇدۇم شۇنداق باشلىنار ھەرچاغ.
ئوۋغا قاراپ كېلىدۇ سەپ-سەپ،
قول-قوللادا تەل ئوقيا، چوماق.

چاتقال كېچىپ ئوۋلايدۇ توشقان،
يۇلغۇنلۇقتا قىرغاۋۇل ئاتار.
ساي-قۇملۇقتا كۆزلەيدۇ جەرەن،
ئوۋغا باشتا ئىش-تايغان چاپار.
«يوتۇق»ـــ دېدى كىم باشتا ئوۋدا،
«ئوۋ» شۇنىڭدۇر، مەيلى كىم سوقسا.
ئۆكۈنمەيدۇ ھېچكىم ھېچكىمدىن،
كۆڭۈللۈكتۇر ئوۋچىلىق ئۇقسا...

ئات چاپىدۇ ياردائنى بويلاپ،
بىر توپ ئاتلىق ئوۋ قوغلاپ ئۇچار.
ئاياز باخشى ئاتلىدى ھاڭدىن،
بىر جۈپ جەرەن تۈز سايدا قاچار.
تۇياقلارغا سوقۇلغان تاشتىن،
چاقماق يانار دەمدە ئۇچقۇنداپ.
گويا بوران ئاچىدۇ تاشلار،
ئاياغلاردا ئۇچۇپ، يۇلقۇنداپ.
ئوۋ قۇشىنى ئوۋلىدى ئاياز،

كەڭ تۈزلەڭدە جەرەنگە قاراپ.
كۆكتىن پەسكە شۇڭغۇدى قۇشمۇ،
چاڭگال سالدى ئارقىدىن قاماپ.
تىرناقلىدى كۆزدىن ھايالبسىز،
ۋە يىقىلدى جەرەن ئاياغقا.
خۇشاللىقتا سەييات جاۋغىيى،
تەڭ ئۇلاشتى ئىككى قۇلاققا.
ئاتلىقلارمۇ كەلدى شۇ ھامان،
قۇتلىدى شاد ئايازنى سۆيۈپ.
يېيىلغاندا يۇرتقا بۇ خەۋەر،
دولقۇنلىدى ئەل قىيان بولۇپ.

2

خىيال سۇرۇپ ئولتۇرغاندا شاھ،
شاھ ئالدىغا كەلدى شاھ ئوغۇل.
ئۇچۇرلىدى ئەل-يۇرت ئىشىدىن،
ئوۋ-شىكاردىن، خانلىق كار تۈگۈل.
شاھ كۆڭلىدە ئويغاندى ھېرىس،
ئوۋ-شىكاردا قانات قاقتى ئۇ.
داڭدار قۇشنىڭ ئويناق كۆزىدە،
شان-شۆھرەتتە تامام ئاقتى ئۇ.
پەرمان قىلدى ئوردىغا شۇئان،
ئاشۇ قۇشنى ھازىر قىلغىن، دەپ.
تەۋرەپ كەتتى ئوردا ئىچ-تېشى،
ۋەزىر-ۋۇزرا، چېرىك سەپمۇ سەپ.
ياندى خانىش كۆزىدە چولپان،
خان قىزلىرى يۇلتۇزدەك چاقناق.
شاھ مىرزىلار چۇشىدە داستان،
تۆر-پەگادا لۆمشۈيدۇ چاقچاق.
قۇش ۋەسپىدىن چۆچەك ئاقىدۇ،
قۇش—شاھ، شاھ—قۇش تېپىشار تىمسال.
كۆڭۈللەردە ئىدىش-ئىدىش ئوي،
ھەر تىنىقتا لەك-لەك ئۈزلۈك ھال.

3

كەلدى قۇملۇق يۇرتقا شاھ پەرمان،
شاھ كۆلكىدىن قايىندى ھەريان.
غەم قاپلىدى ئوۋچىنى بىراق،
يۈرەك ئىدى لەختە-لەختە قان.
ئوۋ قۇشىمۇ قاقمايتتى قانات،
گىريان ئىدى ۋونداقتا جىم-جىم.
قاراپ-قاراپ ئايازغا پات-پات،
ياش تۆكەتتى چاناقتىن تىم-تىم.
كۆك ئاسمانغا قونغان چېغى ئاي،
قولغا ئالدى زەي قامچا ئاياز.
ئاھ، باشلاندى رەھىمسىز ساۋاش،
ئۆيدە قان-قان چىرقىراق ئاۋاز.
ئاياز تىترەپ، توختىماس ساۋاش،
جۇپ كۆزىدە تارام-تارام ياش.
قۇش قاچىدۇ ھەريان باش ئۇرۇپ،
ئاھ، ئازابقا ئۇندا نەچىداش!
تا ئەزەلدىن ئوۋچىغا ئايان،
ساۋالغان قۇش ئوۋغا يارىماس.
ئوۋسىز تۇرمۇش مەنىسىز ھايات،
ئۇ ھىجرانغا ھەرگىز چىدىماس.
تاڭ نىسپىدە ئۆكسۈدى خورلۇق،
قانغا تولۇپ قىزاردى ئۇپۇق.
ئوۋ قۇشىغا چىدىماس ئاياز،
پەرماندا ھېچ يوق ئىمكان تولۇق.
شاھ ئالدىغا بارغاندا ئاياز،
قۇشنى سوۋغا قىلىدۇ شەكسىز.
قۇشسىز ئاياز قالىدۇ تەنھا،
قۇملۇقتا دەرد نەقەدەر چەكسىز.

4

يىراق يۇرتتىن ئاتلىق يول ئېلىپ،
ماڭدى ئاياز شەھەرگە قاراپ.
قانچە ئايماق قالدى ئارقىدا،
نىمجان ھېسلار سەپەردە تاراپ.
يول-يوللاردا ئۆتەڭ، قونالغۇ،
باغ-باغلاردا گۈپ-گۈپ خۇش پۇراق.
يازلىق ھېسلار دەريادا ئاقار،
ئۆي-ئۆيلەردە شاد كۈلكە-چاقچاق.
نىقابلىق قۇش ئوۋچىغا ھەمراھ،
كېلەر غەملىك پىلغانغا چۆكۈپ.
ياتسىرايدۇ دوقمۇش-دوقمۇشتا،
ھەر ئاۋازغا پەر-قانات ئۇرۇپ.

ئاياز كەلدى شەھەرگە كەچتە،
قونالغۇغا چۈشتى ھالسىراپ.
تاڭ سەھەردە ئويغىنىپ چاقان،
شاھ قېشىغا ماڭدى ئالدىراپ.
شاھتىن ئالدى ئىجازەت شۇئان،
دەرۋازىدا پەرمانچى چېرىك.
ئەس-ھوشىنى ئۇنتۇغان ئوۋچى
سەزدى ئاران ئۆزىنى تىرىك.
كۆك گۈمبەزدە-تەخت ئالدىدا،
شاھ ئوۋچىغا بەردى كۆپ سوئال.
يۇمچۇك قۇشقا باققانچە شاھمۇ،
قايتتى غەزەپ-قەھرىدىن دەرھال.
پەرمان قىلدى ئايازغا قاراپ،
ئۆز جايىڭغا قايتقىن تېزدىن، دەپ.
شۇكلەپ كەتتى قەسىر ئىچىمۇ،
چىقمىدى ھەم بىر ئېغىزمۇ گەپ.
ھەيرانلىقتا ئاياز ئوۋچىمۇ
ئىتتىك-ئىتتىك ياندى ئورىدىن.
ساق قالغانغا تەندە ئىسسىق جان،
شۈكرى-سانا ئېيتتى قايتىدىن.
ئۇ قۇملۇققا يول سالدى شۇئان،
قالدى ئارتتا ئەزىم زەرەپشان.
كۆز ئالدىدا — كۆپكۆك ئۇلۇغ ساي،
ياتار ئۇپۇق سۆيۈپ بىپايان.

5

كۆك ئاسماندا ئوت-ئىسسىق قۇياش،
چۆل شۇ تاپتا تونۇرغا تىمسال.
ئات ئۈستىدە كېلىدۇ ئاياز،
سايدا ئىسسىق يېلىنجار يال-يال.
ۋىلىلدايدۇ يول بويلاپ ئالۋۇن،
گويا سايغا دەريا كۆچكەندەك.
تاقلاپ يۈرمەس يولدا ئاغمىخان،
سايدا گويا ھايات ئۆچكەندەك.
گۆپۈلدەيدۇ تاشلىقتا ئاپتاپ،
يۈز چاقىدۇ چاياندەك قاماپ.
تەر تۆكۈلەر باشتىن چىپىلداپ،
ئۆتەر كۆزدىن ئاچچىق شىپىرلاپ.

تاش دۆڭلەردە چوقچايغان پوتەي
ئۈن-تىنۋىشسىز ياتىدۇ قاراپ.
ئۆتەڭلەردە ئاخشام ياققان ئوت
ئۆچكەن تاڭدا يۇلتۇزدەك تاراپ.
ئويمانلىقتا جىلغا-تارانلار
چۆچەك ئېيتار قەدىمدىن باشلاپ.
ئاندا-ساندا ياتقان سۆڭەكلەر
تارىخ سۆزلەر ھاياتقا ئۇلاپ.
ئۇلۇغ ساينى سەن ئۆلۈك دېمە،
ئۇ ياتىدۇ ئارمان قۇچاقلاپ.
ھېس-تۇيغۇدا ئويغىنار ھەر تاڭ،
پاك سۆيگۈدە قۇياشقا قاراپ.
ئايان بولدى ئايازغا شۇ دەم
كۆپكۆك سايدا ياپيېشىل ئورمان.
يايلاپ يۈرەر دەرەخ تۈۋىدە،
تەنھا كېيىك تىمەن-نەۋقىران.
باش قاپچۇقتىن بوشتىپ شۇئان،
قۇشنى ئوۋغا قۇشلىدى ئاياز.
ئەركىنلىككە زارىققان جانۋار،
كۆك ئاسماندا ئەيلىدى پەرۋاز.
ئۆرلەپ-ئۆرلەپ ھاۋادا لەيلەپ،
قۇش ئېگىزدىن ئېتىلدى پەسكە.
ئايازغا نەق تاشلىدى چاڭگال،
چۈشتى قىيىن قۇتۇلماق تەسكە.
ئەييۇھەنناس، ئاڭلاڭ ئامۇ خاس
ئىگىسىنى ئالدى ئوۋدا قۇش.
قىسىسلەردىن تۇغۇلدى ساۋاق،
ئەل ھاياتتا بولمىسۇن بىھوش!

6

كۈندىن تۈنگە ئۇلاندى ساناق،
ئاتىدىن ھېچ يوق خەۋەر-دېرەك.
قىز-ئوغۇلدا تەگسىز تەشۋىش-غەم،
گەپ سۆزلەردە بىخلىدى چېچەك.
سەپەر قىلدى يوپيورۇق تاڭدا،
بىر جۈپ ئوغۇل ئورىدىغا قاراپ.
يۇرت-ئايماقنى كەزدى قويماستىن،
ئالغان چېغى ئورىدىن جاۋاب.

ئىز-دېرەكسىز قايتتى يىگىتلەر،
ئايماقلاردا مۇڭ-ھەسرەت يۇتۇپ.
ئۇلۇغ سايدىن ئۆتتى ئىز بېسىپ،
غەم-ئەلەمدە چاك-گىرىيان بولۇپ.
يەتكەن چېغى دەرەخ تۇۋىگە،
ھەيرانلىقتا كۆزدىن ئاقتى ياش.
ئاتىسىنىڭ كىيىم-كېچىكى
تۇراتتى يەر، شاختا خامتالاش.
ئېگىز شاختا قۇش تۇرار تەنھا،
پۇت-تىرناقتىن قويۇق قان يالاپ.
شاخ-پۇتاقتا ئاپئاق ئۇستىخان،
تۇرار پەسكە قىيا ساڭگىلاپ.
دەرغەزەپتىن چۇشەنگەن ئوغۇل
ئۆزدى قۇشقا شىددەتلىك ئوقيا.
قۇش ھاۋاغا ئۇچقاندا قاڭقىپ،
چۇشتى بىر پۇت تاشلىقتا ئاستا...

ئاي-كۈن ئۆتۈپ سىڭا پۇتلۇق قۇش
بۇ دەرەختىن تۇتۇپتۇ ماكان.
ئۇۋغا چىقىپ گاھىدا سايدا،
ئۆز كۈنىگە تېپىپتۇ ئىمكان.
چولاق قۇشنى كۆرگەن يولچىلار
ئوزۇق تاشلاپ ئۆتەركەن ھەرۋاخ.
شۇندىن تارتىپ «چولاق» دېگەن نام،
بولۇپ قاپتۇ كەڭ سايغا ئاتاق.

* *

رىۋايەتتىن ئويغانغان تۇيغۇ
سۇزۇك تاڭدەك مەسۇم، بىغۇبار.
كۆي-قوشاقتا كۆيىدۇ گۈلخان،
شوللىلارغا مۆككەن ئىختىيار.
شائىر ئۆسكەن ئانا قۇملۇقتا،
بوستانلاردا كۆي-چۆچەك ئاڭلاپ.
شېئىر يازدى كۆيگەن يۈرەكتىن،
پاك دىيارغا ئىشتىياق باغلاپ.

2009 - يىل ئىيۇن، خوتەن

(ئاپتور: خوتەن ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمىدە)

بۇ ساندىكى شېئىرلارنىڭ مۇھەررىرى **ھەزرەتئەلى ئەخەت**

www.uyghurkitap.com

ئەكبەر ئىمام كۆكبۆرە



# پسىخىكىلىق بوھران

(پوۋېست)

قەدىرلىك لالە! مەن سەن ھەققىدىكى خىيال بوستانلىقلىرىمدا ناھايىتى ئۇزاق، ناھايىتى ئۇزاق ۋاقىت يەككە-يېگانە ھالدا ئايلاندىم. ئاخىر قەدەملىرىم تالدى، يوللىرىم ئۈزۈلدى، ھايات ياپراقلىرىم پىلدىرلاپ تۆكۈلدى. يۇلتۇزلار ھەر ئاخشىمى بۇرۇنقىدەكلا چاقناپ تۇرغىنى بىلەن سۈت رەڭ نۇرلىرى مۇزلاپ كەتتى، گۈللەر ھەر سەھەر ھاياجانلىنىپ تۇرۇپ ئېچىلغىنى بىلەن قىپقىزىل رەڭلىرىدە خۇش ھىدى قالمىدى. بۇ ئارىدا بەش يىل ئۆتتىمۇ ياكى بەش يىلدىن بەشى ئۆتۈپ كەتتىمۇ، مەن ئۇچۇن ۋاقىت ئۆز مەنىسىنى يوقىتىپ بولغانىدى. بىلىكىمدىكى سائەت ئىستىرېلكىسى تەنگە سولىنىپ قېلىپ پىرقىراپ يۈرگەن ئىسسىق جاندەك 24 سائەت توختىماي ئايلانغان بىلەن، كېچىدىن كۈندۈز، كۈندۈزدىن كېچە سانسىز قېتىم سۆزۈلۈپ چىققان ھەم دەرەخلەر نەچچە قېتىم يوپۇرماق تاشلاپ پوتلا چىقارغىنى بىلەن، مەن ماھىيىتىنى يوقاتقان ۋاقىت چەمبىرىكى ئىچىدە يۆگىمەچتەك ئاستا-ئاستا قۇرۇپ، روھىي قۇۋۋىتىمدىن ئايرىلىپ قالماقتا ئىدىم.

ئىچىمدە بىر نەرسە تولغىناتتى، قانداقتۇر بىر سۆزۈك-سىلىق نۇر دولقۇنى تەن قەپىسىمدىن چىقىپ كېتىشكە ئۇرۇنۇۋاتقاندەك تۆۋەن

تەن ئېقىنىمدىن يۇقىرى تەن ئېقىنىمغا ئۆرلەيتتى. مەن بولسام خۇددى كېتىشى ئېنىق بولۇپ قالغان بىر مېھماننى تەن قەسرىمدە مەجبۇرىي تۇتۇپ قېلىۋاتقاندەك ھالەتكە كېلىپ قالغانىدىم. بۇ خىل ھالەت مەندە قاچاندىن باشلاپ يۈز بېرىشكە باشلىدى، بىلمەيمەن. مەن پەقەت سەن ھەققىدە خىيال بوستانلىقلىرىمدا ناھايىتى ئۇزاق، ناھايىتى ئۇزاق ۋاقىت يەككە-يېگانە ھالدا سەرسان-سەرگەردان بولۇپ يۈرگىنىمنىلا بىلىمەن. گەرچە بۇ ئۇزاق ۋاقىت مېنىڭ ئالىي مەكتەپتىكى بەش يىللىق ھايات مۇساپەمنى ئۆزىگە نىشان قىلغان بولسىمۇ، مەن بۇ بەش يىللىق ھايات مۇساپەمدە بىر ھالەتتىن ئىككىنچى بىر ھالەتكە ئۆتۈپ بولغانىدىم. مەن ھايات مۇساپەمدىكى بىرىنچى خىل ھالەتتە سېنى سۆيۈش بۇرچىغا مۇيەسسەر بولغان بولسام، ئىككىنچى خىل ھالەتتە سەن ھەققىدىكى باش-ئاخىرى يوق خىياللار ئىسكەنجىسىدە ئويلىنىش بۇرچىغا مۇيەسسەر بولدۇم. شۇڭا، مەن بۇ باسقۇچتىكى سەن ھەققىدىكى ئويلىنىش مۇساپەمنى مەن خۇددى سېنىڭ قەدىر-قىممىتىڭنى قەدىرلەش ياكى دەپسەندە قىلىش ھەققىدە مارافونچە خىيال سۈرگەندەك ھېس قىلىمەن.

مەن سېنى سۆيەتتىم لالە. لېكىن مەن سېنى سۆيگەن قەلبىم بىلەن سېنىڭ ھايات بوستانىڭ، ياشلىق چىمەنىستانىڭدىكى رەڭگارەڭ قىسمەت گۈللىرىڭنى ساڭا تۇيدۇرماي ئاستا-ئاستا توزۇتۇپ كەلدىم. مېنىڭ بۇ ھەرىكىتىم شۇنداق ئاستا، شۇنداق سىلىق بولدىكى، مىسالى بىر ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ قېرىپ كەتكەنلىكىنى تۇيۇقسىز ھېس قىلىپ قالغىنىدەك تەبىئىي بولدى. تاڭ ھەر كۈنى بىر قېتىمدىن يورۇشتەك ئىلاھىي قانۇنىيەتكە ئىگە بولسىمۇ، لېكىن تاڭنىڭ يورۇش قانۇنىيىتى مېنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ. چۈنكى تاڭ ئاستا-ئاستا يورۇيدۇ. تاڭنىڭ يورۇش ھەرىكىتىدىكى ئاستىلىق بوشلۇقى تولىمۇ كىچىك بولغاچقا، ئۇ بىزنىڭ ۋاقىت ئېڭىمىزنىڭ سىرتىدا قالغاندەك تۇيغۇ بېرىدۇ. كۆرۈش سەزگۈمىز ھامان پەرق ئېتىش سەزگۈمىزگە ئاگاھسىز رەۋىشتە ئالدىنىدۇ. پەقەت بىز ھېس قىلىش سەزگۈمىزگە تايىنىپلا تاڭنىڭ يورۇۋاتقانلىقىنى جەزملەشتۈرگىنىمىزدىلا، كۆرۈش سەزگۈمىز كېچىنىڭ قارا تونىنىڭ سەھەرنىڭ كۈمۈش رەڭ تونىغا ئالمىشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ يېتىدۇ. ناۋادا تاڭ بىز كۆزىتىپ تۇرغان مەلۇم ۋاقىت دائىرىسى ئىچىدىلا يورۇپ كەتسە بۇ ھال بىزگە غەيرىي تۇيۇلىدۇ-دە، مېڭىمىزدە قانداقتۇر بىر نورمالسىزلىق غەليان كۆتۈرىدۇ. بۇنداق ئۆلچەملىك قانۇنىيەت دائىرىسىدىكى نورماللىقنىڭ نورمالسىزلىق بىلەن ئورۇن ئالماشتۇرۇشى بىزنىڭ سۇبيېكتىپ ئېڭىمىزدا ۋەھىمىنىڭ رەڭسىز تۇمانلىرىنى پەيدا قىلىپ قويىدۇ. بۇنداق ۋەھىمە تۇمانلىرى بولسا بىزنىڭ نورمال تۇرمۇش تەرتىپىمىزنى ئاستىن-ئۈستۈن قىلىپ تاشلايدۇ. مېنىڭ سەن بىلەن بولغان مۇناسىۋەت جەريانىم بولسا دەل تاڭنىڭ يورۇش قانۇنىيىتىدەك ئۆلچەم ئىچىدە مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ كەلگەن. شۇ سەۋەبتىن مەن سېنىڭ ھاياتىڭنىڭ ئەڭ مەزمۇنلۇق بىر قىسمىدەك، ياكى سېنىڭ 207-تال سۆڭىكىڭدەك سەندە گۇمان پەيدا قىلماي، قەلب ۋە روھىيەت بوشلۇقۇڭدا بىر پارچە مۇكەممەل ئەقىدە سۈپىتىدە ياشاپ كەلدىم. بۇ ئەقىدە سېنىڭ تەسەۋۋۇرۇڭدا، سېنىڭ بىر كىشىلىك ئەۋرىشىم دۇنيارىڭدا، سېنىڭ مەن ھەققىدىكى گۈزەل ئارزۇ-ئارمانلىرىڭدا ھېچقانداق نۇقسانسىز ۋە كىر - داغسىز ھالدا، خۇددى ئانىنىڭ ئوغۇز سۈتىدەك شان-شەرەپكە مۇيەسسەر بولۇپ كەلدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى دەل مېنىڭ ئالىي مەكتەپتىكى بەش يىللىق ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت جەريانىدا ساڭا نامەلۇم، لېكىن ئۆزۈمگە روشەن بولغان قانۇنىيەتنى ساقلاپ ۋە ئۇنى تەبىئىي رەۋىشتە داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەنلىكىمنىڭ بىۋاسىتە نەتىجىسى ئىدى.

— سەن بىر پەرىشتە!

سەن مەن ھەققىدە تولىمۇ سەممىي ئاۋازدا تارتىنىپ تۇرۇپ مۇشۇنداق دېگەنىدىڭ. مەن سېنىڭ مۇشۇ بىر جۈملە سۆزۈڭدىنلا قەلبىڭدى-

كى مەنىنىڭ چىڭقىچۇشتە نۇر چىچىپ تۇرغان قۇياشتەك مۇكەممەل بىر شەكىل ئىكەنلىكىنى روشەن ھېس قىلغانىدىم. ئېھتىمال سەن قەلبىڭدىكى بۇ شەكىلنى بۇ قەدەر مۇكەممەللەشتۈرۈش ئۈچۈن يىراق كۆككە قاراپ نەچچە قېتىم ئىخلاس دۇئالىرىڭدا بولغانسەن. لېكىن بۇ سېنىڭ قەلبىڭدىكىلا شەكىل ئىدى. مېنىڭ ئەسلىي شەكلىم بولسا ھاياتىمدىكى ئىككىنچى خىل ھالەت ئىچىدە شەكىل ئۆزگىرىشى ياساپ زىننەتلىنىۋالغان ساختا شەكىل ئىدى. لېكىن سەن مەندىن ئىبارەت بۇ ئىككى خىل شەكىلنىڭ ئوخشاش بولمىغان ئىككى يۈزىدىن ئەسلا گۇمانلانمايتتىڭ.

— سەن بىر پەرىشتە!

سېنىڭ مۇشۇ بىر جۈملە سۆزۈڭ ئۈچۈن بىر جۈپ قاپقارا قوي كۆزۈڭگە قاراپ ئولتۇرۇپ بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتكۈم كېلىدۇ. لېكىن يوشۇرۇن تەبئىتىم ئاشۇ يىغا ئاۋازى بىلەن تەڭ قەلبىڭدىكى شەكلىمنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىشىدىن، ياكى ئۆزۈمدىكى ساختا شەكلىنىڭ ئاشكارىلىنىپ قېلىشىدىن ماڭا شەرتلىك سىگنال بېرىپ تۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن روھىمدىكى بىردەملىك جىددىي زىلزىلە ئۆتۈپ كېتىدۇ-دە، مەن يەنە قايتا شەكىل ئۆزگەرتىپ، قەلبىڭدىكى شەكىل ئىچىگە يىلاندەك سويلاپ كىرىمەن.

ئۇنداقتا، سەن نېمە، لالە؟

سەن سەھەردىكى قۇياش نۇرى. سەن سەھەردىكى قۇياش نۇرىنىڭ ئالتۇن رەڭ نۇر تالالىرى ئىچىدە پورەكلەپ ئېچىلىپ تۇرغان بىر دەستە گۈل. سەن يۇلتۇز گۈللىرى چىچەكلەپ تۇرغان كېچىنىڭ تۇم قارا، سىلىق كۆكسىدە پارلاپ تۇرغان ئاي نۇرى. سەن مېنىڭ رېئاللىقىم چىلىشىپ تۇرغان كۆل سۈيى. سەن مېنىڭ روھىيەت بوشلۇقۇمدا ئاتوم زەرەتلىرىدەك ئاستا-ئاستا پارچىلىنىۋاتقان پەرىزات.

ئەمىسە، مەنچۇ؟

مەن سېنىڭ قەلب لېۋىڭ شىۋىرلاپ تۇرغان پەرىشتىمۇ؟ ياق، ئەمەلىيەتتە مەن بىر ئالۋاستى. مەن سېنىڭ نەزىرىڭدىكى ئاق قاناتلىق پەرىشتىنىڭ شەكلىگە كىرىۋالغان قارا قاناتلىق ئالۋاستى. مەن ساختا شەكلىمنىڭ قەلبىڭدىكى ھۆرمەتلىك ئورنىدىن پايدىلىنىپ لەۋ قىرغاقلىرىڭغا ھاياجان بىلەن شىۋىرلاپ تۇرۇپ تەن ئىككىزارلىقىڭدىكى ئىسسىق قېنىڭنى شورىۋاتقان يالماۋۇز.

ئېسىڭدىمۇ لالە، تولۇق ئوتتۇرىدا ئوقۇۋاتقان ۋاقتىمىزدىكى دەرسلىكىمىزدە سەندەك بىر مۇلايىم قىز بىلەن مەندەك بىر يالماۋۇزنىڭ چۆچىكى بولىدىغان. ئالۋاستى قان خۇمارى قوزغالغاندا قىزنى تورۇسقا چىچىدىن ئېسىپ قويۇپ تاپىنىدىن ئىسسىق قېنىنى شورايتتى. بۇ چاغدا سەن قىز ئۈچۈن ھەسرەت چېكىپ، يالماۋۇزغا بولغان لەنەت ئوقلىرىڭنى سۆز تاپانچاڭدا شىددەت بىلەن ئاتاتتىڭ.

— كامال، بۇ قىز نېمىدېگەن بىچارە-ھە!

سەن تىترەپ تۇرغان ئاۋازىڭ بىلەن شۇنداق دەيتتىڭ. مەن شۇ چاغدا ئاھۇنىڭ كۆزىدەك مىسكىنلىشىپ كەتكەن قاپقارا قوي كۆزلىرىڭدە لەغىلداپ تۇرغان سۆزۈك ياش تامچىلىرى بىلەن يەنە بىر قەۋەت قويۇق ۋە ئېغىر قايغۇ بولۇتلىرىنى ئېنىق كۆرەتتىم-دە:

— بۇ بىر چۆچەك، لالە، چۆچەك دېگەن توقۇلما بولىدۇ. ئەگەر ئۇ مۇشۇنداق تەسىرلىك، ھەسرەتلىك قىلىپ توقۇلمىسا بىز ئۇنى ئوقۇيتتۇقمۇ؟ شۇڭا سېنىڭ بۇ چۆچەكتىكى قىز ئۈچۈن ھەسرەت چېكىپ ئاھ ئۇرۇشۇڭ تامامەن ئورۇنسىز، — دەيتتىم.

— ئەگەر شۇ قىزنىڭ ئورنىدا مەن بولۇپ قالغان بولسام سەن قانداق قىلاتتىڭ، كامال؟

سېنىڭ ساددىلارچە سورىغان بۇنداق سوئاللىرىڭ ماڭا بەكمۇ سۆيۈملۈك تۇيۇلاتتى.

— ئەخمەق قىز، ئەلۋەتتە يالماۋۇزنىڭ كاللىسىنى ئۈزۈۋالاتتىم-دە!

— يەتتە بېشى بار تۇرسا ئۇنىڭ.

— يەتتە بېشى بار بولسا نېمە بوپتۇ، مەن يەتتە قېتىم چاپسام بولدى ئەمەسمۇ.

— كونىگە بىردىن چاپساڭ يەتتە باشقا يەتتە كۈن كېتىدۇ-دە.

سىنىڭ خىياللىرىڭ مۇشۇنداق تولىمۇ ساددا ۋە سەمىمىي ئىدى. مەن سىنىڭ قاپقارا قوي كۆزلىرىڭدىنلا ئەمەس، مۇشۇنداق ساددىلارچە خىياللىرىڭدىنمۇ بىر خىل ئىسسىق هارارەتنى هېس قىلاتتىم. ئارقىدىنلا ئۆزۈمنى ئاق يالىلىق، قارا قۇيرۇقلۇق ئارغىماق مىنگەن باتۇردەك تەسەۋۋۇر قىلاتتىم. تەسەۋۋۇرۇمدىكى بۇ ئارغىماقلىق باتۇر سىنىڭ ئىسسىق ۋە تاتلىق قېنىڭنى شوراۋاتقان يەتتە باشلىق يالماۋۇزنىڭ يەتتە بېشىنى خۇددى يۇمشاق پىيلەكتىن تاۋۇز ئۈزگەندەك ئۈزەتتى. يەتتە باشلىق يالماۋۇز بىردەمدىلا بېشى يوق ئۆلۈك يالماۋۇزغا ئايلىنىپ، يەردە بەئەينى لىق بىر تېرە گۆشتەك سوزۇلۇپ يېتىپ قالاتتى. ئۆلۈك يالماۋۇز قارىماققا هېچقانداق ۋەهىمىلىك كۆرۈنمەيتتى. ئاندىن مەن سىنى ئارغىماقنىڭ ئارقىسىغا مىنگەشتۈرۈپ، ئۇپۇقتىكى رەڭدار نۇر چېچىلىپ تۇرغان يىراق بوشلۇققا قاراپ لەرزانغىنە پەرۋاز قىلىپ ئۇچاتتىم. بۇ چاغدا قويۇق بوستان چاچلىرىڭ خۇددى تاغ شامىلىدا يەلپۈنۈپ تۇرغان يېشىللىقتەك توزغۇپ يەلپۈنەتتى. ئىككىمىز مىنگەن ئارغىماق بولسا كۆكتە لەيلەپ ئۇچۇپ بارا-بارا كۆزدىن غايىب بولاتتى.

— نېمە خىيال قىلىۋاتىسەن، كامال؟

ئاۋازىڭ هەم يۇمشاق، هەم يېقىملىق ئىدى. مەن ئاشۇ هەم يۇمشاق، هەم يېقىملىق ئاۋازىڭنىڭ سېھرىي جادۇسى ئىچىدە تەسەۋۋۇرۇمدىكى خىيال بوستانلىقىمدىن سىنىڭ قاپقارا قوي كۆزۈڭنىڭ نۇرى ئىچىدىكى رېئاللىققا بىر تال ئاق قۇ پېيىدەك لەرزانغىنە لەيلەپ چۈشەتتىم. بۇ چاغدىكى سەن بولساڭ تەسەۋۋۇرۇمدىكى نۇرلۇق بوشلۇقتا ئەمەس، بەلكى كۆز ئالدىمدىكى مەۋجۇت رېئاللىق قوينىدا ماڭا قاراپ كۈلۈمسىرەپ تۇراتتىڭ.

— يالماۋۇزنى ئۆلتۈرۈپ خىيال سۈرۈپ قاپتىمەن.

— كېيىنچۇ؟

— كېيىن سىنى ئېلىپ رەڭگارەڭ نۇر چېچىلىپ تۇرغان ئۇپۇق ئىچىگە كىرىپ كېتىۋاتقۇدەكمەن.

— بۇ چۆچەكمۇ، كامال؟

— ياق لالە، بۇ ئىككىمىزنىڭ چۆچەك رەڭلىك كەلگۈسى.

— ۋاي ساراڭ...

سەن شۇنداق دەپلا ئاق ۋە يۇمران بارماقلىرىڭدا سەدەپتەك ئاق چىشلار بىلەن تولغان ئاغزىڭنى بوش ئەتكىنىڭچە ۋىلىقلاپ كۈلۈپ كېتەتتىڭ.

شۇنداق لالە. ئۇ چاغدىكى مەن ھەقىقەتەنمۇ بىر سۆيۈملۈك ساراڭ ئىدىم. لېكىن هازىرقى مەن بولسام بىر تۈپ گۈل شېخىغا يۆگىشىپ تۇرغان زەھەرلىك يىلاندەك تېشى پال-پال، ئىچى غال-غال قورقۇنچلۇق ئالۋاستى ئىدىم. سەن بولساڭ مېھرىڭ بىلەن مېنى خۇددى پەرىشتە سۈپىتىدە تەسەۋۋۇر قىلىپ باغرىڭغا باسىسەن. مەن بولسام قورقۇنچلۇق ئالۋاستى شەكلىدە باغرىڭغا كىرىمەن. مەن مۇشۇنداق ئىسسىق ۋە هاياجانلىق تۇيغۇلاردا سەن ھەققىدىكى خىياللارغا غەرق بولىمەن. يادىمغا بولسا سەن بىلەن چۆچەكتىكى ئاشۇ قىز كېلىدۇ. تۇرۇپلا چۆچەكتىكى ئاشۇ قىزنى سىنىڭ زامان-ماكان ئېنىقلىقى ئۆچۈپ كەتكەن قەدىمىي زامان رېئاللىقىدىكى مەۋجۇتلۇقۇڭدەك، ياكى چۆچەكتىكى ئاشۇ قىزنى سىنىڭ نۇرغۇن يىللار كېيىنكى مەۋجۇتلۇقۇڭنىڭ بېشارىتىدەك هېس قىلىپ قالىمەن. ئەمدى ئويلاپ باقسام، چۆچەكتىكى ئۇ يالماۋۇز قانداقتۇر بىر ۋەھشىي هايۋان بولماستىن، بەلكى ۋەھشىي هايۋاندىنمۇ ۋەھشىي بولغان ئىنساننىڭ ئوبرازلاشقان سىمۋولى بولۇشى مۇمكىن ئىكەن. ئېھتىمال ئۇ ۋەھشىي هايۋان ئۇ قىز سۆيگەن ئەردۇر. ئۇ ئەر ئۇ قىزنىڭ ئۆزىگە بولغان مېھىر-ۋاپا، ساداقەت ئەجرىگە خورلۇق بىلەن جاۋاب قايتۇرغان بولۇشى مۇمكىن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئەر ئۇ قىزغا سالغان خورلۇق-كۈلپەتلىرى سەۋەبىدىن يالماۋۇزغا، خورلاش شەكىللىرىنىڭ كۆپلۈكىدىن ۋەھشىي يەتتە باشلىق يالماۋۇزغا تىمسال قىلىنىپ، بىزگە كەلگەندە ئىنسانىي خاراكتېرىنى تولۇق يوقىتىپ ھەقىقىي بىر هايۋان سۈپىتى

دە تەسۋىرلىنىپ كەلگەن بولۇشى مۇمكىن. بۇ
دەل تارىختىن بۇيان بۇ چۆچەكنى سۆزلەپ كەل-
گۈچى ياكى خاتىرىلەپ كەلگۈچىلەرنىڭ
يۈكسەك ئەقىل-پاراسىتىنىڭ، غەزەپ-نەپرىتى-
نىڭ، بەدىئىي دىتىنىڭ مەھسۇلى، خالاس. ناۋادا
مېنىڭ سېنىڭ قەلبىڭدىكى ساختا شەكلىم
پارچە-پارچە بولۇپ كېتىپ قورقۇنچلۇق ھازىر-
قى شەكلىم نامايان بولۇپ قالسا، مېنىڭمۇ
سېنىڭ كۆرۈش سەزگۈڭدىكى ئادىمىيلىك سۈ-
پىتىم خانىۋەيران بولۇپ، ھايۋانىي سۈپىتىم ئور-
نىدىن دەست تۇرۇشى مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن
مەن ھەر ۋاقىت سېنىڭ كۆرۈش سەزگۈڭ ئىچى-
دىكى ساختا سۈپەت ۋە ساختا شەكلىمنى
بۇزماي ئۆز پېتى ساقلاپ قېلىشقا ئېھتىياجلىق.
مەندىكى بۇ ئېھتىياجلىق خۇددى گۆش بىلەن
سۆڭەكنىڭ، قان بىلەن تومۇرنىڭ، تەن بىلەن
روھنىڭ بىرى يەنە بىرىنى زۆرۈر شەرت قىلغى-
نىدەك شەرتلىك مۇناسىۋەتكە بەكمۇ ئوخشايدۇ.
مەن بۇ ساختا شەكلنى يارىتىپ، سېنى ئۆزۈم يا-
راتقان بۇ ساختا شەكىل ئىچىگە سۆرەپ ئەكىر-
گەنىكەنمەن، چوقۇم ئاداققىچە بۇ ساختا شەكىل-
گە سادىق بولۇشۇم كېرەك. ئەگەر ئۇنداق بولماي-
دىكەن مەن بەرداشلىق بېرەلىگەن بۇ ساختا شە-
كىلنىڭ جان قاقشاتقۇچ زەربىسىگە سەن بەرداش-
لىق بېرەلمەيسەن. ئۇ ھالدا سەن ئاشۇ چۆچەكتى-
كى بىچارە قىزنىڭ بۈگۈنكى زامان رېئاللىقىدى-
كى ئۆزۈڭ، ھېلىقى قان شورىغۇچ يەتتە باشلىق
يالماۋۇزنىڭ مەن ئىكەنلىكىمنى شەكسىز ھېس
قىلالىۋالايسەن. بۇنىڭ بىلەن ئىككىمىزنىڭ ئوت-
تۇرىسىدىكى سېھرىي جادۇ تاماملىنىدۇ-دە، سەن
تىرىك تۇرۇپ ئۆلۈپ دوزاخ ئازابىنى تارتىسەن.
كۆز نۇرۇڭ بىر كېچىدىلا ئېقىپ تۈگەپ، قويۇق
بوستان چاچلىرىڭ سەھەر كۆۋرۈكىدىن ئۆتمەي
تۇرۇپلا كۈلدەك چارلىشىپ كېتىدۇ. ئارقىدىنلا
سەن ئۆزۈڭنىڭ مەن بىلەن ئۆيۈقتىكى نۇر چې-
چىلىپ تۇرغان رەڭدار بوشلۇقىدا ئەمەس، بەلكى
قات-قېتى ئوت تىلىدىن پۈتكەن، ئىچىدە شەلۋە-
رەپ تۇرغان قان-يىرىڭلىق جاراھەتتىن بۆلەك
ھېچنېمە يوق كۈلپەت بوشلۇقىغا پەرۋاز قىلىپ
كېتىۋاتقانلىقىڭنى ھېس قىلىسەن. قاپقارا قوي
كۆزلىرىڭ-بولسا «ئۆلۈم» دېگەن قاپقارا نۇردىن
بۆلەك ھېچنېمىنى كۆرمەيدۇ. بۇ چاغدا سەن
ئۆلۈم گۈللىرىنىڭ قورشاۋىغا چۈشۈپ بولغان
بولىسەن. «ئۆلۈم» دېگەندىن ئىبارەت بۇ مەزمۇنى-
دىن تارتىپ شەكلىگىچە، ئاستىدىن-ئۈستىگى-
چە، تېشىدىن-ئىچىگىچە قورقۇنچ تۇيغۇلىرى
بىلەن زىنننەتلەنگەن سۆزنى سېنىڭ ياپيېشىل
ھايات ياپراقلىرىڭغا باشقا بىر ئادەم ئەمەس، دەل
ئۆزۈڭ بارلىق مېھرىڭ بىلەن سۆيگەن بىر ئادەم
چىرايلىق ھۆسنخەتچىلەپ يېزىپ قويغانىدى.
بۇ خەتنىڭ شەكلى مەيلى قانچىلىك كۆركەم،
رەڭدار بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ ئۆز ئىچىگە
ئالغان مەزمۇن شۇ قەدەر ۋەھىمىلىك ئىدى.
لېكىن سېنىڭ بۇ خەتنى ئوقۇش جەريانىڭ
ئۈمىد جەريانى ئىدى. سەن ئەزەلدىن شەكلى چى-
رايلىق بۇ خەتنىڭ مەزمۇنىدىن گۇمان قىلىپ
باقمىغانىدىڭ. چۈنكى مەن سەن ئۈچۈن مۇكەم-
مەل ئىشەنچ ئىدىم. مەن سەندىكى بۇ ئىشەنچ
مۇنارىنى قانداق قىلىپ بۇ قەدەر مۇكەممەل بىنا
قىلغانلىقىمدىنمۇ ھەيران قالاتتىم. لېكىن ھەر
قېتىم چاقناپ تۇرغان قاپقارا قوي كۆزلىرىڭگە
تىكىلگىنىمدە، روھ قۇشۇم تەن قەپىسىمدە يەر
بىلەن يەكسان بولاتتى. پەيلىرى تۇزغاقتەك
تۇزۇپ، كۆزلىرىدىن تارام-تارام قان دەرياسى لۆ-
مۈلدەپ ئاقاتتى. مەن بولسام شەكىل ئۆزگەرتىپ
ئۆزۈم قەدىرلەپ سۆيگەن بىر قىزنىڭ تومۇرىدى-
كى ئىسسىق، قىزىل قېنىنى شورىۋاتقان يەتتە
باشلىق يالماۋۇزغا ئايلىنىپ، كىمدۇر بىرىنىڭ
ئاتلىق كېلىپ مېنى ئۆلتۈرۈۋېتىشىنى كۈتەت-
تىم. لېكىن مەندىن ئىبارەت بۇ يەتتە باشلىق يال-
ماۋۇزنى قەتلى قىلغۇدەك ئۆزۈمدىن بۆلەك يەنە
بىر تىرىك جان مەۋجۇت ئەمەس ئىدى. چۈنكى
مېنىڭ مەۋجۇت رېئاللىقتىكى ھاياتىم مىسالى
بىر تور بولسا، مەن بۇ تورنى تولىمۇ ئەستاي-
دىل، تولىمۇ پۇختا رەۋىشتە توقۇپ چىققانىدىم —
بۇ تور ئىچىدە ياشاش مەن ئۈچۈن قانچىلىك ئا-
زابلىق بولسا بۇ توردىن ئازاد بولۇش ئۇنىڭدىنمۇ
قورقۇنچلۇق ئىدى. ناۋادا مەن بۇ تورنى بۇزۇپ





www.uyghurkitap.com

تاشلىسامىلا بىر پۈتۈن جەمئىيەت تەرىپىدىن خۇددى بىر سېۋەت ئەخلەتتەك تاشلىنىپ كېتىشىم مۇقەررەر ئىدى. بۇنىڭ بىلەن سېنىڭ قەلب قەسرەڭدىكى يارقىن ئوبرازىم كاۋا پېلىكىدەك قۇرۇپ، گۆشى يوق قۇرۇق ئىسكىلىت جازىسىغا ئايلىنىپ قالاتتى. ئەمەلىيەتتە مېنىڭ بۇ قاباھەتلىك رېئاللىقنى كۆرگۈم يوق ئىدى. بۇ قاباھەتلىك رېئاللىقنى قوبۇل قىلىش مەن ئۈچۈن ئۆزۈمنىڭ ئەڭ پاجىئەلىك ھالاكىتىمنى قوبۇل قىلىشتىنمۇ مۇشكۈل ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن ئۆز ئىرادەمدە ئاشۇ تور ئىچىدە داۋاملىق ياشاۋېرىشكە نىيەت قىلدىم. شۇنداق بولسىمۇ تەن چۆلۈمنىڭ يىراق باياۋانىدىكى روھىيەت بوشلۇقۇمدا كۈچلۈك بىر قارا بوران ۋەھىمىلىك ھۇۋلايتتى. مېنىڭ يەككە ئىبگىلىكتىكى ئاڭ قاتلىمىمدا يەر شارىنىڭ تەنھالىقى، ئىنسانىيەتنىڭ غېرىبلىقى تېنىم بىلەن قوشۇلۇپ روھىيەت بوشلۇقۇمدىكى ئاشۇ قارا بورانغا يەم بولاتتى. پەقەت سېنىڭ بىر جۈپ قاپقارا قوي كۆزۈڭلا زۇلمەتنىڭ يىراق بىر بۇرجىكىدىكى سۇزۇك ۋە يېشىل بىر بوشلۇقتا ماڭا قاراپ نۇرلۇق يۇلتۇزدەك چاقناپ تۇراتتى. ماڭا مەنسۇپ بولغان بۇ تەن ۋە روھىمدىكى بەرباتلىق خۇددى بىر بۆلەك ئېقىن سۈيى بولۇپ، زۇلمەت قاراڭغۇلۇق ئىچىدىكى قورقۇنچلۇق بوشلۇقتىن نۇر مەرۋايىتلىرى خىرۇستالدەك يالتىراپ تۇرغان سۇزۇك ۋە يېشىل بوشلۇقۇڭغا قاراپ يېقىملىق شىلدىرلاپ ئاقاتتى. ئەمەلىيەتتە سېنىڭ ئۇ سۇزۇك ۋە يېشىل بوشلۇقۇڭغا قاراپ يېقىملىق شىلدىرلاپ ئېقىۋاتقان بۇ نەرسە سېنى ئاستا-ئاستا نابۇت قىلىۋاتقان ھالاكەت ئىدى، لالە. مەن ئۆز رېئاللىقىمدا لالە ئىسىملىك بىر پەرىزاتنى سۆيگىنىم بىلەن، سەن ئۆز رېئاللىقىڭدا كامال ئىسىملىك بىر ئالۋاستىنى سۆيگەن ئىدىڭ. ھەتتا سەن بۇ ئالۋاستىنى ئۆز تەسەۋۋۇرۇڭدا پەرىشتە سۈپىتىدە ھېس قىلىسەنۇ، لېكىن بۇ پەرىشتىنىڭ ئاغزى-بۇرنىنىڭ سېنىڭ ئىسسىق، قىزىل قان شەربەتلىرىڭ بىلەن بويالغان قارا پەرىشتە ئىكەنلىكىنى خىيال ۋاداڭدا ياكى پەرەز ئېكىنزارلىـ

قىڭدا ئەسلا كۆكلەتمەيسەن. ئەمما مەن ھامان قارا قانىتىم بىلەن سېنىڭ ھايات شاخلىرىڭدىن ئۈمىد مېۋىلىرىڭنى قاقىمەن. قارا رەڭلىك يېقىملىق ئاۋازىمدا سېنىڭ ۋاقىت ئۆلچىمىدىن بۇرۇن گۈگۈمدەك لەيلەپ يېتىپ كېلىۋاتقان ھالاكىتىڭنى كۈيلەپ سايرايمەن. قارا قەلبىم بىلەن سېنىڭ روھ تېمىڭغا بىر سىقىم لايدەك چاپلىشىمەن. «ئۆلۈم» دېگەن خەت يېزىلغان بارماقلىرىم بىلەن بوستان چاچلىرىڭنى تاراپ، يۈزلىرىڭنى سىلايمەن. ئىسسىق نەپەسلىرىم بىلەن سېنىڭ روھىي قۇۋۋىتىڭنى ھۇزۇر بىلەن شورايمەن. ھايات تۇغرىقىڭنىڭ ئۆمۈر يىلتىزىنى قۇرتتەك ئاۋايلاپ يەيمەن. مېنىڭ بۇ ھەرىكەتلىرىم تاكى سېنىڭ روھ قۇشۇڭ تەن قەسرىڭدىن پەرۋاز قىلىپ چىقىپ كەتكىچە داۋاملىشىشى مۇمكىن.

قەدىرلىك لالە، مەن مۇشۇنداق قارا قىسمەت ئىچىدە تۇرۇپ ئۆزۈمنىڭ قارا پەرىشتىگە، ئالۋاستىغا، يالماۋۇزغا ئايلىنىپ كېتىشتىن بۇرۇنقى بۇلاق سۈيىدەك پاك ۋە سۇزۇك دەۋرىمنى ئەسلەيمەن. ئۇ چاغلاردا ھەر ئىككىمىز قەلبى گۈزەل ئارزۇ-ئارمانلار، شېرىن ئەسلىمە گۈللىرى بىلەن كۆركەم بېزەلگەن 18 ياشلاردىكى باللار ئىدۇق. بۇرۇتلارنىڭ خەت تارتىپ قېلىشى، قىزلىق زىنىخلارنىڭ پەيدا بولۇپ قېلىشى بىزنىڭ بىر ھالەتتىن يەنە بىر ھالەتكە ئۆتۈۋاتقانلىقىمىزدىن ئۈنسىز بېشارەت بېرەتتى. ھەر ئىككىلىمىزنىڭ ئۆيى شەھەردىن يىراقتىكى ناھىيىدە بولۇپ، ھەر ئىككىمىز ناھىيە مەركىزىدىكى توپا تاملىق كونا مەكتەپنىڭ يۈزلىرى يېرىق، ئادەم ئولتۇرۇپ بولغىچە مىدىرلاپ يېقىمسىز ئاۋازدا غىچىرلاپ كېتىدىغان، جىگەررەڭ سىرلىرى ئۆڭۈپ كەتكەن ياغاچ پارتا-ئورۇندۇقلۇق سىنىپىدىكى ساۋاقداشلاردىن ئىدۇق. ئۆيىمىز بولسا ئارا تام قوشنا ئىدى. مەن ئېسىمنى بىلسەم سەن بىلەن بىللە ئويناپ چوڭ بولۇۋاتقانىكەنمەن. سەن شۇنداق ياۋاش قىز ئىدىڭ. ئۆيۈڭنىڭ بارلىق ئىشلىرىنى ھاردىم-تالدىم دېمەي قىلاتتىڭ، سەھەرلەردە مەن بىلەن بىللە ماللارغا

ئوت ئەكېلەتتىڭ. شۇنداقتىمۇ قاپىقىدىن مۇز
يېغىپ تۇرىدىغان سۇرۇن تەلەت داداڭنىڭ ساڭا
بۇزۇق كانايدەك كاركىراپ ۋارقىراشلىرى، سېنى
شۇمدىن شۇمغا سېلىپ تىللاپ ئۇرۇشلىرىنى
پات-پات ئاڭلاپ، كۆرۈپ قالاتتىم. ئاپام: «قىز بالا
دېگەنگە ئانا تەربىيە قىلىدۇ. دادا بولغۇچى قىز با-
لىنى تىللاپ-ئۇرۇپ يۈرسە قىز بالا بەختسىز
بولۇپ قالىدۇ» دەيتتى. شۇڭا ھەر قېتىم سەن دا-
داڭدىن ئازار يېگەن ۋاقتىڭدا ئاپامنىڭ شۇ گەپلە-
رى قۇلاق تۈۋۈمدە جاراڭلاپ كېتەتتى ۋە سېنى-
مۇ كەلگۈسىدە بەختسىز بولۇپ قالارمۇ؟ دەپ
ئويلاپ كېتەتتىم. بۇنداق چاغلاردا سەن مەھەللە
كوچىسىنىڭ ئارقىسىدىكى ئەمدىلەتىن بالا بويى
بولۇپ ئۆسكەن قويۇق، دىمىق قوناقلىق بويىدا
ئۇزاقتىن - ئۇزاق مۆڭلىنىپ ئولتۇرۇپ كېتەت-
تىڭ. گاھىدا يۈز قىسمىڭدا، گاھىدا بويۇن ياكى
بىلەكلىرىڭدە پەيدا بولۇپ قالىدىغان توق قىزىل
رەڭلىك تاياق ئىزلىرى ماڭا خۇددى سېنى چېقى-
ۋاتقان زەھەرلىك يىلاندەك، ياكى قان ئىچىدە سو-
زۇلۇپ ياتقان سۇرۇن تەلەت داداڭنىڭ غەزەپتىن
قىزىرىپ كەتكەن ئىككى كۆزىدەك كۆرۈنۈپ
كېتەتتى. بالىلىق خىياللىرىمدا بولسا ئۇ زەھەر-
لىك يىلاننى كۆك چىۋىق بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈ-
ۋەتكۈم، داداڭنى قانداقتۇر بىر سېھىر - ئەپسۇن
بىلەن ساڭا زۇلۇم سالالماس قىلىپ قويغۇم
كېلىپ كېتەتتى. راستىنى دېسەم، ساڭا بەكمۇ
ئىچىم ئاغرىيتتى. تاياق ئىزى قېتىپ قالغان يۈز-
بەدەن، بويۇن-بىلەكلىرىڭدىكى توق قىزىل
رەڭلىك جاراھەتلەرگە قاراپ كىچىككىنە تېنىڭ-
دىكى بىر ئوتلام تاتلىق جېنىڭنىڭ قانچىلىك
بىئارام بولۇۋاتقانلىقىنى غۇۋا تەسەۋۋۇر قىلاتتىم.
سەن بولساڭ خۇددى روھىڭ تېنىڭدىن ئۇچۇپ
چىقىپ كەتكەندەك ئۈنسىز ئولتۇراتتىڭ.
ــ سېنى يەنە ئۇردىمۇ، لالە؟
يېنىڭغا كېلىپ بوش، ئەمما سەمىمي ئاۋاز-
دا سەندىن سورايتتىم. ئۇ چاغلاردا جاراڭلاپ چى-
قىدىغان ئاۋازىمنىڭ نېمىشقا بوش چىقىپ قال-
دىغانلىقىنى ئەسلا بىلمەيتتىم. سەن ئىككى تى-
زىڭنى قۇچاقلاپ تۇرغان بىلەكلىرىڭدە ماغدۇر-
سىز ياتقان بېشىڭنى ئاستا كۆتۈرۈپ، سوئالىم-
غا جاۋاب بەرمەستىن سۇسلا كۈلۈمسىرەپ قو-
ياتتىڭ. كۆزۈم لېۋىڭدىكى ئاشۇ سۇس كۈلكە
بىلەن قوشۇپ ئىككى كۆزۈڭنىڭ سۈزۈك كۆك-
سىدە لىغىلداپ تۇرغان ياش تۇمانلىرىنى بىرگە
كۆرۈپ ئۈلگۈرەتتى. سەن مېنىڭ سورىغان سوئا-
لىمغا ئاشۇنداق سۇس كۈلكە بىلەن جاۋاب
بېرىپ بولغاندىن كېيىن بېشىڭنى يەنە قايتا
ئىككى تىزىڭنى قۇچاقلاپ تۇرغان بىلىكىڭگە
ئاستا قويۇپ، ئۇزاقتىن - ئۇزاق سۈكۈتكە
چۆمۈپ نېمىلەرنىدۇر خىيال قىلىپ كېتەتتىڭ.
بۇ چاغدىكى سەن خۇددى بىر پارچە چىرايلىق
تاشقا ئايلىنىسەنكى، بالا بويى ئۆسكەن قوناق
شاخلىرىنىڭ شىلدىرلىغان ئاۋازىمۇ، تومۇزغا-
چېكەتكىلەرنىڭ بىر-بىرىگە ئۇلاپ يېقىمسىز
سايراشلىرىمۇ سېنىڭ ئۇزاقتىن-ئۇزاققا سوزۇلى-
دىغان سۈكۈتۈڭگە دەخلى قىلالمايتتى. مەن
بولسام ئالدىمدىكى سەندىن ئىبارەت بۇ كىچىك-
كىنە چىرايلىق تاشقا قاراپ ئىچ ئاغرىقى تارتقان
ھالدا كۆزلىرىمنى چىمىلداتقىنىمچە تۇرۇپ
قالاتتىم. سەن بولساڭ يېتىم قوزىدەك بويۇن
قىسىپ ئولتۇراتتىڭ. خۇددى بىز ئوقۇغان چۆ-
چەكلەر ئىچىدىكى يەنە بىر چۆچەكتە يىرتقۇچ
بۆرە ئوماق، گۇناھسىز قوزىچاقنى يېيىش مەق-
سىتىگە يېتىش ئۈچۈن تۈتامى يوق سەۋەبلەرنى
ئاق يەردىنلا تاپقاندەك، سۇرۇن تەلەت داداڭمۇ
ساڭا زۇلۇم قىلىش ئۈچۈن تۈكى يوق سەۋەبلەر-
نى تېپىشقا ھەر ۋاقىت تەييار ئىدى. مەن بالىلىق
خىياللىرىمدا ئۇ سۇرۇن تەلەت داداڭنى ساڭا
زۇلۇم قىلمىسا خاتىرجەم يۈرەلمەمدىغاندۇر،
دەپمۇ ئويلاپ قالاتتىم. لېكىن سەن كۆزلىرىڭ-
نىڭ سۈزۈك كۆكسىدە لىغىلداپ تۇرغان ياشلار-
نى زادىلا كۆز قارىچۇقۇڭنىڭ سىرتىغا چىقار-
مايتتىڭ. ئەكسىچە ئۇ مەرۋايىتتەك سۈزۈك ياش
تامچىلىرىنى كۆز زېمىنىڭدىكى مۇنبەت تۇپراق
باغرىغا سىڭدۈرۈپ تاشلايتتىڭ. دەۋرەپ تۇرغان
كۆز ياشلىرىڭغا تۇغان سېلىش سېنىڭ ئىلكىڭ-
دىكى ئەڭ گۈزەل سەنئەت ئىدى. مەن كۆپ ھال-
لاردا چوڭلار بالىلارنى نېمىشقا ئۇرىدىغاندۇر

دەپ ئويلايتتىم. لېكىن بالىلىقتىكى گۆدەك، ساددا تەپەككۇرۇم بىلەن ئۆزۈمنىڭ سوئالىغا ئۆزۈم جاۋاب تاپالمايتتىم. كىچىككىنە مېڭەم بولسا مانا مۇشۇنداق جاۋابى يوق سوئاللار بىلەن ئاشلىق بېسىلغان ئامباردەك توشۇپ كېتەتتى.

ــ كامال، سەن تاياق يەپ باققانمۇ؟

سەن تىزىڭنى مەھكەم قۇچاقلاپ تۇرغان يۇمشاق ۋە ئاق بىلەكلىرىڭ ئۈستىدە ماغدۇرسىز ھالەتتە ياتقان بېشىڭنى كۆتۈرمەيلا سوراپ قالدىڭ. ئاۋازىڭ ئۇزاق يىل ئېغىر كېسەل تارتىپ ماغدۇرى قالمىغان ئادەمنىڭ ئاۋازىدەك تىترەڭگۈ ۋە جانسىز بولۇپ، ھەسرەت تۇمانلىرى لەيلەپ تۇرغان بىر جۈپ قاپقارا قوي كۆزلىرىڭ نامەلۇم بىر خىيال شولىلىرى ئىچىدە نەگىدۇر بىر يەرگە ئىپادىسىزلا تىكىلىپ قالغانىدى.

سېنىڭ تولىمۇ ئاددىي، بىراق بالىلىق جاراھەت ئىزلىرى بىلەن كۆل سۈيىدەك داۋالغۇپ تۇرغان قەلب قەسرەڭدىن كۆزىدىكى دەرەخ شىخىدىن ئۈزۈپ چۈشۈۋاتقان سارغۇچ ياپراقتەك لەيلەپ چىققان سوئالىڭ گوياكى يېلىنجاپ كۆيۇۋاتقان بىر پارچە قىزىل چوغدەك يۈرەك ـ باغرىمنى ۋاژىلدىتىپ كۆيدۈرۈپ، ئاۋازىڭ قۇلاق تۈۋۈمدە دەھشەتلىك گۈلدۈرمامىدەك گۈلدۈرلەپ ئۆتتى. كاللام بولسا ھاياتلىق كۆرۈنۈشى مەۋجۇت بولمىغان ئۆلۈك چۆللۈكتەك قۇپقۇرۇق ھەم جىمجىت ئىدى. بۇ قۇپقۇرۇق ئۆلۈك چۆللۈكتە ھەتتا بىر تىنىق ھاۋامۇ مەۋجۇت ئەمەس ئىدى. لېكىن بۇ ھاياتلىق كۆرۈنۈشى مەۋجۇت بولمىغان چۆللۈكنىڭ چەكسىز كەتكەن تۆت بۇلۇڭىدىن سېنىڭ ئاۋازىڭ خۇددى غايىبتىن كېلىۋاتقاندەك ئۈزۈلمەي ياڭراپ تۇراتتى. مەن بولسام بۇ ھەسرەتلىك ئاۋازنىڭ تاۋۇش مەركىزىدە كۆز يەتكۈسىز يىراق كۆككە قاراپ خۇددى شامال چاقپەلىكىدەك توختاۋسىز پىرقىرايتتىم. پۈتۈن چۆل، پۈتۈن ئاسمان باش ئۈستۈمدە نۇر چېچىپ يېلىنجاپ تۇرغان قۇياش بىلەن قوشۇلۇپ چۆرگىلەيتتى. مەن ئىچىمنىڭ قىزىپ، كالپۇكلىرىمنىڭ قۇرۇپ گەز باغلاۋاتقانلىقىنى، ئۇچۇق چىققاندەك تىكەنلىشىپ كەتكەن تىلىمـ

دىن ئىبارەت بىر پارچە يۇمشاق، ئىسسىق، نەم گۆش پارچىسىنىڭ تاڭلىيىمغا چاپلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلاتتىم. بوغۇزۇمدا يارىلانغان ئاھۇنىڭ نىداسىدەك ئاچچىق بىر يىغا ئىپسەدەيتتى. بۇغدىيىكىم توختىماي لىكىلداپ، كېكىردىكىمدىكى غۇرتۇلدىغان ئاۋاز ئۆزۈمگە ئېنىقلا ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

قوناقلىقتىن قوناق ياپراقلىرىنىڭ شىلدىرلىغان ئاۋازى ئۈزۈلمەي كېلىپ تۇراتتى. ياز ئېيىنىڭ دىمىق ھاۋاسى كۆڭۈلنى بىئارام قىلاتتى. چېكەتكىلەرنىڭ يېقىمسىز ئاۋازدا چىرىلداشلىرى يەنىلا ئىلگىرىكىدەك مېڭىنىڭ نەق ئوتتۇرىسىغا يوتقان يىڭنىسىنىڭ ئۇچىدەك گىرتىلداپ سانجىلاتتى. كۆز ئالدىمدا بولسا نېمە ئويلاۋاتقانلىقىنى ئىپادىسىز كۆزىدىن بىلگىلى بولمايدىغان لالە ئىسىملىك سەندىن ئىبارەت چىرايلىق بىر تاش جىمجىت ئولتۇراتتى. لېكىن كۆز ئالدىمدا جىمجىت ئولتۇرغان بۇ چىرايلىق تاشنىڭ قەلب چوڭقۇرلۇقىدا، يۈرەك باياۋانىدا، روھىيەت بوشلۇقلىرىدا مىسكىنلىكنىڭ گۈللىرى پورەكلەپ ئېچىلىپ كەتكەنىدى. بوغۇزۇمغا لىققىدە قاپلىشىپ قالغان قىرتاق بىر چاپلىشاڭغۇ سۈيۇقلۇقنىڭ تەسىرىدىن دىماغلىرىم ئېچىشاتتى.

ــ لالە...

ئاۋازىم پەيلىرى تورۇغان قۇشتەك ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى دىمىق بوشلۇقتا لەيلەپ قالدى. سەن گەۋدەڭدە جاندىن ئەسەرمۇ قالمىغاندەك بېشىڭنى كۆتۈرمەيلا كۆز قۇيرۇقۇڭدا ماڭا ئىپادىسىز قارىدىڭ. كۆز ئەكسىڭدە تۇمان چاڭلىرىدەك لەيلەپ تۇرغان بىر قەۋەت ھەسرەت شولىلىرى سېنى تولىمۇ بىر بىچارە ھالەتتە نامايان قىلىپ تۇراتتى. سېنىڭ بۇ بىچارە ھالىتىڭ يىرتقۇچ بۆرە ئالدىدا بويۇن قىسىپ تۇرغان قوزىچاقنىڭ ھالىتىگە بەكمۇ ئوخشايتتى. ئوماق قوزىچاق ئۈچۈن سۇ شىلدىرلاپ كۆز يېشى قىلغان بولسا، سەن ئۈچۈن قېلىن ۋە دىمىق قوناقلىق شالدىرلاپ تۇرۇپ كۆز يېشى قىلىۋاتاتتى.

— گەپ قىلغىن كامال.

ھەسرەتلىك ئاۋازىڭ ماڭا بەكمۇ يىراقتىن — يەرنىڭ ئەڭ قاراڭغۇ تېگىدىن ياكى ئاسماننىڭ ئەڭ ئۈستۈنكى قاتلىمىدىن كېلىۋاتقاندەك تۇيۇلدى.

— نېمە دەيمەن؟

— بىلمەيمەن كامال، سوئالىمغا جاۋاب بەرمىسەڭمۇ بولىدۇ.

— سەندىن بىر گەپنى سورىسام بولامدۇ، لاله؟

— قېنى سورىدىن.

— ساڭا داداڭ نېمىشقا بۇنداق ئۆچ، لاله؟

ئۇزاقتىن بۇيان سەندىن سورىيالماي يۇمشاق تىللىرى بىلەن ئىچىمنى تىنىمسىز يەۋاتقان بۇ سوئالنى بۈگۈن ئاخىر سورىدىم. سوراپ بولۇپلا سەندىن سوراشقا تېگىشلىك بولمىغان بىر سوئالنى سوراپ سالغاندىمەنمۇ، دېگەن خىيال مېڭەمدە چېڭقىچۇشتىكى ئالۋۇندەك پەيدا بولۇۋىدى، ئۆزۈمنى قۇيۇن ئىچىدە قالغاندەك ھېس قىلىپ تىترەپ كەتتىم. چۈنكى مېنىڭ بۇ سوئالىم سوراشقا تېگىشلىك بولمىغان سوئال بولۇپ، سېنىڭ ھەسرەت ئىچىدە نالە قىلىپ ئىڭراۋاتقان جاراھەتلىك قەلبىڭگە تۇز سۈيى بولۇپ قۇيۇلسا، مەن خۇددى ئوت ئۈستىگە ياغ چاچقاندەكلا بولۇپ قالاتتىم.

كۆزۈم سەندە ئىدى. سەن گوياكى مېنىڭ ئاۋازىمنى ئاڭلىمىغاندەك ئىپادىسىزلا ئولتۇراتتىڭ. ئېھتىمال مەنمۇ باياتىن سېنىڭ سوئالىڭغا جاۋاب بېرىشكە ئامالسىز قالغاندەك سەنمۇ مېنىڭ سوئالىمغا جاۋاب بېرىشكە ئامالسىز قالغانسەن، ياكى جاۋاب بېرىشنى بىر قېتىملىق ئەھمىيەتسىز ئاۋاز چىقىرىش جەريانى دەپ قارىغانسەن. چۈنكى كۆپ ھاللاردا بىر ئادەمگە مۇھىم بولغان مەلۇم بىر ئىش-ھەرىكەت ياكى ئوي-پىكىر يەنە بىر ئادەم ئۈچۈن قىممەتسىز بولۇپ قالاتتى.

ئارىدىن بىر ئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن سېنىڭ ماڭا تونۇش ئاۋازىڭ ئاقىرىپ، قۇرۇپ كەتكەن لەۋلىرىڭ ئارىسىدىن تومۇز ئايلىرىنىڭ كۆچسىز شامىلىدەك لەيلەپ چىقىپ، قۇلاق پەردەمگە نېپىز بىر قەۋەت شايىدەك يۇمشاقلىقىدا ئورۇلدى.

— ساڭا چوقۇم دەپ بېرىمەنمۇ كامال؟

— ناۋادا قولايسىزلىق ھېس قىلمىساڭ.

— ئەمەلىيەتتە...

شۇنداق دەپلا سۆزدىن توختاپ قالدىڭ. مەن قوشۇپ قويدۇم:

— ئەمەلىيەتتە سېنىڭ بۇ ھەقتە ماڭا بىر نېمە دېگۈڭ يوق ئىدى، شۇنداقمۇ؟

— ياق، مەن ئۇنداق دېمەكچى ئەمەس.

— ئەمىسە مەن خاتا ھېس قىلىپ قاپتىمەن.

— ئەمەلىيەتتە سەن بىلمەيسەن كامال، بۇ ئادەم مېنىڭ دادام ئەمەس !

ماڭا بەرگەن جاۋابىڭدىن ھەيرانلا قالدىم. بۇ ئاۋاز ماڭا سەندىن ئەمەس، بەلكى سەن بىلەن مۇناسىۋىتى يوق باشقا بوشلۇقتىن كەلگەندەك تۇيۇلۇپ كەتتى. ئارقىدىنلا ئۆزۈمنىڭ ئاڭلاش سەزگۈسىگە بولغان گۇمانىم پەيدا بولدى. بۇ چاغدا سېنىڭ يۇمشاق ئاۋازىڭ ئاڭلاش سەزگۈم دائىرىسىدە يەنە پەيدا بولدى.

— بۇ راست، كامال. بۇ ئادەم بىلەن مېنىڭ ھېچقانداق قانداشلىق مۇناسىۋىتىم يوق. شۇڭا ئۇ ئادەمنىڭ قەلبىدە ماڭا قىلچىمۇ ئاتىلىق مېھرى يوق. مەن بولسام بۇ ئادەمگە ئارتىلىپ قالغان بىر تاغار كېرەكسىز يۈكمەن، خالاس.

— نېمىلەرنى دەۋاتىسەن لالە، بەك چارچاپ كەتتىڭمۇ نېمە؟

كۆز ئالدىمدىكى سەندىن ئىبارەت چىرايلىق تاشتىن چىققان بۇ غەلىتە ئاۋازلار مېنى ھەيرانلىق دەشتىدە سەرسان قىلماقتا ئىدى. مەن سېنى خۇددى ماڭا يالغان گەپ قىلىۋاتقاندەك، ياكى ئۆزۈڭمۇ بىلمەي بىرنېمىلەرنى دەپ كېتىۋاتقاندەك ئويلاپ قالماقتا ئىدىم.

— ياق، كامال، — سەن يۇمشاق ئاۋازدا سۆزۈڭنى داۋاملاشتۇردۇڭ، — مەن چارچاپ ھارغان، شۇڭا ئەمدى چارچىمايمەن. لېكىن مېنىڭ سۆزۈم ساڭا بىنورمال تۇيۇلغان بولۇشى مۇمكىن.

uyghurkitap.com

ــ مەن بۇلارنى پەقەت ئويلاپ باقماپتىكەنـ
ـمەن، ئەمىسە...
ــ ئەمىسە سىنىڭ بۇ ئادەم بىلەن نېمە مۇناـ
ـسىۋىتىڭ بار، ئۆزۈڭنىڭ دادىسى كىم بولىدۇ،
دەپ سورىماقچىمۇ كامال؟
ــ ھەئە.

ئاۋازىم بەكلا بوش چىقتى. چۈنكى سەن مەن
سەندىن سوراشقا پېتىنالمىغان يەنە بىر سوئالنى
ئۆزۈڭ سورىغان ئىدىڭ.

ــ ئۇ ئۆلۈپ كەتكەن.

نەپەس ئېلىشلىرىڭنىڭ ئىتتىكلەپ كەتكەنـ
ـلىكىنى روشەن ھېس قىلدىم. ئېھتىمال شۇ تاپتا
ئاچچىق بىر يىغا يۈرىكىڭنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتـ
ـلاملىرىدا يامغۇردەك تۆكۈلۈپ كەتكەندۇر.
گەرچە سەن ئۇنى ھېچكىمگە كۆرسەتمىسەڭمۇ
شۇ تاپتا مەن ئۇنى ئېنىق ھېس قىلىۋاتاتتىم.

ــ كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما، لالە.

ــ ماڭا ئىچىڭ ئاغرىۋاتامدۇ؟

نېمىدەپ جاۋاب بېرىشنى بىلمەي تۇرۇپ
قالدىم. زۇۋانىم بۇ ئارىلىقتا ئېغىز بوشلۇقۇمدىن
چىقىدىغاندەكمۇ قىلمايتتى. ئارىدىكى زىمىسـ
ـتان قىشتەك ئېغىر سۈكۈتنى يەنە ئۆزۈڭ
بۇزدۇڭ:

ــ دادام مەن بەش ياش ۋاقتىمدا قاتناش ھادىـ
ـسىسىدە ئۆلۈپ كەتكەن.

ــ دېمەك داداڭ شوپۇر كەندە؟

ــ ياق، ئوقۇتقۇچى ئىدى. بىز دادام قاتناش
ھادىسىسىدە ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن بۇ يۇرتقا
كۆچۈپ كەلگەنكەنمىز. شوپۇرنىڭ كىملىكىـ
ـنى بىلەمسەن كامال؟

ــ ياق.

ــ ئۇ شوپۇر... دەل مۇشۇ ئادەم!

ــ بۇ قانداق گەپ بولۇپ كەتتى ئەمدى، مەن
سىنىڭ زادى نېمىلەرنى دەۋاتقانلىقىڭنى راستىلا
ئاڭقىرالماي قالدىم، لالە.

ــ ئۇ چاغلاردا دادام يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپـ
ـتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلاتتى. ھازىرقى ئۆگەي دادام
بولسا تەمىنات ـ سودا كوپىراتىپىنىڭ شوپۇرى
ئىكەن. ئېسىمدە غۇۋا قېلىشىچە، ئۇزاق يىللار

ئىلگىرىكى قىشنىڭ بىر كۈنىسى لىقىدە
كۆمۈر بېسىلغان بىر ماشىنا يولدىن چىقىپ
كېتىپ دادامنى سوقۇۋەتكەن. مەن ھازىر پەقەت
مونەك ـ مونەك قان ئۇيۇتمىلىرى بىلەن دادامنىڭ
قانغا بويالغان قار ئۈستىدە جىمجىت ياتقان ھالىـ
ـتىنىلا غۇۋا ئەسلىيەلەيمەن. دادامنى سوقۇۋەتكەن
ماشىنىنىڭ شوپۇرى خۇدادىن قورققانمۇ، ياكى
ھۆكۈمەتتىن قورققانمۇ پۈتۈن مەسئۇلىيەتنى
ئۆز ئۈستىگە ئالدى. ئۇ ئالاقىدار ئورۇنلارنىڭ بۇ
قاتناش ۋەقەسى ھەققىدىكى بارلىق شەرتلىرىنى
شەرتسىز ئورۇنلاشقا ماقۇل بولدى. ئاپامدىن ئۆـ
ـزىنى ئەپۇ قىلىشىنى، بۇنىڭ بىر قېتىملىق تاساـ
ـدىپىي ھادىسە ئىكەنلىكىنى، بىزگە ئۆزىنىڭ
چوقۇم ئىگە بولىدىغانلىقىنى قايتا ـ قايتا دەپ، ئاـ
ـپامنىڭ كۆزىدىكى غەزەپ نۇرلىرىنى يۇلتۇزلارـ
ـنىڭ سەھەردىكى نۇرىدەك ئاۋۋال سۇسلاشتۇرۇپ
ئارقىدىن ئۆچۈرۈپ تاشلىدى. دادامنىڭ قىرىق نەـ
ـزىرىسى بېرىلىپ بولغاندىن كېيىن ماشىنىنىڭ
شوپۇرى ئاپام بىلەن مېنىڭ ھالىمدىن بىر ئۆمۈر
خەۋەر ئېلىپ دادامنىڭ روھىنى ئەمىن تاپقۇزۇش
مەقسىتىدە ئاپامغا چوڭلاردىن بىر قانچىنى ئەلـ
ـچىلىككە قويۇپتۇ. چوڭلارنىڭ نەسىھەت بىلەن
ئارىغا چۈشۈشى، شوپۇرنىڭ سەمىمىي ۋە گۇناھـ
ـكارلارچە ئۆتۈنۈشى نەتىجىسىدە ئاپام ئاخىر تەقـ
ـدىرگە تەن بېرىپ شوپۇرنىڭ تەلىپىگە ماقۇلـ
ـلۇق بىلدۈرۈپتۇ. چۈنكى دادامدىن ئايرىلىپ
قالغان بىز ئىككى جاننىڭ باشقا چىقىش يولى
بولمىغاچقا، ئاپام تولىمۇ ئامالسىز قالغانىدى.
ئاپام زىلۋا بويلۇق، تېرىسى قاردەك ئاق، چىرايـ
ـدىن تەبەسسۇم كەتمەيدىغان چىرايلىق ئايال
ئىدى. ئاپام دەسلەپ دادامنىڭ ھەسرىتى، شوپۇرـ
ـنىڭ دادامنىڭ ئۆلۈمىدىكى سەۋەنلىكى ۋە ئۇنىڭ
تېخىچە تۇرمۇشلۇق بولمىغان قېرى بويتاق ئاـ
ـدەملىكىدىن ئۇنى قەتئىي رەت قىلسىمۇ، لېكىن
تەقدىرنىڭ قولى ئاپامنىڭ قىسمەت شېخىنى
شوپۇرنىڭ تۇرمۇش بېغىغا قايرىپ تاشلاپتۇ.
لېكىن ئارىدىن نەچچە يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن
دادامنىڭ ئۆلۈمىنى خۇدا بىلەن ھۆكۈمەت
ئۇنتۇپ كەتتى دەپ ئويلاپ قالدىمۇ، ئۆگەي دادام

www.uyghurkitap.com

پات-پات ئاپامنى تىللايدىغان، ھەتتا گاھىدا ئۇرىدىغانمۇ بولۇپ قالدى. بارا-بارا بۇنداق خاپىچىلىق بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىپ قالدى. شۇ نەچچە يىلدىلا ئاپام ھالىدىن كەتتى. ھېلىقى تەمىنات - سودا كوپىراتىپى تارقىتىۋېتىلىپ، ئۆگەي دادام ماشىنىدىن ئىبارەت قويۇق سۈتلۈك سېغىن كالىسىدىن ئايرىلىپ قالغان يىلىدىن باشلاپ بىزگە بولغان زۇلمىنى ھەسسىلەپ ئاشۇردى. ئاپام بىچارە كېچىلىرى مېنى باغرىغا بېسىپ يۇم-يۇم يىغلايتتى. ئۆگەي دادام زادىلا ھاراق ئىچمەيتتى. ھاراق ئىچىشنىڭ گۇناھ ئىكەنلىكىگە شەكسىز ئىشىنەتتى. لېكىن ئاپامنى ئۇرۇپ دۇمبالىغاندا خۇددى ئېسى يوقالغان مەست ئادەمدەكلا بولۇپ قالاتتى. بۇنداق چاغدا ئۇنىڭ بويۇن تومۇرلىرى كەتمەن سېپىدەك كۆپۈپ، كۆزلىرى لىق قان توشقۇزۇپ قويۇلغان پىيالىگىلا ئوخشاپ قالاتتى.

— سەن قېرى خوتۇن مېنى ۋەيرانلىق كوچىسىغا سۆرەپ كىرگەن. قاچان ساڭا ئالدىمنى قىلدىم، شۇ كۈندىن باشلاپ مېنى نەس بېسىپ كەلدى. ساڭا بەرگەن ئاش-تۈزۈمغا ئۇ دۇنيا - بۇ دۇنيا رازى ئەمەسمەن.

ئۆگەي دادام دائىم ئاپامغا مۇشۇنداق زەھەردەك تىل سالاتتى. ئاپام دەسلەپتە جېنى ئىچىگە پاتمىغاندا گەپ ياندۇرۇپ قويغانلىقى ئۈچۈن تاياق ئۈستىگە تاياق يەپ يۈرىكى سۇ بولۇپ، ئاستا-ئاستا زۇۋان سۈرمەسلا بولۇپ كەتتى.

— خەق توي قىلىپ قىز ئالسا مەن توي قىلىپ سەن قېرىنى ئېلىپ ماڭا نېمە كۆرگۈلۈك، خورلۇق بۇ. يەنە تېخى بۇ ئاز كېلىپ قالغاندەك سەن ماڭا تويدا قىز مېلى سۈپىتىدە قويۇپ بەرگەن شۇمۇڭنىڭ دەردىنى ئۆلگىچە تارتىمەنمۇ دەيمەن. ئىست، سېنى ئېلىپ پالاكەتتىن قۇتۇلۇپ قالغۇچە كېسىلىپ كەتكەن بولسامچۇ كاشكى، ياردىن قاچقان، داردىن قاچقان بولۇپ ماڭا كۇشەندە-كېشەن بولغىنىڭغا تويە ئەمدى...

زەھەردەك ئاچچىق تىلنىڭ ئاخىرى تاياققا ئالمىشاتتى. ئۆگەي دادام ئاپامنى ھارمىسا ئۇرۇپ، ھارسا تىللاپ ئاپامنىڭ ھاياتقا بولغان ئۈمىدىنى رەھىمسىزلىك بىلەن ئۈزەتتى. ئەسلىي ئۆگەي دادام خۇدادىن قورقۇپ ئەمەس، ھۆكۈمەتنىڭ جازاسىدىن قورقۇپ ئاپام بىلەن تۇرمۇشلۇق بولۇۋالغان ئىكەن. ئۇ ئاپام بىلەن مېنى قۇربان قىلىش بەدىلىگە ئۆزىنىڭ قىسمەت قەسرىنى بۇرۇنغا پۇراپ تۇرغان قاباھەتتىن ساقلاپ قالغانىكەن. ئاپام بۇ چاغدا پۈتۈنلەي كېچىككەن بولۇپ، ئەمەلىيەتتە ئاپام ئالدانغانىدى. مانا شۇ ئالدىنىش ئاخىر ئاپامنى يۈرەك مۇسكۇل تىقىلما كېسەللىكىگە گىرىپتار قىلىپ، بۇ دۇنيادىن ئازاب-ئوقۇبەت، قايغۇ-خورلۇق بولمىغان باشقا بىر جىمجىت دۇنياغا مەجبۇرىي ئېلىپ كەتتى.

دىمىق ھاۋالىق قوناقلىق يەنىلا بىر خىل رىتىمدا شالدىرلايتتى، چېكەتكىلەر يېقىمسىز ئاۋازدا چىرىلدىشاتتى. ئاۋازىڭ ئارقىلىق ماڭا يېتىپ كېلىۋاتقان قان-ياشلىق ھايات كەچۈرمىشلىرىڭ يۈرەك-باغرىمنى خېمىردەك چەيلەپ، لايدەك پېتىقلاپ تاشلايتتى. ئۆپكەم تەتۈر ئۆرۈلۈپ ئاچچىق بىر يىغا ۋۇجۇدۇمدا چۆلدە تېنەپ قالغان كارۋاندەك ئەلەڭلەيتتى. شۇ تاپتا كۆزۈمنى چىمىلدىتىشقىمۇ چامىم يەتمەيتتى. كۆزۈمنى شۇنداقلا بىر چىمىلداتسام يېپى ئۈزۈلگەن ياشلار خۇددى ئاسمان كۆكسى يېرىلىپ يۇلتۇزلار تورۇكلاپ تۆكۈلگەندەك تۆكۈلۈپ كېتىشى ئېنىق ئىدى.

سەن بولساڭ ئاۋۋالقى قىياپىتىڭنى بۇزماي ئىچ-ئىچىڭدىن ئېسەدەيتتىڭ-يۇ، ئاۋازىڭ چىقمايتتى. كۆزۈڭدىن يامراپ چىقىپ مەڭزىڭنى بويلاپ تۆۋەنگە سىرغىۋاتقان ياشلىرىڭ خۇددى سۈزۈك بۇلاق سۈيىنىڭ بىر بۆلەك ئېقىندەك ئۈن-تىنسىز ئاقماقتا ئىدى. بۇ ياشلارغا سېنىڭ ھەسرىتىڭ، قايغۇ-ئەلەملىرىڭ، خورلۇق-كۈلپەتلىرىڭ، زەردايقا ئايلانغان قان-تەرلىرىڭ مۇجەسسەم ئىدى. ياش سۈيىگە چىلىشىپ ھۆل بولۇپ كەتكەن چېكە چاچلىرىڭ چۇۋۇرىدەك چىرايلىق قۇلاقلىرىڭغا چاپلىشىپ قالغان بولۇپ، كېپەكتەك ئۇششاق ھاشارات-كۆمۈتىلەر ياش سۈيى بىلەن بويالغان يۈز-بويۇنلى

رىڭغا ئۇششاق قارا چېكىتتەك چاپلىشىپ قالغانىدى.

مەن سەن ھەققىدىكى بۇ تىراگېدىيىلىك قىسمەتلەرنى ئاڭلاپ، كۆزۈڭدىكى مىسكىنلىكنىڭ سەۋەبىنى، لېۋىڭدىكى تەبەسسۇمنىڭ نېمىشقىدۇر بەكمۇ ئەلەملىك ئىكەنلىكىنى تولۇق ھېس قىلدىم. ئەسلىي سەن ئىچى ھەسرەت - نادامەت بىلەن توشقۇزۇلغان بولسىمۇ، تاشقى پوستى ساختا كۈلكە بېزەكلىرى بىلەن نەقىشلەپ قويۇلغان سىرلىق كومزەك ئىكەنسەن. سېنىڭ پۈتۈن تەن ۋە روھىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى جاراھەت. گۈللىرى بىلەن ھۆپپىدە چېچەكلەپ كەتكەن بىر چىشلەم ئىسسىق گۆشكەن.

— لالە...

چىرايلىق ئىسمىڭ بىر-بىرىگە كىرىشىپ كەتكەن چىشلىرىم ئارىسىدىن كۆككە ئۇچۇملاپ چېچىلغان گۈل بەرگلىرىدەك توزغۇپ چىقتى. سەن ئاھۇنىڭ كۆزىدەك چىرايلىق ۋە مۆڭلۈق كۆزۈڭنىڭ سۇزۇك نۇرىدا ماڭا مىسكىنلىك بىلەن قارىدىڭ. مەن سۆزۈمنى داۋاملاشتۇردۇم.

— كۆڭلۈڭنى بىھۇدە يېرىم قىلما، بۇ كۈنلەرمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ. باھار ھامان كېلىدۇ، گۈللەر ھامان ئېچىلىدۇ.

— بىراق مەن بەكلا قىينىلىپ كەتتىم. گاھىدا سۇ بولۇپ يىراقلارغا ئېقىپ كەتكۈم، قۇش بولۇپ ئېگىزلەرگە ئۇچۇپ كەتكۈم كېلىدۇ. لېكىن بىر تامچە سۇمەن، ئاقالمايمەن. قانىتى قايرىلغان قۇشمەن، ئۇچالمايمەن.

قوناق شاخلىرى شارىلدايتتى. نەم، دىمىق ھاۋا نەپەسنى بوغۇپ كۆڭۈلنى بىئارام قىلاتتى. ئارىمىزنى سۈكۈت باستى. نەدىندۇر كىمدۇر بىرىنىڭ مۇڭ بىلەن ئوقۇغان ناخشىسىلا ئارىمىزدىكى بۇ سۈكۈتنى بۇزماقتا ئىدى.

تاۋار باللار تاۋار باللار،
تاۋاردىن ئەتىۋار باللار.
ئاتا-ئانىدىن ئايرىلىپ،
يۈرەكتە دەردى بار باللار.

ئاتام بولسىنا كۆرسەممەن،
ئانام بولسا كۆرسەممەن.
ئاتام بىلەن ئانامنىڭ،
ئاياغىدا يۈرسەممەن.

لالە، شۇ كۈنى ئاخشىمى مەن سەن ھەققىدە تۈنجى قېتىم پۈتۈن بىر كېچە خىيال سۈرۈپ چىقتىم: بۇ كېچە خىيال قەسرىم سەن بىلەن لىق تولۇپ كەتتى ۋە بۇ قاراڭغۇ كېچە قوينىدا سەن بىلەن بولغان قايسىدۇر بىر سۆھبەتلىرىم ئەس-خاتىرەمدىن ئۇچۇپ ئۆتتى...

— نېمانچە كۆپ ئوت ئالدىڭ لالە؟

— ماللارنى ئاچ قالمىسۇن دەپچۇ.

— مالنىڭ جېنى سېنىڭ جېنىڭدىنمۇ تاتلىقمۇ ئەمىسە؟

— ماللار تويمىسا مەنمۇ ئاچ قالىمەن-دە.

......

— لالە، قولۇڭ نېمە بولدى؟

— ھېچنېمە.

— يالغان ئېيتما، بىلىكىڭدە قان دېغى تۇرمامدۇ ئەنە.

— يىقىلىپ چۈشۈپ زەخىملەندۇرۇۋالدىم.

— سەن نېمانچە پالاكەت-ھە، لالە؟

— نېمە بولدى؟

— قاچانلا بولسا مۇشۇنداق يىقىلىپ ئۇ يەر-بۇ يەرلىرىڭنى زەخىملەندۈرۈپلا يۈرەمسەن دەيمەن.

...

— يىغلىدىڭمۇ لالە؟

— ياق، يىغلىمىدىم، قانداق دەيسەن؟

— كۆزلىرىڭ قىزىرىپ كېتىپتىغۇ ئەمىسە؟

— ھاشارات كىرىپ كېتىپ قىزارتىۋەتتى.

...

— دەريا بويىدا ئويناپ كېلەمدۇق لالە؟

— ئوقۇيدىغان دەرسىم بار ئىدى.

— ئوقۇپ موللا بولاي دەمسەن نېمە؟ كەچتە ئوقۇۋالساڭمۇ بولىدۇ ئەمەسمۇ؟

— ياخشى ئوقۇپ كەلگۈسىدە بۇ يەرلەردىن يىراقلارغا كەتسەم دەيمەن.

— قايسى يىراق يەرلەرنى دەيسەن؟
— بىلمەيمەن.
— سەن نېمانداق غەلىتە-ھە، لالە؟
— قانداق دەيسەن؟
— ئۆزۈڭ بىلمەيدىغان يەرلەرگە قانداق كېتەسەن؟
— بىلمەيمەن. ئىشقىلىپ بىزنىڭ مەھەللىدىكىلەر بارالمايدىغان يىراق بىر يەرلەر بولسا، شۇ يەرگە جىمجىتلا كەتسەم دەيمەن.

...

خىيالىمدىكى ئىككىمىزنىڭ ئاۋازى نېرۋىلىرىمنى يۇمشاق بارماقلىرى بىلەن توختىماي غىدىقلايتتى. بۇ يۇمشاق غىدىقلاش بىلەن تەپەككۇرۇم يېڭىچە بىر ئىما-ئىشارەتلەرنى ھېس قىلاتتى. مەن قاراڭغۇ كېچىدىكى خىياللىرىم ئىچىدە سېنى ئاستا-ئاستا قايتىدىن تونۇشقا، قەلب جاراھەتلىرىڭنى روشەن كۆز بىلەن كۆرۈشكە باشلىدىم. كىچىك چاغلىرىمىزدا مەھەللىدىكى بالىلارنىڭ سېنى نېمە ئۈچۈن «يېتىم ئوغلاق» دەپ ھاقارەتلەيدىغىنىنىمۇ تونۇپ يەتتىم. بۇ دېگەنلىك ئاتا-ئانىسى يوق بىچارە دېگەنلىك ئىكەن. شۇ ھاقارەتنى ئاڭلىغان چېغىڭدا يۈرەك-باغرىڭ قانچىلىك دەرىجىدە لەختە-لەختە قان بولغان بولغىيتتى دەيمەن. ئەسلى مەن كۆرگەن سەن بىلەن مەن كۆرۈپ ئۈلگۈرمىگەن سەن باشقا-باشقا ئىككى دۇنيا ئىكەنسەن. مەن پەقەت سېنىڭ تاشقى شەكلىڭنىلا كۆرۈپ كەلگەن، بۇ شەكلىڭنىڭ ئىچىدە نېمىلەرنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلمىغان ئىكەنمەن. مەن سەن بىلەن بىر يولدا مېڭىپ، ئوخشاش بىر تىلدا سۆزلىشىپ، بىر سىنىپ-بىر پارتىدا ئولتۇرۇپمۇ ھەقىقىي مەنىدىكى سەندىن بەكمۇ يىراقتا ياشىغان ئىكەنمەن. ئەسلى سەن ئۆزۈڭ چىرايلىق بولغىنىڭ بىلەن قەلبىڭ جاراھەتلىك، كۆزلىرىڭ ئاھۇنىڭ كۆزىدەك مۇڭلۇق بولغىنى بىلەن روھىيىتىڭ ھەسرەتلىك ئىكەن. لېكىن سەن بىر پارچە مەرۋايىت تاشتەك سېنى كۆرگەن كۆزلەرنى ئالداپ كەپسەن. ئەسلى بۇ چىرايلىق مەرۋايىت تاشنىڭ قات-قېتىغا سېنىڭ قان-زەرداپقا ئايلانغان ئاچچىق كۆز ياشلىرىڭ چۆكمە بولۇپ تىنىپ كەتكەنىكەن. بۇ چۆكمىلەر ئىچىدە سېنىڭ روھ كېمەڭ خۇددى مۇز تاغقا ئۇرۇلۇپ زەخىملەنگەن ھەيۋەتلىك كېمىدەك لەيلەپ قالغانىكەن. سېنىڭ مەۋجۇت رېئاللىقىڭ بۇ زەخىملەنگەن چىرايلىق كېمىنىڭ كاپىتانى بولۇپ، سېنى ھايات دېڭىزىنىڭ رەھىمسىز قايناملىرىدا بىر تال تاختاي پارچىسىنى لەيلىتىپ يۈرگەندەك ئاقتۇرۇپ يۈرگەنىكەن. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي سېنىڭ زېھنىڭ پەۋقۇلئاددە ئۆتكۈر ئىدى. شۇڭا ئوقۇش نەتىجەڭ سىنىپتىكى بالىلار ئىچىدە ئالدىنقى قاتاردا تۇراتتى. سىنىپ ئىچىدە ساڭا ھەۋەس قىلىدىغانلارمۇ، ھەسەت قىلىدىغانلارمۇ كۆپ ئىدى. بەزىلەر ھەتتا ئاچچىق قىلىپ:

— زادى مۇشۇنداق قېقىندى - سوقۇندى بولۇپ چوڭ بولغان بالىلار ئەقىللىق بولىدىكەن، — دەپ يامان سۆزلەر بىلەن ساڭا بولغان قايىللىقىنى تەن ئېلىشقا مەجبۇر بولۇشاتتى. ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىمىزمۇ:

— لالەنىڭ مېڭىسى ئۈنئالغۇ، ئاۋازنى يېتتۈرمەي - يوقاتماي قوبۇل قىلىپ ساقلىيالايدۇ، — دەيتتى سېنى سۆپەتلەپ. مەن سەندە راستىلا شۇنداق بىر يوشۇرۇن تالانت بارمۇ، ياكى ئەسەبىي تىرىشچانلىق بارمۇ، تازا ئېنىق بىلمەيمەن. لېكىن ئەمدى ھېس قىلدىمكى، سەندە بىر گۈزەل غايە بار ئىكەن. بۇ غايە بىر ئېقىن سۇ بولۇپ سېنى ھامان يىراقلارغا ئاقتۇرۇپ كېتىشكە، قۇش بولۇپ ئېگىزلەرگە ئۇچۇرۇپ كېتىشكە تەييار ئىكەن.

ئىككىمىزنىڭ مۇناسىۋىتى باشقا بالىلارغا قارىغاندا پەۋقۇلئاددە يېقىن ئىدى. مەن بۇنى باللىق خاتىرىلىرىم بىلەن تولغان مەقسەتسىز مۇناسىۋەت دەپ ئويلايتتىم. لېكىن كېچە قاراڭغۇلۇقىدا سەن ھەققىدە سۈرگەن خىياللىرىمنىڭ يېشىل قېتىدا سەن ئەمدى باشقىچە شەكىل ۋە مەزمۇندا زاھىر بولۇشقا باشلىدىڭ. خىيالىمدىكى سېنىڭ قاپقارا قوي كۆزلىرىڭ باشقىچە چاقنايتتى، قاراشلىرىڭ ئۆزگىچە تۇيغۇ بەخش ئېتەتتى. تۇرۇپلا سېنى سېغىنىۋاتقانلىقىمنى

ھېس قىلىپ قالسام، يەنە تۇرۇپلا سېنى شېرىن ۋەسۋەسە ئىچىدە خىيال قىلىپ قالاتتىم، يۈزلىرىم بۇ چاغدا دەم ئوت ئالغاندەك قىزىرىپ كەتسە، دەم تىكەنلىشىپ كېتەتتى.

بۇ كېچە سەن مېنىڭ جىمجىت خىيال بوستانلىقىمغا كىرگەن كېچە ئىدى. بۇ كېچە ئۆزۈمنىڭ ياشلىق پەسلىمگە قەدەم بېسىپ سېنى ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىمنى ھېس قىلغان كېچە ئىدى. كېچە بوستان چاچلىرىڭدەك قارا ئىدى، مەن مانا شۇ قاراڭغۇ كېچىدە سەن ھەققىدە خىيال سۈرۈپ، سەن ھەققىدە سۈرگەن خىياللىرىمنىڭ ئاپئاق قاناتلىرىدا پەرۋاز قىلىپ، كۆزۈمنىڭ قاچانلاردىدۇر تاتلىق ئۇيقۇ شەربىتىگە چىلىشىپ قالغانلىقىنى سەزمەيلا قاپتىمەن. بۇ كېچە گۈللۈك قاناتلىق گۈزەل بىر چۈش تاكى مەزىننىڭ ياڭراق ھەم مۇڭلۇق ئەزەن ئاۋازى كېچىنىڭ تۇم قاراڭغۇلۇقى بىلەن تاڭنىڭ بىشارەتلىك سۈزۈك نۇرى قوشۇلۇپ تام، ئىشىك، دېرىزىلەرنىڭ توساقلىرىدىن لەيلەپ كىرگۈچە بولغان ئارىلىقتا روھ بوشلۇقۇمدا سەيلە-ساياھەتتە بولدى. بۇ سېنىڭ تۇنجى قېتىم چۈش بوستانىمدا پەرۋاز قىلىشىڭ ئىدى.

چۈشۈمدە سەن رەڭدار بوشلۇقتا لەيلەپ تۇرغۇدەكسەن. رەڭگارەڭ نۇر چەمبىرەكلىرى سېنىڭ ئەتراپىڭدا كۆزنى قاماشتۇرۇپ چاقناپ تۇرغۇدەك. پۈتۈن ئەتراپ خۇشبۇي ئەتىر ھىدىغا چۆمگەن بولۇپ، مەن بۇنى سېنىڭ ئىسسىق تىنىقىڭدىن تاراۋاتقان خۇش ھىد دەپ ئويلاۋاتقۇدەكمەن. ئۇچاڭدىكى ئۇزۇن ئەتلەس كۆڭلىكىڭ لەرزان شامالدا توختىماي لەپىلدەپ تۇرغۇدەك. مەن بولسام ساڭا قاراپ ئۈمىد بىلەن نىدا قىلغۇدەكمەن:

— لالە !...

مەن سېنى چاقىرسام سەن ماڭا قاراپ تەبەسسۇم قىلىپ تۇرغۇدەكسەن. مەن سېنىڭ تەبەسسۇملىرىڭدىن يېقىملىق ئاۋازىڭنى ھېس قىلغۇدەكمەن. مەن سەن ھەققىدە نېمە ئويلىسام، ئويلىغانلىرىمنىڭ ھەممىسى سېنىڭ يېقىملىق ئاۋازىڭ بولۇپ قۇلاق تۈۋۈمدە ياڭراپ تۇرغۇدەك.

— سەن پەرىزاتقا ئايلىنىپ كەتتىڭمۇ، لالە؟

— مەن ئەسلىدىنلا پەرىزات تۇرسام.

— بىراق سەن ئىلگىرى زادىلا بۇنداق ئۇچۇپ باقمىغان تۇرساڭ.

— ياق، مەن ئۇچاتتىم. لېكىن سەن بۇنى كۆرەلمەيتتىڭ.

— نېمىشقا مەن كۆرەلمەيتتىم؟

— چۈنكى كۆزۈڭ مۆجىزە كۆرۈشكە ئادەتلەنمىگەن ئىدى.

— مېنىڭمۇ سەن بىلەن بىرگە كۆكتە پەرۋاز قىلىپ ئۇچقۇم كېلىۋاتىدۇ، لالە.

— مانا، سەنمۇ مەن بىلەن بىرگە ئۇچۇۋاتىسەنغۇ كامال.

— مېنى ئالداۋاتىسەن، لالە.

— راست دەۋاتىمەن كامال. مەن يالغان سۆزلەشنى بىلمەيمەن.

— مەن يەنىلا يەردە تۇرىمەنغۇ ئەمىسە؟

— بۇ سەندىكى خاتا تۇيغۇ.

— خاتا تۇيغۇ؟!

— ھەئە. ئەمەلىيەتتە سەن ئۆزۈڭدىن ھالقىپ كەتكەن يەنە بىر بوشلۇقتا ئۇچۇۋاتىسەن.

— ئەمىسە نېمىشقا مەن بۇنى ھېس قىلالمايمەن؟

— چۈنكى سەن ئەزەلدىن ئۆزۈڭنى قۇرۇق شەكىل ئىچىدە دەپ ھېس قىلىپ كېلىۋاتىسەن. ئۆزۈڭدىن ھالقىپ بېقىشنى بىر قېتىممۇ ئويلاپ باقمىدىڭ-دە.

— ئۇنداق بولسا، مەن بۇ شەكىل ئىچىدىن قانداق قىلىپ چىقىپ كېتەلەيمەن، لالە؟

— بۇنى مەندىن ئەمەس، بەلكى ئۆزۈڭنىڭ قەلبىدىن سورا.

سەن شۇنداق دەپلا چىرايلىق ۋە رەڭدار نۇر چەمبىرەكلىرى بىلەن قوشۇلۇپ يىراقلارغا ئۇچۇپ كېتىۋاتقۇدەكسەن. مەن ئارقاڭدىن تەرلەپ-تەپچىرەپ يۈگۈرۈۋاتقۇدەكمەن، بار ئاۋازىم بىلەن سېنى چاقىرىۋاتقۇدەكمەن...

سېنى چاقىرغان ئاۋازىم تېشىمغا چىقىپ كەتتى بولغاي، ئۆزۈمنىڭ ئاۋازىدىن ئۆزۈم چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتىم. شۇ ھامان سەنمۇ،

نۇر چەمبىرەكلىرىمۇ، ئىپار ھىدلىق خۇش پۇراقلارمۇ غايىب بولدى. پۈتۈن بەدىنىم خۇددى سۇغا چىلاپ ئېلىپ قويۇلغاندەك چىلىق-چىلىق تەرگە چۆمۈپ كەتكەن ئىدى.

ئەتىسى ئەتىگەندە سېنى سىنىپتا ئۇچراتقان ۋاقتىمدا تۇنجى قېتىم كۆزۈڭگە بۇرۇنقىدەك تىكىلىپ قاراشتىن ئەيمىنىپ قالدىم. كۆزۈڭ تاسادىپىي كۆزۈم بىلەن ئۇچرىشىپ قالغۇدەك بولسا يۈرەك رىتىمىم بۇزۇلۇپ، نەپەس ئېلىشلىرىم قالايمىقانلىشىپ كېتەتتى. كۆزۈڭدە يېلىنجاپ تۇرغان يالقۇنلۇق بىر ئوت باردەك؛ كۆزۈڭگە تىكىلىپ سالساملا ئاشۇ ئوت دېڭىزى مېنى قىپقىزىل تىللىرى بىلەن يالماپ تاشلايدىغاندەك ھېس قىلاتتىم. لېكىن سەن ماڭا دىققەت قىلمىغان ئەپلىك پۇرسەتتە ساڭا يوشۇرۇن نەزەر تاشلايتتىم. ئاق ۋە يۇمشاق بىلەكلىرىڭ قول ياكى بەدەنلىرىمگە مەقسەتسىزلا تېگىپ كەتسىمۇ كۈچلۈك بىر ئېلېكتر دولقۇنى تېنىمگە ئۇرۇلغاندەك سىلكىنىپ، تىترەپ كېتەتتىم. ئارقىدىنلا يەنە ناھايىتى ئېھتىيات ۋە يوشۇرۇن ھالدا بىلەك ياكى جەينەكلىرىمنى سېنىڭ بىلەك ياكى جەينەكلىرىڭگە تەگكۈزۈۋېلىشقا تىرىشاتتىم. ھەتتا بەزىدە مۇشۇ خىل ھەرىكىتىم ئۈچۈنلا نەچچە ئون مىنۇت ۋاقىت كېتەتتى. بۇنداق چاغدا پۈتۈن دىققىتىم بىلەن دەرس ئاڭلاۋاتقاندەك قىياپەتكە كىرىۋالغىنىم بىلەن كاللامغا ھېچنېمە كىرمەيتتى.

مەندە ساڭا نىسبەتەن ئەزەلدىن بۇنداق تۇيغۇ بولۇپ باقمىغان ئىدى. ھەتتا بىر كۈنلەردە سەندەك بىر مەھەللىدىشىم، ساۋاقدىشىم، پارتىدىشىمنى ياخشى كۆرۈپ قالارمەن دەپ ئويلىمىغان ئىدىم. لېكىن مەن بىر كېچىدىلا سەن بىلەن بولغان باللىق ھېسسىياتىمدىن تولۇق ئايرىلىپ، سېنى ياخشى كۆرۈشتەك زىل ۋە ھاياجانلىق ھېسسىيات قاينىمىغا كىرىپ قالدىم. ھازىرقى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى سەن بۇرۇنقى ساڭا ئوخشىمايتتىڭ. بۇرۇنقى سەن مەن ئۈچۈن ئاددىيلا بىر قىز بولغان بولساڭ، ئەمدىكى سەن مەن ئاۋايلاپ تۇتمىسام جاراڭلاپ چېقىلىپ كېتىدىغان جانان چىنە ئىدىڭ. مېنىڭ بۇ جانان چىنىنى چېقىپ قويغۇم يوق ئىدى. شۇنداقلا بۇنداق تەقدىرنى تەسەۋۋۇر قىلىشقىمۇ قۇربىم يەتمەيتتى.

توۋا دەيمەن، بىر قىزنى ياخشى كۆرۈپ قېلىشتەك بۇنداق غەلىتە تۇيغۇ ئادەمنى بىر ھالەتتىن يەنە بىر ھالەتكە تولۇق يۆتكىۋېتەلەيدىكەن دېسە. سەنمۇ ئەمدى كۆزۈمگە باشقىچە چىرايلىق، ئۆزگىچە لاتاپەتلىك كۆرۈنۈشكە باشلىدىڭ. بىلمىدىم، سەن ئۆزگىرىپ كەتتىڭمۇ ياكى مېنىڭ كۆزۈمنىڭ سېنى كۆرۈش شەكلى ئۆزگىرىپ كەتتىمۇ!

— ساڭا نېمە بولدى، كامال؟

بىر كۈنى مەكتەپتىن قايتاشىمىزدا تۇيۇقسىزلا سوراپ قالدىڭ. سېنىڭ بۇ سوئالىڭ ماڭا خۇددى ئوچۇق ئاسماندا چاقماق چاققاندەك ياكى ئادەم يوق ئۆيدىن ئاۋاز چىققاندەك تولىمۇ دەھشەتلىك ئاڭلىنىپ كەتتى. شۇڭا دەماللىققا نېمىدەپ جاۋاب بېرىشنى بىلمەي ئۆز-ئۆزۈمگە بىر پارچە گىگانت تاشتەك پېتىپ كەتتىم ۋە ئۆزۈمدىكى بۇ خىل قولايسىزلىقنى ساڭا بىلدۈرۈپ قويماسلىق ئۈچۈن دەرھال يىراقلارغا قاراۋالدىم. بۇ چاغدا سېنىڭ ئاۋازىڭ يەنە ئاڭلاندى:

— گەپ قىلمايسەنغۇ؟

نېمىدەپ گەپ قىلسام مۇۋاپىق بولار، دەپ ئويلىدىم. لېكىن مۇۋاپىق بىر گەپ تاپالماي قۇرۇق چالمىدەك پارچىلىنىپ كېتىشكە باشلىدىم. شۇنداق بولسىمۇ ئەمدى گەپ قىلمىسام بولمايتتى. شۇڭا:

— نېمە دەيمەن؟ — دېدىم سوئالىڭغا سوئال بىلەن جاۋاب قايتۇرۇپ. سەن يەنە باشتىكى سوئالىڭنى تەكرارلىدىڭ.

— ساڭا زادى نېمە بولدى، كامال؟

— ھېچنېمە... بولغىنى يوق...

سەن جاۋابىمدىن قانائەت ھاسىل قىلمىغان بىر تەلەپپۇزدا سۆزۈڭنى داۋاملاشتۇردۇڭ:

— يېقىندىن بۇيان بۆلەكچىلا بولۇپ قالدىڭ كامال، مەندىن رەنجىپ قالدىڭمۇ-يا؟

— ياقەي، ئارتۇقچە ئويلاپ كەتمىگىن لالە. مەن سەندىن نېمىدەپ رەنجىگۈدەكمەن؟



www.uyghurkitap.com

— قارىسام نېمىشقىدۇر ئۆزۈڭنى مەندىن قەستەن قاچۇرۇۋاتقاندەكلا قىلىسەن.

سېنىڭ شۇنداق دېيىشىڭ بىلەن تەڭ ھېلىقى كېچىدىكى چۈشۈمدە سەن ماڭا دېگەن گەپ يادىمدىن كەچتى- دە:

— بۇ سەندىكى خاتا تۇيغۇ، — دېدىم.

— ئىلاھىم شۇنداق بولغاي، — دېدىڭ سەن ۋە ئارقىدىنلا قوشۇپ قويدۇڭ، — بىراق سەن راستىلا باشقا بىر كامالغا ئايلىنىپ قېلىۋاتىسەن. راستىنى دېسەم ھېلىقى كۈندىكى گەپلەرنى ساڭا دېمىسەم بوپتىكەن. سەن شۇنىڭدىن كېيىن باشقىچە بولۇپ قالدىڭ.

تەلەپپۇزۇڭدىن ئۆزۈڭنى ئەيىبلەۋاتقانلىقىڭنى ھېس قىلىۋالماق قىيىن ئەمەس ئىدى. شۇڭا:

— بۇنىڭ ئۇ گەپلەر بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى يوق، — دېدىم تومتاقلا قىلىپ.

— سەنمۇ مېنى...

سۆزۈڭنى داۋاملاشتۇرالماي توختاپ قالدىڭ. لېكىن شۇ ھامان يۈرىكىم ئوتتۇرىدىن قاتلىنىپ كەتكەندەك قارتتىدە قىلىپ كەتتى. چۈنكى سەن مەن خىيالمۇ قىلمىغان نەرسىلەرنى خىيال قىلىپ كەتكەن ئىدىڭ. ئەمەلىيەتتە مېنىڭ ساڭا ئاشكارىلاشقا مۇمكىن بولمايۋاتقان پىنھان قەلب سىرلىرىم سەندە شۈبھىلىك گۇمانلارنى پەيدا قىلىپ ئۈلگۈرگەن ئىدى.

— ياق لالە، مەن سېنى...

تۇيۇقسىز بوغۇزۇمغا بىر نېمە كەپلىشىپ قالغاندەك ئاۋازىم پەسلەپ ئارقىدىن يوقاپ كەتتى.

— مەن سېنى... نېمە، كامال؟

سەن دەرھاللا سوئال تاشلىدىڭ. سېنىڭ بۇ سوئالىڭ ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى سۈكۈتتىن باشقا نەرسە يوق تەنھا ئارالدىكى كۆلگە تاشلانغان قارماق بولۇپ، بۇ قارماق مەندىن ئىبارەت بۇرۇتى خەت تارتقان ئەر بېلىققا تاشلانغان ئىدى. مەن ئۈچۈن ئەمدى كۆز ئالدىمدا پۇلاڭلاپ تۇرغان قارماققا ئىلىنىشمۇ ياكى ئىلىنمەسلىكمۇ ئوخشاشلا تەۋەككۇلچىلىك ئىدى.

مەن سۆز ۋادىسىدىكى ئەڭ ئاددىي جاۋاب بېرىش ئۇسۇلى، يەنى سۆزنىڭ تېگىگە چۆكۈپ- لىش ئۇسۇلىنى قوللانماقچى بولۇپ:

— ھېچنېمە، — دېدىم جاۋابەن.

— مەن سېنى... ھېچنېمە، دېگەن قانداق سۆز بۇ، كامال؟ — سەن توغرا مەندىكى تۆت سۆزنىڭ ئۆزئارا قوشۇلۇشىدىن شەكىللەنگەن خاتا سۆز ئارقىلىق جان تومۇرۇمدىن قامالاپ تۇتۇۋالدىڭ ۋە، — بۈگۈن ئەدەبىيات دەرسىدىمۇ مۇشۇنداق غەلىتە گەپ قىلىۋېدىڭ، ساۋاقداشلارلا ئەمەس ھەتتا مۇئەللىممۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي كۈلۈپ كەتتى، — دېدىڭ.

مەن سېنىڭ بۇ خاتا سۆزگە مىلتىقنىڭ ئىستوۋۇلىدەك مەركەزلىشىپ قالغان دىققىتىڭنى چېچىۋېتىش ۋە بۇ ئارقىلىق ئۆزۈمدىكى قولايسىزلىقنى تۈگىتىش مەقسىتىدە:

— قايسى گەپنى دەيسەن؟ — دەپ سورىدىم بىلمەسلىككە سېلىپ.

— مۇئەللىم، ياغاچ قازاندا بىرلا قېتىم ئاش قاينايدۇ، شۇنداقمۇ كامال؟ دەپ سورىسا، سېنىڭ ئەگەر سىز دەۋاتقان ياغاچ قازان شۇ ئوتتا كۆيۈپ كەتمىسىلا چوقۇم يەنە بىر نەچچە قېتىم ئاش قاينىشىمۇ مۇمكىن. لېكىن ياغاچ قازان ئوتتا كۆيۈپ كېتىپ قالسا چوقۇمكى بىر قېتىممۇ ئاش قاينىماي قالىدۇ، دېگەن جاۋابىڭچۇ.

— راست ئەمەسمۇ، — دېدىم مەن بېلىقنى قارماقتىن يەنىمۇ يىراقلاشتۇرۇپ سۆزنىڭ تېگىگە تېخىمۇ چۆكتۈرۈۋېتىش ئۈچۈن، — ياغاچ قازاندا ئاش پىشامدۇ - پىشمامدۇ، بۇ راست ئوت بىلەن ياغاچ قازاننىڭ مۇناسىۋىتىگە باغلىق. ناۋادا ياغاچ قازان ئوتنىڭ كۆيدۈرۈشىگە بەرداشلىق بېرەلمەي كۆيۈپ كەتسە ئەلۋەتتە ئۇ ياغاچ قازاندا ئاش پىشمايدۇ. ناۋادا ياغاچ قازان شۇ قېتىمدا كۆيمەي قالسا چوقۇم يەنە قايتا ئاش پىشۇرغىلى بولىدۇ- دە.

— ئەگەر ياغاچ قازان بىر قېتىملا ئاش پىشىپ كۆيۈپ كەتسىچۇ؟

سەن جاۋابىمغا قىزىققان ھالدا بۇ مەسىلىدىكى يەنە بىر خىل ئېھتىماللىقنى ئوتتۇرىغا قويدۇڭ.

— پاھ... ئەجەب بىر ئەقىللىق قازانكەن ئەمەسە ئۇ. ئاشمۇ پىشىپ بولىدىكەنۇ. قازان كۆيۈپ كېتىدىكەن، شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق دېمەكچىمەن.

— ئەمىسە مېنىڭچە، قازاندىكى ئاش ئوتقا پارا بەرگەن بولۇشى مۇمكىن.

— نېمىدەپ؟ — سەن قىزىقسىنغان ھالدا سورىدىڭ.

— مەن پىشۇالغۇچە قازاننى كۆيدۈرمەي تۇرغىن، دەپچۇ.

— قىزىق...

سەن شۇنداق دەپلا كۈلۈپ كەتتىڭ. سېنىڭ كۈلگەن ۋاقتىڭدىكى شەكلىڭ شۇ قەدەر ئوماق بولۇپ، ھېلىقى كۆنى قوناقلىق بويىدا ھەسرەت دەرياسىدا پۈچىلىنىپ ئولتۇرغان سەن بىلەن ئاسمان-زېمىن پەرق قىلاتتى. شۇ تاپتا سەن ماڭا ئىككى خىل دۇنيادىكى ئىككى ئادەمدەك تۇيغۇ بەرمەكتە ئىدىڭ.

مەكتەپ بىلەن مەھەللە ئوتتۇرىسىدىكى زېرىكىشلىك مۇساپە ئىككىمىزنىڭ پارىڭى بىلەن بىلىنمەيلا تۈگەپ كەتتى. سۆزنىڭ تېگىگە چۆكۈپ كەتكەن بېلىق ئەمدى ساڭا ئەمەس ئۆزۈمگىمۇ كۆرۈنمەيلا قالدى. كۆرۈش سەزگۈمگە چىلىشىپ قالغىنى پەقەت ياقۇت رەڭلىك سىلىق سۇ يۈزىلا ئىدى.

جېنىم لالە، مەن نېمە ئۈچۈن ساڭا بولغان بۇ ئوتلۇق ھېسسىياتىمنى ئاشكارىلاپ بېرەلمەي، تاغنىڭ ئەڭ يوشۇرۇن قاتلاملىرىدىكى مەدەنلەردەك قەلبىمنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىغا كۆمۈپ تاشلايمەن؟ نېمە ئۈچۈن سېنى شۇ قەدەر ياخشى كۆرىدىغىنىمنى ھېس قىلىمەنۇ، سېنىڭ ئالدىڭدا تىل بىلەن ئىقرار بولمايمەن؟ نېمە ئۈچۈن، زادى نېمە ئۈچۈن سەن ھەققىدىكى كۆكلەمدەك يېشىل ۋە يۇمران خىياللىرىمنى ئىچىمدىكى ئالتۇن قەپەسكە سولىۋېلىپ سېنىڭ قەلب كۆكۈڭدە ئەركىن پەرۋاز قىلىشىغا يول قويمايمەن.

بۇ ھەقتە نۇرغۇن كېچە خىيال دەرياسىغا غەرق بولدۇم. لېكىن ئۆزۈمنى قايىل قىلالىغۇدەك بىرەر مۇكەممەل جاۋابنى زادىلا تاپالمىدىم. سەن ھامان كۆز ئالدىمدىن كەتمەي بىر پارچە رەڭلىك سۈرەتتەك پارلاپ تۇراتتىڭ. لېكىن سېنى قول سوزۇپ تۇتۇشقا، ھاياجان بىلەن سىلاشقا ئىمكانىيىتىم يار بەرمەيتتى. چۈنكى مېنىڭ ساڭا بولغان ھېسسىياتىم تېخى پوستىمۇ يېرىلمىغان ئون سەككىز ياشلىق يۈرەك ئىدى. بۇ يۈرەكنىڭ ئىچىدە سەن، پوستىدا سېنىڭ «لالە» دېگەن توزنىڭ قانىتىدەك چىرايلىق ئىسمىڭ بار ئىدى. مەن تېخىچە بۇ سىرنى ئۆزۈمدىن باشقا ئىككىنچى بىر ئىنسانغا ھەتتا ساڭىمۇ بىلدۈرمەي، پەقەت ئىچىمدىكى ئالتۇن قەپەسكە سولىۋېلىپ رېئاللىقتىن يوشۇرۇن ھالدا ساقلاپ كەلمەكتە ئىدىم.

ئاھ لالە، مەن نېمىدېگەن بەختەر، نېمىدېگەن سەۋرچان، نېمىدېگەن بىچارە ساقلىغۇچىمەن!

بۇ جەرياندا يەنە ئىككى قېتىم بىلىكىڭگە بىر ئۇچى ئىنچىكە يەنە بىر ئۇچى تومراق جاراھەت دېغى چۈشتى. بۇ چاغدا مەن بىر قىزنىڭ چېچىدىن تورۇسقا ئېسىپ قويۇپ تاپىنىدىن ئىسسىق، قىزىل قېنىنى شورىۋاتقان ۋەھشىي چىراي يالماۋۇزنى خىيال ئەينىكىمدىن ئۆتكۈزدۇم. چۈنكى ئاشۇنداق بىر يالماۋۇز سېنىڭ رېئاللىقىڭدا سېنىڭ قېنىڭنى شورىۋاتماقتا ئىدى. بۇ يالماۋۇز قانات قېقىپ، توپا-تۇمان پەيدا قىلىپ ئۇچالمايتتى؛ ئورنىنىڭ قەيەردىلىكىنى بىلگىلى بولمايدىغان كۆھىقاپتىن كەلمەيتتى؛ يەتتە بېشىمۇ يوق ئىدى. بىراق ئۇ سەن ئۈچۈن يەتتە باشلىق يالماۋۇزدىنمۇ قاباھەتلىك ئىدى. بۇ يالماۋۇز ئۇچالمىغان بىلەن تۇپراق ئۈستىدە ئەركىن ماڭالايتتى. كۆھىقاپتىن كەلمىگىنى بىلەن زۇلۇم ئىچىدىن كېلەتتى. يەتتە بېشى بولمىغىنى بىلەن ساڭا زۇلۇم قىلالايدىغان يەتتە كۆنى بار ئىدى. بۇ بىر ئۆگەي يالماۋۇز ئىدى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا سەن بىلەن قانداشلىق مۇناسىۋىتى مەۋجۇت بولغان بىر تال ئۆلۈك ھۈجەيرىمۇ مەۋجۇت بولمىغاچقا، ئۇنىڭ روھىيەت ئالىمىدىكى بارلىق ھاياتلىق پائالىيىتى سېنى يەكلەيتتى. سەن ھەققىدە ئىسسىق

ۋە گۈزەل ئارزۇ-ئارمانلاردا بولالمايتتى. ئەمەلىيەتتە ئۇ بىر پۇتۇڭغا كىچىك كەلگەن ئاياغ ئىدى. شۇڭا ئۇ ئاياغنىڭ پۇتۇڭنى قىستىغىنى قىستىغان، جېنىڭنى ئاغرىتقىنى ئاغرىتقان ئىدى.

— لالە!

باشلىنىش نۇقتىسى بار بولسىمۇ ئاخىرلىشىش نۇقتىسى بولمىغان قاتمۇقات خىياللىرىمدىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ ساڭا خىتاب قىلدىم.

— مېنىڭ ئۇ ئىشلار ھەققىدە بىر نېمە دېگۈم يوق، كامال.

مەن سۆزۈمنىڭ بېشىنى چىقىرىپ بولغۇچە سەن جاۋاب قايتۇرۇپ بولدۇڭ. ھەيران قالدىم، سېنىڭ سەزگۈلىرىڭ نېمانچە زىللىشىپ كەتكەندۇ-ھە !

ساڭا ئەمدى ئۇ ھەقتە ئېغىز ئېچىشنىڭ ھېچقانداق زۆرۈرىيىتى قالمىغان ئىدى.

تېخى باياتىنلا ساڭا دېمەكچى بولۇپ ئىچىمدە پاتىپاراق بولۇپ كەتكەن گەپلىرىم مانا ئەمدى سۇنىڭ يۈزىدىكى دۇغدەك ئاستا-ئاستا ئىچىمگە تىنىشقا باشلىدى. تۇيۇقسىز مەن سەن بىلەن خىيالىمدا پاراڭلىشىپ باقتىم. ئىككىمىزنىڭ خىيالىمدىكى پاراڭلىرىمىز ناھايىتى راۋان باشلاندى.

— لالە!

— قۇلىقىم سەندە كامال.

— بىلىكىڭدىكى يەنە يېڭى جاراھەتقۇ ئۇ.

— ھەئە، ئېھتىياتسىزلىقتىن يەنە جاراھەتلەندۈرۈۋالدىم.

— نېمىشقا داۋاملىق مۇشۇنداق يالغان ئېيتىسەن لالە؟

— ئۆزۈمگە ئۆزۈم تەسەللى بېرىش ئۈچۈن بولمامدۇ.

— بىراق مەن كۆرۈپ تۇرۇپ چىدىمايدىكەنمەن.

— ئەمىسە كۆزۈڭنى يۇمۇۋالغىن.

— يۈزۈمدىكى كۆزۈمنىغۇ يۇمۇۋالارمەن، لېكىن كۆڭلۈمدىكى كۆزۈمنى قانداق يۇمۇۋالايمەن؟

— مەن كۆنۈپ كەتتىم.

— نېمىگە؟

— بۇ ئىشلارغا.

— سېنىڭ ئازاب ياكى زۇلۇمغا كۆنۈش ۋەزىپەڭ بارمىتى؟

— مېنىڭ بۇنى قوبۇل قىلماي باشقا ئىلاجىم بولمىسا، كامال.

— ئەسلىي بۇ سېنىڭ گۈلدەك كۆكلەيدىغان پەسلىي باھارىڭ ئىدى.

— بەلكىم شۇنداقتۇر. لېكىن باھاردىمۇ ئۇششۇك تېگىدىغان گۈللەرمۇ بولىدىكەنغۇ؟

— لېكىن مەن ئۆزۈم ياخشى كۆرىدىغان بىر گۈلنىڭ ئۇششۇك تېگىپ ۋاقىتسىز خازان بولۇپ كېتىشىنى خالىمايمەن لالە.

— ياق كامال. بۇ دېگەن ياكى قورشاۋ تېمى ياكى باغۋىنى يوق ئىگىسىز باغدىكى گۈل. شۇڭا سەن بۇ گۈلنى پۈراپ قالساڭ ياكى ياخشى كۆرۈپ قالساڭ بولمايدۇ.

— نېمىشقا بۇنداق دەيسەن؟

— چۈنكى بۇ گۈلدىن قايغۇ-ئەلەملا كېلىدۇ. قايغۇ-ئەلەم مەڭگۈ خۇشاللىقنىڭ، بەختنىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ.

— بەلكىم شۇنداقتۇر. لېكىن مەن...

— لېكىن... سەن نېمە؟

— لېكىن مەن بۇ گۈلنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىشقا تەييار ئىدىم.

— بىراق ئۇ گۈل ئاي كەبى مىسكىن.

— شۇنداقلا يەنە ئايدەك گۈزەل ۋە يېقىملىق.

— ئۇ گۈلنىڭ ئىسمى نېمە، كامال؟

— لالە!

— بۇ مېنىڭ ئىسمىم.

— چۈنكى ئۇ گۈل دەل سەن!

— ياق كامال، مەن سەن ئۈچۈن كەلگۈسىنىڭ ئالتۇن قاچىسىغا قويۇلغان بىر ئوتلام پۇشايمان.

— ياق لالە، مەن ئۈچۈن سەن بىر ئوتلام ئىسسىق روھ.

— سەن ئۆزۈڭنى بۇ كىشەندە كىشەنلىمە كامال.

— مەن بوستان چاچلىرىڭدا كىشەنلەندىم،

قوي كۆزلىرىڭدە بوغۇزلاندىم. ئەمدى مېنى رەت قىلما جېنىم لالە!...

مەن سەن بىلەن مەۋجۇت رېئاللىقىمدا دېيەلمەيدىغان گەپلەرنى خىيالىمدا دېيىشىپ باقتىم. سۆزلەرنىڭ مەنە بېرىش سەپىرىدىن ئايان بولدىكى، سەن ئۆزۈڭ ھەققىدە تولىمۇ ئېھتىياتچان ئىكەنسەن. ئۆزۈڭنى دېڭىزغا چۆكۈۋاتقان پاراخوتتەك ھېس قىلىدىكەنسەن. لېكىن مېنىڭ تەسەۋۋۇرۇمدا سەن گۈل بىلەن بېزەلگەن چىرايلىق پاراخوت ئىدىڭ. بۇ گۈل بىلەن بېزەلگەن چىرايلىق پاراخوتتا بىرلا يولۇچى بار ئىدى. ئۇ يولۇچى مەن ئىدىم.

ــ لالە پەقەت سىنىپىمىزنىڭلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن مەكتىپىمىزنىڭ ئۆگىنىش ئۈلگىسى بولۇشقا مۇناسىپ !

بۇ ساڭا بەكلا ئامراقلىق قىلىدىغان ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىمىزنىڭ ئاۋازى ئىدى. ئوقۇتقۇچى دېگەننىڭ ئۆچ ياكى يامان كۆرىدىغان ئوقۇغۇچىسى بولمايدۇ. لېكىن ياقتۇرىدىغان ياكى ياقتۇرمايدىغان ئوقۇغۇچىسى بولىدۇ. شۇنداقتىمۇ سەن پەقەت ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىمىزلا ئەمەس، بەلكى بارلىق ئوقۇتقۇچىلار ئەڭ ياقتۇرىدىغان، ئەڭ ئۈمىد باغلىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىرى ئىدىڭ. گەرچە مەجبۇرىيەت مائارىپى باسقۇچىدىكى ئوقۇتۇش تۈزۈمى قىز-ئوغۇللار ئوتتۇرىسىدىكى غەيرىي ھېسسىيات خاراكتېرىنى ئالغان مۇھەببەتلىشىشكە چەكلىمە قويسىمۇ؛ مەن بۇلاردىن تولۇق خەۋەردار بولساممۇ يەنىلا مەندە ساڭا نىسبەتەن مۇھەببەت ھېسسىياتى قوزغىلىۋەردى. مەندىكى بۇ ھېسسىيات خۇددى تاغ باغرىدىكى ئېقىن سۇدەك ساڭا قاراپ يەڭگىل شىلدىرلاپ ئاقماقتا ئىدى. ھېس قىلىدىمكى، ئىنسان روھى ۋە ئىنسان تەبىئىتىدىكى بۇنداق تەبىئىي يېتىلىش جەريانى ھامان مۇقەررەرلىكنى ئۆزىگە بىۋاستە شەرت قىلغان بولىدىكەن. بۇ خۇددى بىر تال ئۇرۇقنىڭ تاش بىلەن باستۇرۇلۇپ قويۇلسىمۇ يەنىلا ئۆز قانۇنىيىتى بويىچە تاشلارنىڭ ئارىسىدىن بىخ ئۇرۇپ كۆكلەپ چىققىنىدەكلا ھالەت ئىكەن. دېمەك، تەبىئىي يېتىلىش ھامان ھەر قانداق شەكىل ۋە مەزمۇندىكى چەكلىمە، ئالدىنى ئېلىشلارنى ئۆزلۈكسىز رەت قىلىپ، ئۆز قانۇنىيىتى بويىچە دەۋر قىلىدىكەن. گەرچە بىز بىر قىسىم فىزئولوگىيىلىك ئۆزگىرىشلەرگە «بالدۇر يېتىلىپ كېتىش ھادىسىسى» دەپ ئەقلىي يەكۈن چىقارساقمۇ، بۇنداق يەكۈنلەر ئۇنىڭ ئۇچۇن ئالدىنى ئېلىش، چەكلەش رولىنى ئويناشتەك بىۋاستە كونترول قىلىش رولىنى يوقىتىپ قويغان بولىدىكەن. بۇنى مەجبۇرىي چەكلەش ئۇسۇلى بولسا خۇددى يوپۇرۇلۇپ كېلىۋاتقان دەھشەتلىك كەلكۈننىڭ ئالدىغا بىر پارچە چالمىنى تاشلاپ قويۇپ كەلكۈننى توسۇشقا ئۇرۇنغاندەك، ھەم بىھۇدە، ھەم ئەجرى بار ھوسۇلى يوق پايدىسىز ھەرىكەت ئىكەن.

شۇ چاغلار سېنىڭمۇ ئەس - خاتىرەڭدە بارمىدۇ، لالە؟ ئۇ چاغلار بىزنىڭ تولۇق ئوتتۇرىنىڭ ئاخىرقى يىللىقىدا ئوقۇۋاتقان مەزگىلىمىز ئىدى. يەنە بىر نەچچە ئايدىن كېيىن بىز بىر سىنىپ باللىرى يېپىدىن ئۈزۈلگەن مارجاندەك تەرەپ-تەرەپلەرگە تاراپ كېتەتتۇق.

چوڭلار ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىنى «قاپاق يېرىلدى» دەپ سۈپەتلەيتتى. ئەمەلىيەتتىمۇ بىز «قاپاق يېرىلدى» بولۇش ئۇچۇنلا تومۇزنى تومۇز، زىمىستاننى زىمىستان دېمەي ئون بىر يىل تىرىشىپ ئوقۇدۇق. قاپاقنىڭ ئىچىدىن نېمە چىقىدىغانلىقىنى ئالدىمىزدىكى ئالىي مەكتەپ ئىمتىھان نەتىجىسى بەلگىلەيتتى. شۇڭا ھېچكىم بۇ قاپاقنىڭ ئىچىدىن نېمە چىقىدىغانلىقىنى ئالدىن پەرەز قىلالمايتتى. شۇنداقتىمۇ ھەممىمىز ئۆزىمىزنىڭ دىلىدىكى ئەڭ ياخشى تىلەكلىرىمىز بىلەن قاپاققا ئەپسۇن ئوقۇپ، ئىخلاس بىلەن سۈپكۈچلەيتتۇق.

كىم بىلىدۇ، سېنىڭ قاپىقىڭ يېرىلىپ ئىچىدىن نېمە چىقىدۇ، مېنىڭ قاپىقىم يېرىلىپ ئىچىدىن نېمە چىقىدۇ؟

بۇ ئاي، بۇ كۈنلەردە ھەممەيلەننىڭ كەيپىياتىدا جىددىيچىلىك بار ئىدى. بۇ جىددىيچىلىك تاكى ئۈچ كۈنلۈك ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانى ئېلى



www.uyghurkitap.com

نىپ تۈگىگىچە ئىزچىل داۋاملىشىپ، ئىمتىھاندىن كېيىن ئاندىن تاراپ كەتتى. لېكىن مەندە بولسا بۇ جىددىيچىلىك بىلەن ساڭا بولغان توسقۇنسىز ئىشقىي تەلپۈنۈشمۇ بار ئىدى. بۇنىڭ بىلەن مەن ئوخشاش بولغان بىر ۋاقىتتا ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل ئوتتا كۆيۈشتەك قىسمەتنى باشتىن كەچۈرمەكتە ئىدىم.

ماي ئېيىنىڭ ئاخىرقى يەكشەنبە كۈنى سىنىپ مەسئۇلىمىز بىزنى بىر كۈنلۈك دالا سەيلىسىگە ئورۇنلاشتۇردى. شۇ كۈنى ئەتىگەن بىز دەريا بويىدىكى يېشىل توقايلىقنى نىشانلاپ خۇشال-خۇرام يولغا چىقتۇق. دەريا بويى مەكتەپنىڭ غەربىي جەنۇب تەرىپىدە بولۇپ، مەكتەپ بىلەن بولغان ئارىلىقى تۆت كىلومېتىرچە كېلەتتى. شۇڭا ۋېلىسىپىتىمىز بارلار ۋېلىسىپىت بىلەن، ۋېلىسىپىتى يوقلار پىيادىلا يېتىپ كېلىشكەن ئىدۇق. ۋېلىسىپىتى يوقلارنىڭ ئىچىدە سەنمۇ بار ئىدىڭ لالە. شۇ ئەسنادا ئىككىمىزنىڭ كۆزى ئوتتۇرىمىزدىكى بوشلۇقتا ئۇچرىشىپ قېلىۋېدى، مەن ساڭا قاراپ سۇسقىنا كۈلۈمسىرەپ قويدۇم. سەنمۇ ماڭا تەبەسسۇم بىلەن دەرھاللا ئۈنسىز جاۋاب قايتۇردۇڭ. بىز قىيا-چىيا ئاۋازلار بىلەن توقايلىققا ئەمەس، باشقا بىر دۆلەتكە ساياھەتكە ماڭغاندەك كەيپىياتتا يولغا چىقتۇق. مەن سېنى ۋېلىسىپىتىمنىڭ ئارقىسىغا ئېلىۋالدىم. سەن بىر قولۇڭدا دولاڭدىكى سومكىنىڭ تاسمىسىنى، يەنە بىر قولۇڭدا ۋېلىسىپىتنىڭ ئورۇندۇق تۆمۈرىنى چىڭ تۇتۇۋالغانىدىڭ. ئاشۇ تاپ ئۆزۈم يولدا بولغىنىم بىلەن خىيالىم سەندە ئىدى. مەن سېنى ياخشى كۆرۈپ قالغىنىمنى ھېس قىلغان شۇ كۈندىن باشلاپ روھىي پىسخىكامدا زور ئۆزگىرىش بولغان ئىدى. يەنى ئالدىڭدا ئىلگىرىكىدەك ئەركىن-ئازادە ئەمەس، بەلكى بىر خىل قورۇنۇش ئىچىدە ئويلاپ گەپ قىلاتتىم. سەن بىلەن ئۇچرىشىش ئالدىدا چاچلىرىمنى بارماقلىرىم بىلەن تاراپ قويۇش، چاپان-كۆڭلەكلىرىمنىڭ ياقا-پەشلىرىنى تۈزەشتۈرۈپ قويۇش، سەن يېنىمدىن ئۆتۈپ بولغاندا ئارقاڭدىن قاراپ قويۇش... مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى مەندىكى غەلىتە ئۆزگىرىشلەر ئىدى. بۇلارنى كېيىن ھېس قىلسام ئەسلىي مەن ساڭا پاكىز، رەتلىك كۆرۈنۈش ياكى شۇنداقراق تەسىر قالدۇرۇش ئۈچۈن شۇنداق قىلغانىكەنمەن. دېمەك، بىر ئادەمنىڭ قەلبىدە مۇھەببەت تۇيغۇسى ئويغانسا، ئۇنىڭ بىلەن بىللە گۈزەللىك قارىشىمۇ تەڭلا پەيدا بولىدىكەن، ياكى ئەسلىدىكى گۈزەللىك قارىشى يەنە بىر باسقۇچ يۇقىرى كۆتۈرۈلىدىكەن. ئەمەلىيەتتە مۇھەببەت دېمەك گۈزەللىكنىڭ يەنە بىر خىل شەكلى ئىكەن.

خىيال ئىچىدە يولنى قانداقلارچە بېسىپ تۈگەتكەنلىكىمنى ھېس قىلالمايلا قالدىم. دەريا بويى ياز پەسلىنىڭ يېشىللىقى ئىچىدە بىر پارچە يېشىل مەخمەلدەك كۆرۈنەتتى. بۈك-باراقسان دەرەخلەرنىڭ قاراڭغۇلىشىپ تۇرغان شاخلىرىنىڭ چاتقاللىقلىرىدا قۇشلار سايرىشاتتى. دەريا سۈيىنىڭ بوغۇق ئاۋازدا گۈركىرەپ ئېقىشلىرى غۇۋا ئاڭلىنىپ تۇراتتى. كەڭلىكى ئون نەچچە مېتىر، چوڭقۇرلۇقى بەش مېتىرچىمۇ كەلمەيدىغان بۇ دەريا بىزنىڭ بۇ يۇرتنىڭ جان تومۇرى ئىدى. پۈتۈن يۇرت مۇشۇ دەريانىڭ سۈيىدە ياشىرىپ تۇراتتى. گەرچە ئىلى دەرياسىدەك ھەيۋەتلىك دەريالارنىڭ ئالدىدا بىزنىڭ بۇ دەريا ئوتتۇراھال ئۆستەڭچىلىك كۆرۈنسىمۇ، مويسىپىتلارنىڭ يىراقتىن رىۋايەت قىلىپ بېرىشىچە، بۇ دەريا بۇرۇنلاردا چوڭ دەريا ئىكەنمىش. تۇغلۇق تۆمۈر زامانىدا بۇ دەريانىڭ كەڭلىكى بىر چاقىرىمدىن ئارتۇق بولۇپ، دەريا ئېقىنى راۋۇرۇس 40 ئاتنى چۆكتۈرۈۋېتەركەن. تۇغلۇق تۆمۈرنىڭ قوشۇنى بۇ دەريادىن نۇرغۇن ساللار بىلەن ئۆتكەنمىش. كېيىنكى زامانلاردا دەريا ئېقىنى ئۈزلۈكسىز تارىيىپ ۋە تىنىپ كىچىكلەپ ھازىرقى ھالەتكە كېلىپ قالغانمىش. لېكىن بۇنىڭ زادى قايسى زامانلاردىكى ئىش ئىكەنلىكىنى ھېچكىم بايان قىلىپ بېرەلمەيتتى.

بىز ئۆزىمىز ئېلىپ كەلگەن ھەر خىل تاتلىق-تۈرۈم، يەل-يېمىش، گازىر-پۇرچاقلىرىمىزنى داستىخانغا تۆكۈپ بىر كۈنلۈك پائالىيىتىمىزنى باشلىدۇق. ناخشا ئېيتىش، تانسا-

ئۇسسۇل ئويناش، لەتىپە-يۇمۇر ئېيتىپ كۈلۈش بىزنى غەم-غۇسسە بولمىغان بىر دۇنياغا باشلاپ كىرىپ كەتكەن ئىدى. لېكىن مېنىڭ ئىچىمدە تېرىلىرى يالتىراپ تۇرغان بىر يىلان سويلايتتى ۋە سەندىن ئىبارەت بىر تال بۇغداي دېنىنى دەم تارتىپ شوراش ئۈچۈن تىرىشاتتى.

لاله، سەن شۇ كۈننىڭ قانداق كۈن ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالغان بولغىيمىتىڭ ياكى قەستەن ئەس-خاتىرەڭدىن كۆتۈرۈۋەتكەن بولغىيمىتىڭ. ئۇ كۈن 31-ماي ئىدى. 31-ماي بولسا سېنىڭ تۇغۇلغان كۈنۈڭ ئىدى. گەرچە بۇ كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتىنىڭ سېنىڭ تۇغۇلغان كۈنۈڭ بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى بولمىسىمۇ، سەن بىلەن مۇشۇنداق بىر خۇشال كەيپىياتتا بىللە بولغىنىمدىن خۇرسەنلىك ھېس قىلاتتىم. راستىنى دېسەم، مەن ئاخشامدىن بۇيان ساڭا دەيدىغان گەپلىرىمنى كۆڭۈل خاتىرەمگە بىر-بىرلەپ نەقىشلەپ چىققان ۋە بۈگۈن بۇ گەپلەرنى سۆز يۇلتۇزلىرىغا ئايلاندۇرۇپ ساڭا تۇغۇلغان كۈن سوۋغىسى قىلىپ تۇتماقچى ئىدىم. لېكىن مېنىڭ سەن ھەققىدىكى ئارزۇ-ئارمانلىرىم يەنىلا ۋاقىت تۇلپارىنىڭ ئارقىسىدا قالماقتا ئىدى. ئىچىمدە بولسا سەن ھەققىدىكى گۈزەل بىر كۈي يېقىملىق رەۋىشتە ياڭرايتتى. بۇ بۈگۈن سەن ئاڭلاشقا نېسىپ بولماي قېلىۋاتقان ئەمما ساڭىلا ئاتالغان ناخشا ئىدى. ئەمەلىيەتتە بۇ بىر ئاۋازسىز كۆڭۈل ئىلھامى ئىدى.

لاله، ۋاقىت دېگەن كۆكتە ئەركىن پەرۋاز قىلىپ كېتىۋاتقان قاناتلىق قۇشقىلا ئوخشايدىكەن. ئوخشىمايدىغان يېرى ۋاقىت بىر ئورۇندىن تەكرار ئۆتمەيدىغان قۇش ئىكەن. ۋاقىتتىن ئىبارەت بۇ شەكلى يوق قۇشنى ياكى قەپەسكە سولىۋالغىلى ياكى قانىتىنى بوغۇپ دەرەخ شېخىغا باغلاپ قويغىلى بولمايدىكەن. بىز ھەر بىر تىنىق ۋاقىت بوشلۇقىدىن بىر قېتىمدىنلا ئۆتىدىكەنمىز. ئۆتكەن ۋاقىتتىن بىزگە قالىدىغىنى پەقەت غۇۋا ئەسلىمىلا بولىدىكەن، خالاس.

دەريا بويىدىكى ھېلىقى دالا سەيلىسىمۇ، ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىنىڭ ئالدى - كەينىدىكى جىددىيچىلىكمۇ ئاستا-ئاستا كۆڭۈل خاتىرىلىرىمىزدىلا قالدى. مەن ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىنى بىر قېتىملىق نەق مەيدان سوتىدەك تەسەۋۋۇر قىلدىم. لېكىن سېنىڭ قانداق تەسەۋۋۇر قىلغىنىڭ ماڭا نامەلۇم، لاله. بەلكى سەن قانداشلىق مېھرىمۇ ھەم زۇلۇممۇ بولمىغان باشقا بىر تىنچ ماكانغا قۇش بولۇپ ئۇچۇپ كېتىپ تەسەۋۋۇر قىلغانسەن. بۇنى مەن قايسى كۈندىكى سۆزلىرىڭدىن ھېس قىلغان ئىدىم.

ئۇ كۈنى سەن يەنە ھېلىقى بالا بويى ئۆسكەن قوناقلىق بويىدا قايسىدۇر بىر كىتابنى كۆرۈپ ئولتۇرغان ئىكەنسەن. نەچچە ئاي بۇرۇنقى بالا بويلۇق قوناقلار مانا ئەمدى ئادەم بويى بىلەن تەڭ ئۆسۈپ، غول-شاخلىرىمۇ تومىلىشىپ، قىزىرىشقا باشلىغان ئىدى.

— يالغۇز ئولتۇرۇپ كېتىپسەنغۇ؟ — يېنىڭغا كېلىپ سورىدىم.

— بىكار بولۇپ قاپتىكەنمەن، كىتاب كۆرگەچ ئارام ئېلىپ ئولتۇرۇۋېدىم، — سەن كىتابنىڭ بىر بۇرجىكىنى قاتلاپ كىتابنى ياپقاچ جاۋاب بەردىڭ.

— سەن نېمە يىلىلىق، لاله؟

— قانداق دەيسەن؟

سەن مېنىڭ نېمىنى بىلمەكچى بولغىنىمنى ئاڭقىرالمىغاندەك قايتۇرۇپ سورىدىڭ.

— سېنى، قوناق يىلىلىقمىكىن دەپ گۇمان قىلىپ قېلىۋېدىم.

جاۋابىم ساڭا بەك قىزىق تۇيۇلۇپ كەتتىمۇ، قانداق، چاڭگىلداپ كۈلۈپ كەتتىڭ. سېنىڭ بۇنداق كۈلگەن ۋاقتىڭدىكى ئاۋازىڭ شۇنداق جاراڭلىق ئىدى. قاچانلاردىدۇر كۈلكىدىمۇ گۈزەللىك بولىدۇ، دەپ ئاڭلىغىنىم يادىمدا ئىدى. سېنىڭ جانان چىنىدەك جاراڭلاپ كۈلگەن ۋاقتىڭدىكى گۈزەللىكىڭگە قاراپ بۇ گەپكە تولۇق ئىشىنىپ قالدىم. شۇ تاپتا سېنىڭ شۇ گۈزەللىكىڭنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن سېنى توختاتماي كۈلدۈرسەم، دەپمۇ خىيال سۈرۈپ قالدىم. لېكىن بۇ مۇمكىن ئەمەستە! نەدىمۇ تۈگىمەيدىغان نەرسە بولسۇن. مەيلى قايسى خىل شەكىل ۋە

مەزمۇندىكى بولسۇن، مەيلى قايسى هالەت ۋە ئورۇندا بولسۇن باشلىنىش نۇقتىسىغا ئېرىشكەن هەر قانداق بىر نەرسە ئاخىرلىشىش نۇقتىسىغا خۇلاسىلەنمەي قالمايدۇ. بۇ بىر تەبىئىي قانۇنىيەت. ئەگەر ئۇنداق بولمايدىكەن، ئىنسان ئۆلمەسلىكى كېرەك ئىدى. چۈنكى ئىنسان ئىنسانلىق ماهىيىتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلمايدۇ. ئىنسانىيەت تارىخىدا بۇ خىل ئارمان ئىچىدە ئۆلمەسلىكنىڭ دورىسىنى ئىزدەپ ئۆلۈپ كەتكەنلەر ساماندەك. هېچكىم ئەجەل پەرىشتىسى كەلگەندە ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالغان ئەمەس. شۇڭا هەر قانداق بىر نەرسە ئاخىرلىشىش نۇقتىسىدىن يىراق ئەمەس، بەلكى ئاخىرلىشىش نۇقتىسىنىڭ قورشاۋىدا بولغان بولىدۇ. ئاخىرلىشىش نۇقتىسىدىكى غايەت زور كۈچ بار نەرسىنى ئىلگىرى مەۋجۇت بولۇپ باقمىغاندەك يوق قىلىۋېتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمىكىن مەۋجۇت بارلىق ماڭا خۇددى بىر قېتىملىق چۈشتەكلا تۇيۇلىدۇ.

— قوناق يىللىق دەپمۇ يىل بولامدۇ، كامال؟ نېمانداق قىزىق گەپ قىلىسەن.

— مىسالەن شۇنداق بولسىچۇ؟

— بىراق بۇ مىسالەندىمۇ مۇمكىن بولمايدۇ-دە.

— مەن دەيمەن لالە، مەن مۇشۇ قوناقلارنى كۆرسەملا سېنى ئەسلەپ قالىمەن.

— ئەمىسە قوناق بولمىسا مېنى ئەسلىمەيدىكەنسەندە؟

— كىم شۇنداق دەيدۇ؟

— هازىر ئۆزۈڭ شۇنداق دېدىڭغۇ.

— بۇ مۇمكىنمۇ؟

— ئەلۋەتتە مۇمكىن.

— قانداق دەيسەن؟

— چۈنكى قىشتا قوناق بولمايدۇ-دە.

— لېكىن مېنىڭ سەن ھەققىدىكى خىيالىم قىشتىمۇ توزۇپ كەتمەيدۇ، لالە.

— بىلەمسەن كامال؟

— نېمىنى؟

— مەن سېنى شۇنداق هۆرمەتلەيمەن. سېنى بۇ دۇنيادىكى بىردىنبىر يېقىن ئادىمىمدەكلا هېس قىلىمەن.

— بۇنداق سېزىم مەندىمۇ بار، لالە.

— بەزىدە سېنى ئاكام بولۇپ قالغان بولسا قانداق ياخشى بولار ئىدى، دەپمۇ ئويلاپ قالىمەن تېخى.

— بىر كۈنلەرگە كەلگەندە مېنى ئۇنتۇپمۇ كېتەرسەنمۇ لالە؟

— ياق كامال، بىز مەڭگۈ يېقىن دوستلاردىن. مېنى پەقەت سەنلا تولۇق چۈشىنىسەن، مەنمۇ ساڭىلا ئىچ سىرىمنى دېيەلەيمەن.

— بىلەمسەن لالە، مەن سېنى بىر كۈنلىرى تۇيۇقسىزلا كۆز ئالدىمدىن غايىب بولۇپ كېتىدىغاندەك هېس قىلىمەن. شۇنى ئويلىسام كۆڭلۈم شۇنداق يېرىم بولىدۇ دېگىنە.

— سەن ئالىي مەكتەپكە ئۆتۈپ قالساق دېمەكچىمۇ؟

— ئۇمۇ بار لالە. ئۇنىڭدىن باشقا سەۋەبلەرمۇ بار.

— سەن بەك چوڭقۇر ئويلاپ كەتتىڭمۇ، قانداق؟

— بىلمەيمەن. ئىشقىلىپ سېنى مەڭگۈ يېنىمدىلا بولسىكەن دەيمەن.

— مانا، مەن سېنىڭ يېنىڭدىغۇ كامال.

— ئەخمەق قىز بالا، بەزىدە سەن ماڭا سەككىز ياشلىق قىز بالىدەكلا كۆرۈنىسەن جۇمۇ.

— ياق كامال، مەن تېزرەك چوڭ بولسام دەپ خىيال سۈرىمەن.

— نېمىشقا؟

— مەن هازىر چوڭ بولۇپ مۇستەقىل ياشاشنىلا ئويلايمەن. بەلكىم سەن بۇنى مەندەك روشەن هېس قىلالماسلىقىڭ مۇمكىن. چۈنكى سەن موهتاجلىق، خورلۇق تارتىپ چوڭ بولمىدىڭ. ئىككىمىزنىڭ باللىق دۇنياسى بىر-بىرىگە تامامەن ئوخشاشمايدىغان ئىككى خىل دۇنيا. سېنىڭ باللىق دەۋرىڭ قۇياش نۇرىدىكى كۆل يۈزىدەك چىرايلىق بولسا، مېنىڭ باللىق دەۋرىم ئۆزۈمنىڭ كۆز ياشلىرىمدا چايقىلىپ ئۆتتى. مەن يىغلاشتىن بەك قورقىمەن، كامال. چۈنكى

مەن ياش تۆكسەم كۆز يېشىم چۈشكۈدەكمۇ يەر يوق. شۇڭا يۈرىكىمدە يىغلىسام يىغلايمەنكى، ھەرگىزمۇ كۆزۈمدە يىغلىمايمەن.

— بولدى سۆزلىمە لالە!

— كۆڭلۈڭنى يەنە بىئارام قىلىپ قويدۇممۇ، قانداق؟ مېنىڭ مۇشۇ سېپىلى يوق ئاغزىمنىزە...

— مەن ئۇنداق دېمەكچى ئەمەس.

— مەن چۈشەندىم كامال، سېنىڭ كۆڭلۈڭ بەك يۇمشاق. ماڭا ئىچ ئاغرىتىسەن، ماڭا ھېسداشلىق قىلىسەن. مەنمۇ كۆڭلۈم بۇزۇلغان چاغلاردا ئىختىيارسىزلا سېنى ئويلاپ قالىمەن.

— سەنمۇ مېنى ئەسلەپ قالامسەن، لالە؟

سەن يىراقلارغا تىكىلدىڭ. شۇ تاپتا ئاۋازىڭنى شۇنداق ئاڭلىغۇم بولسىمۇ، لېكىن ئاڭلىيالمىدىم.

ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى سۆھبەت كىتابتىكى يەڭگىل تېكىستتەك خېلى ئۇزۇن داۋام قىلدى. بۇ جەرياندا مەن ساڭا بولغان مۇھەببەت ھېسسىياتىمنى ئىپادىلەشكە خېلىلا زورۇقۇپ باققان بولساممۇ، ئۈمىد قۇشۇم يەنىلا ئاخىرقى مەنزىلگە يېتىپ بارالماي، تالغان قاناتلىرىنى ھالسىز قېقىپ كۆكتىن يەر يۈزىگە چۈشۈپ كەتتى.

ھەيرانمەن، بىر قىزنى ياخشى كۆرۈشتىن ئۇ قىزغا «مەن سىزنى ياخشى كۆرىمەن» دېيىش نېمانچە قىيىندۇ. ياكى بۇ خىل ھالەت مەندىلا زاھىر بولۇۋاتامدىكىن، بىلمەيمەن. مەن ئۆزۈمنىڭ مەۋجۇت رېئاللىقىدىكى تىرىك بىر قىزنى ياخشى كۆرىمەن، ئۇنىڭغا تەلپۈنىمەن، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئازابلىنىمەن، ئۇنىڭغا مۇھەببەت ئىزھار قىلىشقا ئۇرۇنىمەن. بىراق سۆز ھايۋانلىرىم بوغۇز چۆلۈمدىن ئۆتەلمەيدۇ، سۆيگۈ قۇشۇم قەلب چىمەنزارىڭغا كىرىش ئالدىدا قاناتلىرى قايرىلىدۇ. تەشنالىقتا قاغجىراپ كەتكەن ۋۇجۇد گۈلىستانىم بۇلاق بويىدا چاكىلداپ قۇرۇپ كېتىدۇ.

قايسىدۇر بىر ھېكايىدە مۇنداق بىر ۋەقە بايان قىلىنغان ئىدى. ھېكايىدىكى باش پېرسوناژ ئۆزىنىڭ رەقىبىنى ئۆلتۈرۈۋېتىش خىيالىنى ئەللىك يىل ئەمەلگە ئاشۇرالماي ئاخىر رەقىبىدىن بۇرۇن ئۆزى ئۆلۈپ كېتىدىكەن. رەقىبى بولسا ئۇنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنى ناھايىتى داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈپ بېرىدىكەن. مەن ناۋادا بۇ باش پېرسوناژ رەقىبىنى ئۆلتۈرۈش خىيالىنى رەقىبىگە بىلدۈرۈپ قويغان بولسا رەقىبى ئۇنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنى ئاشۇنداق داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈپ بېرەر بولغىيمىتى، دەپ ئويلاپ قالغان ئىدىم. مەنچۇ؟ مەن سېنى ياخشى كۆرىدىغىنىمنى ساڭا دېيەلمەيمەن. مەنمۇ ئەللىك يىل بۇ گەپنى ساڭا دېيەلمىسەم، ئېھتىمال ئەللىك يىلدىن كېيىن مەنمۇ ئۆلۈپ كېتىشىم مۇمكىن. ئەللىك يىل كېيىنكى سەن بولساڭ باشقا بىر ئەرنىڭ خوتۇنى بولۇش سۈپىتىڭ بىلەن بەلكىم مەن ئۈچۈن يوشۇرۇن ھالدا ئىخلاس بىلەن بىرەر قېتىم دۇئا قىلىپ قويۇش بىلەنلا چەكلىنىسەن، خالاس. دېمەك، مەن بىلەن ھېكايىدىكى باش پېرسوناژ ئوتتۇرىسىدا مانا مۇشۇنداق ئورتاقلىق بار. يەنى، ھەر ئىككىمىز كۆڭلىمىزدىكى تۇگۈننى يېشەلمەي ئۆلۈپ كەتكىنىمىز ئۈچۈن ھېسداشلىققا ئېرىشىمىز. ئەمما بۇ ھېسداشلىققا ئېرىشىش ئۈچۈن ھاياتىمىزنى قانچىلىك ئازاب ئىچىدە ئۆتكۈزىدىغانلىقىمىزنى ئۆزىمىزدىن بۆلەك ھېچكىم بىلمەيدۇ. مەن بۇنداق مەڭگۈلۈككە سوزۇلۇپ كېتىش ئېھتىمالى بار بولغان ئازابنى روھ سۈيۈمدە سۇغارماسلىقىم ئۈچۈن ساڭا بولغان ھەقىقىي ھېسسىياتىمنى ئاشكارىلىشىم كېرەك. لېكىن سەن مېنىڭ ساڭا بولغان مۇھەببىتىمنى رەت قىلىۋەتسەڭ ياكى قوبۇل قىلمىساڭچۇ؟ سېنىڭ مېنىڭ ساڭا بولغان مۇھەببىتىمنى رەت قىلىۋېتىشىڭ ياكى قوبۇل قىلماسلىقىڭ بىلەن مېنىڭ قەلبىمدىكى ساڭا بولغان قىزغىن ئىشتىياقىنىڭ توزۇپ كېتىشى ناتايىن. ئەمەلىيەتتە مەن ساڭا مۇھەببەت ئىزھار قىلىشتىن ئەمەس، بەلكى مۇھەببىتىمنىڭ رەت قىلىۋېتىلىشى ياكى قوبۇل قىلىنماسلىقىدىن قور-

قىممەن. مەن كۆرگەن نۇرغۇن مۇھەببەت ھېكايىلىرىدە تۇنجى مۇھەببەت ھامان مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلىشىدىكەن. يەنە نۇرغۇن داڭلىق شەخسلەر، ھەتتا بىر ئۆمۈر قىزلار بىلەن سۆيگۈنى تەسۋىرلەپ ئوتلۇق شېئىرلارنى يازغان شائىرلارمۇ بىر ئۆمۈر تۇنجى مۇھەببىتىنىڭ قالدۇرغان داغىغۇ ھەسرىتىدە پىغان چېكىپ ئۆتۈپ كەتكەنىكەن. مەن بولسام مۇھەببەت ھېكايىلىرىدىكى پېرسوناژ ئەمەس ياكى ئۇنداق داڭلىق شەخسمۇ ئەمەس، لېكىن ئۇلار بىلەن ھېسسىيات ئورتاقلىقىم بار. شۇڭا ئۆزۈمنى ئۆزۈم تۇنجى مۇھەببىتىنىڭ قۇربانى قىلىۋېتىشتىن قورقىمەن.

كېچە. ئاسماندىكى تولۇن ئاي چار بازارچى ئايالالارنىڭ ئالدىدىكى چىرايلىق بۇغداي نېنىدەك پارلاپ تۇرىدۇ. تولۇن ئاينىڭ مۇرادىغا يېتىپ پىشقان سۈتنىڭ يۈزىدەك ئاق-سېرىق نۇرى دەرەخلەردىكى يېشىل يوپۇرماقلارنىڭ ئۈستىدە، ئۈگزىلەرنىڭ قارا ئىس باغلاپ كەتكەن مورىلىرىنىڭ ئۈستىدە، ئېرىقلاردا ئويناقشىپ ئېقىۋاتقان سۈزۈك سۇلارنىڭ سىلىق- كۆكۈچ يۈزىدە بەخت رەڭدە سوزۇلۇپ ياتىدۇ. ئاسمان كۆكسىنىڭ زىننەت چىرىغى، كېچە يۈزىنىڭ نۇرلۇق كۆزلىرى بولمىش سان-ساناقسىز يۇلتۇز چېچەكلىرى چۆچەكلەردىكى مەلىكىلەرنىڭ بوينىدىكى مەرۋايىتلاردەك چاقناپ تۇرىدۇ. ناگان-ناگاندا ئۇزۇن ئاق ئىز قالدۇرۇپ ساقىغان يۇلتۇزلار، قانداقتۇر بىر يورۇق ئاسمان جىسىملىرىنىڭ ھاۋا بوشلۇقىدىن لەيلەپ ئۆتۈشلىرى ئادەمدە غەلىتە قىزىقىشلارنى قوزغايدۇ. مەن چاقناپ تۇرغان يۇلتۇز چېچەكلىرىدىن كۆزلىرىڭنى، پارلاپ تۇرغان ئايدىن رۇخسارىڭنى قىياس قىلىمەن.

مەن قانچە كېچىلەرنى سېنى خىيال قىلىپ ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزگىنىمنى، يەنە قانچە كېچىلەرنى بۇ كېچىلەرنىڭ داۋامى سۈپىتىدە ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزىدىغىنىمنى بىلمەيمەن. بۇ كۈنلەردىكى مەن ھېلىقى بارسا كەلمەس يولغا كىرىپ كەتكەن ئادەمگىلا تەققاس بولۇپ قالغان ئىدىم.

مۇھەببەتنىڭ قانداق شەكىل، قانداق رەڭدىكى ھېسسىيات ئىكەنلىكىنى بىلمەيمەن. قىزلارنى ياخشى كۆرۈش تۇيغۇسىنىڭ نېمە ئۈچۈن ئازاب بىلەن مەنداش بولىدىغانلىقىنى تېخىمۇ بىلمەيمەن. يات بىر ئەرنىڭ يەنە بىر يات ئايالنى ياخشى كۆرۈپ قېلىشىدىكى سىرنى يېشەلمەيمەن. شۇنداقلا يەنە ئايالالار بولمىسا ئەرلەرنىڭ قانداق مۇھىتتا ياشايدىغانلىقىنىمۇ تەسەۋۋۇر قىلالمايمەن. مەن سېنى تۇنجى قېتىم قوناق بالا بويى بولغاندا ياخشى كۆرۈپ قالغىنىمنى ھېس قىلغان. ھازىر ئۇ چاغدىكى بالا بويى قوناقلار ئادەم بويىدىنمۇ ئۆسۈپ كەتتى. لېكىن بۇلارنى سەن ھېس قىلالامسەن-يوق، بۇنىسى ماڭا قاراڭغۇ. نېمىلا بولمىسۇن سەن ماڭا گۈزەل بىر خىيال بىلەن گۈزەل بىر ئازابنى ئاتا قىلغان ئىدىڭ. ئۆز ھاياتىدا ئەسلىگۈدەك كەچۈرمىشى يوق ئادەمنىڭ قانچىلىك بىچارە ئىكەنلىكىنى بەلكىم شۇ ئادەمنىڭ ئۆزىدىن باشقا ھېچكىم بىلمەسلىكى مۇمكىن. مېنىڭ بۇ كېچىدىكى سەن ھەققىدە سۈرگەن خىياللىرىمنىڭ داۋامى يەنە بۇرۇنقىدەكلا سېنىڭ ئاۋازىڭغا قوشۇلۇپ كەتتى.

— ئالىي مەكتەپ جەننەتمۇ، كامال؟

— مېنىڭچە، ئالىي مەكتەپ ئۈمىد.

— ماڭا شۇ ئۈمىد نېسىپ بولارمۇ؟

— ئەلۋەتتە.

— بىراق مەن قورقىمەن.

— نېمىدىن؟

— ئۆتەلمەي قېلىشىمدىن.

— مېنىڭچە سەن چوقۇم ئۆتۈپ كېتىسەن. كۆڭلۈڭنى توق تۇتقىن.

— شۇنداقتىمۇ يەنە قورقىمەن، كامال.

— يەنە نېمىدىن قورقىسەن؟

— ئالىي مەكتەپكە ئۆتۈپ قېلىشىمدىن.

— بۇ قانداق گەپ بولدى لالە؟ ئۇ بىر خۇشاللىق تۇرسا، نېمىدەپ قورقۇنچ ھېس قىلىسەن؟

— ئالىي مەكتەپتە ئوقۇشقا نۇرغۇن پۇل

ئوربىتكاب www.orbhurkitap.com

كېتەر ـ ھە؟

ــ ھەئە.

ــ مېنى كىم ئوقۇتىدۇ، كامال؟

ئۇھ...

پويىزدەك ئۇزۇن بىر تىنىق بوغۇزۇمدا بىر نەچچە نەپەس قىينالغاندىن كېيىن تۇمشۇقىمدىن پۇرقىراپ چىقىپ كەتتى. چۈنكى ئاخىرقى سوئالىڭ مېنىڭ سەن ھەققىدىكى ئەنسىرەشلىرىمنى ئايان قىلغان ئىدى. شۇ ھالدىكى سەن گويا تۆت ئەتراپى سۇ بىلەن قورشالغان يېشىل ئارالغىلا ئوخشايتتىڭ. بۇ ئارالدىكى سەن مەيلى قايسى تەرەپكە نەزەر سالما، قايسى يۆنىلىش بويىچە سەپەر قىلما يولۇڭغا پايانسىز سۇدىن ئىشكەل سېلىنغان ئىدى.

كېيىن سەن نېمىلەرنى دېدىڭ، مەن نېمىلەرنى دېدىم ھېچنېمە يادىمدا قالماپتۇ. ئارىدىكى كۈنلەر خۇددى باش باھاردىكى سېرىق چۈمۈلىلەردەك بىرىنىڭ ئارقىسىدىن بىرى ئەگىشىپ ئۆتۈۋەردى. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە قولۇمغا ئالى مەكتەپنىڭ قىزىل تامغىلىق ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش قەغىزى كېلىۋېدى، بېشىم كۆككە يەتكەندەك بولۇپ كەتتى. چۈنكى مېنىڭ 11 يىللىق قايىقىم مۇۋەپپەقىيەتلىك يېرىلىپ، نۇسرەتلىك بىر ھۆكۈمنامىگە ئېرىشكەن ئىدىم. گەرچە خۇشاللىقتىن ئىبارەت بۇ سېزىم بىر ئادەمنىڭ روھىي دۇنياسىدىكى تۇيغۇ بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدىن كۆپ ئادەمنىڭ مەنپەئەتلىنىش قانۇنىيىتى بولىدىكەن. مېنىڭ بۇ خۇشاللىقىمدىن ھەممىدىن كۆپ خۇشال بولغان ئادەم دادام بىلەن ئاپام بولدى. ئۇلارنىڭ قىزىل تامغىلىق قەغەزگە قاراپ تىترەپ تۇرۇپ ھاياجانلىنىشلىرىنى ئۇمۇرۋايەت ئۇنتۇيالمايمەن ھەم ئۇنى تىل بىلەن تەسۋىرلەپ بېرىشكىمۇ ئاجىزلىق قىلىمەن. خۇشاللىقنى ئىچىگە سىغدۇرالمىغان ئاپام بىر كۈن كەچ بولغىچە مەھەللىدە قاتراپ يۈردى. ئاندى كۈننىڭ كەچ بولۇشىغا قارىماي دەرۋازا ئالدىلىرىنى پاكىز سۈپۈرۈپ سۇ چاچتى. دادام بولسا ئۈزۈم تەكلىرىنى بىراقلا ئاغدۇرۇپ، قورۇدىكى سەي ـ كۆكتاتلارنى پۈتۈن ئىشتىياقى بىلەن پەرۋىشلەپ چىقتى. مەن ئۇلارنىڭ روھىيىتىدە نامايان بولۇۋاتقان بۇ خىل سۆيۈنۈشكە قاراپ ئۆزۈمنى خۇددى ئاق ئاتقا مىنىپ گۈزەل بىر مەنزىلگە مېڭىش ئالدىدىكى شاھزادىلەردەك ھېس قىلاتتىم. شۇ چاغلاردىمۇ كۆڭلۈمنىڭ ھېچكىمنىڭ كۆزى كۆرەلمەيدىغان بىر يەرلىرىدە سەن كۈلۈمسىرەپ تۇراتتىڭ. كاللامدا بولسا، مېنىڭ بۇ خۇشاللىقىمدىن لالەمۇ خەۋەر تېپىشى كېرەك، دەپ ئويلايتتىم. چۈنكى بۇ ئوتتا ئىككىمىز تەڭ كۆيگەن. شۇڭا بۇ ئوتنىڭ لەززىتىدىن ئىككىمىز ئورتاق بەھرىلىنىشىمىز كېرەك. بەلكىم پات ئارىدا بۇ بىر پارچە قىزىل تامغىلىق قەغەز سېنىڭمۇ ئىسسىق، يۇمشاق قولۇڭغا قوش بولۇپ قونار. شۇنىڭ بىلەن سېنىڭ ھايات مۇساپەڭ بىراقلا ئۆزگىرىپ، ئۆزۈڭ كېچە ـ كۈندۈز ئارمان قىلىپ كېلىۋاتقان خىيالىڭدىكى گۈزەل دۇنيارىڭنىڭ ۋەسلىگە يېتەرسەن.

كەچلىك تاماقتىن كېيىن قوناقلىق بويىغا چىقتىم. دىمىق ھاۋا بىلەن قارا چېكىتتەك ئۇششاق ھاشارات ـ كۇمۇتلار ئادەمنى بىئارام قىلاتتى. بىر ـ بىرىگە سوقۇلۇپ كېتىدىغاندەك قىيپاش بولۇپ ئۇچۇۋاتقان ئۇششاق كۇمۇتلار سەللا دىققەت قىلمىسا كۆز، ئېغىزلارغا كىرىپ كېتەتتى. تاغ باغرىغا چۆكۈۋاتقان قۇياشنىڭ سۇس قىزغۇچ نۇرى قوناق شاخلىرىنىڭ يېشىل پۆپۈكلۈك ئۇچىدا ئاجىز پارلايتتى. بىلەكتەك ـ بىلەكتەك باش ئالغان قوناقلارنىڭ ئۇششاق، يۇمشاق پۆپۈكلۈك ساقاللىرى قوناق بېشىنىڭ قاتمۇقات پوستى ئۈستىدە تەكشى يېيىلىپ ساڭگىلاپ تۇراتتى.

مەن بۇ يەرگە سېنى بار دەپ كەلدىممۇ، ياكى سېنى سېغىنىپ كەلدىممۇ بىلمەيمەن. ئىشقىلىپ سەن ماڭا ھامان مۇشۇ يەردە تىزىڭنى قۇچاقلاپ تۇرغان يۇمران بىلىكىڭگە بېشىڭنى قويۇپ نەلەرگىدۇر خىيال بىلەن تىكىلىپ ئولتۇرغاندەكلا تۇيۇلىسەن. ئەمەلىيەتتە مېنى بۇ يەرگە

باشلاپ كەلگىنى بولسا باشقا نەرسە بولماستىن دەل ئۈمىد ئىدى. ئادەملەر ئۆلۈپ كەتسىمۇ ئۈمىد ئۈزۈلۈپ قالمايدىغان بۇ جاھاندا بىزنى پەقەت ئۈمىدلا ئەتىدىن ئەتىگە ئۇلاشتۇرىدۇ. ھەممە ئادەم ئۆلۈپ كېتىدىغان مۇقەددەس قانۇنىيەت ئىچىدە ئۆلۈم ۋاقتىنىڭ سىر تۇتۇلۇشىمۇ ئۈمىدنىڭ ئۈزۈلۈپ كەتمەسلىكىنى قوغداشتىكى ئۇلۇغ مۆجىزىلەرنىڭ بىرى بولسا كېرەك. ناۋادا بىز ئۆزىمىزنىڭ قاچان، قەيەردە ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىمىزنى ئالدىن بىلسەك بىزدىكى ھاياتقا بولغان ئۈمىد ئۈزۈلىدۇ - دە، ياشاشنى ئەمەس بەلكى ئۆلۈپ كېتىشنى كۈن ساناپ كۈتۈپ ئولتۇرغان بولىمىز ۋە بىزدىكى ھاياتقا بولغان ئىشەنچ، مۇھەببەت مەۋجۇت بولمايدۇ. ھەتتا ۋەھىمىلىك ئۆلۈم قورشاۋىدا مۇددەتتىن بۇرۇن ئۆلۈپ كېتىشىمىزمۇ مۇمكىن. شۇڭا ھاياتلىقتىكى بىر قىسىم مۆجىزىلەر سىرىنىڭ بىز ئىنسانلاردىن سىر تۇتۇلۇشى بىزگە ئاتا قىلىنغان پاك نېمەتلەرنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

قوناق شاخلىرىنىڭ ئۈستىدىكى قۇياشنىڭ سۇس سېرىق نۇرىمۇ ئاستا - ئاستا ئۆچۈشكە باشلىدى. مەن بۇ يەردە ئۆزۈم يالغۇز تاكى يۇلتۇز گۈللىرى ئاسمان كۆكسىدە غۇچچىدە پورەكلەپ، تۈن مەلىكىسى قارا يېپىنچىسىنى زېمىن يۈزىگە تولۇق يېپىپ بولغىچە تۇردۇم. قوناقلىق بويىدىكى ئىككى ئات قاتار ماڭغۇدەك كەڭلىكتىكى يولغا ئۈمىد بىلەن پات - پات قاراشلىرىم ئاخىر تۈن قاراڭغۇلۇقىدا ئاستا - ئاستا غايىپ بولدى.

ئەتىسى سەھەردە سېنى دەرۋازاڭنىڭ ئالدىنى سۈپۈرۈپ، سۇ چېچىۋاتقان ھالەتتە ئۇچراتتىم. سەن ماڭا قاراپ كۈلۈمسىرىگەندەك قىلدىڭ. مەن ئۇدۇللا يېنىڭغا كەلدىم.

— ياخشى تۇردۇڭمۇ لالە؟

— ئانچە ياخشى ئەمەس.

سېنىڭ ئادەت يۈزىسىدىن بولسىمۇ «ياخشى» دېگەن جاۋابنى بەرمەسلىكىڭ مېنى ھەيران قالدۇردى.

— مىجەزىڭ يوقمۇ نېمە؟

— بىلمەيمەن.

— ئاخشام سېنى چىقىپ قالارمىكىن دەپ خېلى بىر كەمگىچە ساقلىدىم، بىراق سەن چىقمىدىڭ.

— ھە راست، مۇبارەك بولسۇن، ساڭا چاقىرىق كەپتۇ.

— رەھمەت لالە، مەنمۇ ساڭا مۇشۇ خەۋەرنى يەتكۈزەي دېگەن. سېنىڭكىدىن خەۋەر يوقمۇ تېخى؟

— ھازىر ئىشىم بارتى، كامال. مەن كىرىپ كېتىۋېرەي، كەچتە قوناقلىقتا كۆرۈشەيلى.

— ماقۇل، ئەمىسە كەچتە كۆرۈشەيلى، لالە.

سەن بېشىڭنى يېنىك لىڭشىتىپ، سۇس كۈلۈمسىرەپ قويغاچ ئارقاڭغا بۇرۇلدۇڭ. كەچلىك قۇياش نۇرى قوناق شېخىنىڭ ئۈستىدىن سۇرۇلۇپ يوقالغان چاغدا قوناقلىق بويىغا كەلدىم. بۇ چاغدا سەن مەندىن بۇرۇن كېلىپ بولغان بولۇپ، يەنىلا شۇ بۇرۇنقى ئورنۇڭدا يالغۇز ئولتۇراتتىڭ.

— نېمە گېپىڭ بارتى لالە؟ — مەن يېنىڭدا ئولتۇرغاچ ئۇدۇللا سورىدىم.

— ئالدى بىلەن سېنى چىن دىلىمدىن قۇتلۇقلايمەن كامال. مۇبارەك بولسۇن!

— رەھمەت ساڭا. ماڭا قارا، لالە، سېنىڭ يەنە باشقىچە گەپ - سۆزلىرىڭ باردەك قىلىدۇ، قانداق گەپ بولسا ئوچۇق دېگىن. مەن سەل دۆتىرەك، ئوچۇق دېمىسەڭ چۈشىنەلمەي قالىدىكەنمەن.

— ئەمىسە بۇنى كۆرۈپ باققىن.

سەن ماڭا بىر پارچە قەغەزنى سۇندۇڭ.

— نېمە بۇ؟

— ئاۋۋال كۆرمەمسەن.

قولۇڭدىكى بىر پارچە قەغەزنى بىر پارچە چوغنى ئالغاندەك ئالدىم. كاللامدا ھەر قىسما خىياللار توزۇيتتى. مەن قەغەزنى ئېچىپلا كۆزلىرىم خۇشاللىقتىن كېرىلگەن ھالدا تۇرۇپ قالدىم. دەماللىقتا تىلىمغا گەپمۇ كەلمەي

قالدى. قولۇمدىكىسى ئالى مەكتەپنىڭ چاقىرىق قەغىزى ئىدى.

— لالە، بىز يەنە بىر شەھەردە ئوقۇيدىغان بوپتۇق. بۇ نېمىدېگەن خۇشاللىق ـ ھە!

مەن سەن ئۈچۈن شۇنداق خۇشال بولۇۋاتاتتىم، لېكىن سەن ئانچە خۇشال ئەمەستەك قىلاتتىڭ.

— كامال، مەن ئوقۇيالمايدىغان ئوخشايمەن، كۆڭلۈم بەكلا يېرىم بولۇۋاتىدۇ.

— نېمىشقا؟ — دەرھاللا قايتۇرۇپ سورىدىم سەندىن ئىچىمگە سوغۇق بىر تىترەك كىرىپ كەتكەندەك ئەندىكىپ.

— ئۇلار قوشۇلمىدى.

سېنىڭ كىملەرنى دەۋاتقانلىقىڭنى دەرھال ھېس قىلىپ يەتتىم.

— ئۆزۈڭچۇ، ئۆزۈڭ قانداق قىلاي دەپ ئويلاۋاتىسەن؟

سەن بىر ھازا ئىچىڭگە تىنىپ جىمجىت تۇرغاندىن كېيىن خۇددى ماڭا ئەمەس ئۆزۈڭگە گەپ قىلىۋاتقاندەك بوش ئاۋازدا دېدىڭ:

— بىلمەيمەن.

ئىچىمدە ئاچچىق بىر نەرسە لۆمۈلدەشكە باشلىدى. پۇلدىن ئىبارەت بۇ نەرسە سېنىڭ ئىرادەڭنى ئاستا ـ ئاستا سۇندۇرماقتا ئىدى.

— شەنبە كۈنى دەريا بويىغا بارالامسەن؟ — سەندىن سورىدىم خېلى ئۇزاقتىن كېيىن.

— قانداق دەيسەن؟

— ساڭا دەيدىغان گەپ بارتى.

— ھازىرلا دېسەڭ بولمامدۇ؟

— ياق، شەنبە كۈنى بارساڭ دەيمەن، بارالامسەن؟

— قانداق بولار؟

— چوقۇم بارغىن لالە. مەن سەن كەلمىگىچە ھەرگىز كەتمەيمەن.

مەن سۆزۈمنى تۈگىتىپلا ئارقامغا بۇرۇلۇپ، سەندىن يىراقلاپ كېتىشكە باشلىدىم. سەن ئۆزۈڭدىن ئاستا ـ ئاستا يىراقلاپ كېتىۋاتقان ماڭا قاراپ تۇردۇڭمۇ ياكى باشقا يەرلەرگە قاراپ خىيال سۈرۈپ ئولتۇرۇپ قالدىڭمۇ بىلمەيمەن. ئۆزۈم بولسام ئارقامغا قاراپ باققۇدەك ماغدۇر يوق بىر ھالەتتە قوناقلىقتىن چىقىپ كەتتىم.

شۇ ئاخشامدىن بۇيان كاللامغا نۇرغۇن زىددىيەتلىك خىياللار كىرىۋالدى. مەن سېنى سۆيەتتىم، شۇڭا مەن سېنى خۇددى چۆچەكلەر دۇنياسىدىكى ئالتۇن كەشلىك مەلىكىدەك تەسەۋۋۇر قىلاتتىم. ئەمدى بولسا ئۆزۈمنى ئاشۇ ئالتۇن كەشلىك مەلىكىنىڭ يېنىدىكى ئاق ئاتلىق شاھزادىدەك تەسەۋۋۇر قىلىشقا باشلىدىم. مەن چوقۇم سېنىڭ ئاق ئاتلىق شاھزادەڭ بولۇپ سېنى ئۆزۈم بىلەن بىللە ئېلىپ كېتىشىم كېرەك. بۇرۇنقى زامانلاردا 18 ياش دېگەن شىر سۈپەت بىر ئەرنىڭ يېشى بولۇپ سانالاركەن. 18 يېشىدا جەڭ قىلىپ باتۇر ئاتالغانلارمۇ، 18 يېشىدا تەختكە ۋارىسلىق قىلىپ شاھ ئاتالغانلارمۇ بولغان. مەن نېمىشقا 18 يېشىمدا ئۆزۈم سۆيگەن بىر قىزنىڭ دەردىگە دەرمان بولالمايمەن؟

ياق لالە. سەن مېنىڭ مەلىكەم، سەن مېنىڭ ھازىرقى ۋە كەلگۈسىدىكى رېئاللىقىم. شۇڭا مەن چوقۇم ئۆزۈمنىڭ رېئاللىقىغا يۈزلىنىشىم كېرەك.

شەنبە كۈنى دەريا بويىغا بالدۇرلا كېلىپ سېنى ساقلاشقا باشلىدىم. دەريا بويىدىكى توقايلىق ھازىر بۇرۇنقىدىنمۇ قويۇقلىشىپ، قاراڭغۇلىشىپ كەتكەندى. قۇياشنىڭ ئالتۇن رەڭ نۇرىمۇ دەرەخلەرنىڭ قويۇق شاخلىرى ئارىسىدىن ئۆتەلمەي، يوپۇرماقلارنىڭ ئارىسىدا ۋىلىلداپ چاقنايتتى. دەريا سۈيىنىڭ ئاۋازى يەنىلا بۇرۇنقىدەك بىر خىل رىتىمدا بوغۇق گۇركىرەيتتى. قۇشلارنىڭ ئوخشاش بولمىغان ئاۋازلاردا چۇرۇقلاپ سايراشلىرىنى ئېنىق ئاڭلىغىلى بولاتتى ـ يۇ، قايسى دەرەخ، قايسى شاختا سايراۋاتقانلىقىنى ئىلغا قىلغىلى بولمايتتى. كۆزۈم توساتتىن يىراقتىن كېلىۋاتقان ساڭا چۈشتى. سەن كۆپكۆك چىم، يېشىل دەرەخ، سالقىن سايىلەر ئىچىدە خۇددى ئورمان مەلىكىسىدەك لەرزانلىنىپ

قەدەم تاشلاپ ماڭا يېقىنلاپ كەلمەكتە ئىدىڭ.

— ساقلىتىپ قويدۇممۇ كامال؟ — سەن يېنىمغا كېلىپلا سورىدىڭ.

— ياقەي، مەن سېنى مەڭگۈ ساقلاشقا رازى، لالە.

ئىككىمىزنىڭ دەريا بويىدىكى پاركقى مۇشۇنداق باشلاندى.

— لالە، بۇ يەردىكى ھېلىقى قېتىملىق دالا سەيلىسى پائالىيىتىمىز يادىڭدىمۇ؟

— يادىمدا، قانداق دەيسەن؟

— ئۇ كۈنى سېنىڭ تۇغۇلغان كۈنۈڭ ئىدى - ھە؟

سەن ھەيران قالغان ھالدا مەندىن قايتۇرۇپ سورىدىڭ.

— ئۇنى سەن قانداق بىلەتتىڭ؟

— مەكتەپتە ئانكېت تولدۇرغاندا كۆرۈپ قالغان.

— سەن بۇ ئارقىلىق نېمە دېمەكچى كامال؟

— مەن شۇ كۈنى سېنىڭ تۇغۇلغان كۈنۈڭنى تەبرىكلەپ ناخشا ئوقۇغان.

— چاقچاق قىلمىغىن كامال. نەدە ئۇنداق ئىش بولغان ئۇ كۈنى؟

— راست دەۋاتىمەن.

— سەن داۋاملىق مۇشۇنداق غەلىتە گەپلەرنى قىلىسەن - ھە، كامال؟

— بىلەمسەن لالە، ئۇ مېنىڭ سېنىڭ تۇغۇلغان كۈنۈڭنى تۇنجى قېتىم تەبرىكلىشىم ئىدى. شۇڭا شۇ كۈنى مەن سەن ئۈچۈن ئۆزۈم يازغان بىر پارچە تۇغۇلغان كۈن ناخشىسىنى ساڭا ئاتاپ ئوقۇغانىتىم.

— چۈشەندىم. دېمەك سەن ئۇ ناخشىنىمۇ ئېچىڭدە ئوقۇپتىكەنسەن - دە؟

— ھەئە.

— قانداق ناخشا بولغىيتى ئۇ؟

— ساڭا ئوخشاش ھەم يېقىملىق، ھەم چىرايلىق ناخشىتى.

— مەن يېقىملىقما؟

— ئۆزۈڭ ھېس قىلمىغانمۇ؟

— مەن سۆزلىرىڭنى پەقەتلا چۈشىنەلمەي قېلىۋاتىمەن. بۇ زادى نېمە ئۈچۈن؟

— چوقۇم سەۋەب بولۇشى كېرەكمۇ لالە؟

— مەن بەك تاسادىپىيلىق ھېس قىلىپ قالدىم.

— ئەمىسە سەۋەب كۆرسىتەي لالە، چۈنكى...

سۆزۈمنى داۋاملاشتۇرالماي توختاپ قالدىم. بىر جۈپ قاپقارا قوي كۆزۈڭ ماڭا تەئەججۇپ بىلەن تىكىلىپ قالغانىدى. مەن بولسام ساڭا دېمەكچى بولغان سۆزلىرىمنى قەيەردىن، قانداق باشلاشنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدىم. ئىچىمدىكى سۆزلەر خۇددى قوم بىلەن بۇغداي دېنى ئارىلىشىپ كېتىۋاتقاندەك قىلاتتى.

— گەپ قىلغىن كامال!

يېقىملىق ئاۋازىڭ قۇلاق پەردەمدىن سىلىقىنە ئۆتۈپ ئىچىمگە يامغۇردەك تۆكۈلۈپ كەتتى. ئىچىمدىكى سۆزلەر ئىچىمدىن قايناپ چىقىپ بوغۇزۇمدا كۆپۈپ - سەمرىمەكتە ئىدى.

— چۈنكى... مەن سېنى.. لالە...

مەن سۆزۈمنى داۋاملاشتۇرالماي يەنە تۇرۇپ قالدىم.

— چۈنكى، مەن سېنى، نېمە شۇ كامال؟ — سەن يەنە سورىدىڭ. مەن يۈرىكىمنى يولۋاسنىڭ يۈرىكىدەك يوغىنىتىپ تۇرۇپ جاۋاب بەردىم:

— چۈنكى، مەن سېنى سۆيەتتىم لالە!

مەن شۇنداق دېدىم - دە، ساڭا قاراشقا پېتىنالماي ئالدىمدىكى بىر تۈپ دەرەخنىڭ ئۈچىغا قارىۋالدىم. لېكىن شۇ تاپتا سېنىڭ ماڭا قانداق ئىپادە ۋە كەيپىياتتا بولىدىغىنىڭنى شۇنداق بىلگۈم بار بولسىمۇ، ساڭا تىكىلىپ قاراشقا پېتىنالمايتتىم. چۈنكى سەن كۆزلەرنىڭ نۇرىنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋېتىدىغان كۈچلۈك نۇر ئىدىڭ. شۇڭا ساڭا تىكىلىپ قاراش مەن ئۈچۈن تولىمۇ دەھشەتلىك ئىدى. تۇيۇقسىز سېنى بۇ يەردىن يۈتۈكنىڭ ئۈچىغا قارىغىنىڭچە كېتىپ قالارمۇ، دەپ ئويلاپ قالدىم. ناۋادا سەن ماڭا بۇ يەردە بىر قېتىملىق كېتىپ قېلىشنى سوۋغا قىلساڭ،

سەن ماڭا سوۋغا قىلغان بۇ بىر قېتىملىق كېتىپ قېلىش سېنىڭ مېنىڭ رېئاللىقىمدىن مەڭگۈ چىقىپ كېتىشىڭ بىلەن خاراكتېرلىنىپ قالاتتى.

ئارىدىن قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتىكىن، بىر چاغدا سېنىڭ ئاجىز شامالدا شىلدىرلىغان يوپۇرماقنىڭ ئاۋازىدەك بوش ئاۋازدا ماڭا خىتاب قىلغىنىڭ ئاڭلاندى.

— كامال!

— سەن مېنى خاتا سۆزلەپ قويدى دەپ ئويلىمايدىغانسەن لاله؟ — سەن سۆزۈڭنى داۋاملاشتۇرغىنىڭچە مەن ئۆزۈم تەشەببۇسكارلىق بىلەن سورىدىم ۋە سەندىن ئىبارەت كۈچلۈك نۇر دولقۇنىغا غەيرەت قىلىپ تىكىلدىم.

سەن «ياق» دېگەن مەنىدە بېشىڭنى سۇسقىنە چايقىدىڭ ۋە مەندىن يەنە سورىدىڭ:

— بىز چوڭ بولدۇقمۇ كامال؟

— بىلمەيمەن. مەن پەقەت سېنى ئۇزاقتىن بۇيان ياخشى كۆرۈپ كېلىۋاتقانلىقىمنىلا بىلىمەن. لېكىن سېنىڭ مېنى رەت قىلىۋېتىشىڭدىن قورقۇپلا كۆڭلۈمدىكى بۇ سىرلارنى تاكى بۈگۈنگە قەدەر ئىچىمدىن چىقىرالماي پۈچىلىنىپ كەلدىم. سېنىڭ مېنى رەت قىلىۋەتمەسلىكىڭنى ئۈمىد قىلىمەن لاله.

— مەن سېنى قالايمىقان، بىمەنە خىيال سۈردى، دەپ ئويلايمەن كامال.

— ياق لاله. بۇ خىيال ئەمەس، بەلكى مېنىڭ رېئاللىقىم. مەن ئۇزاقتىن بۇيان بۇ ئىسسىق رېئاللىق ئىچىدە ياشاپ كەلدىم.

— بىراق بۇ مۇمكىنمۇ كامال؟

— نېمىدەپ مۇمكىن بولمىغۇدەك؟

سەن سوئالىمغا جاۋاب بەرمەي تۇرغان جايىڭغىلا ئولتۇردۇڭ، ئىككى قولۇڭ تەبئىي رەۋىشتىلا تىزىڭنى قۇچاقلاپ ئۈلگۈردى. شۇ ئارىدا قويۇق توقايزارلىقنىڭ قەيىرىدىندۇر كاككۇكنىڭ بوغۇق ئەمما مۇڭلۇق ئاۋازدا سايرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

كاككۇك، كاككۇك، كاككۇك...

— ئاڭلىغىن لاله، كاككۇكنىڭ ئاۋازى!

سەن ئىككى تىزىڭنى قۇچاقلاپ ئولتۇرغان قىياپىتىڭنى بۇزمايلا:

— سەن تۇغۇلغاندىن بۇيان مۇشۇنداق سايراپ كېلىۋاتىدۇ بۇ قۇش، — دېدىڭ.

— مەن بۇ قۇشنىڭ نېمىدەپ ھەرچاغ ئۆزىنىڭ ئىسمىنى ئۆزىنىڭ چاقىرىپ سايرايدىغانلىقىغا ھەيرانمەن.

— ياق كامال، بۇ قۇشنىڭ ئىسمى كاككۇك ئەمەس زەينەپ، كاككۇك ئۇ ياخشى كۆرىدىغان يەنە بىر قۇشنىڭ ئىسمىمىش. بۇ ئىككى قۇشنىڭ ئارىلىقى تاكى قىيامەتكە قەدەر سوزۇلغانمىش، شۇڭا بۇ قۇش مۇشۇنداق سايرايدىكەن.

— دېمەك يەنە بىر ماكاندا يەنە بىر قۇش بار. ئۇ قۇش «زەينەپ» دەپ سايرايدۇ، شۇنداقمۇ؟

— بەلكىم.

— مەن قورقىمەن لاله؟

— نېمىدىن قورقىسەن؟

— ئۆزۈمنىڭ سېنىڭ ئىسمىڭنى چاقىرىپ قېلىشىمدىن.

— كامال، مەن راستىنلا نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەي قېلىۋاتىمەن.

— مېنىڭ ئۆزۈم كاككۇك، سېنى زەينەپ قاۋالغۇم يوق لاله.

— بىراق، مەن سېنىڭ سۆيۈشۈڭگە ئەرزىمەيمەن كامال.

— ئەمما مەن سېنى سۆيۈپ بولدۇم لاله.

— بىلەمسەن كامال، مەن ساڭا بۇ ھاياتلىقتا بەلكىم ھېچقانداق خۇشاللىق ئاتا قىلالماسلىقىم، پەقەت ئازابنىلا ئاتا قىلىشىم مۇمكىن.

— ياق لاله، مەن سېنى مەڭگۈ خۇشاللىق دەپ بىلىمەن ھەم سېنىڭ ھەرقانداق بىر ئازابىڭنىمۇ قوبۇل قىلىشقا تەييارمەن.

— جەمئىيەتتە نۇرغۇن ياخشى قىزلار بار، كامال.

— ياخشى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى مۇھەببەت ئۈچۈن بولمايدىكەن، لاله.

— بىز يات ئارىدا ئايرىلىمىز، شۇنىڭ بىلەن





www.uyghurkitap.com

ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئۇزاققا سوزۇلغان قىزغىن مۇناسىۋەت ئاخىرلاشقان بولىدۇ. بۇ بىر چۈش، كامال، بىز بۇ چۈشتىن چۆچۈپ ئويغانغان ۋاقتىمىزدا، ئىككىمىزنىڭ بۆلەك - بۆلەك ئىككى دۇنيانىڭ ئادىمى ئىكەنلىكىمىزنى روشەن ھېس قىلىپ قالىمىز.

— ئۇنداق دېمىگىن لالە. مەن سېنى ھامان مەن بىلەن بىللە بىر دۇنيادا ياشىسىكەن، دېگەن ئۈمىدتىمەن.

— قايسى دۇنيانى دەيسەن؟

سەن شۇنداق دەپلا سۇس كۈلۈمسىرىدىڭ. ئەمما سېنىڭ بۇ كۈلۈمسىرىشىڭ مېنىڭ جان - جېنىمدىن سوغۇقنىڭ نەشتىرىدەك ۋاژىلداپ ئۆتۈپ كەتتى. بۇ بىر ئاستا - ئاستا پارچىلىنىۋاتقاندەك تۇيغۇ بېرىدىغان كۈلكە ئىدى.

— بۇ مېنىڭ ساڭا مەنسۇپ بولغان دۇنيارىم.

— ياق كامال. سەن مەندەك بىر ئېغىر ئىشكەلنى ئۆزۈڭ ئۈمىد قىلىپ تۇرۇپ بوينۇڭغا سالما. بۇ ئىشكەلنىڭ ئازابىغا سەن چىدىغان بىلەن مەن چىدىمايمەن.

— لالە، سەن مەن ئۈچۈن ئىشكەل ئەمەس، بەلكى بىر دەستە گۈل. مەن بۇ گۈلنى ئۆزۈم بىلەن يىراقلارغا ئېلىپ كېتىشنى قارار قىلدىم.

— قولۇمدىكى ئاشۇ بىر ۋاراق قەغەز بىلەنمۇ؟ مەن ئۇ قەغەزنىڭ ھەممە يېرىدە گەپ قىلالايدىغان ئاغزى باردەك، ئۇنىڭ ھەممە ئاغزى «پۇل»لا دەپ چۇقان كۆتۈرىدىغاندەك ھېس قىلدىم. شۇڭا سېنىڭ مەن ئۈچۈن ئاھ ئۇرۇشۇڭنىمۇ خالىمايمەن، بۇ دېگەن مېنىڭ ئازابىم. ئۆزۈمنىڭ ئازابىغا ئىككىنچى بىر ئادەمنى ھەمراھ قىلىۋالغۇم كەلمەيدۇ. مېنى كەچۈر كامال، كۆڭلۈڭگە ئازار بېرىپ قويىدىغان بولدۇم، شۇنداقتىمۇ مېنىڭ ھازىر نېمىنى خىيال قىلىۋاتقىنىمنى بىلگۈڭ بارمۇ؟

— ئەلۋەتتە بىلگۈم بار.

— مېنىڭ شۇ تاپتا ھېلىقى دالا سەيلىسى كۈنى ماڭا ئاتاپ ئېچىگەندە ئېيتقان تۇغۇلغان كۈن ناخشىسىنىڭ قانداقلىقىنى بىلگۈم كېلىۋاتىدۇ. ئەپسۇس، ئەمدى بۇ مۇمكىن بولمايدىغان بولۇپ قالدى.

— ئۇ ناخشىنى راستىلا ئاڭلىغۇڭ بارمىتى؟

— ھەئە. ئۇ ناخشىنى چوقۇم ياقتۇرۇپ ئاڭلايدىغانلىقىمغا ئىشىنەتتىم.

— ئەمىسە ساڭا ۋەدە بېرەي لالە.

— نېمىگە ۋەدە بېرىسەن؟

— كۈنلەرنىڭ بىرىدە مەن ئۇ ناخشىنى چىرايلىق گۈللەر بىلەن بېزەلگەن ھەشەمەتلىك سەھنىدە ساڭا بېغىشلاپ تۇرۇپ ئېيتىپ بېرىمەن.

— راستمۇ كامال؟

— مەن شۇنداق قىلسام سەن خۇش بولامسەن؟

— ھەئە، ئەلۋەتتە خۇش بولىمەن.

— ئەمىسە مەن ھازىردىن باشلاپ ساڭا بىر ناخشىغا قەرزدار بولغان بولاي.

— ماقۇل، مەنمۇ بىر دەستە گۈل بىلەن شۇ كۈننى كۈتىمەن.

مەن ساڭا تەلپۈنۈش بىلەن قارىدىم. بىر جۈپ قاپقارا قوي كۆزلىرىڭ تولىمۇ چىرايلىق بولۇپ، مەن بۇ قوي كۆزلەرنىڭ چىمەنىستانىدىكى تەبەسسۇم چېچەكلىرىنى روشەن ھېس قىلىشقا باشلىدىم. قوللىرىم تىترەپ تۇراتتى. مەن تىترەپ تۇرغان قوللىرىم بىلەن تېزگىنى بوشقىنە قۇچاقلاپ تۇرغان يۇمشاق، ئىسسىق قولۇڭنى ئاستاغىنە تۇتتۇم. شۇ ھامان سېنىڭ تەن چوڭقۇرلۇقۇڭدىن لەپىلدەپ ئۆرلەپ چىققان ئىسسىق ئېقىم ۋۇجۇدۇمغا ئوتنىڭ تەپتىدەك تاراپ كەتتى. سەن مېنىڭ ساڭا بولغان مۇھەببەت ئىزھارىمنى رەت قىلىش، ئارىسالدى بولۇش، ئۈمىدسىزلىككە پېتىش ئىچىدە قوبۇل قىلغان ئىدىڭ. ئەمدىلا يېتىلىپ كۆتۈرۈلۈشكە باشلىغان ئىككى كۆكسۇڭنىڭ بىر ئۆرلەپ بىر پەسلەپ تۇرۇشىدىن سېنىڭمۇ ماڭا ئوخشاشلا چىدىيالمىشۋاتقانلىقىڭنى ھېس قىلىۋالماق تەس ئەمەس ئىدى.

— سېنى سۆيىمەن لالە!

— رەھمەت كامال، لېكىن كۈنلەرنىڭ بىرىدە پۇشايمان قىلىپ قالماسلىقىڭنى ئۈمىد قىلى-

www.uyghurkitap.com

مەن.

لەۋلىرىڭنىڭ تاغ باغرىدىن شىلدىرلاپ ئېقىپ چۈشكەن بۇ ئاۋاز ساڭا مەنسۇپ بولغان يۈرىكىمگە بىر تامچە قان بولۇپ قۇيۇلۇپ كەتتى.

شۇ تاپتا ۋۇجۇدۇمدىكى قانداقتۇر بىر سىرلىق كۈچ مېنى سېنىڭ سۆس تىترەپ تۇرغان ئىسسىق، نېپىز، يۇمران لەۋلىرىڭگە سۆيۈشكە ئۈندەۋاتاتتى. ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئالقانچىلىك بوشلۇقتا جىددىيچىلىك، تەشنالىق، تەلپۈنۈش لەيلەيتتى. بوغۇزۇمدىن غۇرتۇلدىغان غەلىتە ئاۋاز ئۈزۈلمەيتتى. سەندىن كېلىۋاتقان توسۇپ بولغۇسىز بىر خىل تارتىش كۈچى مېنى ئاستا ـ ئاستا ئۆزىگە تارتماقتا ئىدى.

خىيالىمدا بولسا قىزلارنىڭ ئەرلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلىش، تارتىش كۈچى بىلەن ئەرلەرنىڭ قىزلارغا بولغان گۈزەل موھتاجلىقى ھەققىدىكى پىكىرلەر قانات قاقاتتى. شۇ تاپتا مېنىڭ ساڭا بولغان ھېسسىيات جەھەتتىكى تەلپۈنۈشۈم ھەرىكەت ھالىتىدىكى تەلپۈنۈشكە، مەنىۋى دۇنيارىمدىكى شەكىلسىز سۆيۈش ماددىي دۇنيارىمدىكى شەكىللىك سۆيۈشكە ئايلانماقتا ئىدى.

مەن سېنىڭ لەۋلىرىڭگە سۆيۈش ئارقىلىق نېمىنى ئىسپاتلىماقچى لالە؟

لەۋدىن ئىبارەت ئىككى پارچە گۆشنىڭ بىر ـ بىرىگە تېگىشى ئىككى روھنىڭ بىر ـ بىرى بىلەن قوشۇلۇپ كېتىشىنىڭ بېشارىتىمۇ ياكى ئالدىنقى شەرتىمۇ؟ سۆيۈش ئەڭ تۆۋەن چەكتىكى جىنسىي ھاياجانمۇ؟ ئۇنداق بولسا مەجنۇننىڭ لەيلىگە بولغان مۇھەببىتىدە جىنسىي ھاياجان يوق دەپ كىم ئېيتالايدۇ؟

بىر قېتىم مەھەللە دوقمۇشىدىكى كىچىك دۇكانغا نەرسە ـ كېرەك سېتىۋالغىلى كىرگىنىمدە قۇلىقىمغا ھاراق ئىچىپ ئولتۇرغان بىر نەچچەيلەننىڭ گېپى كىرىپ قالدى: مۇھەببەت، ياخشى كۆرۈش، سۆيۈش دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى، — دېگەن ئىدى ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرسى خۇددى پەيلاسوپلاردەك ئىشەنچ بىلەن، — ئاخىرقى ھېسابتا ئۆزۈڭ ياخشى كۆرگەن قىزلارنى سۆيۈش ۋە ئۇ قىزلار بىلەن ھېلىقى ئىشنى قىلىش. ئۆزى ياخشى كۆرگەن قىزغا جان سېلىپ بەرگۇدەك بولۇپ كەتكەن قايسى بىر ئەر نەسلى ئۆزى ياخشى كۆرگەن قىز بىلەن شۇ ئىشنى قىلمايدۇ دەيسىلەر؟

ئۆزۈمنى ئاشۇ ئادەم دېگەن تارازىغا خىيالەن سېلىپ باقتىم. مەنمۇ سېنى سۆيىمەن لالە، لېكىن مېنىڭمۇ ساڭا بولغان مۇھەببىتىم ئاشۇ ھاراق ئىچىپ ئولتۇرغان ئادەم دېگەندەك جىنسىي تۇيغۇغا چېلىشىقلىق ئىكەن. شۇ تاپتىكى مېنىڭ سېنى سۆيۈش، سېنى قۇچاقلاش، چاچلىرىڭنى سىلاش ئىستىكىمدىمۇ ئاشۇ خىل جىنسىي ھاياجان راستتىنلا مەۋجۇت ئىدى. دېمەك، ئاشىقنىڭ مەشۇقىنىڭ ۋىسالىغا يېتىشى راستلا ئاشۇ ھاراق ئىچىپ ئولتۇرغان ئادەم دېگەندەك «ھېلىقى ئىش»نى قىلىش شەكلى بىلەنمۇ ئوڭ تاناسىپ تۈزىدىكەن.

مەن ۋۇجۇدۇمدىكى ساڭا بولغان بېسىپ بولغۇسىز بىر كۈچنىڭ تەسىرىدە سېنى يېنىككىنە كۆتۈرۈپلا قۇچىقىمغا ئېلىۋالدىم. كۆزلىرىڭ خۇمارلىشىپ كەتكەن بولۇپ، پەيدەك يەڭگىل بەدىنىڭ سۆس تىترەيتتى. مەن قىزىپ، لىپىلداپ كېتىۋاتقان لەۋلىرىمنى سۆس تىترەپ تۇرغان لەۋلىرىڭگە باستىم. شۇ ھامان لەۋلىرىڭدىن تارالغان كۈچلۈك ئوت ئېقىمى تومۇر ـ تومۇرلىرىمغا ماگمىدەك ئېقىپ كىرىشكە باشلىدى. ئەمدى دەريانىڭ ئۈزۈلمەي گۈركىرەشلىرىمۇ، قۇشلارنىڭ چاڭقىلداپ سايراشلىرىمۇ، كاككۇكنىڭ ئۈنلەشلىرىمۇ، يوپۇرماقلارنىڭ شىلدىرلاشلىرىمۇ ئاڭلاش سەزگۈمدىن بىراقلا يوقالغان بولۇپ، پەقەت لەۋ بوستانىڭدىن پورەك ـ پورەك بولۇپ ئېچىلىۋاتقان سۆيگۈ گۈللىرىڭلا رېئاللىقتىن ئايرىلغان روھىيەت ئالىمىمگە خۇشبۇي ھىد تارتىپ توختىماي چېچىلماقتا ئىدى.

جىنسىي ھاياجان ئادەمنى گاس قىلىدۇ!

مەن شۇ تاپتا بۇ خىل ھالەتنى ئۆز ھاياتىمدا تۇنجى قېتىم بېشىمدىن ئۆتكۈزۈۋاتاتتىم. سېنى

دەسلەپ ياخشى كۆرۈپ يۈرگەن چاغلىرىمدا،
مەندە بۇ خىل تەلپۈنۈش يوق ئىدى. پەقەت سەن
مېنى سۆيسەڭلا مەن مەڭگۇ شۇ سۆيۈش ئىچـ
ـدە ئۆتۈپ كېتىدىغاندەك تەسىراتتا ئىدىم. لېكىن
سەن مېنى سۆيگەنلىكىڭنى ئېتىراپ قىلغان ۋاقـ
ـتىڭدىن باشلاپ مەندە ساڭا نىسبەتەن جىنسىي
ئىنتىلىش پەيدا بولدى. ئۆزى سۆيگەن ئادىمىگە
بولغان غەرەزسىز، پاك نىيەتتىكى جىنسىي ئىنتىـ
ـلىشكە باشقىلار نېمىدەپ باھا بېرىشىدىن قەتـ
ئىينەزەر، مەن بۇ جىنسىي ئىنتىلىشنى مەڭگۇ
قەدىرلەيمەن. چۈنكى مەندىكى بۇ جىنسىي ئىنـ
ـتىلىشنىڭ ئوق مەركىزىدە ھامان سەن مەۋجۇتـ
ـسەن لالە.

جېنىم لالە! مەن سېنى سۆيەتتىم. مەن سېنى
تۈنجى قېتىم دەريا بويىدا نورمال ئاق ـ تەپەككۇـ
رۇمدىن تولۇق ئايرىلغان ھالدا سۆيگەن ئاشۇ لەزـ
زەتلىك كۈندىن باشلاپ، سېنى سۆيگەن پاك
قەلبىم بىلەن سېنىڭ ھايات بوستانلىقىڭدىكى
تەقدىر گۈللىرىڭنى ساڭا تۇيدۇرماي ئاستا ـ
ئاستا توزۇتۇپ تاشلايدىغان ئالۋاستىغا ئايلىنىپ
قالىدىغانلىقىمنى ئەسلا ئويلىماپتىكەنمەن. ناۋادا
بۇ ھالدىن مەن ئازراقلا ئوچۇق بېشارەت ھېس
قىلىپ قالغان بولسام، سېنى چوقۇم سۆيمەيتتىكەنـ
ـمەن ۋە سېنى چوقۇم سۆيمەسلىك بىلەن تەقدىر
گۈلۈڭنى ئۆزىنىڭ شېخىدا ساقلاپ قالاركەنـ
ـمەن. سەندىن مەھرۇم بولۇپ قېلىش مەن ئۈچۈن
قانچىلىك دەھشەتلىك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر،
سېنىڭ ئاخىرقى بىر تال 207 ـ تال سۆڭىكىڭگە
ئايلانماس ئىكەنمەن. ھالبۇكى سەن ئۆز تەسەۋۋۇـ
رۇڭدا پەرىشتە سۈپىتىدە تەسەۋۋۇر قىلىپ كېلىـ
ۋاتقان مەندىن ئىبارەت 207 ـ تال سۆڭەك، پەقەت
سېنىڭ قەلبىڭدىلا ئەڭ دەسلەپكى ھالىتىنى يوـ
قاتماي ساقلىنىپ كېلىۋاتقان شەكىل ئىدى. ھەـ
قىقىي شەكلىدىكى مەن بولسام ئالۋاستىغا ئايلىـ
ـنىپ كەتكەن ئىدىم. مەن ئىلگىرىكى سېنى
سۆيگەن پاك بىر ئىنساندىن قانداق بولۇپ ھازىرـ
قى ئالۋاستىغا ئايلىنىپ قالغانلىقىمنى بىلمەيـ
ـمەن. مەن بۇنى ھېس قىلغان ۋاقتىمدا ئاللىقاچان
كېچىكىپ بولغانىدىم. يەنە كېلىپ بۇ مەڭگۇـ

لۇك كېچىكىش ھايات بىلەن ئۆلۈمنىڭ ئۆزئارا
بىر تۇز سىزىقتا ئۇچراشقان نۇقتىسىدا قان رەڭـ
گىدە پارلاپ تۇراتتى. كۆزلىرىم بۇ قان رەڭلىك
نۇقتىدا خۇددى ئۆلۈكنىڭ كۆزىدەك چەكچىيىپ
قالغانىدى. شۇڭا سېنى ھەر بىر قېتىم كۆرگـ
ـنىمدە ئۆزۈمدىن يىرگىنىپ كېتىمەن. ئىچ ـ ئىـ
ـچىمدىن ئۆرلەپ چىقىپ بوغۇزۇمدىلا قېتىپ
قېلىۋاتقان ھەسرىتىمنىڭ ئازابىدا تويپىدەك ئۇۋۇـ
ـلىپ كېتىمەن. ئاشۇ ئاجىز پىلدىرلاپ تۇرغان
قوي كۆزلىرىڭگە قاراپ يىغلاپ كەتكۈم، ئالـ
ـدىڭغا ئىنسان شەكلىدىكى ئۆزۈمنى ئەمەس ئالـ
ۋاستى شەكلىدىكى ئۆزۈمنى ئوچۇق ـ ئاشكارا
تاشلاپ قويۇپ سېنىڭ ئەپۇ قىلىشىڭنى قولغا
كەلتۈرگۈم كېلىدۇ. لېكىن قەلبىڭدىكى مۇكەمـ
ـمەل شەكلىمدىن ئايرىلىپ قالماسلىق ئۈچۈن
يەنىلا ساختا شەكلىم بىلەن چىرايلىق، مۇلايىم
قوي كۆزلىرىڭنى ئالداشقا مەجبۇر بولىمەن.

سېنىڭ باغرىڭ سۇدىنمۇ يۇمشاق ئىدى،
لالە. ئەمەلىيەتتە سەن جىمجىت بوشلۇق ئىچىدە
پارغا ئايلىنىۋاتقان سۇ، ئاستا ـ ئاستا پارچىلىنىـ
ۋاتقان پەرىزات ئىدىڭ. سەن ھەققىدىكى خىياللىـ
ـرىم ھامان مېڭەمنىڭ ئەڭ سەزگۈر ھۈجەيرىلىـ
ـرىگە ئوتتا قىزىتىپ تاۋلانغان يىڭنىنىڭ ئۇچىـ
ـدەك چاراسلاپ سانجىلىدۇ. بۇ چاغدا يادىمغا
سەن بىلەن چۆچەكتە تەسۋىرلەنگەن ھېلىقى قىز
كېلىدۇ ـ دە، قۇلاق تۈۋىمدە شۇ چاغلاردىكى ئاـ
ۋازلىرىمىز يەنە قايتا ياڭرايدۇ...

ــ كامال، بۇ قىز نېمىدېگەن بىچارە ـ ھە؟

ــ بۇ بىر چۆچەك لالە.

ــ ئەگەر شۇ قىزنىڭ ئورنىدا مەن بولۇپ
قالسام، سەن قانداق قىلار بولغىيتىڭ كامال؟

ــ ئەخمەق قىز. ئەلۋەتتە يالماۋۇزنىڭ كاللىـ
ـسىنى ئۆزۈم ئالاتتىم ـ دە.

ــ يەتتە بېشى تۇرسا ئۇ يالماۋۇزنىڭ؟

ــ مەن يەتتە قېتىم چاپسام بولدى ئەمەسـ
ـمۇ.

ــ كۈنگە بىردىن چاپساڭ يەتتە باشقا يەتتە
كۈن كېتىدۇ ـ دە.

سۈكۈت...

— نېمە خىيال سۈرۈۋاتىسەن كامال؟

— يالماۋۇزنى ئۆلتۈرۈپ خىيال سۈرۈپ قاپتىمەن.

— كېيىنچۇ؟

— كېيىن سېنى ئېلىپ رەڭگارەڭ نۇر چېچىلىپ تۇرغان ئۆيۈق ئىچىگە كىرىپ كېتىۋاتقۇدەكمەن.

— بۇمۇ چۆچەكمۇ كامال؟

— ياق لالە، بۇ چۆچەك ئەمەس. بەلكى ئىككىمىزنىڭ چۆچەك رەڭلىك رېئاللىقى.

— ۋاي ساراڭ...

قۇلاق تۇۋىمدە پات - پات زاھىر بولۇپ قالىدىغان بۇ ئاۋازلار يۈرىكىمنى جېنى چىقىۋاتقان ئاتتەك ئېچىنىشلىق چىرقىرىتىدۇ. چۈنكى مەن سېنىڭ رېئاللىقىڭدىكى يالماۋۇزغا ئايلىنىپ كەتكەنىدىم. مەن سېنىڭ ھايات سۈيۈڭنى بىر ئوتلام - بىر ئوتلامدىن شوراپ ئىچىپ تەن شېخىڭنى قۇرۇتۇپ، روھ قۇشۇڭنى ھالسىرىتىۋاتاتتىم. لېكىن سەن چوڭقۇر ئىشەنچ بىلەن سۆيۈپ كېلىۋاتقان بىر ئەرنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشىنى ساڭا ئاشكارىلاپ بېرىشكە قۇربىم يەتمەيتتى. باللىق دەۋرىمدە سېنى گۈللەر پۈرەكلەپ ئېچىلىپ تۇرغان گۈزەل بىر دۇنياغا ئېلىپ كېتىمەكنى ئىرادە قىلغان بولساممۇ، ئاقىۋەت سېنى ئۆز قولۇم بىلەن ئۆلۈم گۈللىرى ھۆپپىدە پورەكلەپ كەتكەن ئۆلۈم دۇنياسىغا سۆرەپ كېتىۋاتاتتىم. ئۈرۈمچىدىن ئىبارەت غايە ۋە خىيالىمىزدىكى بۇ چىرايلىق قۇش ھازىر ئىككىمىزنىڭ ھالاكىتىنى ئوقۇماقتا ئىدى. ئىلگىرى بۇ شەھەرگە بىز ھاياتنىڭ بىر جۈپ ئالتۇن قانىتىدا پەرۋاز قىلىپ كەلگەن بولساق، ئەمدى ئۆلۈمنىڭ قارا قانىتىدا ئۇچۇش ئالدىدا تۇرۇۋاتاتتۇق. ھەر قېتىم كېسەل كارىۋىتىدا كونا قەغەزدەك سارغىيىپ ياتقان سېنى كۆرگىنىمدە سەن بىلەن بۇ شەھەرگە قەدەم باسقان ئاشۇ كۈنلىرىم خۇددى كۆپ قىسىملىق تېلېۋىزىيە تىياتىرىدەك كۆز ئالدىمدىن رەت - رېتى بىلەن لەيلەپ ئۆتىدۇ...

ئىككىمىز ئاخىر سەپەر سومكىلىرىمىزنى كۆتۈرۈشكىنىمىزچە ئۆزىمىزگە تونۇش بولغان بارلىق مۇھىتنى ئارقىمىزغا قالدۇرۇپ، ئۈرۈمچى دېگەن شەھەرگە قاراپ يولغا چىقتۇق. ئىككىمىزنى ئېلىپ يولغا چىققان كارىۋاتلىق ئاپتوبۇس توپتوغرا بىر كېچە توختىماي ماڭغاندىن كېيىن ئەتىسى كۈن قىزىلىدا كىشىگە بىر قارىسا ئادەمدىن ماشىنا تولىدەك، بىر قارىسا ماشىنىدىن ئادەم تولىدەك غەلىتە تۇيغۇ بېرىدىغان بۇ ھەيۋەتلىك شەھەرنىڭ ئۇزۇن يوللۇق قاتناش بېكىتىگە كىرىپ توختىدى. راستىنى دېسەم سەنلا ئەمەس، مەنمۇ ئادەم بىلەن تولغان بۇ شەھەرگە قاراپ ھەيران قالدىم. ماڭا پۈتۈن ئادەملەر بىر كېچىدىلا بۇ شەھەرگە كېلىۋالغاندەك تۇيۇلماقتا ئىدى. ماشىنىلارنىڭ ئۈزۈلمەي ئۆرۈلۈپ تۇرىدىغان يېقىمسىز سىگنال ئاۋازى، ئادەملەرنىڭ قىيا - چىيا ئاۋازلىرى، ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان قۇيۇق شاۋقۇن - سۈرەنلەر ئادەمنى تولىمۇ بىئارام قىلاتتى. بىر - بىرىدىن ئېگىز بىنالار بولسا بۇ شەھەردە ياشاشنىڭ تولىمۇ قىيىنلىقىدىن يوشۇرۇن بېشارەت بېرىپ تۇراتتى.

— ئۇكىلىرىم نەگە بارىسلەر؟ مەن ئاپىرىپ قوياي.

يېنىمدىلا چىققان ئاۋازدىن چۆچۈپ قارىۋېدىم يېشىل رەڭلىك كىرا ماشىنىسى ئىچىدە قويۇق قارا ساقاللىق، تەخمىنەن 35 ياشلار چامىسىدىكى بىرەيلەن بىزگە قاراپ تۇرۇپتۇ.

مەن بارىدىغان مەكتەپنىڭ ئىسمىنى دېدىم. بۇ ئىسىم شۇ چاغدا مەن ئۈرۈمچىدە بىلىدىغان بىردىنبىر جاي ئىسمى ئىدى.

— ماشىنا كىرا قىلامسىلەر؟ قولۇڭلاردا يۈك - تاقاڭلارمۇ بار كەن ئەنە. پىيادە بېرىپ بولالمايسىلەر، كوچا ئاپتوبۇسىغا چىقساڭلار ھەرەج تارتىپ قالىسىلەر.

شوپۇرنىڭ گېپى ماڭا ئورۇنلۇق تۇيۇلدى. ئەمەلىيەتتىمۇ مەن بارىدىغان يېرىمنىڭ قاياقتىلىقىنىمۇ بىلمەيتتىم. كوچا ماشىنىلىرىنىڭمۇ قاياقتىن كېلىپ قاياققا كېتىۋاتقانلىقىنى، قايەردىن قوزغىلىپ قايەردە توختايدىغانلىقىنى تېخىمۇ بىلمەيتتىم. شۇڭا دەرھاللا:

— ماقۇل ئاكا، — دېدىم رازىلىق بىلدۈرۈپ.

شوپۇر شۇئان ماشىنىسىدىن چۈشۈپ ماشىنىسى-
نىڭ ئارقا ياپقۇچىنى ئاچتى. ئاندىن قولىمىزد-
كى چامادان، سومكا، يوتقان - كۆرپە يۆگەلگەن
بوپىلىرىمىزنى ماشىنىنىڭ ئارقىسىغا باستى ۋە
بىز گە قاراپ «ماشىنىغا چىقىڭلار» دېگەن مەنىدە
بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى. بىز ماشىنىنىڭ
ئارقا ئورۇندۇقىغا چىقىپ جايلىشىپ ئولتۇرۇپ
بولغاندىن كېيىن ماشىنا يەڭگىل تەۋرىنىپ ئور-
نىدىن قوزغالدى - دە، ماشىنىلار تولۇپ تۇرغان
چوڭ كوچىدا غۇيۇلداپ مېڭىشقا باشلىدى.

سەن مېنىڭ يېنىمدا بۇ چوڭ شەھەرنىڭ
رەڭگارەڭ يات مۇھىتىغا ھەيرانلىق، قىزىقىش
بىلەن نەزەر سالغاچ جىمجىت ئولتۇراتتىڭ. ما-
شىنا بىردە ئوڭغا بۇرۇلسا، بىردە سولغا بۇرۇ-
لۇپ ئالغا ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى. پۈتۈن شەھەر-
گە ماشىنا ئايپتى تارقالغاندەك كۆز ئالدىمىزنىڭ
ھەممە يېرى ماشىنا بولۇپ، ماشىنىلارنىڭ كۆپ-
لۈكىدىن ئازادىرەك بىرەر يولمۇ باردەك قىلمايت-
تى. مېنىڭ بۇ شەھەردىكى دەسلەپكى تەسىراتىم
ئادەممۇ، ماشىنىمۇ نورمىدىن ئارتىپ كەتكەندەك
تەسىرات بېرىدىغان شەھەر كارتىنىسى بولدى.

چوڭ يولدا ماشىنىلار قانچە كۆپ بولسا،
مەنزىرىلىك دەرەخلىك پىيادىلەر يولىدىمۇ ئادەم-
لەر شۇنداق كۆپ ئىدى. بىر - بىرىدىن ئېگىز ۋە
ھەيۋەتلىك بىنالارنىڭ نەچچە قەۋەت ئىكەنلىك-
نى ماشىنىدا كېتىۋېتىپ ساناشمۇ مۇمكىن
ئەمەس ئىدى. ماشىنا بىر نەچچە چوڭ - كىچىك
كوچىلاردىن يىلاندەك تولغىنىپ ئۆتكەندىن
كېيىن ئۆزۈمنىڭ قايسى تەرەپتىن كېلىپ،
قايسى تەرەپكە كېتىۋاتقانلىقىمنىمۇ ئاڭقىرال-
ماي قالدىم. كۆز ئالدىمدىكى ئوخشاش بىنا،
ئوخشاش كوچىلارغا قاراپ ماشىنىنى بىر ئورۇن-
دا چەمبەر شەكلىدە ئايلىنىپ يۈرۈۋاتقاندەكلا
ھېس قىلاتتىم. مېنى تېخىمۇ ھەيران قالدۇرغى-
نى، چوڭ شەھەرنىڭ ئادەملىرىنىڭمۇ يۈرىكى
چوڭ بولامدۇ قانداق، ئوغۇللارنى بەل - بويۇنلىرى-
دىن قۇچاقلىۋالغان قىزلار يول بويلىرىدىكى دە-
رەخلەرنىڭ تۈۋىدە پات - پات كۆزگە چېلىقىپ
قالاتتى. بۇ ھال ماڭا ئوخشاش قىزلارنى كېچى-
سى ئادەم يوق خىلۋەت ئورمانلىق، قوناقلىقلاردا
قۇچاقلىشىمۇ جىددىيلىشىپ پۈت - قوللىرى
تىترەپ كېتىدىغان ئادەم ئۈچۈن تەسۋىرلىگۈسىز
كۆرۈنۈش ئىدى. شوپۇر بولسا ھېچنېمىنى كۆر-
مىگەندەك، ئەتراپتىكى غەلىتە ئىشلار ئۆزى
ئۈچۈن قاراشقىمۇ ئەرزىمەيدىغان ئەھمىيەتسىز
ئىشلاردەك بىپەرۋا ھالەتتە يولنى داۋاملاشتۇرات-
تى.

مەن ماشىنىنىڭ دېرىزىسىدىن ئەتراپقا نەزەر
سالغاچ خىيال قۇشۇمنى يەنە سېنىڭ بوستانلىق-
لىرىڭغا قويۇپ بەردىم. سەن لاياقەتلىك بىر
ستۇدېنت بولالايتتىڭ لالە. لېكىن ئوقۇش خىرا-
جەت مەنبەيىڭنىڭ كاپالەتكە ئىگە بولماسلىقى
سېنى بىر ئەر ۋە بىر پارچە ئېتىزنىڭ كۆرۈن-
مەس يىپلىرى بىلەن باغلايتتى. بۇنىڭ بىلەن
سەن تىپىك سەھرا ئاياللىرىنىڭ بىر ئەزاسى
بولۇپ، ئۆمۈر بويى جاپا - مۇشەققەت ئىچىدە ئۆ-
تەتتىڭ. قۇياش نۇرى، ئاچچىق توپا، ئېغىر جىس-
مانىي ئەمگەك، روھىي بېسىم قاتارلىقلار سېنى
ناھايىتى تېزلا ياشلىقىڭدىن ئايرىپ تاشلايتتى.
شۇنىڭ بىلەن گۈزەل رۇخسارىڭ خۇددى سەھەر-
دە ئېچىلىپ چۈش بولغىچە سولىشىپ بولغان
گۈلدەك سەن بىلەن مۇددەتتىن بۇرۇن خوشلىشات-
تى. چىرايلىق قوي كۆزلىرىڭ خىرەلەشكەن يۇل-
تۇزدەك ھەممە نېمىگە پەرۋاسىز قاراشقا ئاستا -
ئاستا كۆنۈپ كېتەتتى. لېكىن مەن ئۆزۈم
سۆيگەن بىر قىزنىڭ گۈل بولۇپ ۋاقىتسىز
توزۇپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، خىيالىمدىكى ئاق
ئاتلىق شاھزادىگە ئايلىنىپ، سېنى تەسەۋۋۇرۇم-
دىكى بەخت گۈللىرى پورەكلەپ ئېچىلىپ
تۇرغان گۈزەل بىر دۇنياغا ئېلىپ كېتىش ھەقق-
دە خىيال سۈرۈپ پۈچىلىناتتىم. پۇل دېگەن بۇ
قەغەز پارچىسىنىڭ قۇدرەت - كارامىتىگە ھەيران
قالاتتىم. شۇ كۈنلەردە تۇيۇقسىز ئۇچراپ قالغان
سىنىپ مەسئۇلىمىزدىن ئالاھىدە قىيىنچىلىقى
بار ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇش پۇلىنى مۇددەتكە
بۆلۈپ تاپشۇرۇشىغا بولىدىغانلىقىدەك، ياكى مۇ-
ناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ ياردىمىدە بىر قىسىم
ئوقۇش پۇلىنىڭ كەچۈرۈم قىلىنىدىغانلىقىدەك

ئۇچۇرنى ئاڭلاپ مەندە ئۈمىد بىخى تۇغۇلدى.
چۈنكى مېنىڭ ئوقۇش پۇلۇم دادامنىڭ بەرىكەت-
لىك ئالىقىنىدا تايىن ئىدى. مەن دادامنىڭ بەرى-
كەتلىك ئالىقىنىدىكى بۇ پۇلنى ئوتتۇرىدىن ئىك-
كىگە بۆلۈشنى خىيال قىلدىم. شۇنداق قىلسام
سېنىڭ ئوقۇش خىراجىتىڭنىڭ بىر قىسمىنى
ئالدىن تەييارلىغىلى بولاتتى. بۇنىڭ بىلەن مەن
ئۆزۈم مەڭگۈلۈك ھەمراھ قىلىپ تاللىغان بىر
قىز ئارقىلىق ھاياتىمنى گۈزەل ئەسلىمىلەر
بىلەن بېزەلەيتتىم. شۇنداقلا يەنە مەندەك بىر
ئېتىز قويىندا ئاچچىق تەرلەپ چوڭ بولغان بىر
سەھرا بالىسىغا ھامان پۇل تاپالىغۇدەك بىرەر
ئىشنىڭ تېپىلىدىغانلىقىغا ئىشەنچىم كامىل
ئىدى.

مەن بۇ ھەقتە ئۆزۈمگە ئۆزۈم ناھايىتى تېزلا
قايىل بولغان بولساممۇ، سېنى قايىل قىلىش
خۇددى ئاق يەردىن مايسا كۆكلەتكەندەك تولىمۇ
قىيىن بولدى. چۈنكى بۇ بىر توغرا بولمىغان
تاللاش ئىدى. ناۋادا ئۆيدىكىلەر مېنىڭ بۇ قىلمى-
شىمنى بىلىپ قالسا چوقۇم تاپا - تەنە قىلاتتى.
ئۇلار تويا ئىچىدىكى مايسىلارنىڭ باشاقلىرىدىن
يىغىپ - توپلىغان پۇللىرىدىن ئۆزلىرى بىلەن
ھېچقانداق مۇناسىۋىتى بولمىغان بىر قىزنىڭ
ئورتاق مەنپەئەتلىنىشىنى تەسەۋۋۇرىغا سىغدۇرال-
مايتتى. ئۇلارنىڭ كۆڭۈل بۆلىدىغىنى مېنىڭ
بىر قىزغا بولغان ھېسسىياتىم ئەمەس، بەلكى
مېنىڭ ئوقۇشۇم ئىدى. كەلگۈسىنىڭ ئالتۇن تا-
ۋىقى كۆمۈلۈپ ياتقان ئالىي مەكتەپتىن ئىبارەت
بۇ مۇنبەت تۇپراق ھەممە ئادەمگە ئورتاق
مەنسۇپ بولۇۋەرمەيتتى. بۇ بىر خىل شان -
شەرەپ تۇيغۇسى ئىدى. لېكىن مەن بۇ ئىكك-
ىسىدىن بىرىنى تاللاشنى قوبۇل قىلالمايتتىم.
ئالىي مەكتەپ بىلەن سەن ئىككى خىل شەكىلدى-
كى ئىككى تامچە نۇر بولۇپ، مېنى ئۆزۈڭلارغا
جەلپ قىلاتتىڭلار. بۇ ئىككى تامچە نۇرنىڭ
بىرى مېنىڭ ماددىي مەئىشەتىمنى بېيىتسا، يەنە
بىرى مەنىۋى مەئىشەتىمنى بېيىتاتتى. شۇنىڭ
ئۈچۈن مەن سېنى ئۆزۈمنىڭ پىكرىگە قايىل قى-
لىشقا تىرىشمىسام بولمايتتى. نۇرغۇن قېتىم-
لىق تەكرار - تەكرار چۈشەندۈرۈشلەردىن كېيىن
سەن ناھايىتى تەسلىكتە مېنىڭ پىكرىمگە قو-
شۇلدۇڭ ۋە بۇنى ھەر ئىككىمىز ئىچىمىزدە
سىر تۇتىدىغان بولۇپ كېلىشتۇق. شۇنداق
قىلىپ ئاخىر تەقدىرگە تەۋەككۇل قىلىپ ئىك-
كىمىز بۇ شەھەرگە قەدەم باستۇق.

شوپۇرنىڭ ماشىنىنى تورمۇزلىشىدىن پەيدا
بولغان يەڭگىل سىلكىنىشتىن خىيال قۇشلىرىم
توزۇپ كەتتى. كۆز ئالدىمدا يوغان بىر رېشاتكى-
لىق مەكتەپ دەرۋازىسى داغدام ئوچۇق تۇراتتى.
دەرۋازىنىڭ ئۈستىگە «يېڭى ئوقۇغۇچىلارنى
قىزغىن قارشى ئالىمىز!» دەپ يېزىلغان قىزىل
پلاكات ئېسىپ قويۇلغان بولۇپ، دەرۋازىدىن
كىرىپ - چىقىۋاتقانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى.
مەكتەپ ئىچىدىكى ئېگىز بىنالار، بۈك - باراق-
سان سەيلىگاھلار يىراقتىنلا كۆزگە تاشلىنىپ
تۇراتتى. ماشىنىنىڭ نۇرغۇن چوڭ كوچا، بىر
نەچچە ئاسما كۆۋرۈكلەردىن ئۆتۈپ ماڭغىنىغا
قاراپ ئۆزۈمنى بۇ شەھەرنىڭ ئەڭ چېتىگە قاراپ
كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلغانىدىم. ئەمدى قارىسام،
بۇ يەرمۇ ئادەم، بىنا، ماشىنىلار بىلەن تولغان يەر
ئىكەن.

مەن ماشىنىدىن چۈشۈپ قالغاندىن كېيىن
قولۇمدىكى قوبۇل قىلىش قەغىزىنى كۆتۈرۈپ
يۈرۈپ ئۆزۈمنى تېزىمغا ئالدۇرۇۋالدىم. لېكىن
ئوقۇش خىراجىتىمنى مۇددەتكە بۆلۈپ تاپشۇ-
رۇش ھەققىدە خېلى كۆپ ئاۋارىچىلىك تارتتىم.
كېيىن ماڭا سىنىپ مەسئۇلى بولىدىغان ئورۇق،
ئېگىز بوي، 50 ياشلار ئەتراپىدىكى قاپقارا بۇدۇر
چاچلىرى قۇلاقلىرىنى يېرىم ياپقان ئوقۇتقۇچۇم-
نىڭ كاپالەت بېرىشى، بىر نەچچە بۆلۈملەردى-
كى مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلەرنىڭ قول قويۇپ،
تامغا بېسىشلىرىدىن كېيىن ئوقۇش خىراجىتىم-
نىڭ كەم قالغان قىسمىنى ئىككىنچى ئوقۇش
مەۋسۇمىنىڭ بېشىدا تاپشۇرۇش شەرتى ئاستىدا
ئۆزۈمگە تەۋە ياتاقنىڭ بىر تال مىس ئاچقۇچىغا
ئېرىشتىم. شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن يەنە كىرا
ماشىنىسىغا ئولتۇرۇپ سېنىڭ مەكتىپىڭگە
بېرىپ، سېنىڭ رەسمىيەتلىرىڭنىمۇ ئوخشاش

ئۇسۇلدىكى ۋەدە بىلەن پۇتكۇزۇپ، سىنى قىزلار ياتىقىنىڭ 505 - نومۇرلۇق ياتىقىغا ئورۇنلاشتۇردۇم. كەچتە مەكتەپ ئالدىدىكى ئانچە ھەشەمەتلىك بولمىسىمۇ مۇھىتى ئازادە ئاشپۇزۇلغا كىرىپ بىر قاچىدىن ئۆي لەغمىنى بۇيرۇتقاچ ياغاچ قوشۇقتىن سەل چوڭراق كۆرۈنىدىغان پىيالىدە چاي ئىچىشىپ ئولتۇردۇق.

— رەھمەت ساڭا كامال!

سەن قولۇڭدىكى پىيالىنىڭ چۆرىسىدىن لەيلەپ چىقىۋاتقان ئاقۇچ ھورلارنى پۈۋلىگەچ شۇنداق دېدىڭ. كۆزلىرىڭ بولسا مەن ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغان بىر ھالەتتە چاقناپ تۇراتتى. ئۇ بىر ئۈمىد نۇرى ئىدى.

— سەن خۇددى يات ئادەمگە گەپ قىلغاندەك گەپ قىلىسەنغۇ لالە؟

— ئۇنداق ئەمەس، — سەن ئىنچىكە بارماقلىرىڭدا پىيالىنى ئايلاندۇرغاچ سۆزۈڭنى داۋاملاشتۇردۇڭ، — سەن مەن ئۇچۇن ناھايىتى زور بەدەل تۆلەپ كەتتىڭ كامال. مەن بىر تەرەپتىن ئۆزۈمنى ساڭا ئۆمۈرلۈك قەرزدار بولۇپ قالغاندەك ھېس قىلسام، يەنە بىر تەرەپتىن قورقۇنچ ھېس قىلىۋاتىمەن.

— قورقۇنچ؟! يەنە نېمىدىن قورقۇنچ ھېس قىلىۋاتىسەن؟

— بۇ ئىش ھامان ئاشكارىلىنىپ قالىدۇ.

— قايسى ئىشنى دەيسەن؟

— پۇلنىڭ ئىشىچۇ؟

— ئەمدى بۇ توغرۇلۇق كۆپ ئويلانماي خۇشال ياشىغىن لالە.

— مەن ساڭا دېگەن كامال، مەن ساڭا يۈك بولۇپ قالىمەن، دەپ. بولمىسا سەن ماڭا مۇۋاپىق بىر ئىشنى تېپىپ بەرسەڭ مەنمۇ دەم ئېلىش كۈنلىرىمدە ئىشلىسەم بولارمىكىن.

— نەدە ئىشلەيسەن؟

— نەدە بولسا مەيلى، بىرەر ئاشپۇزۇلدا تازىلىق قىلىدىغان ياكى قاچا يۇيىدىغان ئىش بولسىمۇ مەيلىتى.

— ياق لالە، مېنىڭ ئەمدى يەنە سېنىڭ جاپا تارتىشىڭنى كۆرگۈم يوق.

— بىراق سەنچۇ؟

— مەن دېگەن ئوغۇل بالا.

كۆتكۈچى قىزنىڭ ھورى ئۆرلەپ تۇرغان ئىككى قاچا لەڭمەننى ئېلىپ چىقىپ ئالدىمىزغا قويۇشى بىلەن پارىڭىمىز ئۈزۈلۈپ قالدى.

— ياتىقىڭغا كىرىپ كېتەلەمسەن؟ — ئاشپۇزۇلدىن چىقىپ مەكتەپ دەرۋازىسى ئالدىغا كەلگەندە سورىدىم.

— كىرىپ كېتەلەيمەن. بىراق كۆڭلۈم يېرىم بولۇۋاتىدۇ.

— نېمىگە؟

— بىلمەيمەن.

— يېڭى مۇھىتقا كۆنگىچە ئادەمدە مۇشۇنداق كەيپىيات بۇزۇلۇش ئالامەتلىرى كۆرۈلىدۇ. نەچچە كۈن ئۆتسىلا كۆنۈپ قالىسەن.

— ئەمىسە يات - يات كېلىپ تۇرغىن.

— ماقۇل. ئارىلىقىمىزمۇ ئانچە يىراقتەك قىلمايدۇ. سەن ئىچىڭدە مېنى چاقىرساڭلا مەن شۇئان ئالدىڭدا پەيدا بولۇشقا كاپالەت بېرەي.

— يەنە چاقچاق قىلىۋاتىسەن - ھە.

ئايرىلىش ئالدىدا مەن ساڭا بەرگەن تۇرمۇش خىراجەت پۇلىنى خىجالەتچىلىك ئىچىدە ناھايىتى تەستە ئالدىڭ. بىز ئەمدى مۇستەقىل، ئەمما جاپالىق تۇرمۇش قايىنىمىغا قەدەم باسقانىدۇق. بۇ ئۇزاق مۇساپىدە بىزنى يەنە قانداق تەقدىر - قىسمەتلەرنىڭ كۈتۈپ تۇرۇۋاتقانلىقى ھەر ئىككىمىزگە قاراڭغۇ ئىدى. شۇنداقتىمۇ بۇ ئۇزاق مۇساپىنى ئەڭ زور تىرىشچانلىق بىلەن مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا بېسىپ تۈگەتمىسەك بولمايتتى.

سەن مەكتەپ دەرۋازىسى ئالدىدا مېنى كۆزۈڭ قىيمىغان ھالدا ئۇزىتىپ قالدىڭ. مەن سەن بىلەن خوشلاشقاندىن كېيىن مەكتەپكە قايتىپ چىقتىم. بىز ئالتە ئوغۇل بىر ياتاقتا ئىدۇق. چىراي - شەكلىمىزمۇ، بوي - بەستىمىزمۇ، مىجەز - خۇلقىمىزمۇ ئوخشىشىپ كەتمەيدىغان ئالتە ياتاقداش ئەمدى بەش يىللىق بۇ ئۇزاق مۇساپىنى بىرگە باساتتۇق. مەن كىرگەندە ياتاقتا باشقىلار يوق ئىدى. مەن ئىشىك بويىدىكى قوش قەۋەتلىك كارىۋاتنىڭ ئۈستۈنكى قەۋىتىدىكى

www.uyghurkitap.com

ئورنۇمغا چىقىپ سوزۇلۇپ ياتتىم. كارىدوردا با-
لىلارنىڭ ئاۋازلىرى بىردەممۇ بېسىلمايتتى.
گەرچە سېنتەبىر ئېيى كىرىپ بولغان بولسىمۇ
هاۋا يەنىلا ئىسسىق ئىدى. قوش قانتى ئېچىۋې-
تىلگەن دېرىزىدىن ناگان - ناگاندا كىرىپ قالىدى-
غان سالقىن شامال ئادەمگە ھۇزۇر بېغىشلايتتى.
گىتار مۇزىكىسىغا تەڭكەش قىلىنىپ ئوقۇلۇۋات-
قان ناخشا ئاۋازى مەكتەپ باغچىسى تەرەپتىن
كېلىپ ياتاق ئىچىدە لەيلەيتتى.

مەن كۆزۈمنى يېرىم يۇمۇپ ياتقىنىمچە
ناخشىنىڭ رىتىمىگە قۇلاق سالدىم. ناخشىنى
بىر ئوغۇل بالا ئېيتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ گىتار چې-
لىشتىكى ماھارىتى، ئاۋازىمۇ ناھايىتى ياخشى
ئىدى.

گىتار چېلىپ ئولتۇرسام،
خىيالىمغا سەن كەلدىڭ.
دەردىڭ بولسا ئېيت يارىم،
مۇڭداشقىلى مەن كەلدىم.

ناخشىنىڭ تېكىستىمۇ، مۇزىكىسىمۇ يې-
قىملىق ئىدى. گەرچە بۇ ناخشا مەن بۇرۇن ئۈن-
ئالغۇ لېنتىسىدىن كۆپ ئاڭلىغان، ئۆزۈممۇ
گىتار بىلەن ئوقۇپ يۈرگەن تونۇش ناخشا بول-
سىمۇ، ۋۇجۇدۇمنى غېرىبلىق تۇيغۇسى چىرمى-
ۋالغان ئۇشبۇ تاپتا مېنى يەنىلا ئۆزىگە جەلپ قى-
لىۋالدى. كۆڭلۈمنىڭ قاراڭغۇلۇق باسقان بىر
يەرلىرىنىڭ نېمىگىدۇر بىئارام بولۇۋاتقانلىقىنى
غۇۋا ھېس قىلاتتىم - يۇ، زادى نېمىگە بىئارام
بولۇۋاتقانلىقىنى ئاڭقىرالمايتتىم.

كېچىدە بوران چىقىپ،
ئۆرۈۋەتتى باراڭنى.
باغلاپ قويسا تۇرمايدىكەن،
كۆڭۈل دېگەن ساراڭنى..

يېقىملىق ناخشا ئاۋازى خىيالىم بىلەن ئارى-
لىشىپ كەتتى. تۇيۇقسىز كۆزۈم ئۈنسىز تىك-
لىپ تۇرغان تورۇستىكى ئاق رەڭ ئىچىدە سەن
پەيدا بولدۇڭ. چاچلىرىڭ خۇددى دېڭىز بويىدى-
كى نەمخۇش شامالدا يەلپۈنۈپ تۇرغاندەك تال-
تال بولۇپ تۇزۇپ تۇراتتى. لەۋلىرىڭدىكى
سۈس، ئەمما قىزغىن تەبەسسۇم سېنى گوياكى
بىر پارچە گۈزەل ماي بوياق رەسىمدەك جەلپكار
تۈسكە كىرگۈزۈۋەتكەنىدى.

شۇنداق قىلىپ يېڭى مۇھىتتىكى يېڭى ھا-
ياتىم مۇۋەپپەقىيەتلىك باشلاندى. ھېس قىلدىم-
كى، ئالىي مەكتەپ ھاياتىمۇ ئۆزگىچە بىر دۇنيا
بولۇپ، بۇ دۇنيادىكى تۇرمۇش تولىمۇ قىزغىن،
تولىمۇ رەڭدار، تولىمۇ كەپسىز ئىدى. سەن بۇ
يەردىكى قىزغىن، رەڭدار، كەپسىز دۇنيادا قائىدە-
ئىنتىزامغا رىئايە قىلىپ، ئىمتىھان نەتىجىسى-
گىلا كاپالەتلىك قىلالىساڭ سەن بىلەن ھېچ
كىمنىڭ كارى بولمايدىكەن. مەكتەپ كىنوخانى-
سىدا يېڭى-يېڭى فىلىملەر قويۇلۇپ، تانسا كې-
چىلىكلىرى ئۇيۇشتۇرۇلۇپ تۇراتتى. پات-پات
قىز ساۋاقداشلارنىڭ تۇغۇلغان كۈن خاتىرە پائالى-
يەتلىرىمۇ ئۆتكۈزۈلۈپ تۇراتتى. مەكتەپكە
يېڭى كەلگەندە ئىككى ئۆرۈم چاچ بىلەن
كەلگەن قىزلار ناھايىتى تېزلا چاچلىرىنى
كېسىپ، پاخپايتىپ بولاتتى. ئۇلار تېزلا قوبۇل
قىلغان ياسىنىش مەدەنىيىتى ئۇلارنى باشقىچە
بىر قىزلارغا ئوخشىتىپ قويسا، ئۇلار كىيىۋال-
غان بەدەنلىرىنى چىڭگىدە قىسىپ تۇرىدىغان
ئىشتانلار ئوغۇللارنىڭ كۆزىدىن نۇر چاقنىتىپ
تاشلايتتى. قىز-ئوغۇللارنىڭ مۇھەببەتلىشىپ
يۈرۈشى بۇ يەردە ئادەتتىكى ئىشلار بولۇپ،
مۇتلەق كۆپ ساندىكى باللار بۇ خىل تۇرمۇش-
نى بېشىدىن ئۆتكۈزىدىكەن.

ئوقۇشۇم ناھايىتى كۆڭۈللۈك باشلاندى.
مەندە يوشۇرۇن مۇزىكا سېزىمى بارمۇ، قانداق،
مۇزىكىلارنى ئەستە تۇتۇۋېلىش قابىلىيىتىم پەۋ-
قۇلئاددە يۇقىرى ئىدى. شۇڭىمىكىن سىرلىرى
ئۆڭۈپ كەتكەن قاپاق گىتار بىلەن ناخشا ئېيتىش-
نى تولۇق ئوتتۇرىنىڭ بىرىنچى يىللىقىدىلا ئۆ-
گىنىۋالغانىدىم. گىتاردىن ئىبارەت بۇ يېقىملىق
ئاۋاز چىقىرىدىغان چالغۇ ئەسۋابى باللىق ھە-
ۋەسلىرىم بىلەن قوشۇلۇپ مېنى ئۆزىگە شۇ
قەدەر مەھلىيا قىلىۋالغانكى، كەلگۈسىدە قايسى-
دۇر بىر گىتار چولپانلىرىدەك چىرايلىق سەھنى-
لەردە ناخشا ئېيتىشنى ئارمان قىلاتتىم. شۇڭا قو-
لۇمغا سەنئەت كەسپىنىڭ چاقىرىق قەغىزى

تەگكەن ۋاقىتتا بېشىم كۆككە يەتكەندەك خۇش بولۇپ كەتكەنىدىم. گەرچە ئاتا-ئانام يەر تېرىپ تۇرمۇش قامدايدىغان بولسىمۇ، مېنىڭ ئوقۇشۇم ئۈچۈن ھەتتا جانلىرىنىمۇ سېلىپ بېرىشتىن يانمايتتى. ئۇلار مېنىڭ ياخشى ئوقۇپ كەلگۈسىدە راھەتتە ياشايدىغان ئادەملەردىن بولۇشۇمنى ئۈمىد قىلىشاتتى. مېنى ئاتا-ئانام قانچىلىك ياخشى كۆرسە، مەنمۇ سېنى شۇنداق ياخشى كۆرەتتىم لالە. گەرچە بۇ ئىككى خىل مۇھەببەتنىڭ شەكلى ۋە مەزمۇنىدا زور پەرق مەۋجۇت بولسىمۇ، ماھىيىتىدە ھېچ قانداق پەرق يوق ئىدى. شۇڭا مەن سېنىڭ پەقەت بىلەكلىرىڭدىكى ھېلىقى جاراھەت ئىزلىرىنىلا ئەمەس، بەلكى يۈرىكىڭدىكى جاراھەت ئىزلىرىنىمۇ يۇيۇپ تاشلاشنى ئىرادە قىلغانىدىم. گەرچە ئاتا-ئانامنىڭ مېنىڭ بۇ خىل تاللىشىمنى ھازىر قوبۇل قىلالمىسىمۇ، ھامان بىر كۈنى قوبۇل قىلالايدىغانلىقىغا ئىشەنچىم كامىل ئىدى. شۇڭا ئاتا-ئانام يېمەي-ئىچمەي تولۇقى بىلەن تەييارلاپ بەرگەن ئوقۇش خىراجىتىمنى ئوتتۇرىدىن ئىككىگە بۆلۈپ، سەن بىلەن ئورتاق خىراجەت قىلىشتەك تاللىشىمدىمۇ ھېچقانداق گۇناھ تۇيغۇسى، ئاتا-ئانامغا يۈز كېلەلمەسلىك خاھىشىنىمۇ سەزمىدىم.

جېنىم لالە! گەرچە مەن سېنىڭ ۋەسلىڭ، خۇشاللىقىڭ ئۈچۈن تاغ تېشىپ، دەريا كېچەلمىسەممۇ؛ يالماۋۇز ئۆلتۈرۈپ سېنى ئاق ئاتقا مىندۈرۈپ ئۇچۇپ كېتەلمىسەممۇ، لېكىن مەۋجۇت رېئاللىقتىكى يىگىتلىك كوچامدا سەن ئۈچۈن ئادا قىلىشقا تېگىشلىك بارلىق بۇرچۇمنى تولۇق ئادا قىلىشقا ھەر ۋاقىت تەييارلىنىپ بولغانىدىم. گەرچە ئالىي مەكتەپ قوينىغا يېڭىلا قەدەم باسقان مەندەك بىر يېڭىياچە ستۇدېنتنىڭ بۇ چوڭ شەھەردە جانغا دال بولالىغۇدەك ئىقتىسادىي مەنبەگە ئىگە بولۇشى خىيالنىڭ ئورنىدىكى ئىش بولسىمۇ، مەن بۇ خىيالنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن تىرىشاتتىم. لېكىن بۇلارنى ساڭا بىلدۇرۇشنى ۋە بۇ ئارقىلىق سېنى ماڭا ھېسسىيات جەھەتتە قەرزداردەك تۇيغۇغا كەلتۈرۈپ قويۇشنى خالىمايتتىم.

مەن ھەر ھەپتىنىڭ ئاخىرى سېنى كۆرگىلى چىقاتتىم. سەن بىلەن كۆڭۈللۈك پاراڭلىشاتتىم. سېنىڭ مەكتەپتىكى تۇرمۇشۇڭ، ساۋاقداشلىرىڭ، ياتاقداشلىرىڭ ھەققىدە قىزىقسىنىپ سۆزلەپ بەرگەن پاراڭلىرىنى ئاڭلايتتىم. سەن بىلەن گۈللۈكلەرنى ئايلىنىپ ۋاقىتنىڭ قانداق ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنىمۇ سەزمەي قالاتتىم. سەن بىلەن خوشلىشىپ قايتقان ۋاقتىمدا بولسا سېنى باشقا قىزلار بىلەن سېلىشتۇرۇپ، سېنىڭمۇ ئاشۇ قىزلاردەك چىرايلىق كىيىملەرنى كىيىپ يۈرۈشۈڭنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلاتتىم. سېنىڭ ئاددىي-ساددا تۇرمۇش رىتىمىڭگە قاراپ ئىچىم ئاچچىق بولاتتى ۋە بىر كۈنى كۆپلەپ پۇل تېپىپ سېنىمۇ ئاشۇ قىزلاردەك چىرايلىق ياسىۋېتىمەن، دەپ ئۆزۈمگە ۋەدە بېرەتتىم.

لېكىن مەن بۇ شەھەردە تۇنجى قېتىم كۈتۈۋالغان ئۆكتەبىرلىك دەم ئېلىشنىڭ تەقدىرىمنى ئۆزگەرتىپ تاشلايدىغانلىقىنى زىنھار ئويلىماپتىكەنمەن.

ئۆكتەبىرنىڭ ھارپا ئاخشىمى ياتاق ئىشىكىم بوشقىنە چېكىلدى. ئادەتتە ئوغۇللارنىڭ ياتاق ئىشىكى چېكىدىغان ئادەت يوق ئىدى. شۇڭا ئىشىك چەككۈچىنىڭ چوقۇم قىز ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم.

— كىرىڭ!

ئاۋازىم بىلەن تەڭ ئىشىك ئاۋايلاپ ئېچىلىپ ياتاققا نەزىرە ئىسىملىك قىز ساۋاقدىشىم كىرىپ كەلدى. مەن ئۇنى كارىۋاتتا ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلغاچ بىر قۇتا پۇراقلىق چاي دەملەپ ئۇنىڭغا تۇتتۇم. نەزىرە مەن سىنىپتا ياخشى ئۆتىدىغان ئوچۇق-يورۇق، خۇش چاقچاق قىزلارنىڭ بىرى ئىدى.

— مۇنداق ئىش ئىدى، — دېدى نەزىرە سۇس ھور چىقىپ تۇرغان چايدىن بىر نەچچە ئوتلام ئىچكەندىن كېيىن سۆز باشلاپ، — ئەتە كەچتە تۇغۇلغان كۈنۈمنى ئۆتكۈزمەكچى ئىدىم. شۇڭا سىزنىمۇ قاتنىشىپ بېرەرمىكىن دەپ ئالاھىدە يېنىڭىزغا تەكلىپ قىلىپ كىرىشىم ئىدى.

مەن دەرھاللا ماقۇللۇق بىلدۈردۈم ۋە ئەتە كەچتە بەلگىلەنگەن رېستوران، يەنى «ئاتەش» رېستورانىغا دەل ۋاقتىدا بېرىشقا ۋەدە قىلدىم.

ئەتىسى كەچكە يېقىن بىر دەستە قىزىلگۈل سېتىۋېلىپ، «ئاتەش» رېستورانىغا قاراپ يولغا چىقتىم. مەن ئاتەشكە كىرىپ كەلگىنىمدە رېستوران ئىچى ئادەم بىلەن لىق تولغان بولۇپ، مۇلازىم قىزنىڭ ياردىمىدە نەزىرەلەر ئورۇنلاشقان ئورۇننى تېپىپ كېلىپ، ئۆزۈمنىڭ ياخشى تىلەكلىرىم بىلەن بىر دەستە قىزىلگۈلنى نەزىرەگە بەخت تىلەپ تۇرۇپ تۇتتۇم. ئاندىن ياندىكى بوش ئورۇندا ئولتۇرغاچ رېستوراننىڭ بېزىلىشىگە نەزەر سالدىم. رېستوران ئىچى زامانغا لايىق بېزەلگەن بولۇپ، رەڭدار چىراغلار، گۈزەل نەقىشلەر، قاپارتما ئويمىلار، تاملاردىكى چىرايلىق رەسىملەر ياڭراتقۇدىن پەس ئاۋازدا چىقىۋاتقان لىرىك مۇزىكا ئاۋازى بىلەن قوشۇلۇپ رېستوران ئىچىنى ئاجايىپ بىر رومانتىك كەيپىياتقا چۆمدۈرۈۋەتكەنىدى. 60 ـ 70 چە تاماق شىرەسى ئازادە پاتىدىغان بۇ رېستوراندا ھەر خىل نامالار بىلەن كەلگەن مېھمانلار ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ھەممىسى ئۆزلىرىنىڭ پاراڭلىرى بىلەن ئاۋارە ئىدى.

بۈگۈنكى ئولتۇرۇشلارنىڭ باشلىنىش مۇراسىمى نەزىرەنىڭ تۇغۇلغان كۈن مۇراسىمىنىڭ مۇقەددىمىسى بىلەن باشلىنىپ، قالتىس يۈزۈر كىيىنىۋالغان بىر قىز مىكروفون ئالدىدا پاساھەتلىك گەپلەر بىلەن نەزىرەگە بەخت تىلىدى ۋە ئۇزىنىڭ بىر قۇچاق كەلگۈدەك رەڭدار گۈلىنى نەزىرىگە سوۋغا قىلدى. ئارقىدىنلا ئۈزۈن چاچ، قىسقا چاچ، ساقاللىق-ساقالسىز رېستوران مۇزىكانتلىرى جۇشقۇن مۇزىكىلارنى چېلىپ ياڭراق ناخشىلىرىنى باشلىۋەتتى. ئۇسسۇل-تانسىلار بىرىنىڭ ئارقىسىدىن بىرى باشلىنىپ سورۇن شۇنداق قىزغىن كەيپىياتقا چۆمدى.

مەن بەخت قوينىدا ئۆزىگە تۇتۇلغان گۈللەردەك پورەكلەپ ئېچىلىپ كەتكەن نەزىرەگە قاراپ ئولتۇرۇپ يەنە سېنى ئەسلىدىم.

بىز دالا سەيلىسىگە چىققان ھېلىقى كۈنمۇ سېنىڭ تۇغۇلغان كۈنۈڭ ئىدى لالە. لېكىن ئۇ كۈن سەن ئۇچۇن ھېچ قانداق ئەھمىيەتكە ئىگە ئەمەستەك، سەن ئۇ كۈن ئۇچۇن شۇنچە بىپەرۋا ئىدىڭ. گەرچە مەن ئۇ كۈننىڭ سېنىڭ قۇتلۇق تۇغۇلغان كۈنۈڭ ئىكەنلىكىنى بىلسەمۇ، ساڭا بىر دەستە گۈل ئەمەس، بىر تال ياۋا چېچەكمۇ تۇتالمىدىم، سېنى تەبرىكلىيەلمىدىم، پەقەت ساڭا ئاتاپ تەييارلىغان ناخشامنى ئېچىندىلا ئوقۇپ بولدى قىلدىم. ئەمدى دىققەت قىلسام، سەن بىلەن نەزىرە ئىككىڭلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پەرق تولىمۇ چوڭ بولۇپ، سەن بىلەن نەزىرەدىن ئىبارەت ئوخشاش بىر يەر يۈزىدىكى ھەم ئوخشاش ياشتىكى ئىككى قىزنىڭ تەقدىر-قىسمەت گۈلۈڭلارنىڭ مەزمۇنىدىن تارتىپ ماھىيىتىگىچە زور پەرق مەۋجۇت ئىدى.

— بىر قول تانسا ئوينايلىمۇ؟

قولاق تۈۋىمدىلا ئاڭلانغان ئاۋاز ۋە بۇرنۇمغا گۈپپىدە يۇرىغان خۇشبۇي ئەتىر ھىدىنىڭ تەسىرىدىن خىيالىم بۆلۈپ تاشلاندى. قارىسام ئالدىمدا يۈزۈر كىيىنىۋالغان چىرايلىق بىر قىز ئوماققىنە لەۋلىرىدە تاتلىققىنە كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپتۇ. بۇ قىز باياتىنقى رىياسەتچى قىز ئىدى.

— نېمە دېسەم بولار، — دېدىم مەن سەل قورۇنغان ھالدا ئالدىمدىكى بۇ چىرايلىق قىزغا قاراپ تۇرۇپ، — مەن تانسىنى تازا ياخشى ئوينايالمايتتىم.

— ھېچقىسى يوق، — دېدى رىياسەتچى قىز جاۋابەن يەنىلا شۇ مۇلايىم ئاۋازى بىلەن، — ئاستا-ئاستا ئۆگىنىپ قالىسىز. ھېچكىم بىر قېتىمدىلا ھەممىنى بىلگەن ئەمەس.

قارىماققا بۇ قىز تولىمۇ ئوچۇق-يورۇقتەك كۆرۈنەتتى.

— نېمە دېسەم بولار، راستىنى دېسەم ئانچە-مۇنچە پۇتقا دەسسىۋالىدىغان ئەسكى خۇيۇممۇ بار، مەيلىمۇ؟ — دېدىم تېخىمۇ ئوڭايسىزلانغان ھالدا. لېكىن ئۇ يەنە:

— ئەمىسە راست گەپ قىلدىڭىزمۇ ياكى يالغان گەپ قىلدىڭىزمۇ سىناپ باقسام بولغۇدەك جۇمۇ، — دېدى. ئۇ يەنىلا شۇنداق تاتلىق كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى. يوغان ئات كۆزلىرىنىڭ قارا

قارىچۇقىدا كۈچلۈك بىر نۇر دولقۇنى توختاۋ-
سىز دولقۇنلايتتى. مەن چىرايلىق بىر قىز بىلەن
تانسا ئويناش ئۈچۈن ئورنۇمدىن تۇردۇم. ياڭراتـ
قۇدىن چىقىۋاتقان يېقىملىق كۈي ئىچىدە
ئۇنىڭ قاردەك ئاق، بولۇتتەك يۇمشاق قولىنى
ئەدەپ بىلەن بوشقىنە تۇتتۇم-دە، مۇزىكا رىتىمىـ
گە ماس ھالدا قەدەم يۆتكەشكە باشلىدىم. ئاڭغىـ
چە سەھنىدە قايغۇلۇق بىر ھالەتتە ئۇيان-بۇيان
قەدەم تاشلاپ مېڭىۋاتقان ناخشىچى بالىنىڭ
ناخشا ئاۋازى ياڭراتقۇدىكى مۇزىكا ئاۋازى بىلەن
قوشۇلۇپ ياڭراپ چىقىۋېدى، رېستوران ئىچىدە
ئالقىش سادالار بىلەن قىزغىن ۋە كۈچلۈك چاۋاك
ساداسى گۈررىدە كۆتۈرۈلدى. بۇ ئۇيغۇر جامائىـ
تىگە تونۇشلۇق بولغان ياش ناخشىچى ئابدۇللا
ئابدۇرېھىمنىڭ يۇقىرى ماھارەت بىلەن ئورۇندىـ
غان «ئۇنتالمايمەن» ناملىق ناخشىسى بولۇپ، بۇ
ناخشا ھازىر ياشلار ئارىسىدا مودا بولۇپ ئېقىپ
يۈرگەن ناخشىلارنىڭ بىرى ئىدى. سەھنىدىكى
قايغۇلۇق ھالەتتە تۇرغان ناخشىچى يىگىتنىڭ
ئورۇنداش ماھارىتى ئەسلىدىكىسىگە يەتمىسـ
مۇ يەنىلا يېقىملىق ئاڭلىناتتى.

سەن كۆلگەندە كۈلەر گۈل-گىياھ،
سايرىشىدۇ مىڭ بۇلبۇلگويا.
ئۇلغىيىدۇ تېخىمۇ دەريا،
ئەي نىگار كۈلكەڭنى ئۇنتالمايمەن.

ناخشىنىڭ كۆڭۈلنى رام قىلغۇچى سېھرى
ئىچىدە مەن ئەڭ سەزگۈر ھالىتىمدە قەدەملىرىمـ
نى ئۆلچەملىك رەۋىشتە يۆتكەشكە تىرىشاتتىم.
بەدىنىدىن خۇشبۇي ئەتىر ھىدى گۈپۈلدەپ ئۇرۇ-
لۇپ تۇرغان رىياسەتچى قىز بولسا خۇددى كۆكـ
تىكى قۇشتەك ئەركىن ئىدى. ئۇنىڭ نەپەسلىرىـ
مۇ مېنىڭ نەپەسلىرىمدەك ئىسسىق بولۇپ، يۈ-
زۈمگە بىر خىل رەۋىشتە ئۇرۇلۇپ تۇراتتى.
دەسلەپ ئۇنىڭ ئاپئاق قولى بىلەن ئىنچىكە،
يۇمشاق بېلىنى تۇتقان ۋاقتىمدا ۋۇجۇدۇمدا پەيدا
بولغان قورۇنۇشلارمۇ ھازىر نەگىدۇر يوقالغان
ئىدى.

— سىزنى بەكلا ئەدەپلىك دەپ ئاڭلىۋىدىم،
ئاڭلىغىنىمدەكلا ئەدەپلىك ئىكەنسىز.

ئۇنىڭ نېپىز لەۋلىرىدىن چىققان يېقىملىق
ئاۋازى ماڭا خۇددى «سىزنى بەكلا قىز بالا مىجەز
دەپ ئاڭلىۋىدىم، ئاڭلىغىنىمدەكلا قىز بالا
مىجەز ئىكەنسىز» دېگەندەك غەيرىيلا تۇيۇلۇپ
كەتتى. شۇڭا:

— مېنى مەسخىرە قىلىۋاتامسىز، قانداق؟ —
دەپ سورىدىم ئۇدۇللا.

ئۇ چىرايلىق ئات كۆزلىرىنى شامالدا يەلپۈ-
نۈۋاتقان گۈلدەك ئوينىتىپ تۇرۇپ ناز بىلەن بې-
شىنى يەڭگىل چايقىدى ۋە:

— ياقەي، سىزگە ھەۋىسىم كېلىۋاتىدۇ، —
دېدى.

ئۇنىڭ نازلىق ھەرىكەتلىرى بىلەن ئەركىـ
لەپ تۇرۇپ جاۋاب بېرىشلىرى ماڭا قايسىدۇر
بىر كىنولاردىكى ساھىبجامالّلارنىڭ ھاياجانلىق
ئوبرازىنى ئەسلىتىپ ئۆتتى. بۇنداق ھاياجانلىق
كۆرۈنۈشلەر ئەرلەرنىڭ بارلىقىنى ئاسانلا يوقـ
لۇقا ئالماشتۇرۇپ تاشلىيالاتتى.

— ئىسمىڭىز كامالمۇ؟ — سورىدى ئۇ
مەندىن. مەن چاقچاق ئارىلاشتۇرۇپ جاۋاب
بەردىم:

— شۇنداق، قۇلىقىڭىز خېلىلا ئۆزۈنكەن-
ھە؟

— ئۇچۇر دەۋرى ئەمەسمۇ، خاتا دېمىگەندىـ
مەن؟ — دېدى ئۇ يەنە ناز بىلەن كۆزۈمگە
بېقىپ تۇرۇپ.

ئۇنىڭ بۇ جاۋابىدىن كۈلگۈم كېلىپ
كەتكەن بولسىمۇ ئۆزۈمنى تۇتۇۋالدىم. چۈنكى
ئۆزۈم ئويلىمىغان بىر بوشلۇق ئىچىدە بۇ
قىزنىڭ ئۇچۇر سىگنالىغا ئىلىنىپ قالغانلىقىم
ھەقىقەتەنمۇ ھەيران قالارلىق ئىش ئىدى.

— سىز مېنىڭ ئىسمىمنى سورىمايسىز-
غۇ؟

— ھەقاچان دەپ بەرمەيدۇ، دەپ ئويلىدىم.

— ۋىيەي قوۋۇرغام، نېمانداق تېگى بار گەپ
قىلىدىغانسىز كامال.

ئەمدى ئۇ ئىسمىمنى ئاتاپ تۇرۇپ پاراڭلىـ
شىشقا باشلىدى.

— نەدىكى تېگى بار گەپنى دەيسىز، مەن

ئۆنداق ھېس قىلمىدىم بولمىسا.

— ھېيلىگەر!

ئۇنىڭ مېنى بۇنداق سۈپەتلىشى ماڭا تازا ياقمىدى. شۇڭا دەرھاللا ئىنكاس قايتۇردۇم:

— ھازىر نېمە دېدىڭىز؟

— كۆڭلىڭىزگە كەلدىما؟

— ياقەي، بىراق باشقىچىلا ئاڭلىنىپ كەتتى.

— شۇ، مەنمۇ باشقىچىلا ئاڭلىنىپ كەتسۇن دەپ ئەركىلەپ دەپ قويدۇم.

— سىز باشقا قىزلارغا ئانچە ئوخشاپ كەتمەيسىكەنسىز ـ ھە؟

— بەلكىم، لېكىن باشقا قىزلارنىڭ ماڭا ئوخشاپ قېلىشى مۇمكىن.

— قانداق دەيسىز؟

— مۇھىت ھەممە ئادەمگە بىۋاستە تەسىر قىلىدۇ ئەمەسمۇ.

ئۇنىڭ ئاخىرقى جاۋابى ماڭا ناھايىتى ئورۇنلۇق تۇيۇلۇپ كەتتى. چۈنكى ئادەمنىڭ ئۆزى ھەم بارلىق ئوي-پىكرىنىڭ، ھامان ئۆزىنى ئوراپ تۇرغان مۇھىتنىڭ بىۋاستە تەسىرىگە ئۇچراپ ئۆزگىرىپ تۇرىدىغانلىقىغا مەنمۇ ئىشىنەتتىم.

— سىزنى ماختاپ قويايمۇ؟

بۇ قېتىم مەن ئۆزۈم تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئېغىز ئاچتىم.

— مەسىلەن، نېمىدەپ؟

— سىز بەك چىرايلىق ھەم يېقىملىقكەنسىز، دەپ.

— راستىما؟

— ئەلۋەتتە، مەن يالغان سۆزلىگەندەك تۇرمايدىغاندىمەن؟

— ياقەي، مەنچىغۇ ئۇنداقدەكقۇ قىلمايدۇ.

— بەلكىم ئىسمىڭىزنىمۇ ئۆزىڭىزگە ئوخشاشلا چىرايلىق بولسا كېرەك، دەپ ئويلاپ قالدىم. مېنىڭ بۇ ئويۇم خاتا چىقىپ قالماس-ھە؟

— سىزنىڭچە چوقۇم ئۆزى چىرايلىق بولسا ئىسمىمۇ چىرايلىق بولۇشى ياكى ئىسمى چىرايلىق بولسا ئۆزىمۇ چىرايلىق بولۇشى كېرەكمۇ؟

— ئەمدى شۇنداق توغرا كېلىپ قالىدىغان ئەھۋاللارمۇ بولىدۇ ئەمەسمۇ. بولمىسىغۇ بىزنىڭ يۇرتتىكى گۈزەل دېگەن بىر قىزنىڭ چىرايى شۇنداق كورۇمسىز ئىدى دەڭا.

— چولپان! چىرايلىق ئىسىممىكەن؟

— شۇنداق، ھەم چىرايلىق، ھەم مۇڭلۇق ئىسىمكەن دەڭا.

— مۇڭلۇق؟! مەسىلەن، قانداق مۇڭلۇق؟

— ئاڭلاڭ ـ ھە ئەمىسە، ـ مەن چولپانغا ناخشا چىقىۋاتقان سەھنە تەرەپنى ئىشارە قىلدىم. يېقىملىق ناخشا يەنىلا بىر خىل رىتىمدا ياڭراۋاتاتتى.

يىراقلاردا يانىدۇ گۈلخان،
ئۆزۈن كېچە قىينايدۇ ھىجران.
سۈبھى دەمدە كۈلىدۇ چولپان،
ئەي نىگار كۈلكەڭنى ئۇنتالمايمەن.

— ئاڭلىدىڭىزمۇ؟

— ھەئە، ئاڭلىدىم. قانداق دەيسىز؟

— ئىسمىڭىزنى ئاشۇ ناخشىدەكلا يېقىملىق ئىكەن، دېمەكچىدىم.

چولپان سۆزۈمنى ئاڭلاپ كۆزى ئېچىلىپ كەتكەن بولاقتەك ۋىلىقلاپ كۈلۈپ كەتتى. ئۇنىڭ كۈلگەن ۋاقتىدىكى كۆزلىرى تېخىمۇ چىرايلىقلىشىپ كەتكەن بولۇپ، قارىغان ئادەمگە خۇددى قاراڭغۇدىكى ئايدىڭنى ئەسلەتتى. چولپان «شۇنداقمۇ» دېگەن مەنىدە كۆزۈمگە كۈلۈپ تۇرۇپ قارىۋەتكەندىن كېيىن ئىسسىق قوللىرى بىلەن قولۇمنى چىڭگىدە سىقىپ قويدى. ئۇنىڭ قولۇمنى سىقىشلىرىدىن تۇيۇقسىز ھاياجانلىنىپ كەتتىم. ئىچىمگە بولسا بىر خىل تاتلىق سېزىم تاراپ، ئۇنى ئىختىيارسىزلا ئۆزۈمگە يەنىمۇ يېقىنراق تارتتىم. شۇ ھامان ئۇنىڭ بىر جۈپ چىڭگىدە كۆكسى مەيدەمگە يۇمشاققىنە تېگىۋىدى، ئەركەك شەيتانلىرىم قانلىرىمدا موللاق ئېتىپ كەتتى.

— ئەسكى ...

چولپان مېنىڭ شۇ چاغدا نېمىلەرنى خىيال قىلىپ كەتكىنىمنى بىلىپ قالغاندەك شۇنداق دېۋىدى، تولىمۇ ئوڭايسىزلىنىپ كەتتىم. ئەمما

ئۇنىڭ تەلەپپۇزىدا ئاچچىقلىنىش ياكى قېيداش ئالامەتلىرى باردەكمۇ قىلمايتتى.

كۆپ ھاللاردا بىز ئەرلەر ئۆزلىرىمىزنىڭ ئايالالار ئالدىدىكى يوشۇرۇن ھېسسىياتلىرىمىزنى قارشى تەرەپكە بىلدۇرمەيمىز، دەپ ئويلايمىز. بىراق قارشى تەرەپمۇ چاقماق تېزلىكىدە بىزنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى بارلىق ھېسسىياتلىرىمىزنى ھېس قىلىپ بولىدۇ - يۇ، ھېچ نېمىنى چاندۇرماي بىپەرۋا قىياپەتكە كىرىۋالىدۇ. تېخى ھېلىلا مەنمۇ بىر ياۋايى ھاياجانىنىڭ تەسىرىدە چولپاننى ئۆزۈمگە تارتىپ ئۇنىڭ يۇمشاق، ئىسسىق كۆكسىنى مەيدەمگە تەگكۈزۈۋالدىم. مېنىڭ ئويۇمچە بولغاندا، چولپان بۇنى ھېس قىلماسلىقى ياكى سەزمەسلىكى كېرەك ئىدى. لېكىن ئۇنىڭ «ئەسكى» دېگەن بىر ئېغىز سۆزىدىنلا ئۆزۈمنىڭ ئويىنىڭ خاتالىقىنى ھېس قىلدىم.

مەن چولپان بىلەن كۆپرەك پاراڭلىشىپ بېقىش ئىستىكىدە يەنە قايتا ئېغىز ئاچتىم.

— سىز نېمە ئىش قىلىسىز؟

— مېنىڭ نېمە ئىش قىلىشىم سىز ئۈچۈن شۇنچە مۇھىمما؟

— ھەر ھالدا بىلىپ قالغانىنىڭ زىيىنى بولماس دەپ ئويلايمەن.

— مەن مۇشۇ ئاتەشتە رىياسەتچى.

— مۇنداق دەڭ. مەن تېخى سىزنى...

چولپان سۆزۈمنى بۆلۈپلا ئېغىز ئاچتى:

— ئوقۇغۇچىمىكىن دەپ قالغانما؟

— توغرا پەرەز قىلدىڭىز. ئەمەلىيەتتىمۇ سىز ستۇدېنتقىلا ئوخشايدىكەنسىز.

— رەھمەت سىزگە كامال. سىز مېنىڭ گۈزەل ئەسلىمىلىرىمنى تۇيۇقسىزلا يادىمغا سېلىپ ئۆتتىڭىز. ئەسلى مەنمۇ سىز ئوقۇۋاتقان مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىسى ئىدىم. لېكىن كېيىن ئوقۇشۇمنى داۋاملاشتۇرالماي مۇشۇ رېستوراندا ئىشلەپ قالدىم.

— نېمە ئۈچۈنلىكىنى سوراپ باقسام بولامدۇ؟

— مېنىڭ كۆڭۈلسىز ئىشلارنى يەنە قايتا تىلغا ئالغۇم يوق، كامال.

ئۇنىڭ ئۆزى ھەققىدە سۆزلەپ بەرمىگىنىدىن باشقىچە گۇماندا بولۇپمۇ كەتمىدىم. چۈنكى ھەر قانداق ئادەمنىڭ باشقىلارغا بىلدۈرۈشنى خالىمايدىغان شەخسىي سىرلىرى بولىدۇ ئەمەسمۇ. ناۋادا بىز مەلۇم بىر پارچە ھېكايىدىكى پېرسوناژ بولغان بولساق، بەلكىم ئۇ ماڭا ئاجايىپ دەبدەبىلىك ياكى قايغۇلۇق كەچۈرمىشلىرىنى سۆزلەپ بېرىپ، مېنى بىردەمدىلا قايىل قىلىۋەتكەن بولاتتى. چۈنكى ئەسەر دېگەندە شۇنداق قىستۇرمىلار بولمىسا ئىككى پېرسوناژ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئوڭۇشلۇق راۋاجلاندۇرغىلى بولمايدۇ. لېكىن چولپان بىلەن مەن ئەسەردىكى توقۇلما ئادەم ئەمەس، بەلكى رېئاللىقتىكى ھەقىقىي ئادەم. شۇڭا رېئاللىقتىكى ھەقىقىي ئادەمگە ئەسەردىكى پېرسوناژلارغا قويۇلىدىغان يۇكسەك تەلەپلەرنى قويۇشنىڭ ھېچقانداق زۆرۈرىيىتى يوق ئىدى. شۇڭا:

— كەچۈرۈڭ، مەن سورىمىغان بولاي ئەمىسە، — دېدىم مەن.

— كېرەك يوق. مەن ئۈچۈن سورالغان بىلەن سورالمىغانىنىڭ، جاۋاب بەرگەن بىلەن جاۋاب بەرمىگەنىنىڭ پەرقى يوق. ھە راست كامال، سىزگە مۇھىم بىر تەكلىپ بار جۇمۇ.

— قانداق تەكلىپ ئۇ؟

— نەزىرە سىزنىڭ بىر ناخشا ئورۇنداپ بېرىشىڭىزنى ئۆتۈنگەنىدى. رەت قىلىۋەتمەڭ، نەزىرەدىن ئاڭلىسام سىز ناخشىنى بەك ياخشى ئېيتىقۇدەكسىزغۇ؟

— توۋا دەڭا، تۆت ئادەمنىڭ ئالدىدا گەپنىمۇ قاملاشتۇرۇپ دېيەلمەيدىغان تۇرسام، بۇنچە كۆپ ئادەمنىڭ ئالدىدا ناخشا ئېيتىش قانداقمۇ قولۇمدىن كەلسۇن. مېنى تىرىك ئۆلتۈرمەڭلار، چولپان.

— سەل غەيرەتلىك بولسىڭىزچۇ كامال. سەھنىدە سىز پۇتىنى دەسسىۋالغۇدەكمۇ ئادەم بولمىسا، نېمىدىن ۋايىم يەيسىز.

— بىراق مېنىڭ تەييارلىقىم بولمىسا.

— ئىشقىلىپ مەن ماقۇللىقىڭىزنى ئالدىم

جۇمۇ كامال. مۇشۇ ناخشىدىن كېيىن سىزنى تەكلىپ قىلىمىز.

سەھنىدىكى ناخشا ئاستا-ئاستا ئەۋجىگە كۆتۈرۈلۈۋاتاتتى.

يېقىملىق ناخشىنىڭ ئەۋجى بىلەن بىر قول تانسا ئاخىرلاشتى. مەن چولپاندىن ئايرىلىپ ئەمدىلا ئورنۇمدا ئولتۇرۇشۇمغا، چولپاننىڭ باياتىنقى ئەتىر ھىدلىق تونۇش ئاۋازى ياڭراتقۇدىن ياڭراشقا باشلىدى. دىققەت قىلسام چولپان ئاجايىپ پاساھەتلىك سۆزلەر بىلەن مېنى سەھنىگە تەكلىپ قىلىۋاتاتتى. مېنىڭ بىر تەرەپتىن چولپاننىڭ شۇنچە كۆپ ئادەمنىڭ كۆزلىرى تىكىلىپ تۇرغان سەھنىدە ئۆزىنى شۇنداق تەمكىن، شۇنداق ئەركىن تۇتۇپ مارجاندەك دانىمۇ دانە سۆزلەشلىرىگە ھەۋىسىم كەلسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزۈمنىڭ ئاشۇ چىرايلىق سەھنە ئۈستىدە ئۆتىدىغان بىر نەچچە مىنۇتلۇق ھاياتىمنىڭ تولىمۇ جاپالىق سەپەر ئىكەنلىكىنى ئويلاپ ئىچىمگە سوغۇق تىترەك كىرىپ كەتتى.

ئوتتۇرا مەكتەپتىكى چاغلىرىمدىن باشلاپ مۇشۇنداق كۆركەم بېزەلگەن رەڭدار چىراغلىق سەھنىلەردە ناخشا ئېيتىۋاتقان ناخشىچىلارنى كۆرسەم، ئۇلارغا شۇنداق ھەۋەس قىلاتتىم ۋە ئاشۇنداق چىرايلىق سەھنىلەردە ناخشا ئېيتىشنى تولىمۇ ئارزۇ قىلاتتىم. شۇڭا بۈگۈنكى بۇ پۇرسەتنى شۇ ئارزۇلىرىمنىڭ تۇنجى قېتىم رېئاللىققا ئايلىنىشى، دېسەم ھېچ خاتاسى بولمايتتى. لېكىن تۇرۇپلا بۇنىڭمۇ ئۆزىگە لايىق قىيىنلىق دەرىجىسى بار جەريان ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ يەتتىم. دېمەك، ئاڭلاش باسقۇچى بىلەن ئورۇنداش باسقۇچى ئوتتۇرىسىدا مەن تولۇق تونۇپ يەتمىگەن ناھايىتى زور پەرقلەر مەۋجۇت ئىكەن. مەن ھازىر مانا شۇ پەرق ئوتتۇرىسىدىكى بوشلۇقتا خۇددى كۆكتە ئۇچۇپ كېتىۋاتقان قۇشنىڭ قانىتىدىن چۈشۈپ قالغان بىر تال پەيدەك لەيلەپ قالماقتا ئىدىم. بىر تال پەي كۆكتە مەيلى قانچىلىك ئۇزاق لەيلىمىسۇن ئۇ ھامان تۇپراق ئۈستىگە چۈشۈشتەك رېئال تەقدىردىن قېچىپ قۇتۇلالمايتتى.

چولپاننىڭ يەنە نېمىلەرنى دېگەنلىكىنى ئاڭقىرالمىدىم. قۇلىقىمغا ئەتراپىمدىكى ئادەملەرنىڭ رىتىملىق چالغان چاۋاك ئاۋازى ئاڭلاندى. كۆزۈم تۇيۇقسىز گۈلدەك ئېچىلىپ ئولتۇرغان نەزىرەنىڭ كۆزى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. نەزىرەنىڭ كۆزى ھاياجاندىن يۇلتۇزدەك چاقناپ كەتكەن بولۇپ، ئىككى مەڭزى سۇس قىزىرىپ قالغانىدى. ئۇ ئالىقانلىرىنى بوش ئۇرۇپ چاۋاك چالغاچ ماڭا قاراپ بىر كۆزىنى بوشقىنە قىسىپ قويدى.

— قورۇنۇۋاتامسەن؟ — يېنىمدا ئولتۇرغان بىر سورۇنداشىم مەندىن پىچىرلاپ دېگەندەك سورىدى.

— ئازراق، — دېدىم مەن.

— ئەمىسە مانىڭدىن بىرنى ئوتلىۋالامسەن-يا؟

ئۇ ئالدىدىكى ھاراق رومكىسىنى ئىشارە قىلدى. بۇرۇندىن ھاراق ئىچىپ باقمىغاچقىمىكىن ھاراقنىڭ ئاق رەڭدە، ئاچچىق بولىدىغانلىقىنى بىلسەممۇ بۇ مىنېرال سۇدەك سۈزۈك سۇيۇقلۇقنىڭ ئاچچىق تەمىنىڭ زادى قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلمەيتتىم.

شۇڭا سورۇنداشىمنىڭ تەكلىپىنى دەرھاللا رەت قىلىۋەتتىم:

— بولدىلا، ئىچىپ كۆنمەپتىكەنمەن.

— بىر رومكا ئىچىپ قويغانغا مەست بولۇپ كەتمەيسەن، ماقۇل دەپ سەل قىزىۋال ئاداش، — دېدى ئۇ يەنە.

— مەن مەست بولۇپ قالسامۇ كارايىتى چاغلىق، لېكىن ناخشام مەست بولۇپ قالسا ياخشى بولماسمىكىن.

مەن سۆزۈمنى تۈگىتىپلا ئورنۇمدىن تۇردۇم. ئورنۇمدىن تۇرۇپ قارىسام ئۆزۈم بىلەن سەھنىنىڭ ئارىلىقى كۆزۈمگە شۇنداق يىراق كۆرۈنۈپ كەتتى. مەن سەھنىگە قەدەم بېسىپ بولغىچە چاۋاك ساداسى يەنە بىر قېتىم كۆتۈرۈلدى. شۇ تاپتا قۇلىقىمغا چاۋاك ئاۋازىدىن باشقا ئاۋاز ئاڭلانمايتتى، كۆزۈمگە سەھنىدىن بۆلەك نەرسە كۆرۈنمەيتتى. ماڭا بۇ ئاۋاز، بۇ مۇساپە تولىمۇ

ئۇزاق تۇيۇلۇپ كەتتى. مەن سەھنىگە چىقىپ قولۇمغا ئۇزۇن، قارا، توم توك سىمى يەردە سوزۇلۇپ ياتقان گىتارنى ئالدىم ۋە گىتارنىڭ تارلىرى ئۈستىدە بارماقلىرىمنى رىتىملىق ھەرىكەتلەندۈرۈشكە باشلىۋىدىم، گىتاردىن چىققان مۇزىكا ئاۋازى ياڭراتقۇدىن ياڭراپ چىقىشقا باشلىدى. خىيالىمدا بولسا ئىككىمىز بىللە ئۆتكۈزگەن ھېلىقى دەريا بويىدىكى دالا سەيلىسى يەنە قايتا نامايان بولۇپ، مەن شۇ كۈنى ساڭا ئاتاپ ئېيتىپ بەرمەكچى بولغان، ئەمما ئېيتىپ بېرەلمىگەن ناخشام مانا ئەمدى ئىچىمدىن ئاغزىمغا، ئاغزىمدىن مىكروفونغا، مىكروفوندىن ياڭراتقۇغا، ياڭراتقۇدىن ھاراق بۇسى، تاماكا ئىسى، ئەتىر ھىدى بىلەن تولغا قىزغىن كەيپىياتتىكى رېستورانغا تاراشقا باشلىدى.

جېنىم لالە، ئۇ كۈنى مەن كۆركەم سەھنىدە ناخشا ئېيتىشنىڭ ھوزۇرى ۋە مۇشكۇللۇكىنى ھېس قىلغان تۇنجى كۈن بولدى. مەن ناخشىنى ئاخىرلاشتۇرغاندا رېستوران ئىچىنى چاۋاك ساداسى بىلەن كۈچلۈك قىيقاس-سۈرەن ئاۋازى بىلەن بىر ئالغان بولۇپ، كىملەرنىڭدۇر سوزۇپ-سوزۇپ ئىسقىرتىشلىرى ئېنىقلا ئاڭلىنىپ تۇراتتى. مەن سەھنىدىن چۈشۈپ بولغىچە بولغان ئارىلىقتا نەزىرە يوغان بىر دەستە گۈلنى كۆتۈرۈپ چىقىپ ماڭا ھاياجانلانغان ھالدا سوۋغا قىلدى. مەن سەھنىدىن چۈشۈپ ئورنۇمغا بېرىپ ئولتۇرۇپ بولغىچە بولغان ئارىلىقتا سورۇنداشلىرىم بىر-بىرىگە گەپ بەرمەي ماڭا نېمىلەرنىدۇر دېيىشەتتى. ئۇلارنىڭ بىرلىرى ناخشىنى ئاجايىپ بەلەن ئوقۇۋەتتىڭ جۇمۇ، دەپ مېنى ماختىسا، يەنە بىرلىرى قوللىرىدىكى ھاراق چايقىلىپ تۇرغان رومكىلارنى ماڭا سۇناتتى. مەن ئۇلارنىڭ قالايمىقان ئاۋازلىرى ئىچىدە ئۇلارنىڭ نېمىلەرنى دەۋاتقانلىقىنى بىلمىسەممۇ خۇددى ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ تۇرۇۋاتقاندەك كۈلۈمسىرىگەچ بېشىمنى لىڭشىتىپ قوياتتىم.

لالە، مەن شۇ بىر ناخشام بىلەن ئەتراپىمدىكى ئادەملەرنىڭ قىزغىن ھۆرمىتىگە ئېرىشكىنىمدىن شۇنداق ھەيرانلىق ھېس قىلدىم. ئۇلارغا ماڭا نىسبەتەن ھۆرمەت قوزغىۋەتكەن بۇ ناخشا دەل بۇرۇن مەن ساڭا ئاتاپ يازغان، لېكىن ھېلىقى دالا سەيلىسىدە ساڭا ئېيتىپ بېرىشكە پۇرسەت تاپالماي ئىچىمدىلا ئېيتىۋەتكەن ناخشا ئىدى. شۇنداق قىلىپ نەزىرەنىڭ تۇغۇلغان كۈن مەرىكىسى ئۆتكۈزۈلگەن بۇ ئاخشام مەندە ئۇنتۇلغۇسىز تەسىرات قالدۇرغان گۈزەل بىر ئاخشام بولدى.

ئەتىسى چۈشتىن بۇرۇن سەن بىلەن كۆرۈشۈپ كېلىش ئۈچۈن جابدۇنۇپ تۇرسام، ياتاق ئىشىكىم بوش چېكىلدى. مەن دەرھال ئىشىكنى ئاچتىم. ئىشىك ئالدىدا نەزىرە بىلەن چولپان كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى.

— ياخشىمۇسىز كامال؟ — چولپان تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئەھۋال سورىدى.

— سىلەرمۇ ياخشى تۇرغانسىلەر، قېنى ئىچكىرى كىرىڭلار، — مەنمۇ ئەھۋال سورىغاچ ئىككى قىزنى ياتاققا تەكلىپ قىلدىم.

— ياخشى ئۇخلاپسىزمۇ؟

چولپان مەندىن شۇنداق دەپ سورىدى، كۆزۈم چولپاننىڭ كۆزى بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ تېنىم جۇغۇلداپ كەتتى. شۇ ھامان خىيالىمدىن ئاخشام چولپان بىلەن ئوينىغان بىر قول تانسا، ئۇنىڭ بىلەن ئوتتۇرىمىزدا بولغان پاراڭلار، ئۇنىڭ تانسا ئويناۋېتىپ قولۇمنى سىقىپ قويۇشلىرى، مېنىڭ ئۇنى نېمىشقىدۇر ئۆزۈمگە تارتىپ ئۇنىڭ ئىسسىق-يۇمشاق كۆكسىنى مەيدەمگە تەگكۈزۈۋېلىشلىرىم، ئۇنىڭ بولسا مېنىڭ بۇ ھەرىكىتىمگە ناز بىلەن «ئەسكى» دەپ ئىپادە بىلدۈرۈپ كۈلۈمسىرەشلىرى سىپكۈنت ئىچىدە لەپىلدەپ ئۆتۈپ كەتتى. ئاخشام مەن مەست ئەمەس ئىدىم. لېكىن چولپان ھەققىدە قانداقلارچە شېرىن خىياللارغا ئەسىر بولۇپ قالغىنىمنى بىلمەيمەن. ئەتىسى بۇ ئىشلار قايتا يادىمغا يەتكەندىلا، ئۆزۈمنى سېنىڭ ئالدىڭدا نومۇسلۇق بىر ئىش قىلىپ قويغاندەك ھېس قىلىپ ئىچ-ئىچىمدىن قاتتىق ئۆكۈندۈم لالە. چۈنكى باشقا قىزلارنىڭ كۆكسى ھەققىدە شېرىن

خىيال سۈرۈشۈم ئەمەلىيەتتە ساڭا قىلغان ئەڭ تۆۋەن دەرىجىدىكى خىيانىتىم ئىدى.

— نېمە خىيال سۈرۈۋاتىسىز كامال؟

نەزىرەنىڭ سوئالى مېنىڭ پۇشايمانلىق خىيالىمنى بۆلۈپ تاشلىدى.

— ھېچ نېمە.

— قولايسىز بىر ۋاقىتتا كىرىپ قالمىغاندۇق-ھە؟ — نەزىرە نېمىنىدۇر گۇمان قىلغاندەك مەندىن يەنە سورىدى.

— ياقەي، ئۇنداق ئەمەس.

— ئاخشام سىزدىن شۇنداق مىننەتدار بولۇپ كەتتىم كامال. خۇددى ماڭىلا بېغىشلاپ يېزىلغان ناخشىدەك ھاياجانلىنىپ كەتتىم. ئۆزىڭىز يازغانمۇ؟

— شۇنداق، مەشىق سۇپىتىدە يېزىپ باققان. سىزنىڭ ياقتۇرغانلىقىڭىزدىن كۆپ خۇرسەن بولدۇم.

مەن ئاددىيلا جاۋاب بەردىم.

— مۇنداق دەڭ، — دېدى نەزىرە سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — بىراق مېنىڭچە ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققان ئەسەر بوپتۇ. ناۋادا ئاككورتنى ياخشى ئىشلەپ پلاستىنكا ئىشلىسە چوقۇم ھەممە ئادەم ياقتۇرۇپ ئاڭلايدىغان ناخشا بولغۇدەك.

— ئۇنداق دەپ كەتكىلىمۇ بولمايدۇ، مەشىق ئەسىرى ئىكەنلىكى ئۇنىڭ مېلودىيىسىنىڭ ئاددىيلىقىدىن بىلىنىپ تۇرىدۇ، — دېدىم مەن نەزىرەنىڭ ماختاشلىرىدىن سەل بىئەپلىك ھېس قىلىپ.

— مەيلى سىز قانداقلا قاراشتا بولماڭ مەن بىر ئاڭلىغۇچى بولۇش سۈپىتىم بىلەن بۇ ناخشىنى ياقتۇردۇم. شۇڭا چولپانمۇ سىزنى ئاتايىن مۇھىم بىر ئىش بىلەن ئىزدەپ كەپتۇ.

نەزىرەنىڭ ئاخىرقى سۆزىدىن ھەيران قالدىم ۋە چولپانغا قارىدىم. چولپان شۇنداق دېگەن مەنىدە بېشىنى يېنىك لىڭشىتىپ قويدى ۋە:

— سىز بىلەن مۇھىم بىر ئىشنى مەسلىھەتلەشكىلى كېلىۋىدىم. بىلمىدىم، سىز قانداق قارايسىز كىن، — دېدى.

— قانداق مۇھىم ئىشتى ئۇ؟ — چولپاننىڭ نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي سورىدىم.

— ئەمىسە گەپنى ئەگىتىپ ئولتۇرماي ئۇدۇللا دەۋېرەي كامال، بۈگۈن مەن ئالايىتەن سىزنى بىزنىڭ «ئاتەش»تە ناخشا ئېيتىشقا تەكلىپ قىلىپ كېلىۋىدىم.

چولپاننىڭ مەن ئويلاپمۇ باقمىغان بۇ تەكلىپىدىن شۇنداق ھەيران قالدىم. شۇڭا ھەيرانلىقىمنى يوشۇرۇلماي سورىدىم:

— بۇنى قانداق ئويلاپ قالغانسىز، چولپان؟

— خاتا چۈشىنىپ قالماڭ كامال. بۇ مېنىڭ ئەمەس، بىزنىڭ خوجايىنىمىز سەلىمە ئاپايىنىڭ تەكلىپى. مەن پەقەت سىزگە ئەلچى بولۇپلا كەلدىم.

— دېمەك سىلەرنىڭ خوجايىن مېنى تونۇيدىكەندە؟

— ياقەي، مەن ئۇنداق دېمەكچى ئەمەس. سەلىمە ئاپاي ئاخشام سىزنىڭ ناخشىڭىزنى ئاڭلاپ ياقتۇرۇپ قالغان چېغى، شۇڭا مېنى سىزنىڭ پىكرىڭىزنى ئېلىپ بېقىش ئۈچۈن ئالايىتەن يېنىڭىزغا ئەۋەتكەنىدى.

— لېكىن مېنىڭ مەكتەپتىن ئايرىلىش ئىمكانىيىتىم يوق، شۇڭا مۇۋاپىق بولماسمىكىن.

— سەلىمە ئاپاينىڭ پىكرىچە سىز پەقەت ھەر كۈنى ئاخشىملا قاتناشسىڭىز بولىدىكەن. بۇنىڭدا ئوقۇش ۋاقتىڭىزغىمۇ تەسىر يەتمەسلىكى ئېنىق. بايرام، دەم ئېلىش، شەنبە-يەكشەنبە كۈنلىرى پۈتۈن كۈن ئىشلىسىڭىزمۇ بولىدۇ. چۈنكى بۇنداق كۈنلەردە رېستورانىمىزدا توي-ۋېچىركىلار بىر قەدەر كۆپ بولىدۇ. ئاخشامقى سازچى باللارمۇ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى، ئۇلار بىر تەرەپتىن ئوقۇپ، بىر تەرەپتىن ناھايىتى ياخشى ئىشلەپ كېلىۋاتىدۇ.

بۇ پىلان خېلىلا بولىدىغان پىلان ئىدى. شۇنداقتىمۇ سەل گاڭگىراپ قالغاندەك ھېسسىياتقا كېلىپ قالدىم. شۇڭا كۆڭلۈمدىكىنى يوشۇرماي ئوچۇقلا ئېيتتىم:

— مۇشۇنداق قىلساق مۇۋاپىق بولارمۇ؟

— بەلكىم سىز بىلمەيدىغانسىز كامال، — دېدى چولپان تەپسىلىي چۈشەندۈرۈپ.— بۇ كەسىپتىكى كۆپ سانلىق سەنئەتكارلار خىزمەتتىن سىرت ئىشلەيدۇ. سىلەرنىڭ مەكتەپىڭمۇ بىر قىسىم باللىرى بار تېخى. بۇ خىزمەت سىز ئۈچۈن ھېچ بولمىغاندا ئەمەلىي پراكتىكا جەريانى بولۇپمۇ قالامدۇ تېخى.

چولپاننىڭ بۇ گەپلىرى توغرا ئىدى. مەنمۇ يۇقىرى يىللىق سىنىپلاردىكى بىر قىسىم باللارنىڭ رېستوران، تانسىخانا، كېچىلىك بەزمىخانىلاردا مۇزىكا چېلىپ، ناخشا ئېيتىپ پۇل تاپىدىغانلىقىنى ئاڭلىغانىدىم. ماڭا پۇل ھازىر جىددىي زۆرۈر ئىدى، لالە. چۈنكى ئىككىمىزنىڭ كېيىنكى ئوقۇش مەۋسۇمىدە تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك بولغان قالدۇق ئوقۇش پۇللىرىمىز يەلكەمنى خۇددى يوغان بىر پارچە گىگانت تاشتەك بېسىپ تۇراتتى. شۇڭا بۇ بىرەر ئايدىن بۇيان مۇۋاپىق خىزمەت تاپالماي بىئارام بولۇپ يۈرگەنىدىم. ئاتەشتىكى بۇ خىزمەت مەن ئۈچۈن تاش ئېچىدىن ئالتۇن چىقىپ قالغاندەكلا بىر ئىش بولدى. ئوقۇشۇمغا تەسىر يەتمىسە، يەنە كېلىپ مەلۇم ئىقتىسادىي مەنبەگە ئىگە بولسام ھازىرقى باش قېتىنچىلىقىم تۈگەيتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن ھامان مۇشۇ ساھەنىڭ ئادىمى ئىدىم. شۇڭا بۇ ئىش بىلەن بالدۇر ياكى كېيىن شۇغۇللىنىشىمنىڭ ھېچ قانداق پەرقى يوق بولۇپ، پەقەت باشلىنىش نۇقتىسىلا مۇددەتتىن بۇرۇن يولغا چىقىشتەك ئوبيېكتىپ رېئاللىق بىلەن خاراكتېرلىنەتتى، خالاس.

مەن ئازراق ئويلىنىشتىن كېيىن چولپاننىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلدىم. ئاندىن ئۇنىڭ ۋاستىچىلىكىدە ئاتەشنىڭ 50 ياشلاردىكى بوي - بەستى پاكارراق، پاكىز چىراي، قويۇق ئۇششاق بۇدۇر چاچلىق دىرېكتورى سەلىمە ئاپپاي بىلەن كۆرۈشتۇم. ئوچۇق مىجەزلىك، گەپنى ياساپ قىلىدىغان بۇ ئايال خوجايىن مېنى ناھايىتى قىزغىن كۈتۈۋالدى. سەلىمە ئاپپاي بىلەن بولغان سۆھبىتىمىز ئانچە ئۇزاققا تارتىلمايلا ئۆزئارا تۈزۈلگەن كېلىشىمگە قول قويدۇق. كېلىشىمنىڭ مەزمۇنى بويىچە مەن ھەر ئاخشىمى ئۈچ سائەت ۋە شەنبە-يەكشەنبە، دەم ئېلىش كۈنلىرى پۈتۈن كۈن خىزمەت قىلىدىغان؛ سەلىمە ئاپپاي مېنىڭ ئاتەشتىكى تامىقىمنى ھەقسىز كۆتۈرۈش بىلەن ماڭا ھەر ئايدا 2000 يۈەن ئىش ھەققى بېرىدىغان بولدى. گەرچە مەن سەلىمە ئاپپاي بىلەن كۆرۈشۈشتىن بۇرۇن ھەر ئايلىق ئىش ھەققىمنى بىرەر مىڭ يۈەن ئەتراپىدا تەلەپ قىلىشنى ئويلىغان بولساممۇ، لېكىن سەلىمە ئاپپاينىڭ مەن باھا ھەققىدە ئېغىز ئاچقۇچە ئۆزى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئېغىز ئېچىپ، ماڭا ھەر ئايدا 2000 يۈەن ئىش ھەققى بېرىدىغانلىقىنى ئېيتقان ۋاقتىدا بېشىم ئاسمانغا يەتكەندەك خۇش بولۇپ كەتتىم. چۈنكى 2000 يۈەن دېگەن ئاز پۇل ئەمەس ئىدى. سەلىمە ئاپپاي سۆھبەتنىڭ ئاخىرىدا مېنىڭ بۈگۈن ئاخشاملا خىزمەتكە چۈشۈشۈمنى ئالايىتەن ئەسكەرتىپ ئۆتتى. شۇنداق قىلىپ مەن ساڭا ئاتاپ يازغان، ئەمما ساڭا سوۋغا قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمىگەن بىر ناخشىنىڭ شاراپىتى بىلەن خېلىلا يۇقىرى ئىقتىسادىي كىرىمگە ئىگە ئوقۇغۇچىغا ئايلىنىپ قالدىم.

مەن ئاتەشتىن چىقىپلا بۇ خۇش خەۋەرنى ساڭا يەتكۈزۈش ئۈچۈن كوچا ئاپتوبۇسىغا ئولتۇرۇپ يولغا چىقتىم. قىسقا مۇساپىلىك يولۇچىلار بىلەن لىق تولۇپ تۇرىدىغان كوچا ئاپتوبۇسى ھەر بىر بېكەتتە ئادەم ئېلىپ، ئادەم چۈشۈرۈپ مېڭىپ خېلى ئۇزاقتا مەن چۈشمەكچى بولغان بېكەتكە كىرىپ سىلكىنىپ توختىدى.

مەن مەكتەپ دەرۋازىسىنىڭ ئۇدۇلىدىكى ئاممىۋى تېلېفون بوتكىسىدىن ياتاق تېلېفونۇڭغا تېلېفون قىلدىم. تېلېفون تۇرۇپكىسىدىن بىر نەچچە قېتىملىق ئۇلىنىش سىگنالىنىڭ سوزۇپ سايرىغان ئاۋازى ئاڭلانغاندىن كېيىن سېنىڭ تونۇش ئاۋازىڭ ئاڭلاندى.

— ياخشىمۇسىز؟ كىمنى ئىزدەيسىز؟

ئاۋازىڭنى دەرھاللا تونۇپ ئۈلگۈرگەچكە ئۇدۇللا جاۋاب بەردىم.

— بۇ مەن، لالە!

— كامالمۇ سەن؟ سەن قەيەردە؟

— مەكتەپ ئالدىدىكى ئاممىۋى تېلېفون بوتكىسىدا.
— ياتاقتا ئۆزۈم يالغۇز ئىدىم، چىققامسەن؟
— سەن چۈشكىن لالە، مەن سېنى گۈللۈكتە ساقلاپ تۇراي.
— ماقۇل، ئەمىسە مېنى ساقلاپ تۇر، ھازىرلا چۈشىمەن.
شۇئان تېلېفوندىكى ئاۋازنىڭ ئۆچۈپ تېلېفوننىڭ ئۈزۈپ-ئۈزۈپ سايرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. مەن ئۇدۇللا ئىككىمىز ھەر قېتىم ئۇچرىشىدىغان گۈللۈك بويىغا كەلدىم. سەنمۇ ئارقىمدىنلا يېتىپ كەلدىڭ.
— ياخشى تۇردۇڭمۇ؟ — مەن سەندىن قايتىدىن ئەھۋال سورىدىم.
— يامان ئەمەس، ئۆزۈڭچۇ؟ مەن تېخى سېنى بۈگۈن كەلمەيدىغان ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ تۇرۇۋېدىم.
سېنىڭ تەلەپپۇزىڭدا بىر ئاز رەنجىش ئالامەتلىرى باردەك ئىدى.
— ئەتىگەندىلا ئازراق جىددىي ئىشىم چىقىپ قالغان، شۇڭا سەل ھايال قالدىم. خاپا بولمىغانسەن؟
— ئاۋۇ يەردە بوش ئورۇن باركەن، شۇ يەردە ئولتۇرۇپ پاراڭلىشايلى، كامال.
ئىككىمىز سۆزۈك سۇ شىلدىرلاپ ئېقىپ تۇرغان كىچىك تاش ئېرىق بويىدىكى كۆك سىرلانغان ياغاچ ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردۇق.
— ياتاقتا باشقىلار يوقمىتى؟
— قىزلار بازار ئارىلاپ چىقىپ كەتكەن.
— سەن بازار ئايلانمامسەن؟
— بولدىلا.
— مەن ئايلاندۇرۇپ كىرەي بولمىسا.
— بولدى كامال. كۆڭلۈم ھېچ نېمە تارتمايۋاتىدۇ.
— مىجەزىڭ يوقمۇيا؟
— ئۇنداق ئەمەس. ئارتۇقچە ئويلاپ كەتمىگىن.
— ساڭا بىر خۇش خەۋەر يەتكۈزەيمۇ لالە؟
— قانداق خۇش خەۋەر؟
— مەن خىزمەت تاپتىم. مەكتەپ ئەتراپىدىكى بىر رېستوراندا كېچىسى ۋە دەم ئېلىش كۈنلىرى نەغمە-ناۋا قىلىشىپ بېرىدىكەنمەن.
— ئوقۇشۇڭچۇ؟ — سەن ئەنسىرىگەندەك بىر ھالەتتە سورىدىڭ.
— كۈندۈزى ئوقۇپ كېچىسى ئىشلىمەدىم.
مەن ساڭا قايسى كۈنى بولغان ئىشلارنى تەپسىلىي سۆزلەپ بەردىم. ئەلۋەتتە چولپان بىلەن تانسا ئوينىغىنىم ۋە ئۇنىڭ كۆكسىگە مەيدەمنى تەگكۈزۈۋالغان قىلمىشىمدىن ياناپ ئۆتۈپ كەتتىم.
— بۇنداق قىلساڭ قانداق بولار؟ چارچاپ قالارسەنمۇ؟ — دېدىڭ سەن سۆزۈمنىڭ ئاخىرىغا ئۇلاپ.
— ئۇنداق بولمايدۇ، بۇ بىر دەم ئېلىش ئورنىدىكىلا ئىش.
— ئەگەر مەن بولمىغان بولساممۇ مۇشۇنداق قىلارمىدىڭ كامال؟
— نېمىشقا دائىم مۇشۇنداق گەپ قىلىدىغانسەن لالە.
— رەنجىپ قالدىڭما؟ ئەمىسە دېمىگەن بولاي.
— ياقەي، بۇنىڭدىن كېيىن بۇنداق خىياللاردا بولماسلىقىڭنى ئۈمىد قىلىمەن، لالە.
— ماقۇل، مەن ۋەدە بېرەي، كامال.
تاش ئېرىقتىكى سۇنىڭ شىلدىرلاپ ئاققان ئاۋازى يەنىلا بىر خىل رىتىمدا ئاڭلىنىپ تۇراتتى. مەكتەپ قورۇسىدىكى يولدا توپ-توپ باللار ئۇياندىن بۇيانغا توختىماي ئۆتۈشۈپ تۇراتتى. دەرەخ شاخلىرىدىكى ئالدىن سارغىيىشقا باشلىغان سېرىق يوپۇرماقلار قۇياش نۇرىدا بەخت رەڭگىدە جۇلالىنىپ تۇراتتى.
شۇ كۈنى ئاخشىمى سەن بىلەن خوشلىشىپ، ئۇدۇللا ئاتەشكە يېتىپ كەلدىم. چۈنكى بۇ يەردە ئەمدى مەن ئۆز ۋاقتىدا ئادا قىلمىسام بولمايدىغان مەسئۇلىيىتىم بار ئىدى. بۇ يەردە ماڭا كۆپرەك ھەمراھ بولىدىغىنى يەنىلا چولپان بولدى. بارا-بارا چولپان بىلەن ئوتتۇرىمىزدا

يېقىن ھەمراھلىق مۇناسىۋىتى شەكىللىنىشكە باشلىدى. ھەر كۈنى دەرستىن چۈشۈپلا ئاتەشكە، كەچتە ئىشىمنى تۈگىتىپلا ياتاققا قاراپ چاپىمەن. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ مەنمۇ چولپاندەك سەھنىگە، مېھمانلارنىڭ ھەر خىل تەكلىپ - پىكىرلىرىگە كۆنۈپ، بۇرۇنقىدەك جىددىيلەشمەيدىغان بولۇپ قالدىم. سەن بىلەن ھەپتە ئاخىرىدىكى ئۇچرىشىشلىرىممۇ شەنبە - يەكشەنبە كۈنلىرىنىڭ چۈشتىن بۇرۇنقى چاغلىرى بىلەنلا چەكلىنىدىغان بولۇپ قالدى. لېكىن سەن ھامان قەلبىمدە مەن بىلەن بىرگە ئىدىڭ. ئارىدا سىنىپىمىزدىكى يەنە بىر قىز تۇغۇلغان كۈن مەرىكىسىنى ئاتەشتە ئۆتكۈزدى. ئۇ سورۇنمۇ ناھايىتى قىزغىن ۋە كۆڭۈللۈك داۋاملاشتى.

— كامال، كېلە ئاداش. سەنمۇ بىز بىلەن بىر دەم بىللە ئولتۇرغىن، — مەن بىلەن بىر ياتاقتا ياتىدىغان تاقىرباش ياتاقدىشىم مېنى ئۆزىنىڭ يېنىدىن ئورۇن چىقىرىپ ئولتۇرغۇزۇۋالدى ۋە ماڭا بىر رومكا ھاراقنى تۇتتى.

— ماڭا زورلىما ئاداش، مەن ئىچىپ باقمىغان، — دېدىم مەن رەت قىلىپ.

— ماقۇل دەپ ئاۋۋال قولۇمدىن رومكىنى بىر ئالە ئاداش. بىز دېگەن ھەم ساۋاقداش، ھەم ياتاقداش. مەن ساڭا زەھەر تەڭلىمايۋاتىمەن، ئاۋۋال قولۇمدىن ئال. ئاندىن تېتىپ باق، ئىچمىگەن بولساڭ ئىچىپ باق. كۆڭۈلدە ئىچىدىغان نەرسە بولمىغاندىن بۇ، بىر - ئىككى رومكا ئىچىپ قويغانغا نېمە بوپتۇ دەيسەن.

ئۇ ئاسانلىقچە بولدى قىلىدىغاندەك قىلماتتى. ئاغىنىچە باشقىلارمۇ:

— بوپتۇ دەپ بىرنى ئېلىپ قويمامسەن.

— ئوغۇل بالا دېگەنگە كۆڭۈلنى قايتۇرۇشتىنمۇ يامان ئىش يوق ئاداش، ئالە بىرنى.

— ئاچچىقى بىزگە، تاتلىقى ساڭا بولسۇن، — دەپ خۇددى كېلىشىۋالغاندەكلا تەرەپ - تەرەپتىن زورلاشقا باشلىدى. ئاشۇنداق سۆلىھى - سالاھ ئىچىدە ھاراق كۆل سۈيىدەك چايقىلىپ تۇرغان رومكا قولۇمغا تۇتقۇزۇپ قويۇلدى. ھاراقنىڭ قاڭسىق ھىدى بۇرنۇمغا گۈپۈلدەپ ئۇرۇلۇپ كۆڭلۈمنى ئاينىتاتتى. شۇ تاپتا شىرەدىكى ھەممىنىڭ كۆزى مەندە ئىدى.

— قېنى كامال، ھەممىمىزنىڭ سالامەتلىكى، خۇشاللىقى ئۈچۈن، خوشە قېنى!

تارقىرباش ياتاقدىشىم ھاراق تەسىرىدىن قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرى بىلەن كۆزلىرىمگە تىكىلىپ تۇرۇپ يەنە زورلىدى. ئامالنىڭ يوقلۇقىدىن قولۇمدىكى رومكىنى ئاستا كۆتۈردۈم. ھاراقنىڭ قاڭسىق پۇرىقى مېنى سەسكەندۈرۈپ تۇرۇۋاتسىمۇ، رومكىدىكى ھاراقنى غورتۇلدىتىپ يۇتۇشقا باشلىۋېدىم، ھاراق بوغۇزۇمنى چوغ بىلەن داغلاپ، تىغ بىلەن قىرغاندەك ۋاژىلدىتىپ كۆيدۈرۈپ ئۆتتى. ئارقىدىن ئىچىمنىڭ بىر يەرلىرىگە ئوت كەتكەندەك تولغىنىپ كەتتىم ۋە سوزۇپ تۇرۇپ بىرنى پۈۋۈلىۋەتتىم. بىردەمدىلا يۈزۈم ئوت ئالغاندەك قىزىپ - قىزىرىپ كەتتى. ئاچچىق ھاراق ئىچىمنىڭ كۆيدۈرۈشكە تېگىشلىك يەرلىرىنىڭ ھەممىسىنى بىرەر قۇر كۆيدۈرۈپ ئۆتكەندىن كېيىن ئاستا - ئاستا پەسكويغا چۈشۈشكە باشلىدى. بۇ مېنىڭ تۇنجى قېتىم ھاراق ئىچىشىم ئىدى. شۇڭىمىكىن تۇنجىلا رومكا ھاراق ماڭا تەسىر كۆرسىتىشكە باشلىدى. تۇنجى رومكا ھاراقنىڭ تەسىرىدە، تېزلا ئايلىنىپ كەلگەن ئىككىنچى رومكا ھاراقنى تۇزۇتسىزلا قولۇمغا ئېلىپ بوغۇزۇمغا تۆكتۈم. شۇنىڭدىن كېيىن يەنە ئىچتىممۇ - ئىچمىدىم، ئىچكەن بولسام يەنە قانچىلىك ئىچتىم، ئەسلىيەلمەيمەن...

سەھەردە مەستلىكىم تاراپ ھوشۇمغا كېلىپ ئۆزۈمنى باشقا بىر ياتاقتا كۆردۈم. بېشىم ھازىرلا يېرىلىپ كېتىدىغاندەك لوقۇلداپ ئاغرىيتتى، بوغۇزۇم مەدەك بىلەن تىلىۋېتىلگەندەك سانجىلاتتى. كالپۇكلىرىم بولسا قۇرۇپ - گەژ باشلاپ كەتكەنىدى.

— ئويغاندىڭىزمۇ؟

چولپاننىڭ ئاۋازى قۇلاق تۈۋۈمدىلا ئاڭلاندى. قارىسام ئۇ يېنىمدىلا ئولتۇرۇپتۇ. ئاغىنچە ئۇ دېرىزە تۈۋىگە بېرىپ، دېرىزە تەكچىسىگە قويۇپ قويۇلغان چايداندىن بىر ئىستاكانغا قايناق

سۇ قۇيدى ۋە كىچىك قۇتىلىق ھەسەلدىن ئىككى قوشۇقچە ئارىلاشتۇرۇپ يېنىمغا كېلىپ باش تەرىپىمدە ئولتۇردى.

— ئاخشام بەكلا مەست بولۇپ كېتىپتىكەنسىز، قارىسام يول ماڭغۇدەكمۇ ھالىڭىز قالماپتۇ. شۇڭا سىزنى كېچىدە يولغا سېلىپ قويۇشتىن ئەنسىرەپ ياتىقىمدا قوندۇرۇپ قالدىم.

چولپان مېنى قوندۇرۇپ قېلىش سەۋەبىنى قىسقىلا چۈشەندۇرۇپ تۈگەتتى. راستىنى دېسەم، ھاراق ئىچكەندىن كېيىنكى ھالىتىمنى پەقەت ئەسلىيەلمەيتتىم. تېخى مەن بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق بىر قىز مېنى ئۆزىنىڭ ياتىقىدا قوندۇرۇپ قېلىپ كىيىملىرىمنى يېشىندۇرۇپ قويۇپتۇ. مۇناسىۋەتسىز بىر ئەرنىڭ مۇناسىۋەتسىز بىر قىز بىلەن بىر ئۆيدە بىر كېچە بىللە بولۇشىنى ھېچ كىم ئەقلىگە سىغدۇرالمايتتى. ھەتتا بۇنى ساڭا چۈشەندۇرۇشمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى، لالە. گەرچە چولپان بىلەن مېنىڭ ئوتتۇرامدا ھېچقانداق غەيرىي مۇناسىۋەت بولمىسىمۇ، مېنىڭ ئۇنىڭ ياتىقىدا بىر كېچە تۇنەپ چىقىشىمنىڭ ئۆزىلا توغرا بولمىغان بىر ئىش ئىدى.

مەن چولپان بىلەن تانسا ئوينىغان ھېلىقى ئاخشىمى ئۇ ھەققىدە شېرىن خىياللارغا ئەسىر بولۇپ قالغان ھەم ئۇنىڭ ئىسسىق، يۇمشاق كۆكسىنى مەيدەمگە تەگكۈزۈۋېلىشتەك بىمەنە ھەرىكەتتە بولغان بولساممۇ، ئەمەلىيەتتە مەندە ئۇنىڭغا نىسبەتەن ھېچقانداق ھېسسىيات مەۋجۇت ئەمەس ئىدى. بەلكى ئۇ مەندىكى بىردەملىك ئۆتكۈنچى ھاياجاننىڭ ئىپادىسى ئىدى، خالاس. ئەرلەرنىڭ ئاياللار ئالدىدا نېمىشقىدۇر مۇشۇنداق ئۆتكۈنچى ھېسسىياتقا ئەسىر بولۇپ قالىدىغانلىقى ماڭا پۈتۈنلەي قاراڭغۇ ئىدى. يۇرتتىكى چاغلىرىمدا ئوغۇللارنىڭ قىزلارنىڭ ئارقىسىدىن قوناقلىق، ئورمانلىق، پىنھان يۇيۇنۇش ئېقىنلىرىدا مارىلاپ يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ قالاتتىم. ئەمدى بىلسەم بۇ ئۇلارنىڭ جىنسىي ھاياجىنىنىڭ ئاشكارىلىنىشىنىڭ بىشارىتى ئىكەن. گەرچە مارىلاش، يوشۇرۇن كۆزىتىش بىلەن جىنسىي ھاياجاننىڭ يۇقىرى پەللىسىگە يەتكىلى بولمىسىمۇ، ئۇ يەنىلا جىنسىي ھاياجاننىڭ يەنە بىر خىل جەريانى ئىكەن. مېنىڭمۇ ئۇ بىر قېتىملىق تانسىدا چولپاننىڭ ئىسسىق، يۇمشاق كۆكسىنى مەيدەمگە تەگكۈزۈۋېلىش جەريانىمۇ مەندىكى ئاشۇنداق بىر جىنسىي ھاياجاننىڭ ئاشكارىلىنىشىدىن بۆلەك نەرسە ئەمەس ئىدى. گەرچە چولپاننىڭ گاھىدا ماڭا تىكىلىپ قاراشلىرىدىن ئېچىرقىغان بىر تەنىنىڭ ئوتلۇق تەلپۈنۈشلىرىنى روشەن ھېس قىلىپ تۇرساممۇ، بۇنىڭ بىر قېتىملىق ياكى بىر نەچچە قېتىملىق تەكرار سەۋەنلىك ئىكەنلىكىنى بىلەتتىم. شۇنداقتىمۇ بەزىدە ئۇ تۇرۇپلا خىيالىمنىڭ بىر بۇلۇڭلىرىدا پەيدا بولۇپ تاتلىق كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى. مەن ئۇنىڭ بىلەن بىللە خىزمەت قىلاتتىم، بىللە تانسا ئوينايتتىم، شاۋقۇن-سۈرەنلىك ئاخشاملارنى بىللە ئۆتكۈزەتتىم. ئىشتىن چۈشۈپ ئاتەشتىن ئايرىلىپ ياتىقىمغا قاراپ يولغا چىققىنىمدىلا، سەن خۇددى كېچىنىڭ ئارامبەخش لەرزان شامىلى بولۇپ يېنىمغا قايتىپ كېلەتتىڭ. مەن تاكى ئۇخلاپ قالغىچە بولغان ئارىلىقتا سەن بىلەن ئاشۇنداق خىيالەن مۇڭدىشىپ چىقاتتىم.

— كامال، نېمانداق پوخۇر بولۇپ كەتتىڭ دەيمەن؟

بىر قېتىم سەن مەندىن مۇشۇنداق سورىغان ئىدىڭ.

— قانداق دەيسەن، كىيىنىشىم ساڭا ياقمىدىمۇ نېمە؟

— ئۇنداق دېمىدىم، كۆزۈمگە شۇنداق سۆلەتلىك كۆرۈنۈپ كېتىۋاتىسەن.

— سېنىمۇ بىر ياسىۋەتسەم قانداق دەيسەن؟

— قانداق قىلىپ؟

— مەن ساڭا ۋەدە قىلغان لالە، كۈنلەرنىڭ بىرىدە پۇل تاپسام سېنى چۆچەكلەردىكى مەلىكىلەردەك ياسىۋېتىمەن، دەپ.

— شۇ گەپلەر تېخىچە يادىڭدىمۇ سېنىڭ؟

— شۇنداق لالە، مېنىڭ ساڭا دېگەن گەپلىرىم، بەرگەن ۋەدىلىرىمنىڭ ھەممىسى يادىمدا.

— رەھمەت ساڭا كامال، لېكىن مەن ھازىرقى تۇرمۇشۇمدىن شۇنداق رازى. ئارتۇق تەلىپىمۇ يوق، ئەمدى ئۇ گەپلەرنى ئۇنتۇپ كەت.

— ياق لالە. مەن ساڭا بەرگەن ھەر بىر ۋەدەمنى چوقۇم بىر - بىرلەپ رېئاللىققا ئايلاندۇرىمەن. ھە راست، كېلەر يەكشەنبە كۈنى بىللە بازار ئايلىنايلى. ئاندىن سېنى بىر ياسىۋېتەيكى، سەن مەكتەپ دەرۋازىسىدىن چىقاشىڭدا بىر خىل، قايتىپ كىرەشىڭدە يەنە بىر خىل بولۇپ كەت.

— ئەسكى...

سەن شۇنداق دەپلا كۈلۈپ كەتتىڭ. مەن تەبەسسۇم نۇرلىرى تۆكۈلۈپ تۇرغان كۆزۈڭگە قارىۋېدىم، سەن كۆزۈڭنى مەندىن ئېلىپ قېچىپ يەرگە قارىۋالدىڭ. دېمەك سەن ئاستا - ئاستا چوڭ بولغان، ئۆزۈڭ سۆيگەن بىر ئەرنىڭ ساڭا تەلپۈنۈپ تۇرغان كۆزىگە تىكىلىپ قاراشنىڭ تولىمۇ قىيىنلىقىنى ھېس قىلغان ئىدىڭ.

يەكشەنبە كۈنى سەن بىلەن ئەتىگەندىلا بازارغا چىقتىم. بۇ مېنىڭ ئاتەشتىن تۇنجى قېتىملىق ئىش ھەققىمنى ئالغان كۈن ئىدى. ئۇ كۈنى سەن ئۇچاڭغا سۇس سېرىق رەڭلىك مايكا كىيىۋالغان بولۇپ، ئەتىگەنلىك قۇياش نۇرىدا خۇددى پورەكلەپ تۇرغان بىر تۈپ سېرىق سەبدە گۈللىگىلا ئوخشاپ قالغان ئىدىڭ. بىز پىيادىلەر يولىدا ئەتراپىنى تاماشا قىلغاچ خەلقئارا چوڭ بازار رەستىسىگە كەلدۇق. بۇ يەردىكى بىر - بىرىگە يانداپ سېلىنغان چوڭ - كىچىك سودا سارايلار، تېز تاماقخانىلار، ئىشىك - دېرىزىلىرى كىنو ۋە ناخشا چولپانلىرىنىڭ ئېلان - تەشۋىقات رەسىملىرى بىلەن تولۇپ كەتكەن پلاستىنكا دۇكانلىرى، ئەسلي ماھىيىتى يوقىتىلىپ پۇل تېپىشنىڭ ۋاستىسىگە ئايلىنىپ قالغان بىچارە تۆگە، بىز ئىلگىرى تېلېۋىزوردىلا كۆرۈپ تۇرىدىغان ناخشىچى، ئۇسسۇلچى، ئىتوتچىلار ۋە سېرىق چۇمۇللەردەك يوللاردا لۆمۈلدەپ كەتكەن ئادەملەر توپى بۇ يەرگە ئاجايىپ بىر جۇشقۇن، قايناق مەنزىرە ئاتا قىلغانىدى.

مەن سەن بىلەن چۈشتىن كېيىن سائەت ئىككىلەرگىچە بازار ئارىلاپ، سېنىڭ ئۇنىمىغىنىڭغا قويماي ھازىر مودا بولۇۋاتقان كىيىملەردىن ساڭا ئاتاپ سېتىۋالدىم. چۈشلۈك تاماقنى كەينىگە تارتىپ تۇرۇپ قورساق راسا ئاچقاندا بىر مۇزىكىلىك تاماقخانىغا كىرىپ مۇزىكا ئاڭلىغاچ يەپ چىقتۇق. ئاندىن سائەت ئىككىلەردە سەن بىلەن خوشلىشىپ ئاتەشكە قاراپ يولغا چىقتىم. چۈنكى بۇنداق دەم ئېلىش كۈنلىرىدە مەرىكە بالدۇرلا باشلىنىپ كېتەتتى. شۇڭا بۇ بىر كۈننى سەن بىلەن بىللە ئۆتكۈزۈش ئارزۇيۇمنىڭ مەيلى قانچىلىك زور بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، سەندىن ئايرىلىپ ئاتەشكە بارمىسام، ئۇ يەردىكى ئۆزۈمگە مەنسۇپ بىر كىشىلىك خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقمىسام بولمايتتى. شۇنداق قىلىپ مەن مەكتەپ، ئاتەش، سېنىڭ يېنىڭدىن ئىبارەت ئۈچ نۇقتىدا توختىماي ھەرىكەت قىلىپ كۈنلىرىمنى ئالدىراشچىلىق ئىچىدە ئۆتكۈزۈشكە باشلىدىم.

ئالتۇن رەڭلىك كۈز پەسلى پىيادىلەر يولىدىكى چىرايلىق ئايالدەك ناھايىتى تېزلا ئۆتۈپ كېتىپ، ئاق قار، كۆك مۇزلۇق قىش پەسلى يېتىپ كەلدى. مېنىڭ كۈزدىن باشلانغان بۇ نەچچە ئايلىق تۇرمۇشۇم يەنىلا ئىلگىرىكىدەك مەكتەپ، سەن ۋە ئاتەش ئارىلىقىدا ئۆتمەكتە ئىدى. ھازىر ھەر ئايدا قولۇمغا تېگىشلىك 2000 يۈەن ئىش ھەققى بىلەن تۇرمۇشۇم خېلىلا خاتىرجەم بولۇپ قالغان بولۇپ، بانكا ئامانەت كارتامدىمۇ ئېشىنچا پۇلۇم بار ئىدى. ئەگەر قىشلىق تەتىللىك ۋاقتىمدا ئاتەشتىن كەتمەي پۈتۈن كۈن خىزمەت قىلىۋالسام ئىككىمىزنىڭ مەكتەپكە قەرزدار بولۇپ قالغان ئوقۇش خىراجىتىمىزنىمۇ جەملىۋالدىغانلىقىمغا ئىشەنچىم كامىل ئىدى. شۇڭا قىشلىق تەتىللىك دەم ئېلىشىمنى يۇرتقا قايتماي ئاتەشتە ئۆتكۈزۈشنى قارار قىلىپ، ئۆيگىمۇ بىر پارچە خەت سېلىۋەتتىم.

يېڭى يىل يېتىپ كېلىش ئالدىدا مەكتەپ قوينى باشقىچە جانلىنىپ كەتتى. ھەممە يېڭى يىل تەييارلىقىغا چۈشۈپ كەتكەن بولۇپ، باللار بىر - بىرىدىن ئالدىراش كۆرۈنەتتى. بىزنىڭ

يۇرتلاردا بولسا يېڭى يىلنىڭ كېلىشى تولىمۇ ئاددىي بولۇپ، يېڭى يىل 31 ـ دېكابىرنىڭ 1 ـ يانۋارغا ئالمىششى ئىدى، خالاس. بۇ خۇددى يەكشەنبىنىڭ دۈشەنبىگە ئالماشقانلىقىدەكلا ئاددىي جەريان ئىدى. لېكىن بۇ شەھەردە بولسا يېڭى يىل تۇرمۇشنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى سۈپىتىدە تەبرىكلىنىدىكەن.

مېنى ھەممىدىن بەك خۇشال قىلغىنى، بىزنىڭ سىنىپ بىلەن سىلەرنىڭ سىنىپىڭ يېڭى يىلنى كۈتۈۋېلىش پائالىيىتىنىڭمۇ ئاتەشتە ئۆتكۈزۈلمەكچى بولغانلىقى بولدى. بۇنداق بولغاندا مەن سەن بىلەن گۈزەل بىر ئاخشامنى بىرگە ئۆتكۈزۈش پۇرسىتىگە ئېرىشكەن بولاتتىم.

ھارپا ئاخشىمى ئاتەش ئادەم دېڭىزىغا ئايلاندى. خوجايىن سەلىمە ئاپپايمۇ نەچچە كۈن بۇرۇنلا يېڭى يىللىق سوۋغات بۇيۇملارنى تەييارلاش بىلەن ئالدىراش بولۇپ كەتتى، بۇ سوۋغات بۇيۇملار يېڭى يىللىق ئورۇننى ئالدىن زاكاز قىلغان ساھىبخانىلارغا بېرىلەتتى.

چولپاننىڭ ياڭراق ئاۋازدا يېڭى يىلنى كۈتۈۋېلىش مۇراسىمىنىڭ باشلانغانلىقىنى ئېلان قىلىشى بىلەن تەڭ مۇزىكىلار چېلىنىپ ئۇيغۇر ئۇسسۇلى باشلاندى. مۇراسىم باشلىنىشتىن بۇرۇنلا ئىچىلگەن ھاراقنىڭ تەسىرىدىن ئۇيغۇر ئۇسسۇلى ئۆلچەمسىز بىر رەۋىشتە قوپال، قالايمىقان ھەرىكەتلەر بىلەن ئوينالماقتا ئىدى. لېكىن ھېچكىمنىڭ بۇ ھال بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرغۇدەك ھالى باردەكمۇ قىلمايتتى. ھاراق قۇيۇلغان رومكىلار نەچچە رەت ئايلىنىپ، يۈزلەر قىزىرىشقا باشلىغان بىر چاغدا چولپاننىڭ مېنى ئىشارە قىلغىنىغا كۆزۈم چۈشۈپ قالدى. دېمەك ئەمدى مېنىڭ سەھنىدىكى ھاياتىم باشلىنىش ئالدىدا تۇراتتى. مەن قولۇمدىكى بىر رومكا ھاراقنى قىينالمايلا ئىچىۋەتكەندىن كېيىن سەھنىگە چىقىپ مىكروفوننىڭ يېنىغا كەلدىم. كۆزۈم ئادەملەر دېڭىزى ئىچىدىكى سېنى ئىزدەيتتى. مەن شۇنچە كۆپ ئادەملەر ئارىسىدىن سېنى قىينالمايلا تېپىۋالدىم. سەن ماڭا تېڭىرقاپ قالغاندەك بىر ھالەتتە قاراپ ئولتۇراتتىڭ.

ــ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ئەزىز مېھمانلار، ئەپەندىلەر، خانىملار، دوستلار! ھەر بىرىڭلارنىڭ يېڭى يىل بايرىمىڭلارغا قۇت بولسۇن، ــ ئەمدى ياڭراتقۇدىن مېنىڭ ئاۋازىم ياڭراپ چېقىشقا باشلىدى، ــ تۆۋەندە مەن مۇشۇ مەيداندىكى بارلىق مېھمانلىرىمىزنىڭ كەيپىياتىنى يەنىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن «لالەم» دېگەن ناخشامنى ئەزىزلىرىمىزنىڭ دىل ھۇزۇرىغا سۇنماقچىمەن. مەن بۇ ناخشامنى لالە ئىسىملىك بىر قىزغا ھۆرمەت بىلەن بېغىشلايمەن.

مەن گۈلدۈراس ئالقىش ئىچىدە مۇزىكا رىتىمىگە ماس ھالدا ناخشامنى باشلىدىم.

باھاردا باغلاردا ئېچىلغاندا گۈل،
گۈللەرنىڭ شاخىغا قونغاندا بۇلبۇل.
ئالتۇندەك يۇلتۇزلار قىلغاندا ۋال ـ ۋۇل،
ئەسلەيمەن ناخشامدا مەن سېنى لالە.

ئېسىمدە سەن بىلەن يۈرگەن شۇ جايلار،
ئېسىمدە دەريا بويى، چىمەنزار باغلار.
ئۆچمەيدۇ ئىشقىڭدا كۆيگەن بۇ جانلار،
ئەسلەيمەن ھەر سەھەر مەن سېنى لالە.

چېھرىڭ بار سۇلارنىڭ سۈزۈك كۆزىدە،
تەپتىڭ بار قۇياشنىڭ نۇرلۇق يۈزىدە.
كۆزۈڭنى كۆرىمەن ئاينىڭ يۈزىدە،
ئەسلەيمەن ناخشامدا مەن سېنى لالە.

جېنىم لالە، بۇ مېنىڭ رېئاللىقىمدا ساڭا ئاتاپ ئوقۇغان تۇنجى ناخشام ئىدى. نېمىشقىدۇر سەن مېنىڭ ھەر بىر ئاۋاز تاۋۇشۇم، ھەر بىر مۇزىكا ئۇدارىمدا ھامان ماڭا قاراپ كۈلۈمسىرەپ تۇراتتىڭ. مەن ھەر ۋاقىت ئىقرار بولىمەنكى، ئۆزۈمنىڭ سېنى نەقەدەر ياخشى كۆرىدىغىنىمنى مەڭگۈ تىل بىلەن تەسۋىرلەپ، يېزىق بىلەن ئىپادىلەپ بېرەلمەيمەن. ناۋادا مەندە تولۇپ تاشقان ھاياجان بار دېيىلسە، ئۇ دەل سەن مېنىڭ قەلبىمدە قوزغىغان ھاياجان ئىدى.



www.uyghurkitap.com

سەھنىدىكى بىر مۇددەتلىك پائالىيىتىم ئاخىرلاشقاندىن كېيىن مەن سېنىي تانسىغا تەكلىپ قىلدىم. گەرچە تانسىنى تانساخۇمار قىزلاردەك ئۆلچەملىك ئوينىيالمىساڭمۇ، ھەرىكەتلىرىڭ پەيدەك يەڭگىل ئىدى.

تەبرىكلەش كېچىلىكى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ تۈن تەڭ بولغاندا ئاخىرلاشتى. سەن مەن بىلەن خوشلىشىپ ساۋاقداشلىرىڭ بىلەن مەكتەپكە قاراپ قايتتىڭ. مەن سەن بىلەن ئايرىلغاندىن كېيىن يۈز - كۆزۈمنى سوغۇق سۇدا يۇيۇپ سەگۈۋلىش ئۈچۈن تازىلىق ئۆيىگە كىردىم. بۈگۈن ئىچكەن ھاراقلىرىم نورمىدىن ئېشىپ كەتكەچكىمىكىن قانلىرىم قىزىپ تۇراتتى. شۇ ئەسنادا تازىلىق ئۆيىگە چولپان كىرىپ كەلدى. قارىماققا ئۇنىڭ كەيپىياتى ئانچە ياخشى ئەمەستەك قىلاتتى.

— قايتامسىز؟ — چولپان مەندىن سورىدى. مەن ئۇدۇللا جاۋاب بەردىم.

— ھەئە، بەك چارچاپ قالغاندەك قىلىمەن.

— ھېلىقى قىز كىم بولىدۇ؟ — چولپان ئۇشتۇمتۇت سوراپ قالدى. چولپاننىڭ قايسى قىزنى دەۋاتقانلىقى كۆڭلۈمگە ئايان ئىدى. شۇنداقتىمۇ بىلمەسكە سېلىپ قايتۇرۇپ سورىدىم.

— قايسى قىز؟

— سىز تانسا ئوينىغان قىزچۇ؟

— ھە، ئېسىمگە كەلدى، ساۋاقدىشىم بولىدۇ.

— بىۋاق ۋاقىتىڭىزدىكى ساۋاقدىشىڭىز بولامدۇ؟

چولپاننىڭ بۇنداق تەلەپپۇزدا گەپ قىلىشى مېنى ھەيران قالدۇردى.

— ئىچىۋالمىغانسىز؟ — تېرىككەندەك بولۇپ سورىدىم مەن.

— ياق! — كەسكىنلا جاۋاب بەردى ئۇ.

— ئەمىسە چارچاپ قاپسىز، بالدۇراق ئارام ئېلىڭ چولپان.

— گەپنى ئەپ قاچماڭ!

ئۇنىڭ تەلەپپۇزى خېلىلا قاتتىق ئىدى. ئۇ ئۆزى بىلەن قىلچە مۇناسىۋىتى بولمىغان بىر قىز ھەققىدە مەن بىلەن مۇنازىرىلىشىۋاتاتتى. لېكىن ئۇنىڭ نېمىدەپ مەن بىلەن بۇ ھەقتە مۇنازىرىلىشىدىغانلىقىنى بىلمەيتتىم.

— ئەمىسە سىزگە نېمىدەپ بەرسەم رازى بولىسىز، چولپان؟

— ئەمىسە جاۋاب بېرىسىز، شۇنداققۇ؟

— ئەلۋەتتە.

— ئۇ قىز بىلەن نېمە مۇناسىۋىتىڭىز بار؟

— دېدىمغۇ، ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ساۋاقدىشىم دەپ.

— مۇشۇنداق ئاددىيما؟

— ئەمىسە سىزچە قانداق بولسا بولاتتى؟ بۇ جاۋاب سىز ئۈچۈن شۇنچە گۇمانلىقما؟

— مېنىڭ گۇمان قىلىش ھوقۇقۇم بار، كامال.

— سىز ئۇ قىزنى تونۇمسىز قانداق؟

— تونۇغان بولسام چېچىنى يۇلۇپ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويغان بولاتتىم، ئۇ ئالۋاستىنىڭ!

چولپاننىڭ سېنى ھاقارەتلەپ گەپ قىلىشىغا پەقەتلا چىدىيالمىدىم. يۈرىكىمنىڭ ھاراق تەسىر قىلمىغان بىر يەرلىرى ۋاژىلداپ ئېچىشىپ كەتتى. چۈنكى مەن ئالۋاستى دېگەن بۇ سۆزگە شۇنداق ئۆچ ئىدىم. شۇڭا چولپاننىڭ سېنى ئالۋاستى دەپ سۈپەتلىشى جان - جېنىمدىن ئۆتۈپ كەتتى.

— باشقىلارنى قالايمىقان ھاقارەتلىمەڭ!

ئاۋازىم كۈچلۈك چىقىپ كەتكەن بولسا كېرەك، چولپان كۆزۈمگە ئاچچىق بىلەن تىكىلدى. ئۇنىڭ ئاچچىقلانغاندا بۇنداق تىترەپ كېتىدىغانلىقىنى تۇنجى قېتىم كۆرۈشۈم ئىدى. توۋا دەيمەن، دائىم كۈلۈپلا تۇرىدىغان بىر قىز تۇساتتىن ئاچچىقلانسا ئەجەپ بىر قىسىملا تۇرىدىكەن دېسە.

— ئۇ قىزنىڭ ئىسمى لالە، شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق، تەسەۋۋۇرغا خېلىلا بايكەنسىز.

ئاۋازىمدا تەنە بار ئىدى. لېكىن چولپان بۇنى پىسەنتىگىمۇ ئېلىپ قويمىدى.

— سىزنىڭ نېمىشقا ئۇنىڭغا ئاتاپ ناخشا ئېيتقىنىڭىزنى پەقەتلا چۈشىنەلمىدىم. ئۆتكەندە نەزىرەگە ئاتاپ ناخشا ئېيتتىڭىز. بۇ قېتىم ئۇ

قىزغا ئاتاپ ئېيتىتتىڭىز. سىزنىڭ باشقا قىزلارغا ئاتاپ ناخشا ئېيتىدىغان مىجەزىڭىز يوق بولغىيتى ـ ھە؟

چولپاننىڭ تەلەپپۇزىدىكى تەنە مېنىڭ تەلەپپۇزۇمدىكى تەننى بىراقلا بېسىپ چۈشتى.

ـ بۇ مېنىڭ سەنئەتتىكى ئەركىنلىكىم!

ـ دېمەك سىز سەنئەتتىن قىزلارنى ئىندەككە كەلتۈرۈشنىڭ ۋاستىسى سۈپىتىدە پايدىلىنىدىكەنسىزدە؟

ـ توۋا خۇدايىم ماۋۇ قىزبالىنى. ھاراقنى مەن ئىچسەم سىز مەستتەك گەپ قىلىسىزغۇ، چولپان.

ـ مەن سىزگە دېدىمغۇ كامال، مەن ھازىر نايىتى نورمال. ھەتتا باشقا ھەر قانداق ۋاقىتتىمدىكىدىنمۇ نورمال.

ـ ئەمىسە نورمال ئادەمدەك گەپ قىلمامسىز؟

ـ مەن خاتا گەپ قىلدىمما ئەمىسە؟

ـ سىزچە توغرا گېپىڭىز ھەممىسى ئورۇنلۇق بولامتى ئەمىسە.

چولپان گەپ قىلماي كۆزۈمگە غەزەپ بىلەن نەشتەردەك تىكىلدى ۋە ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپلا چىقىپ كەتتى. مەن ئۇنىڭ ئارقىسىدىن نېمە قىلارىمنى بىلمەي تۇرۇپ قالدىم.

شۇ كۈنى ئاخشىمى پەقەتلا ئۇيقۇم كەلمىدى. ھاراقنىڭ قانلىرىمدىكى تەسىرىمۇ تازىلىق ئۆيىدىكى ۋاقىتىمدىلا تاراپ كەتكەنىدى. كۆز ئالدىمدا بىردەم سەن پەيدا بولساڭ، بىردەم چولپان پەيدا بولاتتى. ئۆزۈمنىڭ نېمە ئويلاۋاتقانلىقىمنى، ياكى نېمە ئويلىماقچى بولغانلىقىمنى بىلمەتتىم. مەن مۇشۇ چاغدىلا چولپان بىلەن تۇنجى قېتىم تانسا ئوينىغان ئاشۇ ئاخشام تومۇرۇمدىكى ئەركەك شەيتانلارنىڭ ئازدۇرۇشى بىلەن چولپاننىڭ ئىسسىق، يۇمشاق كۆكسىنى مەيدەمگە تەگكۈزۈۋېلىپ خاتا قىلغىنىمنى ھېس قىلدىم. چۈنكى مەن شۇ ھەرىكىتىم ئارقىلىق چولپانغا خاتا سىگنال بېرىپ قويغانىدىم. بولمىسا ئۇنىڭ سەن ھەققىدىكى گەپ ـ سۆزلىرىدە قىزلارغىلا خاس بولغان كۈنداشلىق نېمە قىلاتتى. راستىنى دېسەم، چولپاننىڭ ئوچۇق ـ يورۇق مىجەزى، ئاتلىق كۈلۈمسىرەپ تۇرۇشلىرى ئاللىقاچان قەلب چوڭقۇرلۇقۇمغا پېتىپ بولغانىدى. لېكىن مەن بۇنى مۇھەببەت تۇيغۇسىدا ئەمەس، بىر ئەرنىڭ بىر ئايالغا بولغان جىنسىي تەلپۈ بويىچە ھېس قىلغانىدىم. ئاياللار ئالدىدا ئازمايدىغان قانداق ئەر بار دەيسەن، لالە. مەنمۇ گاھىدا چولپان ھەققىدە ئاجايىپ شېرىن خىياللارنى سۈرۈپ باقتان. ئاشۇ شېرىن خىياللار مېنىڭ چولپانغا بولغان جىنسىي ھاياجىنىمنى نەچچە قېتىم قوزغاپ قويغانىدى. لېكىن قەلبىمدىكى بىر ئاۋاز ماڭا ھامان ئامانەتكە خىيانەت قىلماسلىقنى ئاگاھلاندۇرۇپ تۇراتتى.

چولپان بىلەن بولغان ئاشۇ قېتىمقى كۆڭۈلسىز سۆھبەتتىن كېيىن پۈتۈن بىر قىش ئۆتۈپ كەتتى. بۇ جەرياندا چولپان ماڭا بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلىپ باقمىدى. بۇ خىل ھالەت گوياكى ئۇزاققا سوزۇلغان چۈشتەك مەن ئالىي مەكتەپنىڭ ئۈچىنچى يىللىقىغا چىققۇچە داۋاملاشتى. مەن ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى چولپاندىن قانچىلىك يوشۇرماي ئۇ ھەممىنى ھېس قىلىپ بولغانىدى. ئارىدا چولپان ئىككى ئايدىن كۆپرەك ۋاقىت يوقاپ كەتتى. ئارىدىن بىرەر ھەپتىچە ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىنلا مەن چولپاننىڭ ئىچكىرى ئۆلكىگە ساياھەتكە كەتكەنلىكىنى سەلىمە ئاپايدىن ئۇقتۇم. ئىككى ئايدىن كېيىنكى بىر كەچقۇرۇنلۇقى مەن چولپان بىلەن ئاتەشنىڭ ئىشىكى ئالدىدا يەنە قايتا ئۇچرىشىپ قالدىم. چولپان قولىدا قىزىل رەڭلىك سومكا تۇتتۇۋالغانىدى.

ـ ياخشىمۇسىز، كامال؟

چولپاننىڭ يېقىملىق ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئىچىمگە ھاياجان كىرىپ كەتتى.

ـ سىزنىمۇ كۆرىدىغان كۈن بولىدىكەن ـ ھە؟

ـ سىز شۇنداق ئويلامسىز؟

ـ بەلكىم سىز ئىشەنمەسلىكىڭىز مۇمكىن، چولپان.

ـ لالە بىلەن كۆرۈشۈپ تۇرۇۋاتقانسىز ـ ھە؟

چولپان گېپىنىڭ ئېمىسىنى شاققىدە يۆتكىـ





www.uyghurkitap.com

دى. بىر قىز بىلەن يەنە بىر قىز ھەققىدە سۆزـ
لەشمەكنىڭ قىيىنلىقىنى يەنە بىر قېتىم ھېس
قىلدىم. ئەمما جاۋاب بەرمەي بولمايتتى، شۇڭا
تومتاقلا قىلىپ:

— ھەئە، — دېدىم.

— مېنىڭچە ئۇ قىز ياخشى قىزدەك قىلىدۇ.

چولپان سۆزۈمنىڭ ئاخىرىغا شۇ گەپنى
قوشۇپ قويدى. لېكىن ماڭا ئۇنىڭ بۇ گېپى
خۇددى «ئۇ بىر ئالۋاستىدەك قىلىدۇ» دېگەندەك
غەيرىيلا تۇيۇلۇپ كەتتى. شۇنداقتىمۇ مەن ئوتـ
تۇرىمىزدا يەنە بىر كۆڭۈلسىزلىكنىڭ يۈز بەرـ
مەسلىكى ئۈچۈن چولپاننىڭ بۇ گېپىگە ئىپادە
بىلدۈرمەسلىك بىلەن بۇ قېتىملىق سۆھبەتـ
مىزنى ئاخىرلاشتۇردۇم. شۇ كۈنى ئاخشىمى
چولپان ماڭا ئالغاچ كەلگەن بىر دانە چىرايلىق
چاقماقنى سوۋغا قىلدى. قارىسام چاقماقنىڭ بىر
يۈزىگە ئىككى ئوماق پىنگۋىننىڭ قۇچاقلىشىپ
تۇرغان كۆرۈنۈشى نەقىشلەنگەن بولۇپ، ئاستىغا
چىرايلىق قىلىپ «سىزنى سۆيەتتىم» دېگەن
خەت ئويۇلغان ئىدى. شۇڭا مەن چولپاننىڭ چاقـ
مىقىنى ئەمەس، بەلكى يۈرىكىنى قولۇمدا تۇتۇپ
تۇرۇۋاتقاندەك ئىچ ـ ئىچىمدىن جۇغۇلداپ
كەتتىم. چۈنكى قولۇمدىكى بۇ چاقماق سودا ساـ
رايلىرىدىكى بۇيۇم بولماستىن، بەلكى ئالاھىدە
بۇيرۇتۇپ ياسالغان سىمۋول خاراكتېرىدىكى
بۇيۇم ئىدى.

كەچتە ئاتەش مېھمانلار بىلەن يەنە لىق
تولدى. نېمە ئۈچۈن، قانداقلارچە مەست بولۇپ
كەتكىنىمنى بىلمەيمەن. ھاراق تەسىرىدىن
بېشىم ئايلىنىپ تۇرسىمۇ چولپانغا يۆلىنىپ دېـ
گۈدەك ئارقىمۇئارقا بىر نەچچە قول تانسا ئوينىـ
دىم. لېكىن بۇ قېتىم چولپان مېنى ئەمەس،
بەلكى مەن چولپاننى تەشەببۇسكارلىق بىلەن تانـ
سىغا تەكلىپ قىلغانىدىم. تانسا ئويناش جەريانىـ
دا چولپاننىڭ چىڭگىدە كۆكسى مەيدەمگە بىر
نەچچە قېتىم تېگىپ كېتىپ، بەدەنلىرىمدە يۇقىـ
رى بېسىملىق توكتەك كۈچلۈك تەۋرىنىش پەيدا
قىلىۋەتتى. بەزىدە ئۇ مەيدەمگە تېگىپ تۇرغان
ئىسسىق كۆكسىنى تارتىۋېلىشنىمۇ ئۇنتۇپ
قالغاندەك كۆكسىنى مەيدەمگە ياقىنىچە تانسا
ئويناشنى داۋاملاشتۇرۇۋېرەتتى. كۆزۈم بولسا
پات ـ پات چولپاننىڭ ئويما ياقىلىق كۆڭلىكى
ئىچىدە لىغىلداپ تۇرغان بىر جۈپ ئاپئاق كۆكـ
سىگە چۈشۈپ قېلىپ، ئۇنى قۇچاقلاپلا كۆتۈـ
رۈپ نەگىدۇر ئېلىپ كەتكۈم كېلىپ كېتەتتى.
ئىقرار قىلىمەنكى، شۇ تاپتا ئەرلەرنىڭ ئاياللار
جىسمىدا سادىر قىلىدىغان گۈزەل سەۋەنلىكى
مېنىڭ تېنىمدىمۇ پەرۋاز قىلماقتا، مېنى قاتتىق
ئارامسىزلاندۇرماقتا ئىدى.

— سىز نېمىدېگەن يېقىملىق ـ ھە،
چولپان؟ — مەن بىر تەرەپتىن تانسا ئوينىغاچ،
يەنە بىر تەرەپتىن چولپاننىڭ قولۇمدىكى
يۇمشاق بارماقلىرىنى بارماقلىرىم ئارىسىغا
ئېلىپ بوشقىنە سىقىپ قويغاچ دېدىم.

— ئەمدى ھېس قىلىۋاتامسىز ؟ — چولپان
سوئالىمغا سوئال بىلەن جاۋاب قايتۇردى. شۇ تاپتا
يات جىنسقا بولغان ئەسەبىي قىزغىنلىقىمدىن
بولسا كېرەك، سۆز قۇشلىرىم تىل شېخىمدىن
ئايرىلىپ ئەركىن پەرۋاز قىلىشقا باشلىغانىدى.

— بىلەمسىز چولپان، سىز شۇ تاپتا مېنى
بەكلا ھاياجانلاندۇرۇۋەتتىڭىز.

— مېنى راستىلا سېغىنىپسىز ـ دە، شۇنداقمۇ ؟

— سىزدىن ئەپۇ سورايمەن.

چولپان كۆزۈمگە تىكىلىپ قاراپ تۇرغىنىـ
چە كۆزىگە لىققىدە ياش ئالدى. ئەمەلىيەتتە بۇ
مېنىڭ چولپانغا قىلغان يالغان سۆزۈم ئىدى. مەن
پەقەت ئۇنىڭ ماڭا بولغان قىزغىنلىقىنى يۇقىرى
پەللىگە كۆتۈرۈش ۋە بۇ قىزغىنلىق ئىچىدە ئۇـ
نىڭغا بولغان جىنسىي تەلپۈنۈشلىرىمنى ئوـ
ڭۇشلۇق قاندۇرۇش ئۈچۈنلا مۇشۇنداق دېگەنىـ
دىم. چولپان بارماقلىرىم ئارىسىدىكى بارماقلىرىـ
نى بارماقلىرىمغا سۇركەش ئارقىلىق جاۋاب قايـ
تۇردى. مەن ئۇنى ئۆزۈمگە تېخىمۇ يېقىنراق
تارتىپ تانسىنى داۋاملاشتۇردۇم.

ئاتەشتىكى مېھمانلار تولۇق تارقىغاندا مېـ
ڭەمدىكى ۋاقىت ئۇقۇمىمۇ ئۆلۈپ بولغان
بولۇپ، سىرتقا چىققان ۋاقتىمدا چولپاننىڭ
ئىككى مۈرىسىدىن قامالالاپ تۇتۇپ كۈچ بىلەن

www.uyghurkitap.com

قۇچاقلىدىم. ئاندىن خۇددى ئېچىرقاپ كەتكەن ئا-
دەمدەك چولپاننىڭ لەۋ، بويۇنلىرىغا ئىشتىياق
بىلەن سۆيۈشكە باشلىدىم. چولپان دەسلەپتە ماڭا
ئازراق قارشىلىق كۆرسەتكەندەك قىلغىنى بىلەن،
مەن لەۋلىرىگە سۆيگەندە ئۇمۇ بويىنۇمغا گىرە
سېلىپ قەلبىدىكى ئوتلۇق ھاياجىنىنى لەۋلىرى
ئارقىلىق تەن بوستانىمغا كەلكۈندەك يامرىتىپ
تاشلىدى.

مەن ئۇنى قۇچاقلىغان پېتى ئۇنىڭ بىر كى-
شىلىك ياتىقى تەرەپكە ئېلىپ ماڭدىم.

چولپان ياتاق ئىشكىنى خېلى قىيىندا ئاچتى
ۋە ياتاققا كىرىپلا ياتاق چىرىغىنى ياندۇردى،
ياتاق ئىچى بىنەپشەرەڭ چىراغ نۇرىدا مايسا
رەڭدە يورۇدى. ئۇ مېنى ئۆزىنىڭ تام ياقىلىتىپ
قويۇلغان بىر كىشىلىك يۇمشاق كارىۋىتىغا ئول-
تۇرغۇزۇپ تۇرۇشىغا مەن ئۇنى بېلىدىن قۇچاق-
لاپ ئۆزۈمگە تارتتىم. شۇ تاپتا ئۇنىڭ ئاپئاق
كۆكسى يۈزلىرىمگە تېگىپ تۇراتتى. قويۇق
بۇدۇر چاچلىرى باش ئۈستۈمدە كۆل بويىدىكى
مەجنۇنتالنىڭ ئەۋرىشىم نوتىلىرىدەك
ساڭگىلاپ تۇراتتى. مەن ئۇنى شۇ ھالەتتە بىرلا
ئۆرۈپ يۇمشاق كارىۋات ئۈستىگە ياتقۇزدۇم.
نەپەس ئېلىشلىرىنىڭ تېزلىشىشى، كۆكسىنىڭ
دەم كۆتۈرۈلۈپ، دەم چۈشۈشى ئۇنىڭمۇ ھاياجان-
لىنىۋاتقانلىقىدىن بېشارەت بېرىپ تۇراتتى. مەن
ئۇنىڭ بىر جۈپ ئاپئاق، ئىسسىق كۆكسىنى
كۈچلۈك ئالقانلىرىم بىلەن چىڭ مۇجۇغىنىم-
چە ئۇنى سەۋدايىلارچە سۆيۈشكە باشلىدىم...

سەھەردە ئويغانسام بېشىم ھەرە تويى كىرى-
ۋالغاندەك غوڭۇلداپ كېتىپتۇ. پۈتۈن بەدىنىم
لايدەك بوشىشىپ كەتكەن بولۇپ، گاللىرىم قى-
رىلىپ، ئېچىشىپ تۇراتتى.

يېنىمدا بولسا چولپان ئاندىن تۇغما ھالەتتە
يېنىك پۇشۇلداپ ئۇخلاپ ياتاتتى. شۇ ھامان
ئاخشام يۈز بەرگەن ئىشلار ئېسىمدىن خۇددى
غۇۋا چۈشتەك سۇسقىنە لەيلەپ ئۆتتى.

مەن يېنىمدا ياتقان بۇ ئايالغا پۇشايمان ئىچىد-
دە نەزەر سالدىم. تۇرۇپلا ئۆزۈمدىنمۇ ھەم بۇ ئا-
يالدىنمۇ قاتتىق يىرگىنىش ھېس قىلدىم. بىراق
بۇ چاغدا ئوت ئۈستىگە قويۇلغان چوگۈندىكى
سۇ ئالللىقاچان قايناپ جۆمەكتىن تېشىپ
بولغان بولۇپ، مەن بۇ رېئاللىقتىن تانالمايتتىم
شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە بۇ رېئاللىقنى قانداق
قوبۇل قىلىشنىمۇ بىلمەيتتىم.

مەن ئاستا ئورنۇمدىن تۇرۇپ يېگىتلىك
ھېسسىياتىمنىڭ تۇنجى چېچەكلىرى توزۇپ
كەتكەن بۇ ياتاقتىن چىقىپ كەتتىم. دەل شۇ
ئاخشام مەن ئالۋاستىغا ئايلانغان تۇنجى ئاخشام
ئىدى. مەن ئەنە شۇنداق روھىي قالايمىقانچىلىق
ئىچىدە تۇرۇپ يەنىلا سېنى ئەسلىدىم لالە.
بەلكىم شۇ كېچە چۈشلىرىڭ قالايمىقانلىشىپ
كەتكەندۇر. لېكىن سەن مېنىڭ شۇ كېچىدە يات
بىر ئايال بىلەن گۇناھ مېۋىسىنى تەڭ يېگىنىم،
بۇ ئارقىلىق ساڭا خىيانەت قىلغىنىمنى خىيالىڭ-
غىمۇ كەلتۈرمىگەنسەن. ئەسلىي مېنىڭ بارلىق
تەن ۋە روھىي مۈلكۈم ساڭىلا تەئەللۇق ئىدى.
لېكىن مەن بۇ تەن - روھىمنى گۇناھ سۈيىدە سۇ-
غىرىپ تاشلىدىم. شۇنىڭ بىلەن بۇ تەن - روھ
تولۇق بۇلغىنىپ كەتتى. لېكىن بۇ رېئاللىقنى
مېنىڭ قوبۇل قىلغۇدەك مادارىم بولمىسىمۇ،
ئېتىراپ قىلماي ئامالىم يوق ئىدى. مەندە ئۇنىڭغا
نىسبەتەن ھېچقانداق مۇھەببەت تۇيغۇسى بولمى-
سىمۇ، قانداقتۇر بىر قىزىقىش تۇيغۇسى بار
ئىدى. ئۇنى ياخشى كۆرمىسەممۇ، ئۇنى ئەسلەپ
قالاتتىم ۋە ئۇ ھەققىدە شېرىن خىياللارنى سۇ-
رۈپمۇ قالاتتىم. ئەپسۇس شېرىن خىياللىرىم رې-
ئاللىققا ئايلانغان ۋاقىتتا بولسا قەلبىمنى پۇشاي-
مان ئوتلىرى چىرمىۋالدى. بىر نەچچە كۈن مۇ-
شۇنداق قەلب پاراكەندىچىلىكىم بىلەن ئۆتۈپ
كەتتى. ھەر شەنبە كۈنى چۈشتىن بۇرۇن سېنىڭ
يېنىڭغا بېرىشىم كېرەك ئىدى. لېكىن ھازىرقى
روھىي ھالىتىم بىلەن سەن تەرەپكە يول ئېلىشقا
جۈرئەت قىلالمىدىم. لېكىن بۇ خىل ئۇسۇل بىلەن
رېئاللىقتىن قېچىپ قۇتۇلالمايتتىم. چولپان
بولسا ھەر كۈنى ئاخشىمى ئاتەشتە خۇددى ھېچ
ئىش بولمىغاندەك مەن بىلەن كۈلۈمسىرەپ
تۇرۇپ سالاملىشاتتى. كۆزۈمگە بولسا ئۇ تې-
خىمۇ چىرايلىقلىشىپ، كۆزلىرى بۇرۇنقىدىنمۇ

نۇرلىنىپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى. لېكىن ئارىدىن نەچچە كۈن ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۇ ئاشۇ ئاخشامقى ئىش ھەققىدە بىر ئېغىزمۇ زۇۋان سۈرۈپ باقمىدى. شۇنداق قىلىپ پۈتۈن بىر شەنبە مۇشۇنداق قالايمىقان خىياللىرىم بىلەن ئۆتۈپ كەتتى. يەكشەنبە كۈنى غەيرەت قىلىپ يېنىڭغا قاراپ يولغا چىقتىم. ئۆتكەنكى ئۇ ئىش ھاياتىمدىكى بىر قېتىملىق سەۋەنلىك ئىدى. ئەمدى بۇنداق سەۋەنلىكنى قايتا سادىر قىلماسلىقتا ئۆز ـ ئۆزۈمگە قاتتىق ۋەدە بەردىم.

— بەك سولغۇن كۆرۈنىسەن كامال، مىجەزىڭ يوقمۇ نېمە؟

سەن مېنى كۆرۈپلا شۇنداق سورىدىڭ لالە. مەن سېنىڭ مەن ئويلاپمۇ باقمىغان سوئالىڭدىن ھودۇقۇپ كەتكەن بولسام كېرەك، دەسلەپ قاتتىق ساراسىمە ئىچىمنى ئورىۋالغان بولسىمۇ لېكىن ئۆزۈمنى ناھايىتى تېزلا رۇسلىۋالدىم ۋە:

— ياق، ئۇنداق ئەمەسقۇ، — دېدىم.

— تۈنۈگۈن يولۇڭغا قارىسام كەلمىدىڭ. شۇڭا سەندىن سەل ئەنسىرەپ قالدىم كامال.

— ئەنسىرىگۈدەك نېمە ئىش بار دەيسەن. تۈنۈگۈن مەكتەپتە يىغىن بولغان، شۇڭا كېلەلمىگەنىدىم.

— كامال!

ئاۋازىڭدىن چۆچۈپ كەتتىم ۋە:

— ھە... مەن خاتا گەپ قىلدىمما، — دەپ سالدىم تۇلۇمدىن توقماق چىققاندەكلا ئىچىمدە يوق بىر گەپنى ئاغزىمدىن چىقىرىپ قويۇپ.

— نېمە؟ ساڭا زادى بولدى كامال؟ نېمانداق تاققا ـ تۇققا سۆزلەپلا يۈرىسەن دەيمەن؟

— ھېچ نېمە بولمىدى. ماڭا بىر ئىش بولغاندەك تۇرامدۇ؟

— ئەمىسە نېمانداق جىددىيلىشىپلا تۇرىسەن؟

— شۇنداقمۇ، بەلكىم سېنى بەك سېغىنىپ كەتكىنىمدىن شۇنداق بولسا كېرەك.

ئۆزۈممۇ ئويلاپ باقمىغان قالتىس يالغان گەپتىن بىرنى دېدىم. سەن كۆزۈمگە ماڭا ئەمەس، بەلكى باشقا بىر غەيرىي نەرسىگە ھاڭۋېقىپ قارىغاندەك قاراپ تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن:

— مېنى سېغىنىپ كەتسەڭ جىددىيلىشەمسەن؟ — دەپ سورىدىڭ.

— بازارغا چىقىپ ئايلىنىپ كېلەيلىمىكىن.

ئوتتۇرىمىزدىكى قولايسىز سۆھبەتنى يۆتكەپ كېتىش ئۈچۈن گەپنىڭ تېمىسىنى بىراقلا بۇرىۋەتتىم.

— ماقۇل.

ئىككىمىز مەكتەپ قورۇسىدىن چىقىپ پىيادىلەر يولىدا ئۈن ـ تىنسىز ھالدا ماڭدۇق. شۇ كۈنى كەچكىچە ساڭا ھەمراھ بولدۇم. قۇياشنىڭ ئاقۇچ نۇرى سارغىيىشقا باشلىغاندىلا سەن بىلەن خوشلىشىپ:

— ئەمدى مەن ماڭاي لالە، بولمىسا سەلىمە ئاپپاي رەنجىپ قالىدۇ، — دېدىم.

— مۇشۇ كەيپىياتىڭ بىلەن قانداقمۇ خىزمەت قىلالارسەن كامال؟ يەنە تېخى ئەتە دەرسكە كىرمىسەڭ بولمايدۇ.

— سېنىڭچە مېنىڭ كەيپىياتىم شۇنچە ناچارمۇ لالە؟ ئۆزۈم پەقەت ھېس قىلماپتىمەن.

— مەن دەيمەن كامال. پۇل تاپمىساڭمۇ مەيلى، لېكىن ئۆزۈڭنى ئاسرا. سەن مېنىڭ بۇ دۇنيالىقتىكى بىردىنبىر يېقىن ئادىمىم. شۇڭا سەندىن بەك ئەنسىرەپ قالىدىكەنمەن.

سېنىڭ ئۇشبۇ ۋاقىتتىكى ھەر بىر ئېغىز سۆزۈڭ قەلبىمگە نەشتەر بولۇپ سانجىلاتتى. يۈرىكىمنىڭ بۇنداق زەربىگە بەرداشلىق بېرەلىگۈدەك قۇۋۋىتىمۇ ئاستا ـ ئاستا ئاجىزلىشىپ بارماقتا ئىدى. مەن ناھايىتى مۇشكۈلچىلىك ئىچىدە سەن بىلەن خوشلىشىپ ماڭدىم. خىيالىمدا بولسا سەن بىلەن بولغان بارلىق ئۆتمۈشۈم ئەگىيتتى، بۇ خىيالىمنىڭ بىر ئۇچى ئىدى. خىيالىمنىڭ يەنە بىر ئۇچىدا بولسا يېقىملىق كۈلۈمسىرەپ تۇرغان چولپان پارلاپ تۇراتتى. مەن چولپاندىن ئۆزۈمنى قانچە قاچۇرغانسېرى ئۇنىڭغا بولغان ياۋايى تەلپۈنۈشۈم شۇنچە ئېشىپ باراتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ لەۋلىرىگە سۆيۈش، ئاپئاق كۆكسلىرىنى سىلاش، ئۇنىڭ بىلەن ھېلىقى لەززەتلىك ئىشنى يەنە قايتا بىر

93

uyghurkitap.com

قېتىم سادىر قىلىش ھەۋىسى قانلىرىمنى قىزىتىپ تۇراتتى. بۇ ھەقتە ھېلى پۇشايمان قىلسام، ھېلىلا قىلغان پۇشايمىنىمدىن يېنىۋالاتتىم.

دېمەك، مەن يېيىشكە تېگىشلىك بولمىغان مېۋىنى يەپ قويۇپ، ئاقىۋەتتە شۇ مېۋىنىڭ تەمىگە خۇمار بولۇپ قالغانىدىم. ئەمەلىيەتتە مېنىڭ چولپانغا بولغان تەلپۈنۈشۈمدە ھامان جىنسىي تەلپۈنۈش يۇقىرى ئورۇندا تۇراتتى. شۇنداق قىلىپ گۇناھ تۇيغۇسى سادىر بولغاندىن كېيىن پۇشايمان يەپ، سادىر بولۇشتىن ئىلگىرى ئارزۇ يەپ، چولپان بىلەن بىنەپشەرەڭ چىراغ نۇرىدا مايسارەڭدە يورۇپ تۇرغان بىر كىشىلىك ياتاقتىكى يۇمشاق كارىۋاتتا دائىم دېگۈدەك ئۇچرىشىپ تۇردۇم. دەسلەپتە ماڭا ئېغىر كەلگەن، مېنى گۇناھ تۇيغۇسىغا چۆمدۈرۈۋەتكەن بۇ خىل نورمال بولمىغان مۇناسىۋەت ۋاقىتنىڭ ئۆزىرىشىغا ئەگىشىپ تۇرمۇشۇمنىڭ نورمال بىر قىسمىدەك ئاددىي تۇيۇلۇشقا باشلىدى. خىيالىمدا بولسا بۇ بىر ئۆتكۈنچى دەۋر. مەلۇم مەزگىلدىن كېيىن بېسىقىپ قالىدۇ، دەپ ئۆزۈمنىڭ ئۇزلۇكسىز رەۋىشتە بۇزۇلۇۋاتقان روھىي پىسخىكامغا يېشىل چىراغ ياندۇرۇپ بېرەتتىم. لېكىن كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن دەھشەتلىك قارا قىسمەتنىڭ ئۆز بېشىمغا چۈشۈپ قېلىشىنى پەقەتلا ئويلىمىغان ئىكەنمەن.

مەن ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغانىدىم. بۇ بىر ھاقارەتلىك، يىرگىنچلىك، داۋاسى يوق كېسەل ئىدى. بۇ بىر ئۆپكە راكى، جىگەر راكى، كاناي راكىدىنمۇ دەھشەتلىك بولغان ھېسسىيات راكى ئىدى.

مەن ئۆز تېنىمدا پەيدا بولۇۋاتقان غەلىتە ئۆزگىرىشلەرگە دەسلەپ ئانچە ئېتىبار قىلماپتىمەن. كېيىن سالامەتلىك تەكشۈرتۈپ باققان ۋاقتىمدىلا مېنى قوبۇل قىلغان ياشانغان ئايال دوختۇر مېنى تولۇق تەكشۈرۈپ چىققاندىن كېيىن يۇقىرى گرادۇسلۇق كۆزەينىكىنى كۆزىدىن ئېلىپ ئۈستەل ئۈستىگە قويۇپ قويغاچ:

— سىز نېمە خىزمەت قىلىسىز؟ — دەپ سورىدى كۆزۈمنىڭ ئىچىگە قادىلىپ تۇرۇپ.

دوختۇرنىڭ سوئالى مېنى ھەيران قالدۇردى. چۈنكى مېنىڭ نېمە خىزمەت قىلىشىم بىلەن نېمە كېسەل بولغانلىقىمنىڭ قانداق باغلىنىشى بارلىقىنى پەقەتلا ھېس قىلالمايتتىم. شۇڭا:

— مەن ئوقۇغۇچى، — دېدىم شۈبھە بىلەن.

دوختۇر مېنىڭ جاۋابىمدىن ھەيران قالغاندەك ماڭا تىكىلىپ قارىدى. ئۇنىڭ شۇ چاغدىكى قاراشلىرى تولىمۇ سوغۇق ئىدى. دوختۇر قولىدىكى ئىرماش - چىرماش خەت ۋە قانداقتۇر نامەلۇم سانلار يېزىلغان قەغەزگە يەنە بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ چىققاندىن كېيىن:

— سىز ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملىنىپسىز، — دېدى.

ئەيدىز!!! دوختۇرنىڭ ئاۋازى قۇلاق تۈۋۈمدە ئاتوم بومبىسى پارتلىغاندەك دەھشەتلىك ئاۋاز چىقىرىپ ئىچ - ئىچىمگە زەھەردەك يامراپ كەتتى. كۆز ئالدىم دەسلەپ غۇۋالىشىپ ئارقىدىن قاراڭغۇلاشتى. دوختۇر ماڭا يەنە نېمىلەرنىدۇر دېگەندەك قىلىۋېدى، مەن ھېچنېمىنى ئاڭقىرالمىدىم. شۇ تاپتا كۆرۈش سەزگۈمىلا ئەمەس، ئاڭلاش سەزگۈممۇ كاردىن چىقىپ كەتكەندەك ئىدى.

ئەيدىز!

بۇ بىر قورقۇنچلۇقلا ئەمەس، مەينەت كېسەل ئىدى. ئەمەلىيەتتە بۇ بىر ئەڭ تۆۋەن دەرىجىدىكى ئەخلاق قارىشىنى دەپسەندە قىلىشتىن پەيدا بولىدىغان يامان ئاقىۋەت ئىدى. بۇ كېسەل ھەر خىل ناملاردىكى راكتىنمۇ يامان بولۇپ،بۇ راكنىڭ بەدەن ئەزالىرىدىن ھېسسىياتقا كۆچۈشى ئىدى. شۇنداقلا بۇ يەنە بىر ئادەمنىڭ ئاستا - ئاستا ئۆلۈش جەريانى ئىدى.

— زەھەر ئىستېمال قىلامسىز؟ — دوختۇرنىڭ ئاۋازى يىراق بوشلۇقتىن كەلگەندەك تولىمۇ سۇس ئىدى. مەن «ياق» دېگەن مەنىدە بېشىمنى چايقىدىم.

— ئۇنداقتا قالايمىقان جىنسىي مۇناسىۋەتتە بولغانمۇ؟

مەن يەنە بېشىمنى چايقىدىم. لېكىن بېشىم تولۇق چايقىلىپ بولغىچە بېشىمنىڭ ئاجىز ھەرىكىتى توختاپ قالدى ۋە مېڭەمدىن

بىر قارا تۈنەك كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. شۇ تاپتىكى رىڭگى ئۆچۈپ كەتكەن خىيالىمغا بولسا بىنەپشە رەڭ چىراغ نۇرىدا مايسارەڭدە يورۇپ تۇرغان ياتاق كەلدى. ياتاق ئىچىدىكى بىر كىشىلىك يۇمشاق كارىۋاتتا قويۇق بۇدۇر چاچلىرى ياستۇق ئۈستىدە تەكشى يېيىلغان بىر ئايال ئاندىن تۇغما ھالەتتە ياتاتتى. بۇ ئايال دەل چولپان ئىدى. ئۇ ئايال دەل مېنىڭ ۋۇجۇدۇمدىكى، مېنىڭ ھېسسىياتىمدىكى ئەيدىز ئىدى.

دوختۇرخانىدىن قانداق چىققىنىمنى بىلمەيمەن. ئەمدى ماڭا جاھاندىكى ھەممە نەرسە تولىمۇ سوغۇق ۋە مۇدھىش تۇيۇلماقتا ئىدى. ئەتراپىمدىكى ئادەملەر ماڭا خۇددى توختاۋسىز ئېقىۋاتقان زەھەردەك كۆرۈنەتتى. مەقسەتسىز بېسىلغان قەدەملىرىم مېنى ئاڭسىز رەۋىشتە چولپاننىڭ ياتىقى ئالدىغا ئەكەلدى. ياتاق ئىشىكى تېشىدىن قۇلۇپلانغانىدى. شۇ ھامان چولپاننىڭ ھەپتە بۇرۇن ئىچكىرىگە كەتكەنلىكى يادىمغا يەتتى. ئۇنىڭ ئىچكىرىدە نېمە ئىشلارنى قىلىدىغىنى ماڭا نامەلۇم ئىدى. بەلكىم ئۇ ئىچكىرىدىكى يېڭىدىن - يېڭى ئەيدىز ۋىرۇسلىرىنى تېنى بىلەن بۇ يەرگە توشۇپ چىقىدىغاندۇ ۋە ياكى...

خىيالىمنى داۋاملاشتۇرۇشقىمۇ قۇربىتىم يەتمەي، ئىشىك تۈۋىدىلا زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ قالدىم. كۆزلىرىم لىق ياش، كالپۇكلىرىم زەپىران ئىدى. ئىچ - ئىچىمدىن چولپانغا بولغان ئۆچمەنلىكىم قايناپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئاشۇ ئەخلەت بىلەن توشۇپ كەتكەن سېسىق تېنىنى پارچە - پارچە قىلىپ تاشلىۋەتكۇم، مەينەت قانلىرىنى يۇندى ئازگىلىغا شالاقشىتىپ تۆكۈۋەتكۈم كېلەتتى. ئىشىك تۈۋىدە ئولتۇرغان پېتىم ئۆزۈمنى سەكراتقا چۈشۈپ قېلىۋاتقاندەك ھېس قىلاتتىم.

ئارىدىن 20 كۈندىن ئارتۇق ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى. بۇ ئارىلىقتا مىجەزىمنىڭ ياخشى ئەمەسلىكىنى سەۋەب قىلىپ ئاتەشكىمۇ بارمىدىم، ياتىقىمدا يالغۇز يېتىۋېلىپ دەرسكىمۇ چىقمىدىم. چۈنكى مەن ئۇچۇن ھازىر ھەممە نەرسە ئۆزىنىڭ كەلگۈسىنى يوقىتىپ بولغانىدى.

چولپان ئىچكىرىدىن قايتىپ كەلگەن كۈنى يېرىم كېچىلەردە ئۇنىڭ ياتىقى ئالدىدا پەيدا بولدۇم. ئىشىك ئىچىدىن ئېتىۋېلىنغانىدى. مەن ئىشىكنى بوش ئاۋازدا چەكتىم.

— كىم؟

ياتاق ئىچىدىن چولپاننىڭ تونۇش ئاۋازى ئاڭلاندى.

— مەن.

— كامالما؟

ئۇ مېنى ئاۋازىمدىن تونۇپ ئۈلگۈرگەنىدى. ھايالشىمايلا بىنەپشە رەڭ چىراغ يورۇپ ياتاق ئىچى مايسا رەڭدە يورۇدى. كۆزۈم ئەينەك ئىچىدىن ئىشىك تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتقان چولپان ئىسىملىك لىق بىر تېرە ئەيدىز ۋىرۇسىنى كۆرۈپ ئۈلگۈردى. ئۇ ئىشىكنى ئېچىشقىلا ئۇنى كۈچ بىلەن بىر تەستەك سالدىم. ئۇ تۇيۇقسىز زەربىدىن ئۆزىنى كونترول قىلالماي كەينىگە سەنتۈرۈلۈپ يىقىلىپ چۈشتى. كۆزۈم ئۇنىڭ ئېغىزىنىڭ سول تەرەپ جاۋغىيىدىن سىرغىپ چىققان قانغا چۈشۈۋېدى، تولىمۇ ھەيران قالدىم. چۈنكى ئۇنىڭ قېنى يەنىلا قىزىل رەڭدە ئىدى.

چولپان ئوڭ قولىنىڭ ئالقىنى بىلەن جاۋغىيىدىكى قاننى سۈرتكەچ ماڭا زەھەردەك ئاچچىق نەزىرىدە تىكىلدى.

— ھۇ پەسەندە بۇزۇق. مەن سېنىڭ قولۇڭدا نابۇت بولدۇممۇ ئەمدى؟ مەن تېخى سېنى ئادەممىكىن دەپ قاپتىكەنمەن، ئەسلى سەن بىر تاغار مەينەت يىرىڭكەنسەن.

بىر - بىرىدىن سېسىق گەپلەر ئاغزىمدىن خۇددى شىغىلدەك تۆكۈلمەكتە ئىدى. مەن بولسام ئاغزىمغا نېمە كەلسە شۇنى دېيىش بىلەن ئۆزۈمنى قىينايتتىم.

— ئېيتە پەس، نەگە بېرىپ نەدىن كەلدىڭ؟ يەنە نەلەردىن يەنە قانداق يېڭى ئەخلەتلەرنى تېنىڭگە قاچىلاپ كەلدىڭ؟ يەنە كىملەرنى ئەخلەتكە ئايلاندۇرۇپ تاشلاشنى نىشان قىلدىڭ؟ ئېيت دەيمەن.

www.uyghurkitap.com

مەن ئۇنى بىر تەرەپتىن تىللىغاچ يەنە بىر تەرەپتىن چىچىدىن قايرىپ تۇرۇپ تاراسلىتىپ ئۇرۇشقا باشلىدىم. ئۇنىڭ يۈزلىرى دەقىقە ئىچىدىلا تاياق زەربىسىدىن شەلپەردەك قىزىرىپ چىقتى. شۇ چاغدا ئۇ ماڭا قاراپ ۋارقىرىدى:

— كامال!

شۇ ھامان ئۇنىڭ يۈز ـ بۇيۇنلىرىدا غەزەپ بىلەن ھەرىكەتلىنىۋاتقان قولۇم ھاۋادا توختاپ قالدى. چولپان ماڭا غەزەپ بىلەن تىكىلىپ تۇرۇپ سۆزلەشكە باشلىدى:

— مېنى بۇنچە ھاقارەتلىمە كامال. مېنى ھاقارەتلىمىگەن ئەمدى سەن قالغانما؟ بۇنىڭسىزمۇ مېنىڭ تارتىۋاتقان ئازاب ـ ئوقۇبەتلىرىم ئازمۇ؟ سەن ھەر ۋاقىت پەقەت مېنىڭ كۈلۈپ تۇرغان تاشقى پوستۇمنىلا كۆرۈپ كەلدىڭ. لېكىن مېنىڭ ئىچكى روھىي دۇنيارىمغا بىرەر رەت قۇلاق سېلىپ باقتىڭمۇ؟ ياق، سەن ئۇنى ئويلاپ باقمىدىڭ. چۈنكى سەنمۇ ئەر. سەنمۇ پەقەت ئەر بولغانلىقىڭ ئۈچۈنلا نېمە قىلسام بولىدۇ، دەپ ئويلايسەن، شۇنداقمۇ؟ ماقۇل، مەن ساڭا نەگە بېرىپ، نەدىن كەلگىنىمنى دەپ بېرەي. مەن ئىچكىرىدىكى بىر دوختۇرخانىغا داۋالانغىلى باردىم. ئەمدى بىلگەنسەن. يەنە نېمىشقا دېمەمسەن. چۈنكى مەن ئەيدىز! مەن مۇشۇ ئىپلاس كېسەلنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇش ياكى بىر مەزگىل بولسىمۇ ئارام تېپىش ئۈچۈن مۇشۇنداق قىلىپ كېلىۋاتىمەن. چۈنكى مېنىڭ ئۆلۈپ كەتكۈم يوق، بىر كۈن بولسىمۇ ئۇزاقراق ياشىسام دەيمەن.

چولپان ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەيتتى. كۆز چاناقلىرىدىن تۆكۈلۈۋاتقان ياشلار خۇددى كىچىك بىر ئېقىن سۈيىدەك مەڭزىنى بويلاپ پەسكە سىرغىيتتى.

— بۇ كېسەل ساڭا قەيەردىن يۇققان؟ — چولپان خېلى بىر ھازادىن كېيىن ھاسراپ سۆزىدىن توختىغاندىن كېيىن سورىدىم. چولپان يىغا ئارىلاش بىر نېمىلەرنى دېگەندەك قىلدى، لېكىن مەن ئۇنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى زادىلا ئاڭقىرالمىدىم.

— بىراق نېمە ئۈچۈن، نېمە ئۈچۈن بۇنداق قىلسەن دەيمەن؟ نېمە ئۈچۈن ئۆزۈڭگە قوشۇپ مېنىمۇ نابۇت قىلىپ تاشلايسەن دەيمەن. مەن ساڭا نېمە يامانلىق قىلغان؟ نېمە ئۈچۈن بۇ كېسەلنى ماڭىمۇ يېغىشلايسەن؟ ئېيت دەيمەن، ماڭا جاۋاب بەر چولپان...

سۆزۈم ئاخىرلاشتىمۇ ياكى ئاخىرلاشمىدىمۇ، بىلمەيمەن. ئۇ سۆزۈمگە ئۇلاپلا جاۋاب بەردى:

— چۈنكى... چۈنكى مەن سېنى سۆيەتتىم كامال.

چولپاننىڭ جاۋابى مېنى ھاڭ ـ تاڭ قالدۇردى. بۇ بىر نورمال بولمىغان جاۋاب ئىدى.

— نېمە، سۆيەتتىم؟! سەن مېنى ياخشى كۆرەمتىڭ؟... ھا... ھا... ھا... سەن ئۆزۈڭ ياخشى كۆرگەن ئادىمىڭگە مۇشۇنداق مۇئامىلە قىلامسەن؟ بۇنىڭغا غۇرۇرۇڭ قانداق يول قويىدى؟ سەندە ئازراق بولسىمۇ ئەقىل ياكى ئىنسانىي پەزىلەت بارمۇ؟

— بىلىمەن كامال، — ئۇنىڭ ئاۋازى ئەمدى جېنى چىقىۋاتقان ئادەمنىڭ ئاۋازىدەك بىراقلا تۆۋەنلەپ كەتكەن بولۇپ، خۇددى ئۆزىگە ـ ئۆزى سۆزلەۋاتقاندەك چىقىشقا باشلىدى، — مەنمۇ دەسلەپ ئۆزۈمنىڭ مۇشۇ ئىپلاس كېسەل بىلەن يۇقۇملىنىپ قالغىنىمنى بىلگىنىمدە خۇددى سەندەك، ھەتتا سەندىنمۇ بەتتەر بولۇپ كەتكەن. ھەتتا شۇ كېچىسى ئۆلۈپلا تۈگىشىپ كېتىشنىمۇ ئويلىغان. لېكىن مېنىڭ ئۆلۈپ كەتكۈم يوق ئىدى، مەن ياشاشنى ئۈمىد قىلاتتىم.

بىلەمسەن كامال، مەنمۇ بۇرۇن ساڭا ئوخشاش ھاياتىي كۈچى ئۇرغۇپ تۇرغان ستۇدېنت ئىدىم. قەلبىمدە ئاجايىپ گۈزەل ئارزۇ ـ ئارمانلىرىم بولسىمۇ، ئائىلىمىز بەكلا نامرات ئىدى. مەن ئۈچ يىللىق ئالىي مەكتەپ ھاياتىمنى ئائىلەمدىن كېلىدىغان نەچچە ئون يۈەنگە تايىنىپلا ئۆتكۈزۈپ كەلدىم. مەن ئالىي مەكتەپنىڭ ئۆچىنچى يىللىقىغا قەدەم قويغىنىمدا قاۋۇل ئېشەك ئىسىملىك بىر تىجارەتچى بىلەن تونۇشۇپ قالدىم. ئۇ ئادەم مەندىن خېلىلا چوڭ بول-

سىمۇ، ماڭا بەكلا ياخشى مۇئامىلە قىلاتتى.
چۈنكى ئۇ مېنى ياخشى كۆرۈپ قالغانىمىش. شۇ
چاغلاردا مېنىڭ نامرات تۇرمۇشقا بەرداشلىق بې-
رەلىگۈدەك ھالىمۇ قالمىغانىدى. شۇڭا ئاستا -
ئاستا مېنىڭ ھەقىقىي بەختىم ئاشۇ مەلئۇننىڭ
قولىدىكىدەك تۇيغۇغا كېلىشكە باشلىدىم.
گەرچە مەندە ئۇنىڭغا نىسبەتەن ھېچقانداق مۇ-
ھەببەت تۇيغۇسى بولمىسىمۇ، ئۇنى قوبۇل قى-
لىشقا مەجبۇر ئىدىم. لېكىن ئۇنىڭ قوي تېرى-
سىگە ئورىنىۋالغان يىرتقۇچ ئىكەنلىكىنى زادىلا
ئويلاپ باقماپتىكەنمەن. كېيىن تۇيۇقسىزلا ئۆ-
زۈمنىڭ ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغىنىمنى
بىلدىم. شۇنىڭ بىلەن نەچچە كۈن ئاغزىمغا بىر
تال گىياھ، بىر تامچە سۇ سالمىدىم. كېيىن
بىلسەم ئەسلىي ئۇ زەھەر سودىسى قىلىدىغان ئال-
ۋاستى ئىكەن. مەن ئۇنىڭ ھەقىقىي ئەپت - بەشى-
رىسىنى بىلگەن ۋاقتىمدا ئاللىقاچان كېچىككەن
ئىدىم. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەيلا ئۇ ھايۋان قولغا ئې-
لىنىپ، مۇددەتسىز قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلى-
نىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن مېنىڭ ئۇ ھايۋان
بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىممۇ تولۇق ئۈزۈلدى.
لېكىن ئۇ ھايۋان ماڭا مەڭگۈلۈك بىر مەينەت كې-
سەلنى، قۇتۇلۇپ بولغۇسىز ئېغىر ئازابنى قالدۇ-
رۇپ كەتكەنىدى. كېيىن بۇ ئىش ئاشكارىلىنىپ
قالغاندىن كېيىن مەكتەپ رەھبەرلىكى مەندەك
بىر كېسەل ۋىرۇسىنى ئېلىپ يۈرگۈچىنى مەك-
تەپتىن چېكىندۈردى. مېنىڭ بۇ ھالىم بىلەن
يۇرتقا كەتكۈم يوق ئىدى. لېكىن بۇ شەھەردە
باش تىققۇدەك بىر ماكانغا ئېرىشمىسەممۇ بول-
مايتتى. مانا مۇشۇنداق سەرسان بولۇپ يۈرگەن
ۋاقتىمدا سەلىمە ئاپپاي بىلەن ئۇچرىشىپ
قالدىم. شۇنىڭ بىلەن ئاتەش مېنىڭ بۇ شەھەردى-
كى بىردىنبىر ماكانىم بولۇپ قالدى. ئارىدىن
بىرەر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئۆتكەندە مەن بىر-
سىدىن ئىچكىرىدىكى مەلۇم بىر دوختۇرخانى-
نىڭ بۇ كېسەلنى مەلۇم كۆلەمدە كونترول قىلى-
ۋاتقانلىقى ھەققىدىكى خەۋەرگە ئېرىشتىم. شۇ-
نىڭدىن كېيىن ئىچكىرىگە نەچچە قېتىم
كىردىم. گەرچە بۇ جەرياندىكى داۋالىنىشىم مۇ-
ۋەپپەقىيەتلىك بولمىغان بولسىمۇ يەنىلا ئىشەن-
چىم بار ئىدى. مەن مانا مۇشۇ چاغلىرىمدا سەن
بىلەن تونۇشۇپ قالدىم كامال. راستىنى دېسەم
سېنىڭ ھاياتقا بولغان قىزغىنلىقىڭدىن، سەمى-
مىيلىكىڭدىن ئۆزۈمنىڭ ئۆتمۈشىنى كۆرگەن-
دەك بولدۇم. لېكىن سېنى نېمىدەپ ياخشى
كۆرۈپ قالغىنىمنى بىلمەيمەن. چۈنكى مەن
ساڭا مۇناسىپ كەلمەيتتىم. مەن دېگەن ئەيدىز
ۋىرۇسىنى ئېلىپ يۈرگۈچى ئىدىم. ئەمما ساڭا
بولغان مۇھەببىتىم بۇ كېسەلدىنمۇ دەھشەتلىك
ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ مەن سېنى كۈتمەكچى،
كېسىلىم ساقايغىچە كۈتمەكچى ئىدىم. لېكىن
ھېلىقى لالە ئىسىملىك قىز مېنىڭ ئارامىمنى
بىراقلا بۇزۇۋەتتى. مەن ھەر قانچە قىلىپمۇ
ئۆزۈم سۆيگەن بىر ئەرنىڭ باشقا بىر قىزنى قۇ-
چاقلاپ سۆيۈشلىرىنى پەقەتلا قوبۇل قىلالمى-
دىم. سېنى مەڭگۈ ماڭىلا مەنسۇپ بولسىكەن
دەپ ئويلايتتىم. شۇڭا ساڭا ئېرىشىش يولىدا
كۆزلىرىم تورلاشتى. شۇ چاغلاردىمۇ مۇشۇ
كۈنىنىڭ ھامان يېتىپ كېلىدىغانلىقىنى بىلەت-
تىم. لېكىن سېنى مېنى كەچۈرسىكەن دەپمۇ
ئۈمىد قىلمايمەن، كامال.

مۇھەببەت دېگەن مانا مۇشۇنداق شەخسىيەت-
چى بولىدىكەن. مەن سەندىن زادىلا ۋاز كېچەلمى-
دىم. لېكىن ئويلاپ باققىن كامال، سەن لالە ئى-
سىملىك ئاشۇ قىزدىن ۋاز كېچەلەمسەن؟ سەن
مەندەك ئەيدىز بىلەن يۇقۇملانغان بىر قىزنى ئۆ-
زۈڭگە راۋا كۆرەلەمسەن؟ ناۋادا لالە سېنىڭ مۇ-
شۇنداق بىر كېسەل بىلەن يۇقۇملىنىپ قالغى-
نىڭنى بىلىپ قالسا ئۇ سېنى يەنىلا بۇرۇنقىدەك
سۆيەلەمدۇ؟ سەن ئۇنىڭ سېنى تاشلاپ باشقا بىر
ئەرنى سۆيۈشىگە چىداپ تۇرالامسەن؟ ياق
كامال، بۇنداق ئالىيجانابلىق مېنىڭلا ئەمەس،
بەلكى سېنىڭمۇ قولۇڭدىن كەلمەسلىكى
مۇمكىن. بۇنداق خورلۇق بۇنداق كېسەلدىنمۇ
دەھشەتلىك بولىدىكەن. كېسەللىك ئازابىغا بەر-
داشلىق بەرگىلى بولغىنى بىلەن خورلۇقنىڭ ئازا-
بىغا بەرداشلىق بەرگىلى بولمايدىكەن. دېگىنە
كامال، مەن قانداق قىلىشىم كېرەك ئىدى، مەن

ساڭا زىيانكەشلىك قىلىپ قويدۇم، مەن گۇناھ-
كار، مەن ئىنسان ئەمەس...

مەن چولپاننىڭ ئۇزاقتىن - ئۇزاققا داۋاملاشقان بايانلىرىنى ئاڭلاپ تامدەك تاترىپ ئولتۇردۇم. كاللام قۇيقۇرۇق، كۆزۈم نەگىدۇر بىر يەرگە مەقسەتسىزلا تىكىلىپ قالغانىدى.

پۈتۈن بىر كېچە مۇشۇنداق ئۆلۈم جىمجىتلىقىدا ئۆتۈپ كەتتى. تاڭنىڭ ئاستا - ئاستا يورۇشى بىلەن بىنەپشەرەڭ چىراغنىڭ نۇرىدا مايسارەڭدە يورۇپ تۇرغان ياتاقنىڭ ئىچىمۇ بارا - بارا يورۇپ بارماقتا ئىدى. ئەسلىي مەن بۇ يەرگە ئالدىمدىكى بۇ قىزنى ئۆلتۈرۈۋەتكىلى كەلگەن ئىدىم. لېكىن ئۇ پۈتۈن بىر كېچە ئالدىمدا تىرىك ئولتۇردى. سەھەرگە يېقىن مەن ئۇنى يەنىلا تىرىك پېتى ياتاقتا قالدۇرۇپ چىقىپ كەتتىم.

ئارىدىن بىرەر ھەپتىدىن ئارتۇقراق ۋاقىت ئۆتۈپ چولپان بۇ شەھەردىن ئۇن - تىنسىز غايىب بولدى. بۇ قېتىم ئۇنىڭ قەيەرگە كەتكىنىنى مەندىن باشقا بىرمۇ ئىنسان بىلمەي قالدى. ئۇ كېتىش ئالدىدا ماڭا بىر پارچە خەت قالدۇرۇپ قويغان بولۇپ، خەتتە ئامېرىكىدىكى مېدىتسىنا ئالىملىرىنىڭ ئەيدىز ۋىرۇسىنىڭ ئادەم بەدىنىدىكى مەلۇم بىر T ھۈجەيرىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغانلىقى، ئالىملارنىڭ ھازىر بۇ T ھۈجەيرىنى بايقىغانلىقى، ئەيدىز ۋىرۇسىنىڭ يوشۇرۇن جەننىتىگە ئايلانغان بۇ T ھۈجەيرىنىڭ ئەمدى ئەيدىز ۋىرۇسىنىڭ دوزىخىغا ئايلانغانلىقى، گەرچە بۇ بايقاشنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك دەرىجىسىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكى ئېنىق بولمىسىمۇ، ئۆزىنىڭ بۇنى سىناپ بېقىش قارارىغا كەلگەنلىكىنى بايان قىلغانىدى. بەلكىم ئۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە راستتىنلا بەدىنىدىكى ئاشۇ نامەلۇم بولغان T ھۈجەيرىدىكى ئەيدىز مىكروبىدىن پۈتۈنلەي خالاس بولۇپ، يېڭى بىر ھاياتقا قەدەم قويار، ياكى ئاشۇ پارلاق ئۈمىد ئىچىدە بۇ دۇنيا بىلەن كۆزى ئوچۇق ھالەتتە خوشلىشار.

شۇنداق قىلىپ ئاشۇ بىر پارچە خەت بىلەن مېنىڭ ئۇنىڭ بىلەن بىر مۇھەببەتتە بىللە تۇرۇش تارىخىم ئاخىرلاشقان بولدى. ئەسلىي ئۇ بىر زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى ئىدى. كېيىن ئۇ زىيانكەشلىككە ئۇچراتقۇچىغا ئايلىنىپ، مېنى زىيانكەشلىككە ئۇچراتتى. گەرچە ئۇنىڭ بۇ ھەقتىكى قاراشلىرىنى ئەقىل نۇقتىسىدىن قوبۇل قىلىش مۇمكىن بولمىسىمۇ، ھېسسىيات جەھەتتىن قوبۇل قىلمايمۇ ئامال يوق ئىدى. ئۇ راست دېگەن ئىدى، ئۆزى ياخشى كۆرگەن ئادەمىنى باشقىلار ئىگىلىۋالسا قانداقمۇ چىداپ تۇرغىلى بولسۇن.

مېنىڭ ئۇنىڭ بەدىنىدە يۈزى ئېچىلىپ كەتكەن جىنسىي ھاياجىنىم ئەمدى پات - پات قوزغىلىپ مېنى بىئارام قىلىپ تۇرىدىغان بولۇپ قالدى. بۇ چاغلاردا نېمىشقىدۇر يادىمغا سەن كېلەتتىڭ، لاله. چولپان بۇ شەھەردىن غايىب بولغاندىن كېيىن بىنەپشەرەڭ چىراغلىق ياتاق مېنىڭ ياتىقىمغا ئايلاندى. چۈنكى مەكتەپ قوينىدا تۇرۇشىم ئۇزاققا بارمايتتى. ھامان بىر كۈنى ھەممە مېنىڭ بىر ئەيدىز ۋىرۇسىنى ئېلىپ يۈرگۈچى ئىكەنلىكىمنى بىلىشەتتى ۋە ماڭا سەسكىنىش كۆزى بىلەن قارايتتى. مېنىڭ ئۇ كۈننى كۆرگۈممۇ يوق ئىدى. شۇڭا مەكتەپ ھاياتىمنى ئۆزلۈكۈمدىنلا ئاخىرلاشتۇرۇپ بۇ ياتاققا كۆچۈپ كېلىۋالدىم. شۇنداق قىلىپ مېنىڭ بارلىق گۈزەل ئارزۇ - ئارمانلىرىم ئاشۇ مەكتەپ قوينىغا مەڭگۈلۈككە كۆمۈلۈپ كەتتى.

ئېغىر دەرىجىدە بۇزۇلغان روھىي تەڭپۇڭلۇقۇم ئاستا - ئاستا تىنچىشقا باشلىدى. لېكىن قەلبىمدە ئۈمىد دېگەندىن ئەسەرمۇ قالمايۋاتاتتى. بۇنىڭغا مېنى تەكشۈرگەن ھېلىقى ئايال دوختۇر بىلەن بولغان ئىككىنچى قېتىملىق سۆھبىتىم سەۋەب بولغانىدى.

— داۋالاشنى قوبۇل قىلامسىز.

دوختۇر شۇ چاغدا ماڭا شۇنداق دېگەن ئىدى. مەن مۇجمەللا جاۋاب بەردىم:

— شۇنداق دېسىڭىزمۇ بولىدۇ. لېكىن...

— قانداق گېپىڭىز بولسا ئوچۇق بايان قىلىڭ. بىز سىزنىڭ شەخسىي سىرىڭىزنى چوقۇم قوغدايمىز.

دوختۇر مېنىڭ سۆزۈمنىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىشىنى شۇنداق چۈشەندى بولغاي، ماڭا ئاللاھتەن ئەسكەرتىش بېرىپ ئۆتتى.

— مەن دېمەكچى دوختۇر، ماڭا قويۇلغان بۇ كېسەللىك دىئاگنوزىدا ئۇقۇشماسلىق كۆرۈلۈپ قالمىغاندۇ ـ ھە؟

دوختۇر مېنىڭ تەكشۈرۈش نەتىجە قەغىزىمگە قاراپ ماڭا چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى:

— مانا قاراڭ، سىزنىڭ قان تەركىبىڭىزدە HIV تەركىبى بايقالدى. بۇ بىر خەلقئارالىق تىببىي ئاتالغۇ بولۇپ، بىزدىكى تولۇق ئاتىلىشى «ئىممۇنىتېتنى كەمتۈكلەشتۈرگۈچى ۋىرۇس، يەنى قىسقارتىلىپ ئەيدىز ۋىرۇسى» دىن ئىبارەت. ئەيدىز ۋىرۇسى ئەيدىز كېسەللىكىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى بولۇپ، ئۇ لىمفا ھۈجەيرىسى بىلەن تاق يادرولۇق ھۈجەيرىلەرگە كىرىپ، بۇ ئورگانىزملارنىڭ نورمال ئىقتىدارىدىكى ھەرىكەت مېخانىزمىنى بۇزۇپ تاشلايدۇ ۋە بەدەننىڭ ئىممۇنىتېت ئىقتىدارىنى ئاجىزلىتىش ئارقىلىق تولۇق مەنىدىكى ئەيدىز كېسەللىكىنى شەكىللەندۈرىدۇ. بۇنداق يوشۇرۇن ھالەتتىكى ۋىرۇس بىلەن يۇقۇملانغان دەسلەپكى باسقۇچتا بەدەندە غەيرىي ئالامەتلەر كۆرۈلمەيدۇ. بۇنداق يوشۇرۇن ھالەت ئادەتتە ئىككى ھەپتىدىن ئۈچ ئايغا قەدەر داۋاملىشىدۇ. بۇ مەزگىل ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن بەدەندىكى ئەيدىز ۋىرۇسى ئەيدىز كېسەللىكىگە ئۆزگىرىپ كېسەللىكنىڭ ئاخىرقى باسقۇچىغا قاراپ تەرەققىي قىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بەدەندە قىزىش، ئىچ سۈرۈش، ئورۇقلاش، تېرە بۇزۇلۇش، رېئاللىققا قارىتا خاتا سېزىم پەيدا بولۇش ئالامەتلىرى كۆرۈلىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا يەنە بىمارنىڭ مەركىزىي نېرۋا سىستېمىسى بىۋاستە زەخىملىنىپ، زور دەرىجىدىكى مېڭە يىگىلەپ كېتىشتەك ئالامەتلەرمۇ پەيدا بولىدۇ.

دوختۇرنىڭ چۈشەندۈرۈشلىرى بىر ـ بىرىدىن قورقۇنچلۇق بولۇپ، دوختۇر ماڭا «سەن مۇشۇنداق ئۆلىسەن» دېگەن گەپنى ئەڭ چىرايلىق گەپلەر بىلەن چۈشەندۈرۈۋاتقاندەك قىلاتتى.

— دېمەك، بۇ كېسەل ئۈزۈل ـ كېسىل يوقالمايدۇ، شۇنداقمۇ دوختۇر؟

— شۇنداق دېيىشكىمۇ بولىدۇ. پەقەت ھەر بىر باسقۇچنى مەلۇم ئۆلچەمدە كونترول قىلىش ئارقىلىق ۋىرۇس ۋە كېسەللىكنىڭ تەرەققىيات سۈرئىتىنى ئاستىلاتقىلى بولىدۇ. بۇمۇ ھازىرقى مېدىتسىنا ئىلمىدىكى زور بۆسۈش.

ئەمدى مەندە گۇمانغا ئورۇن قالمىغانىدى. داۋالىنىشنى قوبۇل قىلىش بولسا پەقەت قارا بوراندەك يوپۇرۇلۇپ كېلىۋاتقان ئۆلۈمنى مەلۇم ۋاقىتلا كەينىگە سۈرۈش بىلەن خۇلاسىلىنەتتى. ھېس قىلدىمكى، مېنى ئۆلۈم ئوراپ بولغان بولۇپ، بۇ ئۆلۈم قورشاۋىنى بۆسۈپ چىقىپ كېتىش مېنىڭلا ئەمەس، بەلكى 21 ـ ئەسىردىكى يۈكسەك تەرەققىي قىلغان بىر پۈتۈن مېدىتسىنانىڭمۇ قولىدىن كەلمەيتتى.

شۇ كۈندىن كېيىن مەن نۇرغۇن نەرسىلەرنى خىيال قىلدىم. گەرچە ھاياتىمنىڭ تراگېدىيە بىلەن ئاخىرلىشىشى ئېنىق بولسىمۇ، مەن ئاخىرقى پەللىگە بارغۇچە ياشىشىم كېرەك ئىدى. لېكىن مەن سېنىڭ مېنىڭ بۇ ھالىمدىن خەۋەر تېپىپ قېلىشىڭدىن قورقۇشقا باشلىدىم. چۈنكى مەن سەندىن ئايرىلىپ قالغاندىن كېيىنكى ھاياتىمنى پەقەت تەسەۋۋۇر قىلالمايتتىم. ھەتتا سېنىڭ مەندىن باشقا بىر ئەرنى ياخشى كۆرۈپ قېلىشىڭنىمۇ قوبۇل قىلالمايتتىم. سېنىڭ باشقا بىر ئەرنىڭ باغرىدىكى ھالىتىڭنى كۆرۈش جان قۇشۇمنىڭ تەن قەپىسىمدە قان قۇسۇپ ئۆلۈشى بىلەن باراۋەر ئىدى.

ياق! مەن چوقۇم ئۆزۈمگە مەنسۇپ بولغان ئىمكانىيەت بوشلۇقۇمنى چوقۇم جان تىكىپ قوغدىشىم كېرەك!

سەن ھەققىدىكى زىددىيەتلىك خىياللىرىم ئاخىرى قارارلاشتى. شۇنىڭ بىلەن مەن خۇددى ھېچ ئىش بولمىغاندەك، جۈمە كۈنى چۈشتىن كېيىن سەن بىلەن ئاشۇ سۇ سىڭمەس تاش ئېرىق بويىدا كۆرۈشتۇم. سەن چىرايلىق بولۇپ كەتتىڭمۇ ياكى ئۆلۈم قورشاۋىغا چۈشۈپ قالغان كۆزۈم چىرايلىقلىشىپ كەتتىمۇ، ئەيتاۋۇر سەن كۆزۈمگە بۇرۇنقىدىنمۇ چىرايلىقلىشىپ كەتـ

كەندەك كۆرۈنۈپ كەتتىڭ.
ــ ئەجەب يوقاپ كەتتىڭغۇ كامال؟ بىرەر
قېتىم تېلېفونمۇ قىلىپ قويمىدىڭ.
ئاۋازىڭدىن چوڭقۇر سېغىنىشنى ھېس
قىلدىم.
ــ مەكتەپ تولۇقلىما دەرس ئۆيۈشتۇرغان.
شۇڭا مانا كېلىمەن، ئەنە كېلىمەن دەپ ۋاقىت
ئۆتۈپ كېتىپ قالدى.
مەن ساڭا ھاياتىمدىكى تۇنجى قېتىملىق
يالغان سۆزنى خۇددى راست سۆزدەكلا قىنالـ
مايلا دېدىم. ئەمما ئۆزۈمنىڭ كېسەللىك ھالـ
تىم ھەم مەكتەپتىن چېكىنىپ كەتكەنلىك قىسـ
مىتىمنى يوشۇرۇپ قالدىم. شۇ كۈنى ئاخشىمى
سېنى ياتىقىمغا تەكلىپ قىلدىم. سەن مەن بىلەن
ياتاققا كىرگەن ۋاقتىڭدا:
ــ بۇ ياتاقنىڭ مۇھىتى خېلى بولىدىكەن ـ
ھە كامال؟ ــ دېدىڭ بىنەپشەرەڭ چىراغ نۇرىدا
مايسارەڭدە يورۇپ تۇرغان ياتاق ئىچىگە نەزەر
سالغاچ.
ــ ھەر ھالدا يامان ئەمەس، ــ دېدىم مەن، ــ
سەلىمە ئاپپاي ئارام ئېلىشىم ئۈچۈن ئالاھىدە ئاجـ
رىتىپ بەرگەن.
مەن بىر تال تاماكا تۇتاشتۇرۇپ كۆكۈچ
ئىسنى بوشلۇققا پۈۋلىگەچ سەندىن سورىدىم:
ــ مېنى سۆيەمسەن لالە؟
ــ ھەئە، سۆيىمەن! ــ سەن تىنىمسىز ھەرىـ
كەتلىنىۋاتقان قولۇڭنى ئويناپ ئولتۇرغاچ بوش
ئاۋازدا جاۋاب بەردىڭ. جاۋابىڭدىن ۋۇجۇدۇم لەرـ
زىگە كەلگەندەك قاتتىق سىلكىنىپ كەتتى. تىتـ
رەپ تۇرغان قولۇم بىلەن توختىماي ھەرىكەتلىـ
نىۋاتقان بارماقلىرىڭنى تۇتتۇم. سەن بېشىڭنى
كۆتۈرۈپ ماڭا تىكىلدىڭ. ئىسسىق نەپەسلىـ
رىڭ يەنىلا بۇرۇنقىدەك يۈز ـ كۆزۈمگە گۈپپىدە
ئۇرۇلدى. مەن ئوڭ قولۇم بىلەن سېنىڭ شەلپەرـ
دەك قىزىرىپ كەتكەن يۈزلىرىڭنى مېھرىم بىلەن
سىلىدىم. مېنىڭ سېنىڭ يۈزلىرىڭنى سىلاشلىـ
رىم خۇددى ئۇستا رەسسامنىڭ رەسىم سىزىۋاتـ
قان ھالىتىدەك تولىمۇ ئەستايىدىل ئىدى. مەن
ئاستا ـ ئاستا سېنى ئۆزۈمگە تارتتىم. ئىسسىق
لەۋلىرىڭ لەۋلىرىمگە تەگكەندە تەسۋىرلىگۈـ
سىز بىر تاتلىق سېزىم تېنىمگە زەھەردەك تاراپ
كەتتى. مەن رېئاللىقتىكى ھەممە نەرسىنى بىرـ
دەملىككە ئۇنتۇغان ھالدا سېنىڭ لەۋ، بويۇنلىـ
رىڭغا سەۋدايىلارچە سۆيۈشكە باشلىدىم. سەن
بارا ـ بارا ماغدۇرسىزلانغاندەك بولۇپ ئىختىيارىڭـ
نى ماڭا تاپشۇردۇڭ. مەن سېنى يەڭگىللىكنە كۆـ
تۈرۈپ ئېلىپ يۇمشاق كارىۋات ئۈستىگە ياتقۇزـ
دۇم ـ دە، ئەمدىلا يېتىلگەن يۇمران كۆكسۈڭگە
باش قويدۇم. سەن بولساڭ پورەكلەپ ئېچىلغان ئەـ
تىرگۈلدەك كۆز ئالدىمدا پورەكلەپ ياتاتتىڭ. بەدىـ
نىم بولسا ئەسەبىي ھاياجان ئىچىدە لاۋۇلداپ كۆـ
يەتتى. كونتروللۇقىمنى يوقاتقان قوللىرىم بىر
پەستىلا سېنىڭ كىيىملىرىڭنى سالدۇرۇپ،
سېنى ئالدىمدا يالىڭاچلاپ ئۇلگۇرگەنىدى. سەن
بولساڭ بۇ ھاياجانلىق مىنۇتلاردا كۆزۈڭنى بوشـ
قىنە يۇمۇپ، لەۋلىرىڭنى چىشلىۋالغان ئىدىڭ...
شۇ دەقىقە ئىچىدە توخۇ كۆزىچىلىك ھالرەڭ قان
ئۇيۇتمىسى ئاچچىق ئەمما يېقىملىق ئاۋازدا نىدا
قىلىشىڭ بىلەن تەڭ مېنىڭ ئەرلىك تۇيغۇمدا
مەڭگۈلۈككە قېتىپ قالدى!
قەدىرلىك لالە! مەن سېنى سۆيەتتىم، سېنى
ئەزىز جېنىمدىنمۇ ئارتۇق كۆرەتتىم. لېكىن بىـ
نەپشەرەڭ چىراغ نۇرى ئاستىدا مايسارەڭدە
يورۇپ تۇرغان كىچە قوينىدا ئۆزۈمنىڭ ۋۇجۇدىـ
دىكى بىر تامچە ھالاكەتنى سېنىڭ مۇنبەت تەن
تۇپرىقىڭغا مۇھەببەت بىلەن چاچتىم. ئىلگىرى
مەن مۇشۇ مۇھىت ئىچىدە ئاڭسىز رەۋىشتە بۇ
ھالاكەتنى ئۆز تېنىمگە قوبۇل قىلغانىدىم.
ئەخلاق ئۆلچىمىنىڭ سىرتىغا چىقىپ كەتكەن،
دىنىي ئەھكاملاردىمۇ «ھارام» سۈپىتىدە كەلگەن
جىنسىي بالاغىتىم مېنى بۇ قارا ئۆڭكۈرگە بەند
قىلغانىدى. بۇ بىزنى ياراتقان تەڭرىنىڭ مېنىڭ
چەكتىن ئاشقان قىلمىشىمغا بەرگەن جازاسى
ئىدى. لېكىن مەۋجۇت رېئاللىقتا مەن سېنى
نابۇت قىلغۇچى قارا پەرىشتە سۈپىتىدە كەلدىم.
ئاشۇ بىنەپشەرەڭ چىراغ نۇرى ئاستىدا مايسارەڭـ
دە يورۇپ تۇرغان ياتاق ئىچىدىكى ئاخشامدا
مېنىڭ روھىيىتىمدە قاتتىق توقۇنۇش يۈز بەردى.

بۇ توقۇنۇش سىنىڭ قەلبىڭدىكى پەرىشتە بىلەن
ئۆزۈمنىڭ تېنىمدىكى ئالۋاستى شەكىللىك
مەننىڭ ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇش ئىدى. چولپان-
نىڭ دېگىنى توغرا ئىكەن. بىر ئادەم ئۆزى
سۆيگەن ئادىمىنىڭ باشقىلارغا مەنسۇپ بولۇپ
كېتىشىنى راستتىنلا قوبۇل قىلالمايدىكەن. ئۆز
ۋاقتىدا چولپاننىڭ بېشىغا كەلگەن بۇ تەتۈر قىس-
مەتلەر كۆپ ئۆتمەيلا ئۆزۈمنىڭ بېشىغا كەلمەك-
تە ئىدى. بۇرۇن ماڭا تولىمۇ بىمەنە، قوبۇل قىلى-
نىش ئاساسى يوقتەك تۇيۇلغان چولپاننىڭ گەپلى-
رى مانا تولۇق ئاساس بىلەن قەلبىمگە بۆسۈپ
كىرمەكتە ئىدى. بەلكىم بۇنى بۇنداق قارا قىسمەت-
كە دۇچار بولمىغانلار ھېس قىلالماسلىقى،
قوبۇل قىلالماسلىقى مۇمكىن.

شۇ تاپتا سەن ئاخىرەتلىك كېپەندەك ئاق
رەڭلىك كېسەل كارىۋىتىدا ھاياتىڭنى ئاخىرلاش-
تۇرۇش ئالدىدا تۇرىسەن. نېمىشقىدۇر بۇ
ئېپلاس كېسەلنىڭ مېنى نابۇت قىلىشىدىن
سېنى نابۇت قىلىشى تېز بولۇپ كەتتى. يەنە
ئىككى ئايدىن كېيىن ھەر ئىككىمىزنىڭ ساۋاق-
داشلىرى ئالىي مەكتەپ ھاياتىنى تامام‍لاپ، ئىك-
كىمىز ئولتۇرغان سىنىپ - ياتاقلارنى تاشلاپ بۇ
چوڭ شەھەردىن غايىب بولىدۇ. لېكىن سەن
بىلەن مەن بۇ دۇنيادىن غايىب بولۇش ئالدىدا تۇر-
ماقتا ئىدۇق. لېكىن سەن ئۆزۈڭنىڭ نېمە كې-
سەلگە گىرىپتار بولغىنىڭنىمۇ بىلمەيتتىڭ.
سېنىڭ قەلبىڭدىكى ئەسلىي ئوبرازىمنى
ساقلاپ قېلىش، بۇ قىسقا ھاياتىمدا بىر قىزنىڭ
ئەڭ پاك تۇيغۇسىدىكى سۆيگۈسىدىن ئايرىلىپ
قالماسلىق ئۈچۈن، ئۆزۈمنىڭ بۇ ھالاكەتنى
سېنىڭ تېنىڭگە قانداق كىرگۈزگەنلىكىمنىمۇ
سەندىن يوشۇرۇپ كەلدىم. چۈنكى مەن سېنىڭ
ماڭا نەپرەت بىلەن قارىغان ھالىتىڭنى كۆرۈشنى
تاكى كۆزۈم يۇمۇلۇپ كەتكىچە خالىمايتتىم. نا-
ۋادا سەن بۇ قاباھەتلىك رېئاللىقتىن خەۋەر
تاپساڭ، ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى سېھرىي
جادۇ تامام‍لىناتتى - دە، سەن تىرىك تۇرۇپ دوزاخ
ئازابىنى تارتاتتىڭ. كۆز نۇرۇڭ بىر كېچىدىلا
ئېقىپ تۈگەپ، قويۇق بوستان چاچلىرىڭ سەھەر
كۆۋرۈكىدىن ئۆتمەي تۇرۇپلا كۈلدەك چارلى-
شىپ كېتەتتى. ئارقىدىن سەن مەن بىلەن نۇر چې-
چىلىپ تۇرغان رەڭدار بوشلۇققا ئەمەس، بەلكى
قات - قېتى ئوت تىلىدىن پۈتكەن، ئىچىدە شەلۋە-
رەپ تۇرغان يىرىڭلىق جاراھەتتىن بۆلەك ھېچنې-
مە يوق كۆلپەت بوشلۇقىغا قاراپ ئۇچۇپ كېتى-
ۋاتقانلىقىڭنى ھېس قىلاتتىڭ. بىر جۈپ قوي
كۆزۈڭ بولسا ماڭا نەپرەت بىلەن قادالغىنىچە
تاشتەك قېتىپ قالاتتى. لېكىن ئاشۇ تاشتەك
قېتىپ قالغان كۆزلەردە مەن سەندىن بۇرۇن
ئۆلۈپ بولاتتىم.

جېنىم لالە، ھەر قېتىم سېنىڭ كارىۋات ئۈس-
تىدىكى ھالىتىڭگە، قويۇق جاراھەت قاپلاپ شەل-
ۋەرەپ كەتكەن قول، بويۇن، يۈزلىرىڭگە؛ ئورۇق-
لاپ سۆڭەككە ئايلىنىپ كەتكەن تېنىڭگە؛
خۇنى قېچىۋاتقان كۆزلىرىڭگە قارىسام مېنى
سۇر باسىدۇ. كېچىلىرى ساڭا تۇيدۇرماي كارى-
دورغا چىقىپ سوغۇق، مەينەت تامغا يۈزۈمنى
يېقىپ تۇرۇپ ئېسەدەپ، ئۆكسۈپ يىغلايمەن.

جېنىم لالە، كۆپ ھاللاردا مەن سېنى بۇ شە-
ھەرگە مۇشۇنداق نابۇت قىلغىلى ئەكەلگەنمىدىم،
دەپ يىغان چېكىمەن. مۇشۇنداق چاغلاردا كۆز ئال-
دىمدىن بالا بويى ئۆسكەن قوناقلىق بويىدا
سېنىڭ تىزىڭنى مەھكەم قۇچاقلاپ تۇرغان بىلى-
كىڭگە بېشىڭنى قويۇپ خىيالچان ئولتۇرغان ھا-
لىتىڭ؛ قول - بىلەكلىرىڭدىكى توق قىزىل
رەڭلىك جاراھەت ئىزلىرى؛ نەگىدۇر تىكىلىپلا
تۇرىدىغان چىرايلىق، ئەمما ھەسرەتلىك قوي
كۆزلىرىڭ... ئۆچۈۋاتقان ئەسلىمە بولۇپ لەپىل-
دەپ ئۆتىدۇ.

ــ كامال، مەن ئۆلۈپ كېتەرمەنمۇ؟ ــ سەن
پات - پات مەندىن مۇشۇنداق سورايتتىڭ. ئەمما
مېنىڭ ساڭا ئۆلۈم بىلەن تولۇق قورشىلىپ بول-
غانلىقىڭنى ئېيتىپ بېرىشكە تىلىم بارمايتتى.
شۇڭا سېنىڭ بەك ئۈزۈلۈپ ياشايدىغانلىقىڭ ھەققى-
دىكى يالغان گەپلىرىم بىلەن سېنى ئالدايتتىم:

ــ ياق لالە، سەن ئۆلۈپ كەتمەيسەن. دوخ-

تۇرلار سېنى كۈندىن ـ كۈنگە ياخشى بولۇپ كېتىۋاتىدۇ، دەيدۇ. سەن يازنىڭ ھالىتى كۈزنىڭ ھالىتىگە يەتكىچە ياخشى بولۇپ كېتىسەن. ئىككىمىز يەنە بىللە بازارلارنى ئارىلاپ، ساڭا چىرايلىق كىيىملەرنى سېتىۋالىمىز.

باشقىلار تۇتسا ئەمەس، قارىسىمۇ بىئاراملىق ھېس قىلىدىغان ئىسكىلىتتەك جىسمىڭنى قۇچاقلاپ ئولتۇرۇپ شۇنداق دەيتتىم. شۇ تاپتا مەن سېنىڭ ئۆز ئەھۋالىڭنى بىلىش ھوقۇقۇڭنىمۇ ئىگىلىۋالغانىدىم. چۈنكى ئەيدىز دېگەن بۇ مەينەت ئاۋاز مېنىڭ ئاغزىمغا پاتمايتتى.

ھەيرانمەن، مېنىڭ سەن ھەققىدىكى روھىي تەپەككۇرۇم نېمانچە شەخسىيەتچى، نېمانچە غەيرىي ئاڭنىڭ كونتروللۇقىغا چۈشۈپ قالغان بولغىيتتى دەيمەن. نېمە ئۈچۈن مەن ئۆز خۇشاللىقىمنى سېنىڭ ئازابىڭ ئۈستىگە قۇرىمەن؟ نېمە ئۈچۈن ئۆزۈمنىڭ سەندىن مەھرۇم بولۇپ قېلىشىمدىن شۇ قەدەر قورقىمەنۇ، سېنىڭ ھاياتتىن مەھرۇم بولۇپ قېلىشىڭدىن قورقمايمەن؟ نېمە ئۈچۈن سەندەك بىر بىگۇناھ قىزنى ئۆلۈم سۈيىدە ئىشتىياق بىلەن سۇغىرىدىغاندىمەن؟

مۇشۇنداق زىددىيەتلىك كۈچ ئېلىشىشلاردىن كېيىن ئاخىر ئۆزۈمدىن بىر قېتىم غالىب كېلىشكە تىرىشتىم. چۈنكى مېنىڭ سېنىڭ ھاياتىڭنى ئىگىلىۋالغىنىممۇ يېتەرلىك ئىدى. ئەمدى يەنە داۋاملىق سېنىڭ بىلىش ھوقۇقۇڭنى ئىگىلىۋالماسلىقىم، ئۇنى بولسىمۇ ساڭا قايتۇرۇپ بېرىشىم كېرەك ئىدى. گەرچە مېنىڭ سېنىڭ بىلىش ھوقۇقۇڭغا ئېرىشكەندىن كېيىنكى ھالىتىمدە مەيلى قانچىلىك دەرىجىدە ئۆزگىرىش بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، مەن چوقۇم بەرداشلىق بېرىشىم، ئەخلاقىي يىمىرىلىشلىرىم، جىسمانىي خىيانەتلىرىم، جىنسىي مەھكۇملۇقلىرىمنى ئېتىراپ قىلىشىم كېرەك ئىدى.

لالە، شۇ تاپتا قوللىرىم خاتىرە كومپيۇتېرىنىڭ كۇنۇپكا تاختىلىرىدا بەكمۇ تەستە ھەرىكەت قىلماقتا. ساڭا دېمەكچى بولغان، ئەمما تاكى بۈگۈنگە قەدەر دېيەلمەيۋاتقان گەپلىرىم ئېكرانغا خەت بولۇپ چۈشمەكتە. بۇ مېنىڭ ساڭا يېزىۋاتقان تراگېدىيىلىك ئەسىرىم. بەلكىم سەن مېنىڭ بۇ خەتلىرىمدىن ئۆزۈڭنىڭ ھالىتى بىلەن مېنىڭ ھالىتىمنى روشەن ھېس قىلىسەن. لېكىن كۆپ ئۆتمەي مەنمۇ سەن ياتقان كارىۋات ئۈستىدە بىر پارچە سۆڭەككە ئايلىنىپ يېتىشىم كۆڭلۈمگە ئايان. ئۆلۈم مېنىمۇ ئاستا ـ ئاستا قورشاپ كەلمەكتە، مېنىڭمۇ ھايات چەمبىرىكىم خۇددى سېنىڭ ھايات چەمبىرىكىڭدەك ئاستا ـ ئاستا تارايماقتا. مەن مانا مۇشۇنداق جان ھەلقۇمىغا قىستاپ كەلگەندە ساڭا راست گەپ قىلىشقا جۈرئەت قىلىۋاتىمەن. بىلمىدىم، بۇ مەندىكى تېخى تولۇق ئۆلۈپ بولمىغان سەممىيلىكنىڭ ساقىندى نۇرلىرىمۇ ياكى بۇزۇلغان روھىي پسىخىكامنىڭ مەقسەتسىز، قالايمىقان ھەرىكەتلىنىشىنىڭ نەتىجىسىمۇ؟ مەيلى نېمىلا بولمىسۇن مەن ئۆلۈم گۈلىنىڭ خۇش ھىدىگە چۆمۈلۈپ ئولتۇرۇپ ساڭا بۇ خەتنى يېزىۋاتىمەن. لېكىن مەن سەندىن بۇ ئارقىلىق كەچۈرۈمگە ئېرىشىشنىمۇ ئويلىمايمەن.

قەدىرلىك لالە! مەن سەن ھەققىدىكى خىيال بوستانلىقلىرىمدا ناھايىتى ئۇزاق، ناھايىتى ئۇزاق ۋاقىت يەككە ـ يىگانە ھالدا ئايلاندىم. ئاخىر قەدەملىرىم تالدى، يوللىرىم ئۈزۈلدى، ھايات ياپراقلىرىم پىلدىرلاپ تۆكۈلدى. يۇلتۇزلار ھەر ئاخشىمى بۇرۇنقىدەكلا چاقناپ تۇرغىنى بىلەن سۈت رەڭ نۇرلىرى مۇزلاپ كەتتى، گۈللەر ھەر سەھەر ھاياجانلىنىپ تۇرۇپ ئېچىلغىنى بىلەن قىپقىزىل رەڭلىرىدە خۇش ھىد قالمىدى...

لالە، قوللىرىم تىلىپ، كۆزلىرىم تورلىشىپ كەتتى. خېتىمنى مۇشۇ يەردە ئاخىرلاشتۇراي. ئاخىرىدا سېنى سۆيۈپ تۇرۇپ خوش دېگۈچى قارا پەرىشتەڭ — كامالدىن.

پۈتۈن بىر كېچە خەت يېزىش سەۋەبىدىن ئۇنىڭ تاغاقلىرى قېتىپ، كۆزلىرى قان قۇيغاندەك قىزىرىپ كەتكەنىدى. ئېكراندا بولسا

ئۇنىڭ بۇ شەھەردىكى قىسقىغىنە نەچچە يىللىق ھاياتىدىكى تەقدىر قىسمەتلىرىنىڭ يادنامىسى خەت شەكلىدە چاقناپ تۇراتتى. ئۇ بارماقلىرى بىلەن يىڭنە سانجىپ قويۇلغاندەك ئېچىشىپ ئاغرىۋاتقان ئىككى چېكىسىنى بوش ئۇۋۇلاشقا باشلىدى. تۇيۇقسىز ئۇ ئاجىز بىر ئاۋازدىن چۆچۈپ بېشىنى كۆتۈردى.

— كامال...

ئۇ يانغا ئۆرۈلۈپلا كۆز نۇرى ئۆچۈش ئالدىدىكى شامنىڭ نۇرىدەك ئاجىز پىلدىرلاپ تۇرغان لالەنىڭ پاخالدەك يېنىكلەپ كەتكەن ئورۇق گەۋدىسىنى كۆتۈردى.

— مانا مەن لالە، مەن سېنىڭ يېنىڭدا جېنىم مەلىكەم.

ئۇنىڭ شۇ تاپتىكى ئاۋازى خۇددى يىغلاۋاتقاندەك چىقىپ كەتتى.

— كامال، تاڭ ئاتتىمۇ؟... مەن قورقۇۋاتىمەن، مەن بەك قورقۇۋاتىمەن كامال... قاراڭغۇلۇق مېنى قورشاپ كېلىۋاتىدۇ. مېنى چىڭ قۇچاقلىۋال كامال، مەن قاراڭغۇلۇققا چۆكۈپ كېتىۋاتىمەن...

— ياق. ئۇنداق دېمە، ئۇنداق دېمىگىن لالە. تاڭ ئاتايلا دەپ قالدى. قۇياشنىڭ چىقىشىغىمۇ كۆپ ۋاقىت قالمىدى. بىز يورۇق كۈندۈزگە يەنە بىللە كىرىمىز. سەن چوقۇم ياخشى بولۇپ كېتىسەن. باياتىن دوختۇر كىرىپ چىقىپ كەتتى. ئۇ سېنى يەنە نەچچە كۈندىلا ياخشى بولۇپ كېتىدۇ دەيدۇ. دوختۇر دېگەن يالغان گەپ قىلمايدۇ، لالە. سەن راستىلا ياخشى بولۇپ كېتىسەن. ئاخشام بىر چۈش كۆرۈپتىمەن قارا، چۈشۈمدە ئىككىمىز چىرايلىق بىر باغدا سۈزۈك سۇغا چۆمۈلۈپ ئويناۋاتقۇدەكمىز. بەلكىم ئۇ بىزنىڭ كىچىك چاغلىرىمىز بولسا كېرەك. مەن دەيمەن، سەن چوقۇم كىچىك ۋاقتىڭدىكىدەكلا ياخشى بولۇپ كېتىسەن، بىز بىللە ئوقۇيمىز، بىللە چۆچەك ئېيتىمىز. بىز قىلىدىغان يەنە نۇرغۇن ئىشلار بار جېنىم لالە...

ئۇنىڭ كۆز ياشلىرى تاراملاپ تۆكۈلۈشكە باشلىدى. لالە تۇرۇپ - تۇرۇپ سىلكىنىپ خارقىرايتتى. ئۇ لالەنىڭ سەكراتقا چۈشۈۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. لالەنىڭ قول - پۇتلىرى مۇزلاپ كەتكەن بولۇپ، بوغۇزىدىكى خارقىراش بارا - بارا كۆپەيمەكتە ئىدى. ئۇ لالەنىڭ مۇزلاپ كەتكەن قوللىرىنى يۈزىگە يېقىپ تۇرۇپ يىغلاپ كەتتى.

— رەھمەت... كامال. سې... نى ... سۆيى... مەن. ھېلىقى قوناقلىق... يادىڭدىمۇ ... ئىككىمىز شۇ يەرگە ... باردۇق - ھە... ئاندىن ئىككى ... ئاق تۇرنىغا ئايلىنىپ يىراقلارغا... ئۇچۇپ كېتىۋاتقۇدەكمىز... كامال، سەن ماڭا... ھېلىقى ناخشىنى ئېيتىپ ... بېرىۋاتقۇدەكسەن... بۈگۈن 31 - ماي - ھە...

لالەنىڭ ئاۋازى ئۇنىڭ قۇلاق، مېڭە، بەدەن، تومۇرلىرىدا گۈلدۈرمامىدەك گۈلدۈرلەپ ئۆتتى. توغرا بۈگۈن 31 - ماي ئىدى. 31 - ماي لالەنىڭ تۇغۇلغان كۈنى ئىدى. لالە نۇرى ئۆچۈۋاتقان تۇيغۇلىرىنىڭ ئىچىدە ھېلىقى بىر يىلىدىكى دالا سەيلىسىنى ئەس - خاتىرىسىگە ئالغانىدى. ئۇ كۈنى ئۇ لالەگە بېغىشلاپ يازغان ناخشىسىنى ئىچىدە ئېيتىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالغانىدى. كېيىن ئۇ بۇ ناخشىنى لالەگە بېغىشلاپ ئېيتىپ بېرىشنىمۇ ۋەدە قىلغان. لېكىن ئارىدىن بەش يىل ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ لالە ئاشۇ ۋەدىنى تېخىچە يادىدىن چىقارمىغانىدى.

ئۇ تۇيۇقسىزلا لالەنىڭ ئۆزىنى مەڭگۈ پاك پەرىشتە سۈپىتىدە سۆيۈپ ئۆتۈپ كېتىدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ لالەنىڭ قەلبىدىكى ئوبرازىنى ئۆز قولى بىلەن نابۇت قىلىۋېتىشىنىڭ نەقەدەر دەھشەتلىك بولىدىغانلىقىنى ئويلىدى ۋە تۇرۇپلا ئۆزىنىڭ لالەنىڭ قەلبىدىكى ئوبرازىنى ئىككى دۇنيالىق ساقلاپ قالماقچى بولدى - دە، كارىۋات يېنىدىكى كىچىك شىرەدە خەت بىلەن لىق تولۇپ تۇرغان خاتىرە كومپيۇتېرىنى سىمى بىلەن قوشۇپلا تارتتى. تاراق - تۇرۇق قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ كومپيۇتېر سېمونت يەرگە چۈشۈپ، ئېكراندا قالايمىقان نەرسىلەر كۆرۈنۈشكە باشلىدى. نەچچە سې-

uyghurkitap.com

كۆنتلۇق قالايمىقان سىگنالدىن كېيىن كومپيۇ-
تېر ئېكرانى ئۆچۈپ قاراڭغۇلىشىپ كەتتى.
شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ پۈتۈن بىر كېچە باغرىنى
ئوتقا يېقىپ تۇرۇپ يازغان خەتلىرى سىمنىڭ
ئىچىدىكى بوشلۇقتىن يوقلۇققا كۆتۈرۈلۈپ
كەتتى. ئۇ يەردە نۇرى ئۆچۈپ ياتقان كومپيوتېر-
غا قاراپ يېنىك تىن ئالدى.

— كا ... مال...

لالەنىڭ ئاجىز ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇ دەرھال لا-
لەگە قارىدى. لالە بىر نېمىلەرنى دېگەندەك قىلد-
ۋاتاتتى. لېكىن ئۇنىڭ ئاۋازى بەكمۇ پەس بولغاچ-
قا لالەنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى ھېس قىلماق تو-
لىمۇ قىيىن ئىدى. تۇيۇقسىزلا ئۇ لالەنىڭ نېمە
داۋاتقانلىقىنى كۆڭۈل تۇيغۇسى ئارقىلىق ھېس
قىلىشقا باشلىدى.

شۇ تاپتا لالە ئاشۇ دەريا بويىدا كامالنىڭ ئۆ-
زىگە بېغىشلاپ ئوقۇپ بېرىۋاتقان ناخشىسىنى
ئاڭلاش ئۈچۈن جان - جەھلى بىلەن تىرىكىشىۋات-
ماقتا ئىدى. كامالنىڭ يۈرىكىدىكى ئاشۇ ئوتلۇق
سادا ناھايىتى تەسلىكتە ئۇنىڭ بوغۇزىدىن
ھەسرەت بىلەن ئېتىلىپ چىققاندا، لالەنىڭ تېر-
لىرى سۆڭەككە چاپلىشىپ كەتكەن چېھرىدە
تەبەسسۇمنىڭ شولىلىرى ئەكس ئەتتى. شۇ تاپتا
دەريا بويىدىكى ئاشۇ يېقىملىق كۈي كېسەل
بىلەن چىرمالغان ياتاق ئىچىدە ياڭرىماقتا ئىدى.
ئەنە، بىر توپ باللار بىر - بىرىگە مېھىر بىلەن
تىكىلىپ ئولتۇرۇشۇپ خىياللار دەرياسىدا ئۈز-
مەكتە. ئەنە...

ئاي پارلىغان مۇھەببەتلىك ئاخشامدا،
قۇتلۇقلايمەن لالە سېنى ناخشامدا.
قۇتلۇق بولسۇن سەن تۇغۇلغان بۇ ئاخشام،
سەن تۇغۇلدۇڭ تەڭرىم بەخت چاچقاندا.

ئون سەككىزگە كىردى بۈگۈن بۇ دۇنيا،
ئون سەككىزگە كىردى يەنە بىر يۈرەك.
ئون سەككىزدە پورەكلىگەن بىر گۈلسەن،
باھار كۈلگەن باغلاردىكى سەھەردەك.

ناخشا ئاۋازى ئاستا - ئاستا دەريا بويىدىكى
ئاشۇ يېشىل تەبىئەت قوينىدىن لەيلەپ چىقىپ،
كۆك ئاسماندىكى ئىككى ئاق تۇرنىغا ئايلىنىپ
بوشلۇققا سىڭىپ كېتىۋاتماقتا ئىدى. بارا - بارا لا-
لەنىڭ چېھرىدە پارلاپ تۇرغان ناھايىتى سۇس تە-
بەسسۇم ئۇنىڭ چېھرىدىن كۆتۈرۈلۈپ، ياتاق ئى-
چىدىكى كىچىككىنە بوشلۇققا قوشۇلۇپ
كەتتى. شۇ ھامان كامالنىڭ كۆزلىرى چەكچى-
يىپ، قارىچۇقلىرى كېڭىيىپ كەتتى ۋە ۋۇجۇدۇ-
دىكى بار ئاۋازى بىلەن توۋلىدى.

— لالە... مېنىڭ مەلىكەم، مېنىڭ ئېچىلماي
توزۇغان لالەم!...


ياتاق ئىچىدە ئۇنىڭ ئەسەبىي نالە - پەريادى
كۆتۈرۈلدى. ئەپسۇسكى بۇ ئېچىنىشلىق نالە -
پەرياد ئۇزاق داۋاملاشمايلا زۇلمەت قاراڭغۇلۇق
قوينىغا سىڭىپ، ئاستا - ئاستا ئۆچۈشكە باشلى-
دى. شۇ تاپتا ئۇ ئۆزىنىڭ قانداقتۇر بىر قاراڭغۇ-
لۇق قوينىغا كىرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس
قىلدى - يۇ، لېكىن ئۇنىڭ زادى قانداق قاراڭغۇ-
لۇق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالمىدى. بۇ قاراڭغۇ-
لۇق بولسا كېچىنىڭ قاراڭغۇلۇقىمۇ، كۆڭۈل-
نىڭ قاراڭغۇلۇقىمۇ ياكى نىيەتنىڭ قاراڭغۇ-
لۇقىمۇ ئوخشىمايتتى.

ۋادەرىخا، شۇ تاپتا پۈتۈن دۇنيانى قاراڭغۇ
سۈكۈت ئۆز ئىلكىگە ئېلىپ كېتىۋاتماقتا ئىدى.
ئۇ تېخى نەچچە مىنۇت ئالدىدىلا ئەرۋاھقا ئايلى-
نىپ كەتكەن لالەنىڭ مۇزلاپ كەتكەن سۆيۈم-
لۈك جىسمىنى باغرىغا مەھكەم باسقىنىچە كا-
رىۋاتنىڭ يان تەرىپىگە ئاستا - ئاستا سىڭايان
بولدى ۋە بىر نەچچە قېتىملىق خارقىراشتىن
كېيىن بىردىنلا قارا رەڭدىكى مەڭگۈلۈك سۈ-
كۈتنىڭ سىمۋولىغا ئايلىنىپ كەتتى...

(ئاپتور بورتالا شەھەر ئۆتتۇبۇلاق بازارلىق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش پونكىتىدا)

مۇھەررىر **پاتىگۈل ئەخمەت**

تەلئەت قادىرى



## بەلگە تاش

شۇنداق تۈپتۈز باشلانغان يوللار
مەنزىللەرگە چىقالماس ئۇدۇل.
قىسمەتلەرنىڭ گىرۋەكلىرىدە،
كېرەك بولار قوللارغا ھەم قول.

ئۆرۈلگاندا ئىزلار دوقمۇشقا،
بولسام دەيمەن كىمگە بەلگە تاش؛
چاتقاللارنىڭ ئاراچلىرىغا
شۇڭغۇپ كىرگەن بولۇپ زەر قۇياش.

## تۈيغۇلارغا باي بول، يۈرىكىم

تۈيغۇ دېگەن يىلىكتۇر بىلسەڭ،
قانلىرىڭغا جان ئاتا قىلغان.
تۈيغۇ دېگەن بەڭباش بالدۇر،
گېزى كەلسە ھەم خاپا قىلغان.

تۈيغۇلارغا بۆلۈنۈپ تۇرماق،
كەچمىشلەرگە بارىدۇ سۆرەپ.
قونالغۇغا چۈشكەن كارۋاندا،
تۇرغان كەبي يوللار كۆۋەجەپ.

تۈيغۇسىغا ناتونۇش ئادەم
قەرزداردۇر ئۆزىگە ھامان.
تۈيغۇلارغا باي بول، يۈرىكىم،
تۈيغۇسىراش يۈرەككە بوھران.

## ئىھتىمال

ئىھتىمال، ئۇ يەردە باھار بولغاندۇ،
ئېچىلىپ كەتكەندۇ خۇش پۇراق گۈللەر.
يۈرگەندۇ ئۇچۇشۇپ توپ-توپ قارلىغاچ،
ئورمانىنى بىر ئېلىپ مەست ئاۋاز-ئۈنلەر.

ئېھتىمال، سۆيگەندۇ سېنى ئۇ يەردە،
مۇھەببەت ھەل بەرگەن يۈرەكتىن بىرى.
ۋە لېكىن، سۆيمەكتە سېنى بۇ يەردە،
بىر يۈرەك بوۋاقتەك يالىڭاچ پېتى.

ئېھتىمال، ئۇ يەردە بىر كور خېرىدار
يۈرگەندۇ قەلبىڭنى تىنماي مالتىلاپ.
ئېھتىمال، بۇ يەردە سەزمەيدۇ ھېچكىم،
يۈز بېرىپ قالغاننى دىلدا ئىختىلاپ.

ئېھتىمال، ئۇ يەردە قايناق بازاردىن
ئالغان شۇ سۆيگۈنى مىڭ ئەتىۋارلاپ.
ئېھتىمال، بۇ يەردە خالىي دوقمۇشتا،
ئالغاندۇ نەپرەتكە ھەم ئايرىۋاشلاپ.

ئېھتىمال، ئۇيەردە سېتىلسا بۇيۇم —
ئورنىدا تۇيغۇلار قىلىپ كىمئارتۇق.
ئېھتىمال بۇ يەردە پەرۋايىم پەلەك،
قىلغىلى بولسىلا يۈرەكنى تارتۇق.

## سۆيۈلۈش

ئاي تۇغقان كېچىلەر ئايدەك بولالماس،
چوققىدۇر تاغلارنى ئەيلىگەن بۈيۈك.
مەيلى بول تولۇن ئاي، مەيلى كەھرىۋا،
سۆيۈشلا شەرت ئەمەس، سۆيۈلگەن تۈزۈك.

سەن قىسقان ئالتۇن تاج، ئوتتۇغاتلارنى
تونۇماس بىر يۈرەك، تونۇغان قاچان؟
قۇيۇلغىن، ياقۇت بوپ ئالتۇن ئۈزۈككە،
ۋاپانىڭ باغرىدا چوڭ بولغىن ھامان.

## يىل ھالقىسى

يەنە بىر تال ھالقىسى كۆپەيدى بۈگۈن،
قۇملاردا، دەرەختە، ئىنسان تېنىدە.
ھەر ھالقا بىر ھايات، ھەر ھالقا بىر چۈش،
ھەر ھالقا بىر تۈگۈن تارىخ بېتىدە.

يېڭى بىر كالېندار ئېسىلدى تامغا،
ئاسقاندەك گوياكى يوغان بىر سوئال.
ھەر بىر يىل ھالقىسى يوشۇرغان سىرلار
دىللاردا يېپيېڭى ھېسلار ئويغىتار.

ھەر بىر يىل ھالقىسى يېڭى بىر تۇيغۇ،
يېڭى بىر ئاگاھ ئۇ سېنى سەگىتكەن.
يېڭى بىر ئىدىيە، يېڭى بىر تىۋىش،
سەن كۈتكەن سايىدەك يېنىڭدىن ئۆتكەن.

جىمىكى مەۋجۇدات، جىمىكى ئىشلار
ئۆلچىنىپ بارىدۇ يىل ھالقىسىدا.
ئەزەلدىن مۇئەمما بۇ ھايات يولى،
تەييار بول يېڭى يىلنىڭ تاسقىشىغا.

(ئاپتور ئاپتونوم رايونلۇق ئوقۇتۇش تەتقىقات ئىشخانىسىدا)



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ۋەتەن ئىشقى

## ۋەتەن

سەھەر گۈلشەنگە بۇلبۇل كۈيىدەك كاتتا ئۇلپەت يوق،
كىشىگە ئۆمرىدە بىلسە، ۋەتەندەك كاتتا شۆھرەت يوق.
جىمى سۆيگۈ ــ شەرەپشانىنىڭ جۇلاسىغا ۋەتەن گۈلتاج،
مىنۇت ئايرىلسا ئۇ تاجدىن، كېرەكسىز تاشتا قىممەت يوق.
ۋەتەندۇر جان، ۋەتەندۇر تەن، ھامان بۇ ئىككىدىن ئەلا
ۋەتەن دەپ كىم جاپا چەكسە ھامان باغرىدا بىر دەرد يوق.
ئوغۇلغا كۈچ، مەدەت، بايلىق، غۇرۇر، ۋىجدان ۋەتەن ئىشقى،
ۋەتەنسىز، گەرچە كۈچتۈڭگۈر، ھامان نىمجانكى قۇدرەت يوق.
ۋەتەنسىز ياقلىساڭ ئىشرەت، كۆرەڭلەپ كەتمىگىن شاھتەك،
ساڭا خورلۇق ھەشەمەت ئۇ، نومۇس - ئارسىز ئۇ لەززەت يوق.
چىقار تەندىن جېنى ئوخشاش باھادىر شاھ ۋە ئىتنىڭمۇ،
لېكىن قەدرى ئۇلۇغ نامدا، يېگەن-ئىچكەنگە نۇسرەت يوق.
ياشا ئەزىزى ئىنساپتا ئۆزۈڭ پازىل، ئىشىڭ كامىل،
ئۇنى تىكلە تىرىكلىكتە، ئۆلۈپ كەتكەندە پۇرسەت يوق.

## ئىشق ئوتى

ئۆرتىنەرمەن ئىشق ئوتىدا جان نىسارىم بىر كېلىنىڭ،
چىققۇچە تەندىن بۇ جانىم، گۈل-ئۇزارىم بىر كېلىنىڭ.
مىڭ تەقەززا يولىڭىزدا، ئىلتىجادا جۈپ كۆزۈم،
بولغىچە بۇ تاقىتىم تاق، ئىنتىزارىم بىر كېلىنىڭ.
ئىزدىدىم ھەر تاڭ سابادىن ھىدىڭىزنى دەممۇدەم،
گۈل چېچىپ پاك ۋەسلىڭىزدىن ھىد-ئىپارىم بىر كېلىنىڭ.
مەن بىچارە، بىر سەۋەبتىن كەتسە بۇ تەندىن قۇۋۋەت،
بىللە كەتكەي ئارمىنىممۇ، ئىپتىخارىم بىر كېلىنىڭ.
ۋەدىدىن يۈتكەن مۇھەببەت چىنلىقىغا نە قەسەم،
بارچە بەختىمگە كاپالەت، تىلتۇمارىم بىر كېلىنىڭ.
بەرسىمۇ ھەر تاڭ قۇياشى لەۋزىڭىزدىن بىر نىشان،
يوق يەنە دەردىمگە دەرمان، يوقۇ بارىم بىر كېلىنىڭ.
ئارمىنى ئىچرە ئەزىزى ئۆتمىگەي ھىجران بىلەن،
ئىپتىخار ۋەسلىگە تەشنا ئىختىيارىم بىر كېلىنىڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## كايىما

بولسا ئاشىق سۆيگۈسى راست، قىلچە دەردتىن كايىما،
جەۋرىسى جىق راست سۆيۈكنىڭ بۇ جەھەتتىن كايىما.
بىلمىسەڭ قانداق سۆيۈشنى سالما داۋراڭ سۆيگۈ دەپ،
بەرسە لەززەت، ۋاھ جانان دەپ، ئۇقۇبەتتىن كايىما.
لەززىتىگە گەر كۆنۈكسەن، بەزى باردۇر قاڭشىقى،
سەن ئاۋۋال سۇندۇڭمۇ قولنى، ئۇز ۋە سەتتىن كايىما.
كولىساڭ زەخمى دىگەننى زەر ئەمەس زەرداپ چىقۇر،
قىلما كىبىر كەلسە ئامەت، سەلتەنەتتىن كايىما.
سۆيدۈرۈپ كۆنسەڭغۇ مەيلىڭ، سەن سۆيەردە ئۇندىمەي،
ئانچە مۆھلەت سۆيمىدى دەپ مەرھەمەتتىن كايىما.
چىقمىغاي بىرلا قولۇڭدىن قانچە ئۇرساڭمۇ چاۋاك،
ئۇنتۇما كۆيگەن كۆنۈڭنى ھەم دەۋەتتىن كايىما.
بۇ سۆيۈكتە بىۋاپالىق بىل ساداقەت دۈشمىنى،
تاشتى سۆيى دەپ نىچۇك تۆشۈك سىۋەتتىن كايىما.
بولمىسا دەيدۇ ئەزىزى ئالدىدىڭ كۆندۈرگىچە،
كۆندۈرۈپ بولدۇڭمۇ ئەمدى يوق ھەسەتتىن كايىما.

(ئاپتور شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ بېيجىڭدىكى ئىش بېجىرىش ئورنىدا)

**ئابدۇرېھىم زۇنۇن**

## گۈلۈمنىڭ كۆزى

### قاشتېشى

بۇيۇكلۇك بابىدا يۈكسەك پەللە سەن،
زاماندىن زامانغا سەلتەنەت سۈرگەن.
باقماقتا بۇ دۇنيا ئەھلى ساڭا تەڭ،
سەن ئەجەب مۆجىزە كەڭ جاھان كۆرگەن.
يۈرۈڭقاش باغرىدا قۇياشتەك چاقناپ،
دىللارغا سەن ئارمان ئوتىنى ياققان.

مۆجىزات تارىدىن بىر ئاھاڭ چاچراپ،
سوغۇق قۇم ئاستىدىن قاشلارغا ئاققان.
تارىخىي كىتابلار سۆزلەيدۇ سېنى،
پۈتۈلگەچ بەتلەرگە نامىڭ تۈنۈگۈن.
قۇيرۇقلۇق يۇلتۇزدەك كېزىپ دۇنيانى،
ئۆمۈرلۈك كىملىككە ئېرىشتىڭ بۈگۈن.

### كۆيلەر كۆيى

يېتىلدىم ئاڭلاپ «ئەللەي ناخشىسى»نى،
قۇلاقتىن ئاقتى دىلغا ئابىھايات.
سۈمۈرسەم ئەجدادىمنىڭ ھەر كۈيىنى،
ئۈچتى شاد تەپەككۇرۇم قېقىپ قانات.
شۇڭغۇدۇم يىراق ئۆتمۈش پايانىغا،
ئاڭلىدىم قىسسە، داستان، چىن ھېكايەت.
بولدۇقلاپ تېشىپ دىلدا شادلىق ھامان،
ياشنىدىم سۇ ئىچكەندەك نوتا- كۆچەت.

چۆمۈلۈپ ھايات بەخش كۈي بەھرىگە،
چۈشەندىم بۇ ھاياتنىڭ مەنىسىنى.
كۈچ، سۈبات بېغىشلىدى شۇ كۈي ماڭا،
سورىدىم بۇرچۇم قەلەم كېمىسىنى.
مەن ئاشۇ ئاتا مىراس كۈيلىرىمنى
قەلەمگە ئېلىپ مەڭگۈ داڭلاپ كېتەي.
كۆز يۇمسام ھازا ئېچىپ ئۇزاتماڭلار،
مۇقامدىن بىر ئارىيە ئاڭلاپ كېتەي.

108

# ئوت

سۆيۈشمۇ ئوت، سۆيۈلۈشمۇ ئوت،
ھىجران-ئازاب، ئايرىلىشمۇ ئوت.
ئوت ئىچىدە ياشاپ ھەر ئادەم،
تاپىدۇ چوغ چايناپ بەخت-قۇت.

جاندىن كەچمەي جانان ۋەسلىگە،
يېتەلەمدۇ جاھاندا كىشى؟
مەنمۇ يەتكەن ۋىسال پەسلىگە،
پۇتكەندە جۇپ بۇلاقنىڭ يېشى.

ئىككى ئون يىل شۇ گۈل ئىشقىدا
بۇلبۇلدەك شاد سايرىغانىدىم.
ناۋا قىلىپ بەخت بېغىدا،
شاھىنشاھتەك يايرىغانىدىم.

ئوت ئاتەشتەك چوغلىنىپ تۇرار،
كۆز ئوڭۇمدا شۇ گۈل جۇلاسى.
يۈرىكىمنى ئۆرتەپ، دەم ئۇرار،
جۇدالىقنىڭ ئوتى-لاۋاسى.

زور قۇت كۈننىڭ سېرىقىن بۇندا
بىر كۈن ئارتۇق كۆرمەكنىڭ ئۆزى.
ئەسلىمەمنىڭ ئوتلىرى ئارا
چاقناپ تۇرار گۈلۈمنىڭ كۆزى.

(ئاپتور خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى گېزىت -ژۇرنال تەھرىراتىدا)

**ئەكرەم ئابدۇمىجىت**

# دىلرەبا

1

بىر ئۆمۈر يارىڭ بولاي مەن، سەن مېنى چىن يار دېسەڭ،
شادلىقىم دەريا بولۇر قەلبىمدە بىر سەن بار دېسەڭ.
بۇ مۇھەببەتتىن مېنىڭ يەتمەمدۇ ۋاھ، كۆككە بېشىم،
ئۇشبۇ سۆيگۈدە سېنىڭدىن ئۆزگىلەر تارمار دېسەڭ.
سايرىمامدۇ بىر ئۆمۈر مەندەك ۋاپادار بۇلبۇلۇڭ،
بۇ ھاياتتا سەن ئۈچۈن باغرىم مېنىڭ گۈلزار دېسەڭ.
مەن كېلەي ئالدىڭغا باشلاپ تاڭدا كۆي دەرياسىنى،
نەزمىلەرنى بۇ قەلب قەسرىڭدە قىل ئاشكار دېسەڭ.
چۆلدە ياتقان كەپىلەر بولمامدۇ مەنچۇن خان ساراي،
قانچە مۇشكۇللەر ئارا مەن ھەم بولاي ھەمكار دېسەڭ.
ئىككى دىلنىڭ بىرلىكى خانەڭگە بەرىكەت بەرگۈسى،
چىن مۇھەببەت ئالدىدا تۇرماققا دەس تەييار دېسەڭ.

2

بۇ كۆڭۈل داۋاسىغا يوق، بەلكى، سەندىن باشقىسى،
بۇ كۆڭۈل غوۋغاسىدا يوق، بەلكى مەندىن باشقىسى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئەيلىدىم دورا هامان هەر كۈندە گۈللەر بەرگىدىن،
بەرمىدى نەپ هەم ئۆزۈك تەرگەن تىكەندىن باشقىسى.
نە سەۋەب بۇ ئىشتىها مەيدانىدا سىڭمەس ئەجەب،
بۇردا ناننى سەن بىلەن بىللە يېگەندىن باشقىسى.
كۆرۈنەر كۆزگە هامان چەكسىز قاقاسلىقتەك گويا،
ئىككىمىز ئايغا قاراپ ياتقان چىمەندىن باشقىسى.
يازمىقى مۈشكۈل شۇڭا مەنچۈن ۋاپا دەستۇرىنى،
بۇ هايات مەنزىلىدە بىر سەن لەۋەندىن باشقىسى.

3

يوللىرىڭغا مەن گىلەم سالماققا كەلدىم دىلرەبا،
ساڭا تەبرىك سازلىرى چالماققا كەلدىم دىلرەبا.
مەيلى چىنپۇت، پۇتمىگىن هاردۇق يېتىپ قالسا ئىتىك،
بۇ ئەزىز باشقا سېنى ئالماققا كەلدىم دىلرەبا.
يوللىرىڭغا تەلمۈرۈپ بولدى ۋۇجۇد قاقشال بۇگۈن،
شۇ سەۋەبتىن ئوت بولۇپ ياناققا كەلدىم دىلرەبا.
سەن قونۇپ ئۆتكەن ئۆتەڭلەردە هامان مەشرەپ بولۇر،
مەشرىپىڭدە مەن ئوتۇن يارماققا كەلدىم دىلرەبا.
ئەمدى ئاتلانساڭ مېنى قىلغىن يېنىڭدا هەمرىيىڭ
قايدا بارساڭ بىللە هەم بارماققا كەلدىم دىلرەبا.

(ئاپتور غۇلجا ناھىيە چۇلۇقاي ئوتتۇرا مەكتەپتە)

ئوسمان زاهىر

## باهار رەڭلىك تەن

### تۈندىكى ئاشىق

كېچىپ ئۆتتۇم،
كۆزۈڭدىكى نامسىز بۇلاقتىن،
ئاي ئون بەشكە تولمىغان كۈنى.
دېرىزىلەر ناخشا ئېيتىدۇ،
روجەكلەردە ئىشق يالقۇنى.
ئەي، نامرات ئاشىق،
خازان تۆكۈپ چۈل-چۈل تىنىڭدىن،
چىمەنلەرگە سۆزلەۋاتامسەن؟
تۆگىمىگەن ناخشاڭنى ئېيتىپ،
كېچىلەرنى نوقۇپ يۈرەمسەن؟

ئىشىكىڭدىن باشلانغان خىيال
تور تارتماقتا يول ئىپغىزىغا.
كېچەلمىدىڭ، كېچەلمەس هېچكىم،
تۈرمۈش ساڭا بەرسىمۇ ئوغا.

ئەڭ ئاخىرقى ئوۋچىدەك بىر كۈن
ئات سالىسەن ئۆز تۈيغۇڭدىكى
ئاھ، كېيىكسىز قاقاس دالىغا.
ئاھلىرىڭغا يىغلايدۇ تاشلار،
سۆكۈتلىرىڭ چىلىشار سۇغا.

# باھار رەڭلىك تەن

ئۆزۈڭنى ئوخشاتساڭ بىر تال گىياھقا،
رەڭگىڭنى قىنىمغا قويغىن يوشۇرۇپ.
قەدىمىي بىر سېپىل بولساڭ ناۋادا،
توپاڭنى كۆزۈمگە قويغىن ئۈچۈرۈپ.

پورەكلەپ ئېچىلغان بىر تال گۈل بولساڭ،
تاپتاقىر چۆلۈمگە ئۆزۈڭنى تاشلا.
ھىجرانغا ئايلانغان ناخشا بولساڭ گەر،
بۇ كۆڭۈل ئۆيۈمگە ئىمكاننى باشلا.

پەيلىرى توزۇغان تورغاي بول ياكى
نامەلۇم كەڭلىكتە چۇۋۇرلاپ تۇرغان.
ئاق كۆڭۈل كۆكلەمگە سۇركە تېنىڭنى،
تاتلىق جاراھەتكە ئايلانغىن شۇئان.

بېلىقتەك پىلتىڭلاپ ئۈزۈپ كەت مەيلى،
قىز تەنلىك دەريانىڭ قىرغاقلىرىغا.
سۆزۈمگە ئۆزۈڭنى قاقلا كاۋاپتەك،
ساڭا تور تاشلايمەن، قاپسايدۇ يىغا.

چۇلۋۇرى ئۈزۈلگەن تۇلپارسەن بەلكىم،
ساڭا خاس قەلبىمدە تۇرىسەن چاپچىپ.
جەڭگاھتا ئۈزۈلگەن قىلىچتەك قېشىڭ،
ياشىرىپ تۇرۇپتۇ ئوسمىنى ئىچىپ.

ياشايسەن يۈرەككە يېقىن بىر جايدا،
بىر قولۇڭ زەھەردە، بىرسى چىمەندە.
يېشىمنى سۈرتىدۇ رېئاللىق تەكرار،
ھەم باھار ئاقىدۇ ياپيېشىل تەندە.

# ھىجراندىكى قىز

سىلكىپ تەقدىر خازانلىرىنى،
كۆزلىرىڭگە قوندۇردى شەبنەم.
گۈل بويۇڭدا ھىجران كەچمىشى،
خەيرلەشتۇق ئاداققى مەرتەم.

كەتتىڭ، يەردە چېچىلغان گۈللەر
پاتتى تەنگە نىشانسىز ئوقتەك.
تەبەسسۇمغا تۇغۇلغان ئىدىم،
ئەمدى تەندە چاپچىيدۇ تىترەك.

ئۆز مەھەللە، يېقىملىق دوقمۇش،
سەندىن قالغان شۇدۇر ئەستىلىك.
قىسمەت يۇراپ ئۆتكەن كوچاڭدىن،
چۆل-چۆل قەلب يېدى خەستىلىك.

يالغۇز خانە، بويتاق ياتاقتا،
قىز ھەققىدە ئويلار ئاقىدۇ.
نازۇك كۆڭۈل، يارقىن تىلەكتە،
ئانا كۆزى قىزغا باقىدۇ.

ئانا قولى سوزۇلغان كۆككە،
شىۋىرغانغا باھارنى چىللاپ.
مۇھەببەتنىڭ چاھار بېغىدا،
ھالال نىكاھ تۇرماقتا ساقلاپ.

ئايلىنىدۇ بىر سىقىم كۈلگە،
تەلۋىلىكلەر ئۈشبۇ قەسىردە.
نۇر ئىچىدە نۇر ئېمىپ تەنلەر،
ۋىسال تاپار بۇزۇلماس ۋەدە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## سالام دېدىم

سالام ! دېدىم...
دېرىزەمنى ئاچقان شامالغا،
كۆزلىرىدىن باھار كۇلدۇرۇپ،
سىرغىۋاتقان نامسىز بۇلاقىغا.

مەن ئۆتمۈشتىن ئەتەمگە قەدەر،
سالام بېرىپ كەلدىم ھەممىگە.
سالام بەرسە بەزىدە كۈلپەت،
مەدەت بەردىم يەنە ئۆزۈمگە.

گۈل - گىياھنىڭ يىلتىزىدىكى
يەرگە بولغان سۆيگۈنى كۆردۈم.
دېھقان ئاتام كەتمىنىدىكى
تەر تامچىغان ئىزلارنى سۆيدۇم.

سالام ! تەقدىر تۆككەن خازانلار،
بىخ چىقارغان تەرسا خىياللار

يېشىل رەڭگە ئامراق مەھەللەم،
سۇرۇخ سۇرگەن ساددا چىلانلار.

سەن باھارغا بولدۇڭمۇ ئاشىق
ئىچىدە لىق ئويۇن بار بالا.
كۆل بويىدا يۈگۈرۈپ يۈرگەن
قوزىلارنى چىللايدۇ دالا.

تۇزۇپ كەتكەن قىزىلگۈللەرگە
كىپىنەكلەر يازار مەرسىيە.
سالام دېدىم سوقما تاملارغا،
ئەمگەكچانغا ئوقۇپ مەدھىيە.

سالام ! ئەجداد باسقان مۇساپە،
سالام دۇنيا، سالام ئادەملەر.
سالاملاردىن ياشارسۇن ئالەم،
سالام بىلەن كۈلسۇن قەدەملەر.

(ئاپتور قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئىقتىسادىي ئۇچۇر مەركىزىدە)

گۈلسۈم ئوسمان

## گۈزەل قىرغاق

### شەپەق سۆيگۈسى

ئۇپۇق يېرىپ كۈلدى زەر قۇياش،
چوغ قەلبىدە سۆيۈپ زېمىننى.
تاڭ شەپىقى چاچتى نۇر ئوتقاش،
كائىناتقا تۆكۈپ مېھرىنى.

ئېگىز تاغلار، ۋادىلار تامان،
شەپەق يايدى يالقۇنلۇق ئېتەك.
تاۋلىنىدۇ باغلار قانسىمان،
ياقۇت كەبى رەڭدار گۈل- چېچەك.

چايقىلىدۇ زۇمرەتتەك دېڭىز،
شەپەق نۇرى چاقنار يۈزىدە.

تارام-تارام شولا سالغان ئىز،
مۇھەببەتلىك باقنان كۆزىدە.

گۈزەللىككە تەلپۈنۈپ سەھەر،
تەبىئەتكە ئاچتى خۇش چىراي.
شەپەق سۆيگەن قوشاقچى قۇشلار
ئەل بەختىنى كۈيلەيدۇ ھارماي.

ئۇچقۇنلارنى چاقنىتىپ شەپەق،
قىزىل نۇرغا پۈركەنسۇن ئالەم.
ئېسىل ئارمان، ئوتلۇق تىلەكلەر
ۋىسال تېپىپ كۆكلىسۇن ھەردەم.

## سۆيگۈمىزدىن نۇرلانسۇن جاھان

كۆزلىرىمگە يولىماس ئۇيقۇ،
جۇش ئۇرىدۇ پىغانلىق ناخشام.
ھېسلىرىمنى ئېلىپ قاچىدۇ،
بىز سىرداشقان شۇ تۇنجى ئاخشام.

يار جامالىڭ قالدى ئېسىمدە،
نۇر جىلۋىسى بەرگەندەك زىننەت.
نىگاھلىرىڭ قارىچۇقلىرىمغا
سىزىپ كەتتى بىر سېھرىي سۇرەت.

شۇندىن بېرى قەلبىم بىئارام،
شادلىقىمنى كەتتىڭ ئوغرىلاپ.
دەردلىرىڭدە كۆيۈپ دىل يارام،
ۋۇجۇدۇمنى ئۆرتەيدۇ پىراق.

دىل تەكتىدە سېغىنىش كۈيى،
يېنىپ سۆيگۈڭ ئوتلۇق قەلبىمدە.
زوق بېغىشلاپ مۇھەببەت سېھرى،
قۇياش بولۇپ چاقنار كۆزۈمدە.

تىنچ كۆڭلۈمنى تىترىتىپ، چەيلەپ،
ئاھ، قەيەردە يۈرىسەن ئەركەم.
دىل رىشتىنى چاتقان مۇھەببەت،
ئاشىقلارنى قىلىسا دەيمەن جەم.

## گۈزەل قىرغاق


گۈزەل قىرغاق، ئاھ گۈزەل قىرغاق،
مەنزىلىڭگە يېتەرمەن قاچان.
كۈنلەر ئۆتتى ھىجراندا شۇنداق،
ئارزۇلىرىم تاشماقتا قىيان.

گۈزەل قىرغاق، ئاھ، گۈزەل قىرغاق،
چىن ئاشىقمەن گۈل جامالىڭغا.
كۆز ئالدىمدىن كەتمەيسەن پەقەت،
كۆيەر قەلبىم بولۇپ ئوت-لاۋا.


گۈزەل قىرغاق، ئاھ گۈزەل قىرغاق،
چىللار مېنى شىۋىرلاپ دائىم.
دولقۇن يالاپ ئۆچىسىمۇ ئىزلار،
ئوماق كۈلكەڭ چاقنار دىلبىرىم.

گۈزەل قىرغاق، ئاھ گۈزەل قىرغاق،
دىل چەشمەمدە ياشايسەن چاقناپ.
دىل غەشلىكتە ئۆتسەممۇ بىراق،
سەن بەختلىك شۇڭا ئۆمرۈم شاد.

(ئاپتور مەكىت ناھىيە غازكۆل يېزا لايلىق پاختىلىق كەنتىدە)



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



مەنسۇر تۇرسۇن ئېلى

# ئۇيغۇر يېڭى پروزىچىلىقىنىڭ بارلىققا كېلىشىدىكى ئىجتىمائىي، تارىخىي شارائىت ۋە مەدەنىيەت كونتېكىستى

ھەر قانداق ئەدەبىيات ھادىسىسى بارلىققا كېلىش ۋە تەرەققىي قىلىشتا مۇئەييەن ئىجتىمائىي-تارىخىي شارائىت ۋە مەدەنىيەت كونتېكىستىنىڭ مەۋجۇتلۇقى ھەم تۈرتكىلىك رولىدىن ئايرىلالمايدۇ. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى يېڭى پروزىچىلىق ھادىسىسىمۇ بۇنىڭ سىرتىدا ئەمەس، ئەلۋەتتە. ئۇنى ئەينى چاغدىكى ئىجتىمائىي-تارىخىي شارائىتنىڭ، مەدەنىيەت كونتېكىستىنىڭ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئۆز تەرەققىيات ئېھتىياجىنىڭ تۈرتكىسىدە بارلىققا كەلگەن ئىجادىيەت ھادىسىسى دەپ قاراشقا بولىدۇ.

ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 70-يىللىرىنىڭ ئاخىرلىرى ئېلىمىزدە يولغا قويۇلغان ئىدىيە ئازادلىقى ھەرىكىتى ۋە ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش سىياسىتى ئېلىمىز ئىدىيە - مەدەنىيەت ساھەسىدىكى بىر قېتىملىق زور گۈللىنىشنىڭ داغدام يولىنى ئاچتى. ئىدىيە ئازادلىقى ھەرىكىتىنىڭ جۇش ئۇرۇپ قانات يېيىشىغا ۋە ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، مەدەنىيەت ۋە ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن كەڭرى زېمىن ھازىرلاندى. سىياسىي بىلەن ئەدەبىيات-سەنئەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت تەڭشەلدى. ئەدەبىياتنى سىياسىينىڭ بېقىندىسىغا ئايلاندۇرۇۋېلىش قىلمىشىغا خاتىمە بېرىلدى. كېيىنچە ئىجادىيەت ئەركىنلىكى تەشەببۇس قىلىنىپ، يازغۇچىلارنىڭ ئىجادىيەت ئاكتىپچانلىقى قوزغىتىلدى ۋە ئۇلارنىڭ دادىللىق بىلەن يېڭىلىق يارىتىشىغا ئىلھام بېرىلدى. ئەدەبىياتتا سىياسىي ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، سىياسىي ۋەزىپىلەرنى ۋە ھەرىكەتلەرنى ئەكس ئەتتۈرۈش تەلىپىنىڭ قويۇلماسلىقى يازغۇچىلارنى تېما تاللاش ئەركىنلىكىگە ئىگە قىلغان بولسا، بىر پۈتۈن ئەدەبىياتتا سىياسىي ۋە مەمۇرىي بۇيرۇقۋازلىق بىلەن مۇئەييەن ئىجادىيەت ئۇسۇلىنى زورلاپ تېڭىشنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشى يازغۇچىلارنى ئىجادىيەت ئۇسۇلىنى ئەركىن تاللاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. ئاخبارات-تەشۋىقات ئىشلىرىنىڭ، بولۇپمۇ گېزىت، رادىئو - تېلېۋىزىيە ئاخباراتچىلىقىنىڭ تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىشى، ئەدەبىياتنى سىياسىي تەشۋىقات - تەربىيىنىڭ قورالى بولۇشتەك بېقىندىلىقتىن ئازاد قىلدى. نەتىجىدە، بىر قۇتۇپلاشقان ۋە زىيادە سىياسىي بىر گەۋدىلىكچىلىكنىڭ قۇربانى بولۇپ كەتكەن ئەدەبىيات تېما تاللاش، ئىجادى-

يەت ئۇسۇلىنى قوللىنىش قاتارلىق جەھەتلەردە ئەركىن ئىش كۆرۈش پۇرسىتىگە ئېرىشتى. ئەدەبىياتنىڭ سىياسىينىڭ بېقىندىسى ۋە جاكارچىسى بولۇشتەك تەقدىرىدىن قۇتۇلۇشقا يېشىل چىراغ يېقىلدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى كۆپ قۇتۇپلىشىش، ئەركىن ئىزدىنىش دەۋرىگە قەدەم قويدى. يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا بارلىققا كەلگەن تۈرلۈك يېڭىلىقلار، كەسكىن ئۆزگىرىشلەر ۋە شەكىل سىناقلىرى دەل مۇشۇنداق بىرقەدەر ئەركىن سىياسىي، ئىجتىمائىي ئاتموسفېرانىڭ مەھسۇلى ئىدى. ئۇيغۇر يېڭى پروزىچىلىقىمۇ مانا مۇشۇنداق ئىجتىمائىي-تارىخىي شارائىتتا ئەدەبىيات مۇنبىرىگە چىقتى.

دۇنيا ئەدەبىياتىنىڭ، جۈملىدىن غەرب مودېرنىزم ۋە پوستمودېرنىزم ئەدەبىياتىنىڭ بەدىئىي ئۇتۇقلىرى ئۇيغۇر يېڭى پروزىچىلىقىنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولدى. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش شامىلىنىڭ تۈرتكىسىدە، 20-ئەسىرنىڭ 80-يىللىرىدىن كېيىن، غەربنىڭ مودېرنىزملىق ۋە پوستمودېرنىزملىق ئەدەبىيات قاراشلىرى ھەم تۈرلۈك ئەدەبىي ئەسەرلىرى بەس-بەستە جۇڭگوغا تونۇشتۇرۇلدى. نەتىجىدە جۇڭگودا ئۇلارنى ئۆگىنىش، ئۆرنەك قىلىش قىزغىنلىقى ئەۋج ئالدى. غەرب ئەدەبىياتىدىكى يېڭىلىقلارغا قىزىققان ئۇيغۇر يازغۇچىلىرى ۋە ئەدەبىيات ھەۋەسكارلىرى خەنزۇ ئەدەبىياتىدىكى ئۆگىنىش، ئۆرنەك قىلىش ھەرىكىتىگە ئاۋاز قوشۇپ، خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان ئەدەبىي ۋە نەزەرىيىۋى ئەسەرلەر بىلەن تونۇشتى. غەرب ئەدەبىياتىنىڭ بىر ئەسىرلىك تارىخىي تەرەققىياتىغا ۋەكىللىك قىلالايدىغان مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرى جەملەنگەن، يۈەن كېيجيا قاتارلىقلار تاللاپ تۈزگەن «چەت ئەل مودېرنىزم ئەسەرلىرىدىن تاللانما» (1980-1985-يىللار) ناملىق تۆت قىسىم، سەككىز توملۇق كىتاب ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلىرىنىڭ غەرب ئەدەبىياتىنى چۈشىنىدىغان كۆزنىكىگە ئايلاندى. ئۇلار بۇ ئەسەرلەرنى ئوقۇپ، بىر تەرەپتىن غەربنىڭ مودېرنىزمچى ۋە پوستمودېرنىزمچى يازغۇچىلىرى ياراتقان يېڭىلىقلاردىن خەۋەردار بولغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆز ئەدەبىياتىنىڭ مەدەنىيەت بېكىنمىچىلىكىنىڭ كاساپىتىدىن 20-ئەسىر غەرب ئەدەبىياتى بىلەن سېلىشتۇرغۇسىز دەرىجىدە ئارقىدا قالغانلىقىنى تونۇپ يەتتى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، غەرب مودېرنىزم ۋە پوستمودېرنىزم ئەدەبىياتى بىزگە ئۆزگىلەرنىمۇ، ئۆزىمىزنىمۇ چۈشىنىش ئىمكانىيىتىنى يارىتىپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن بىر قىسىم ئۇيغۇر يازغۇچىلىرى ۋە ئەدەبىياتچى ياشلار، غەرب مودېرنىزم ۋە پوستمودېرنىزم ئەدەبىياتىنىڭ بەدىئىي ئۇتۇقلىرىنى ئۆرنەك قىلىش ئاساسىدا، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ئىزىغا سەكرەش ۋە ئۆزىدىن ھالقىيالماسلىق ھالىتىگە خاتىمە بېرىپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ قىياپىتىنى يېڭىلاشقا بەل باغلىدى. يېڭى پروزىچىلىق دەل ئاشۇنداق يېڭىلىق يارىتىش روھىغا باي قەلەمكەشلەرنىڭ 20-ئەسىر غەرب پروزىچىلىقىنىڭ تۈرتكىسىدە ئېلىپ بارغان بىر قېتىملىق دادىل پروزا سىنىقى ئىدى. دەسلەپتە مۇھەممەد باغراشنىڭ ئاڭ ئېقىمى پروزىچىلىقىنىڭ ئىپتىدائىي تەسىرىنى ۋە سېھرىي رېئالىزم ئەدەبىياتىنىڭ تەقلىدىي تەسىرىنى نامايان قىلغۇچى ھېكايە-پوۋېستىدىن باشلانغان يېڭى پروزىچىلىق زورىيىش-گۈللىنىش جەريانىدا 20-ئەسىردىكى مودېرنىزم ۋە پوستمودېرنىزم ئەدەبىي ئېقىملىرىنىڭ ھەممىسىنىڭلا دېگۈدەك تەسىرىگە ئۇچرىدى. يېڭى پروزىچىلار ئىجادىيەت جەريانىدا سىمۋولىزم، ئىپادىچىلىك، ئاڭ ئېقىمى، ھالقىما رېئالىزم، مەۋجۇدىيەتچىلىك، بىمەنىلىك، يېڭى پروزىچىلىق، قارا يۇمۇر، سېھرىي رېئالىزم قاتارلىق ئەدەبىي ئېقىملارنىڭ بەدىئىي مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇيغۇر پروزىچىلىقىنى بايان ماھارىتى، ئىپادىلەش ئۇسۇلى جەھەتتىكى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشقا تىرىشتى. ئۇلارنىڭ

www.uyghurkitap.com

بۇ جەھەتتىكى تىرىشچانلىقلىرى نەتىجىسىدە،
ئۇيغۇر پروزىچىلىقىدا نۇرغۇن سۈپەت يۈكسە-
لىشلىرى بارلىققا كەلدى. گەرچە بىر قىسىم
ياش قەلەمكەشلەر ئۆرنەك قىلىشنى تەقلىد
قىلىش دەپ چۈشىنىۋېلىپ، غەرب مودېرنىزم ۋە
پوستمودېرنىزم ئەدەبىياتىنىڭ بەدىئىي ئۇتۇقلىرى-
نى قوبۇل قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىدىيىۋى
جەھەتتىكى چەكلىمىلىكلىرىنىمۇ ئەدەبىيات-
مىزغا سۆرەپ كىرىپ، سەلبىي تەسىرلەرنى
پەيدا قىلغان بولسىمۇ، ئەمما غەرب مودېرنىزم
ۋە پوستمودېرنىزم ئەدەبىياتىنىڭ يېڭى پروزى-
چىلىقنىڭ بارلىققا كېلىشىدىكى ئىجابىي رولى-
نى ئىنكار قىلغىلى بولمايدۇ.

يېڭى پروزىچىلار 20-ئەسىردىكى غەرب مو-
دېرنىزم ۋە پوستمودېرنىزم ئەدەبىي ئەسەرلىرى-
نىڭ مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتىكى يېڭى
ئۇتۇق، يېڭى ئىزدىنىشلىرىنىڭ تەسىرىنى
قوبۇل قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە بۇ ئىككى
چوڭ ئېقىمنىڭ بارلىققا كېلىشىگە پەلسەپىۋى
ۋە پسىخولوگىيىلىك ئاساس بولغان تۈرلۈك تەلى-
ماتلارنىڭمۇ تەسىرىگە ئۇچرىدى. 1988-يىلى
«تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى «20-ئەسىر دۇنيا ئەدەبىيات-
سەنئەت ئىدىيىۋى ئېقىملىرى» سەھىپىسىنى
ئاچتى ھەمدە «فرېئودنىڭ سەنئەت قاراشلىرى
ھەققىدە قىسقىچە بايان»، «شوپېنخاۋېرنىڭ ئېس-
تېتىك ئىدىيىلىرى»، «نېتزى، سارترىنىڭ مەۋ-
جۇدىيەتچىلىك ئېستېتىكىسى» قاتارلىق ماقالى-
لەرنى ئېلان قىلىپ، ئوقۇرمەنلەرگە مودېرنىزم
ۋە پوستمودېرنىزم ئەدەبىياتىنىڭ پەلسەپىۋى ۋە
پسىخولوگىيىلىك ئاساسىنى سالغۇچىلارنىڭ
تەلىماتلىرىنى تونۇشتۇردى. بۇ ماقالىلەر فرېئود،
شوپېنخاۋېر، نېتزى، سارترىلارنىڭ تەلىماتلىرى
بىلەن تونۇشۇشنىڭ مۇقەددىمىسىنى ئاچتى. بىز
يېڭى پروزىچىلارنىڭ ئەسەرلىرىدىن فرېئودنىڭ
پسىخىك ئانالىز تەلىماتى ۋە سارترىنىڭ مەۋجۇ-
دىيەتچىلىك قاراشلىرىنىڭ تەسىرىنىڭ خېلى
چوڭقۇر ئىزنالىرىنى تاپالايمىز. قىسقىسى،
غەرب مودېرنىزم ۋە پوستمودېرنىزم ئەدەبىياتى
بىلەن ئۇنىڭغا نەزەرىيىۋى ئاساس بولغان تەلىمات-
لار يېڭى پروزىچىلارنىڭ تۈرلۈك شەكىل سىناق-
لىرى ۋە تېما ئىزدىنىشلىرىنىڭ كاتالىزاتورىغا
ئايلاندى.

يېڭى دەۋرنىڭ باشلىرىدا ئېلىمىزنىڭ
خەنزۇ ئەدەبىياتىدا باش كۆتۈرگەن مودېرنىزملىق
پروزىچىلىق ئۇيغۇر يېڭى پروزىچىلىقىنىڭ
بارلىققا كېلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى
ئوينىدى. 1979-يىلىدىن باشلاپ خەنزۇ ئەدەبىيا-
تى مۇنبىرىدە مودېرنىزملىق ئىپادىلەش ئۇسۇلى-
دا يېزىلغان پروزا ئەسەرلىرى ئوتتۇرىغا چىقتى.
رۇ جىجۈەننىڭ «خاتا قۇراشتۇرۇلغان ھېكايە»،
ۋاڭ مېڭنىڭ «تۈننىڭ كۆزى»، «باھار ساداسى»،
«دېڭىزنىڭ چۈشى»، «كېپىنەك» قاتارلىق ئەسەر-
لىرى غەرب ئاڭ ئېقىمى ئۇسۇلىنى دادىللىق
بىلەن سىناق قىلىپ يېزىلغان ئەسەرلەر ئىدى.
بۇلاردىن كېيىن ۋاڭ مېڭنىڭ «ۋىسال تاپماق
بەسى مۇشكۇل»، «تاغىل رەڭ» قاتارلىق ئەسەرلە-
رى ئېلان قىلىنىپ، 80-يىللارنىڭ باشلىرىدىكى
ئەدەبىيات مۇنبىرىدىكى قىزىق نۇقتىغا ئايلاندى.
يۇقىرىقى ئەسەرلەر خەنزۇ ئەدەبىيات مۇنبىرىدى-
كى مودېرنىزملىق پروزا ئىجادىيىتىنىڭ تەرەق-
قىياتى ئۈچۈن يول ئاچتى.

شۇنىڭدىن كېيىن، بىر تۈركۈم يازغۇچىلار
ئاڭ ئېقىمى ئىپادىلەش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ
نۇرغۇن ئەسەرلەرنى يازدى. مەسىلەن، جاڭ
شيەنلياڭنىڭ «روھ ۋە تەن»، «كۆكەرگەن دەرەخ»،
«ئەرنىڭ يېرىمى ئايال»، جاڭ جېيىنىڭ «پۇشاي-
مان»، جاڭ چېڭجىنىڭ «يېشىل كېچە»، «داۋان»،
جاڭ شىنشىننىڭ «بىز دېمەتلىكلەرنىڭ
چۈشى»، «ئوخشاش بىر ئۆپۈق سىزىقىدا» قاتار-
لىق ئەسەرلەر ھەم ئاڭ ئېقىمى ئىپادىلەش ماھارى-
تى قوللىنىلغان ھەم جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى ئېس-
تېتىك زوق ئادەتلىرىگە ئۇيغۇنلاشقان ئەسەرلەر
بولۇپ، ئۇلارنى كىشىلەر پسىخىك ھېكايىلەر
ياكى پسىخىك رېئالىزم دەپ ئاتاشتى. يۇقىرىقى-

ـلار غەرب ئاڭ ئېقىمى پروزىچىلىقىنىڭ تەسىرىـ
ـدە بارلىققا كەلگەن مودېرنىزملىق پروزا ئەسەر-
لىرى ئىدى. شۇ مەزگىللەردە يەنە زوڭ پۇنىڭ بىـ
ـمەنىلەشتۇرۇش ئۇسۇلى قولللىنىلغان ئەسىرى
«مەن كىم»، ھالقىما رېئالىزملىق ئۇسۇلدا يېزىلـ
ـغان ئەسەرلىرىدىن «ياڭاق دەرىخىنىڭ تراگېدىيىـ
ـسى»، «سازلىقتىكى ئادەم بېشى» قاتارلىقلار
ئېلان قىلىندى. بۇلاردىن باشقا يەنە سىمۋوللۇق
ئۇسۇل قوللىنىلغان ئەسەرلەردىن جاڭ چېڭجىـ
ـنىڭ «شىمالدىكى دەريالار»، دېڭ گاڭنىڭ
«جەلپكار دېڭىز» قاتارلىقلار ئېلان قىلىندى.
1985ـ 1988 ـ يىللار ئارىلىقىدا خەنزۇ ئەدەبىياتى
مۇنبىرىدىكى مودېرنىزملىق پروزا ئىجادىيىتى
يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلدى. بۇ مەزگىللەردە
مايۈەننىڭ «گاندىستىكى ئېزىش»، ليۇ سولانىڭ
«باشقا تاللىشىڭ يوق»، مو يەننىڭ «سۈزۈك
سەۋزە»، «قىزىل قوناقلىقتا»، سەن شۆنىڭ «تاغدىـ
ـكى ھۇجرا»، «سېرىق پاتقاقلىق كوچا»، سۇ
توڭنىڭ «1934 ـ يىلىدىكى قېچىش»، يۇ خۇانىڭ
«ئۇچىنچى ئاپرېلدىكى ۋەقە»، گې فېينىڭ
«جىگەر رەڭ قۇشلار» قاتارلىق ئەسەرلىرى ئېلان
قىلىندى. بۇ ئەسەرلەر خەنزۇ ئەدەبىياتى مۇنبىرىـ
ـدىكى مودېرنىزملىق پروزا ئىجادىيىتىنىڭ جانـ
ـلىنىش مەنزىرىسىنى نامايان قىلىپ بەردى. 1989 ـ
يىلىدىن كېيىن خەنزۇ ئەدەبىياتىدىكى مودېر-
نىزملىق پروزا ئىجادىيىتى پەسكويغا چۈشۈپ
قالدى. يۇقىرىدا مەن ئۇيغۇر يېڭى پروزا ئىجادىـ
ـيىتىنى 1985 ـ يىلىدىن كېيىن باشلاندى دېگەنىـ
ـدىم. بۇ خەنزۇ ئەدەبىياتىدىكى مودېرنىستىك
پروزىچىلىقنىڭ يۇقىرى دولقۇنغا چىققان ۋاقتىـ
ـغا توغرا كېلىدۇ. خەنزۇ ئەدەبىياتىدا 1979ـ 1988 ـ
يىللار ئارىلىقىدا ئېلان قىلىنغان نۇرغۇن مودېر-
نىزملىق پروزا ئەسەرلىرى ئاشۇ ۋاقىتلارنىڭ ئۆ-
زىدىلا ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ «ئەدەبىي
تەرجىمىلەر» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغاندى.
ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى يېڭى
پروزا ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ
ھەممىسىلا خەنزۇ تىلىغا پىششىق بولۇپ،
غەرب مودېرنىزم ئەدەبىياتى ئەسەرلىرى بىلەنمۇ
ئۇلار خەنزۇ تىلى ئارقىلىق تونۇشقانىدى. مۇشۇ-
نۇقتىدىن، خەنزۇ يازغۇچىلارنىڭ مودېرنىزملىق
پروزا ئىجادىيىتى ۋە بۇ جەھەتتە قولغا كەلتۈر-
گەن مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئۇيغۇر يازغۇچىلىرىنىڭ
يېڭى پروزا ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىش
قىزغىنلىقىنى ئۇرغۇتۇپ، ئۇلارنىڭ يۈرەكلىك
ھالدا يېڭىلىق يارىتىش يولىغا قەدەم تاشلىشىغا
تۈرتكىلىك رول ئوينىغان ئامىللارنىڭ بىرى دې-
يىشكە بولىدۇ.

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئۆز تەرەققىيات ئېھتىـ
ـياجى ۋە تاشقى تەسىرگە مايىللىقى يېڭى
پروزىچىلىقىنىڭ بارلىققا كېلىشىدە تۈرتكىلىك
رول ئوينىدى. ھەممىمىزگە مەلۇم بولغىنىدەك،
ئۇيغۇر ئەدەبىياتى 1949 ـ يىلىدىن كېيىن يېڭى
تەرەققىيات پۇرسەتلىرىگە ئېرىشكەن بولسىمۇ،
بىراق ئۇزاققا بارمايلا ئەركىن تەرەققىيات پۇرسىـ
ـتىدىن مەھرۇم قالدى. سىياسىي ئىدېئولوگىيىـ
ـنىڭ ئەدەبىياتنى پۈتۈنلەي ئۆز ئىلكىگە ئېلىۋېـ
ـلىشى، ئەدەبىياتتىن ۋاقىتلىق سىياسىي ۋەزىپىـ
ـلەر ۋە ھەرىكەتلەر، سىنىپىي كۈرەشلەر ئۈچۈن
خىزمەت قىلىشنى كۈچەپ تەلەپ قىلىشى تۈپەيـ
ـلىدىن، پۈتكۈل جۇڭگو ئەدەبىياتىغا ئوخشاشلا،
ئۇيغۇر ئەدەبىياتىمۇ مۇستەقىللىقىنى يوقىتىپ
قويدى. كېيىنچە ئەدەبىياتقا بەلگىلەپ بېرىلگەن
تېما، پېرسوناژ، باش تېما ۋە ئىجادىيەت ئۇسۇلى
قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئۆلۈك قېلىپلار ۋە بەلگىـ
ـلىمىلەر يازغۇچىلارنىڭ پۇت-قوللىرىنى
چۈشەپ، مۇستەقىل ئىجاد قىلىش ئېڭىنى
بوغۇپ، ئەدەبىي ئىجادىيەتنى تۇيۇق يولغا باشلىـ
ـدى. شۇنداق قىلىپ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا مەزمۇنىـ
ـدىن تارتىپ شەكلىگىچە پۈتۈنلەي قېلىپلاشقان
ئەسەرلەر يامراپ كەتتى. شوئار، چاقىرىق ۋە مەدـ
ـھىيىلەرگە تولغان تەشۋىقات ئەدەبىياتى بىر مەز-
گىللىك سىياسىي ھەرىكەت مەستانىلىقىنىڭ
مەھسۇلى سۈپىتىدە خېلى ئۇزاق دەۋر سۈرگەن

www.uyghurkitap.com

ـدىن كېيىن، ئۇنىڭ ئورنىنى سۆكۈش، ئەيىبلەش ۋە شىكايەت بىلەن تولغان پاش قىلىش ئەدەبىياتى ئىگىلىدى. قىزىق يېرى شۇ بولدىكى، «ئىدىيە رەھبەردىن، تېما خەلقتىن، ماھارەت يازغۇچىدىن بولغان» بۇنداق ئەدەبىياتنىڭ مەزمۇنى ئۆزگىرىشچان، ئەمما شەكلى تامامەن تۇراقلىق ئىدى. ناھايىتى ئۇزاق بىر مەزگىل ئومۇملاشتۇرۇش باسقۇچىدا تۇرغان ئەدەبىيات يازغۇچىلارغا بەدىئىي ماھارەتلىرىنى ئۆستۈرۈش تەلىپىنى قويمايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، سىياسىي ئىدېئولوگىيە بەلگىلەپ بەرگەن يەككە ئىجادىيەت ئۇسۇلىمۇ يازغۇچىلارنىڭ بەدىئىي ماھارەت ۋە ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى ئۈستىدىكى ئىزدىنىشلىرىنى چەكلەيتتى. بىر پۈتۈن جۇڭگو ئەدەبىياتىنىڭ تەركىبىي قىسمى بولغان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىمۇ پۈتكۈل جۇڭگو ئەدەبىياتىغا ئوخشاشلا 30 يىلدەك بىكىنمە ھالەتتە تۇردى. بۇ ھال ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ چەت ئەل ئەدەبىياتى بىلەن بولغان ئالاقىسىنى پۈتۈنلەي ئۈزۈپ تاشلىدى. نەتىجىدە ئۇيغۇر ئەدەبىياتى قۇدۇقتىكى پاقىغا ئوخشاش جاھان ئەدەبىياتىدىكى ئۆزگىرىشلەردىن تامامەن خەۋەرسىز قالدى. ئىلمىزدە ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشنىڭ يولغا قويۇلۇشى ۋە ئىدىيىنى ئازاد قىلىش ھەرىكىتىنىڭ قانات يايدۇرۇلۇشىغا ئەگەشىپ، چەت ئەل، جۈملىدىن غەرب ئەدەبىياتىنىڭ 20-ئەسىردىكى ئىجادىيەت ئۇتۇقلىرى ئىلىمىزگە تونۇشتۇرۇلدى. رەڭدار ۋە كۆپ قۇتۇپلۇق دۇنيا ئەدەبىياتى ئۇيغۇر يازغۇچىلىرىنى ئۆز ئەچىگە ئالغان ئىلىمىز ئەدەبىيلىرىگە ئىنتايىن يېڭى بىلىندى. نەتىجىدە، ئىجادىيەتتە يېڭىلىق يارىتىپ، ئەدەبىياتنى رەڭدارلاشتۇرۇش ۋە كۆپ قۇتۇپلاشتۇرۇش يازغۇچىلارنىڭ ئاڭلىق نىشانىغا ئايلاندى. ئىلمىز ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە كىشىلەرنىڭ ماددىي تۇرمۇش سەۋىيەسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى نەتىجىسىدە، كىشىلەرنىڭ ئېستېتىك تەلەپلىرىمۇ كۆپ خىللاشتى. كىشىلەر ئەدەبىياتتىن تەربىيىۋى رولىغا ۋە بىلىش رولىغا ئىگە بولۇشتىن سىرت يەنە ئېستېتىك زوقلاندۇرۇش رولىغا ئىگە بولۇشى، ئۆزلىرىنىڭ كۆپ خىل ئېستېتىك ئېھتىياجلىرىنى قاندۇرۇشنى تەلەپ قىلىشتى. بۇ ھال ئەدەبىياتنىڭ كۆپ قۇتۇپلىشىشىنى، رەڭدارلىشىشىنى تەخىرسىزلەشتۈردى. يېڭى پروزىچىلىقمۇ كۆپ خىل ئېستېتىك ئېھتىياجنى قاندۇرۇش تەلىپىنىڭ تۈرتكىسىدە ئېلىپ بېرىلغان ئىزدىنىشلەرنىڭ مەھسۇلى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقتى.

ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئەزەلدىن ئوچۇق ئەدەبىيات بولۇپ، باشقا مىللەتلەر ئەدەبىياتىنىڭ تەسىرىنى ئاسان قوبۇل قىلىش، ئۇلاردىكى پايدىلىق تەركىبلەرنى ئۈلگە-ئۆرنەك قىلىشتىن ئىبارەت تاشقى تەسىرگە مايىل بولۇشتەك ئەنئەنىگە ئىگە. ئۇيغۇرلار بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغان مەزگىللەردىلا ھىندى ئەدەبىياتىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلغان. «مايترى سىمىت»، «چاستانى ئېلىك بەگ»، «ئىككى تېكىننىڭ ھېكايىسى»، «ئالتۇن يارۇق» قاتارلىق ئەسەرلەر قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغاندىن كېيىن، ئەينى چاغدىكى ئۇيغۇر بايان ئەدەبىياتى ۋە تىياتىر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىغا زور تەسىرلەرنى كۆرسەتكەن. «قۇتادغۇبىلىك» ئەرەب-پارس ئەدەبىياتى ۋە فولكلورى تەركىبلىرىنى ھەمدە قېرىنداش تۈركىي مىللەتلەر فولكلورى تەركىبلىرىنى ئۆزىگە سىڭدۈرگەن. 12-ئەسىردىن كېيىن بارلىققا كەلگەن ۋە تەدرىجىي ھالدا ئىسلام ئەدەبىياتى، پارس ئەدەبىياتى ھەمدە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي تىللىق مىللەتلەر ئەدەبىياتىغا زور تەسىر كۆرسەتكەن ئالاھىدە ئەدەبىيات ھادىسىسى «خەمسىچىلىك» مۇ ئەلىشىر نەۋايى دەۋرىدىن باشلاپ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن. نەۋايى «خەمسە»سىنى پارس-ئەزەربەيجان كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ مەشھۇر نامايەندىسى نىزامى گەنجىۋى، ھىندىستان شائىرى خىسراۋ دېھلىۋى، پارس-تاجىك كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ مەشھۇر ۋەكى

لى ئابدۇراخمان جامى قاتارلىق «خەمسە» پىرلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدىن مول ئوزۇقلارنى قوبۇل قىلىش ئاساسىدا يېزىپ چىققان. نەۋايىدىن تاكى تەجەللىگىچە بولغان شائىرلارنىڭ ھەممىسى شېئىر ئىجادىيىتىدە ئەرەب ـ پارس تەسەۋۋۇپ شېئىرىيىتىنىڭ تەسىرىگە چوڭقۇر ئۇچرىغان. ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىدا سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئەدەبىياتىنىڭ، جۈملىدىن شېئىرىيىتى ۋە پروزىسىنىڭ تەسىرى گەۋدىلىك بولدى (بۇ خىل تەسىر تاكى جۇڭگو ـ سوۋېت دوستلۇقى ئۈزۈلگىچە داۋاملاشتى). 1950 ـ يىللاردىن كېيىن، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئېلىمىز خەنزۇ ئەدەبىياتى بىلەن بولغان ئالاقىسى ئىنتايىن زىچ بولدى. خەنزۇ بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتى تېما يۈزلىنىشى، بەدىئىي ماھارەت يېڭىلاش ۋە ئىجادىيەت ئۇسۇلىنى تاللاش ـ ئۆزگەرتىش قاتارلىق جەھەتلەردە ئۇيغۇر يازغۇچىلىرىغا نىسبەتەن ئەينەكلىك ۋە ئۆرنەكلىك رولىنى ئوينىدى. ئومۇمەن ئېيتقاندا، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئۆزىنىڭ ئۇزاق ئەسىرلىك تارىخىي تەرەققىياتى جەريانىدا، شەرق ئەدەبىياتى، ئەرەب، پارس، ھىندى ئەدەبىياتى، قېرىنداش تۈركىي مىللەتلەر ئەدەبىياتى ۋە خەنزۇ ئەدەبىياتى بىلەن زىچ ئالاقىدا بولغان. ئۇلاردىن نۇرغۇن ئوزۇقلارنى قوبۇل قىلىپ ئۆزىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ۋە بەدىئىي تەسىرچانلىقىنى ئاشۇرغان. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تاشقى تەسىرنى رەت قىلماسلىق، باشقىلارنىڭ ئەدەبىياتىدىن تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۆگىنىشتەك تاشقى تەسىرگە مايىللىق ئەنئەنىسى، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن كېيىنكى مەدەنىيەت، ئەدەبىيات ئالماشتۇرۇش دولقۇنىدا، ئۇيغۇر يازغۇچىلىرىنىڭ 20 ـ ئەسىر غەرب ئەدەبىياتىنى ئۆگىنىش ۋە ئۆرنەك قىلىش ئوبيېكتى قىلىپ تاللىشىنى بەلگىلىگەن. ناۋادا ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى تاشقى تەسىرگە مايىللىق ئەنئەنىسى بولمىغان بولسا، ئېلىمىزدىكى غەرب مودېرنىزم ۋە پوستمودېرنىزم ئەدەبىياتىدىن ئۆگىنىش دولقۇنىنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئۇنداق چوڭ ئەكس سادا پەيدا قىلالىشى ناتايىن ئىدى. چۈنكى بىر مىللەت ئەدەبىياتىدا يېڭى ئەدەبىيات ھادىسىلىرى ۋە ئېقىملىرىنىڭ بارلىققا كېلىشىدە بىر مىللەتنىڭ باشقا مىللەتلەر ئەدەبىياتىدىن ئۆگىنىشىدە ئىچكى ئامىل ھامان ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ.


يېڭى پروزىچىلىقنىڭ بارلىققا كېلىشىدىكى ئىجتىمائىي ـ تارىخىي شارائىت ۋە مەدەنىيەت كونتېكستى ھەققىدە سۆزلىگەندە، يېڭى پروزىچىلىقتىن سەل بالدۇراق باش كۆتۈرگەن ئاتالمىش «گۇڭگا شېئىرىيەت» ھادىسىسىنىڭ ئىجابىي تەسىرى ۋە تۈرتكىلىك رولىنى كۆرمەسكە سېلىشقا بولمايدۇ. 1985 ـ يىلى، بىر تۈركۈم ياش شائىرلارنىڭ ئىزدىنىش، يېڭىلىق يارىتىش روھى بىلەن تولغان، ئەينى چاغدىكى شېئىرىيەت مۇنبىرىنى قاپلاپ كەتكەن شېئىرلاردىن تۈپتىن پەرقلىنىدىغان شېئىرلىرى ئېلان قىلىندى. مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتە ئۆزگىچىلىككە ئىگە بولغان بۇ شېئىرلارنىڭ غەرب مودېرنىزملىق شېئىرىيىتىنىڭ تەسىرىدە بارلىققا كەلگەنلىكى ئېنىق ئىدى. بۇ شېئىرلارنىڭ بارلىققا كېلىشىنى يەنە 80 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا ئېلىمىزدە باش كۆتۈرگەن «مودېرنىزم»لىق شېئىرىيەت ھەرىكىتى بولغان «گۇڭگا شېئىرىيەت»نىڭ تۈرتكىلىك رولىدىنمۇ ئايرىپ قارىغىلى بولمايتتى. ياش شائىرلارنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقى نەتىجىسىدە، بۇ شېئىرلار ئارقا ـ ئارقىدىن ئېلان قىلىنىپ بىر مەيدان كەسكىن بەس ـ مۇنازىرىگە سەۋەب بولدى ھەمدە جەمئىيەتتە زور زىلزىلە قوزغىدى. «مودېرنىستىك شېئىرلار» ياكى «گۇڭگا شېئىرىيەت» دەپ ئاتالغان بۇ شېئىرلار توغرىسىدىكى مۇنازىرىلەر شېئىرىيەت ئەنئەنىسىگە، غەرب مودېرنىزم ئەدەبىياتىغا قانداق مۇناسىۋەتتە بولۇش كېرەك، ۋارىسلىق قىلىش بىلەن ئىجاد قىلىشنىڭ مۇناسىۋىتىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش لازىم، شېئىر ئوقۇرمەنىنىڭ زوقلىنىش سەۋىيىسىگە ئۆلۈك ھالدا ماسلىشىشى كې-

www.uyghurkitap.com

رەكمۇ ياكى زوقلىنىش سەۋىيىسىنى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈشى كېرەكمۇ، قاتمال شېئىرىيەت قاراشلىرىنى ئۆزگەرتىش كېرەكمۇ ياكى شېئىرنى يەنىلا شۇ قاتمال قاراشلارغا بويسۇندۇرۇشى كېرەكمۇ؟... دېگەندەك مەسىلىلەرنى چۆرىدەپ بىر مەھەل داۋاملاشتى. بۇ جەرياندا نۇرغۇن مەسىلىلەر ئايدىڭلاشتى. كىشىلەر ئەنئەنىگە قارىغۇلارچە چوقۇنۇش ۋە جاھىللارچە يېپىشىۋېلىشنىڭ، ئوقۇرمەنلەرنىڭ زوقلىنىش سەۋىيىسىنى دەستەك قىلىۋېلىپ بىر ئىزدا توختاپ قېلىشنىڭ، دۇنيا ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ يېڭى يۈزلىنىشلىرىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان غەرب مودېرنىزم ئەدەبىياتىغا ئىنكارنىي پوزىتسىيە تۇتۇشنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى يېڭى تەرەققىيات پەللىسىگە كۆتۈرۈشكە زىيانلىق ئىكەنلىكىنى دەسلەپكى قەدەمدە تونۇپ يەتتى. «گۇڭگا شېئىرلار» ئەينى چاغدا ئۆلۈك رامكىلارنى بۇزۇپ تاشلاشنىڭ، قاتمال شېئىرىيەت چۈشەنچىلىرىنى تەرك ئېتىشنىڭ، دادىللىق بىلەن يېڭىلىق يارىتىشنىڭ زەپەر مارشىنى تۈنجى بولۇپ ياڭرىتىپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ بىر قۇتۇپلاشقان، بىكىنمە ھالىتىنى بۇزۇپ تاشلاپ، يېپيېڭى بىر شېئىرىيەت دولقۇنىنى روياپقا چىقاردى. ئۇلارنىڭ ئىزدىنىش، ئىجاد قىلىش روھى يېڭىلىقپەرۋەر ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى. ئۇلار پىكىر يالىڭاچلىقى بىلەن تولغان ئەنئەنىۋى شېئىرلاردىن ئاسمان - زېمىن پەرقلىنىدىغان «گۇڭگا»، «تۇتۇق»، «چۈشىنىكسىز» شېئىرلىرى بىلەن ئىخلاسمەن ئوقۇرمەنلەرنىڭ زوقلىنىش پسىخىكىسىغا تەسىر كۆرسىتىپ، ئۇلارنىڭ زوقلىنىش ئادەتلىرىنى ئۆزگەرتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، «گۇڭگاچىلار» ئەدەبىياتچىلارغا رېئالىزمنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ بىردىنبىر يولى ئەمەسلىكىنى تونۇتۇپ، دادىللىق بىلەن يېڭىلىق يارىتىشنىڭ مۇمكىنلىكىنى ۋە زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلدۇردى. مېنىڭچە، «گۇڭگا شېئىرىيەت» ھەرىكىتىنىڭ يېڭى پروزىچىلىقتا كۆرسەتكەن ئىجابىي تەسىرىنى تۆۋەندىكىلەرگە يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ: بىرىنچىدىن، ئۇ يېڭى پروزىچىلارغا ئىلھام - مەدەت بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئىزدىنىش، يېڭىلىق يارىتىش روھىنى ئۇرغۇتتى ۋە دادىل ھالدا ئىجاد قىلىشىغا تۈرتكە بولدى؛ ئىككىنچىدىن، گۇڭگاچىلار ئۆز ئەسەرلىرى ئارقىلىق تۈرلۈك كونا رامكىلارنى پاچاقلاپ تاشلاشقا، قاتمال ئەنئەنە توسۇقلىرىدىن بۆسۈپ ئۆتۈشكە، ئۆرنەك قىلىش بىلەن ئىجادچانلىقنى بىرلەشتۈرۈشكە جۈرئەت قىلغاندىلا ئۇتۇق قازانغىلى بولىدىغانلىقنى ئىسپاتلىدى. نەتىجىدە، يېڭى پروزىچىلارنىڭ ئىشەنچلىك ھالدا بەدىئىي سىناققا كىرىشىشىگە ۋە يۈرەكلىك ھالدا ئۆرنەك قىلىش يولىنى تۇتۇشىغا زېمىن ھازىرلاندى؛ ئۈچىنچىدىن، ئەنئەنىنى دەستەك قىلىۋېلىپ يېڭى ئىجادىيەت ھادىسىلىرىگە قارشى تۇرغۇچىلارنىڭ قارشىلىقلىرىنى مەلۇم دەرىجىدە پەسەيتىپ ۋە پوزىتسىيىسىنى يۇمشىتىپ، ئۇلارنى يېڭى بەدىئىي سىناقلارغا دەسلەپكى قەدەمدە كۆندۈردى ھەمدە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن يېڭىچە بەدىئىي سىناقلارنىڭ تولىمۇ زۆرۈر ئىكەنلىكىنى ئۇلارغا تونۇتتى. نەتىجىدە، يېڭى پروزىچىلارنىڭ ھەر خىل بەدىئىي سىناقلىرىغا ۋە ئىزدىنىشلىرىگە يېشىل چىراغ يېقىلدى؛ تۆتىنچىدىن، «گۇڭگا شېئىرىيەت»نىڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ زوقلىنىش پسىخىكىسىغا كۆرسەتكەن ئاكتىپ تەسىرى نەتىجىسىدە، ناھايىتى تېزلا يېڭى پروزا ئەسەرلىرىدىن زوقلىنالايدىغان ئوقۇرمەنلەر توپى بارلىققا كەلدى.

(ئاپتور شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا)

مۇھەررىر **مۇختار تۇردى**



ئامانگۈل ئىمىن، مۇنىرىدىن شەمشىدىن

# «ئىزدىنىش» ۋە «زامانىمىزنىڭ قەھرىمانى» ھەققىدە سېلىشتۇرما تەھلىل

«ئىزدىنىش» رومانى ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان پروزىچىلىقىدا ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب ياراتقان ئاتاقلىق يازغۇچى زوردۇن سابىرنىڭ ۋەكىللىك ئەسەرلىرىدىن بىرى. زوردۇن سابىر ۋە ئۇنىڭ ئىجادىيەتلىرى ھەققىدە ھازىرغا قەدەر خېلى كۆپ تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىلغان بولۇپ، بۇ تەتقىقاتلاردا بىردەك ھالدا: ««ئىزدىنىش» رومانى يېڭى دەۋردىكى ئۇيغۇر رومانچىلىقىنىڭ شەكىللىنىش باسقۇچىدا مەيدانغا چىققان مۇنەۋۋەر رومان، شۇنداقلا ئەدىبنىڭ ئىجادىيەت ھاياتىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئەسەر» دەپ باھا بېرىلگەن.

دېمىسىمۇ، بىز «ئىزدىنىش» رومانىنى ھازىرقى دەۋر شارائىتىدا ئوقۇساقمۇ، ئۇنىڭدىن نۇرغۇن تەسىراتلارغا ۋە مول ئۇچۇرلارغا ئىگە بولىمىز، قايناق ھېس-ھاياجانغا چۆمىمىز ۋە ئەينى دەۋردىكى ئەلاغا ئوخشاش ئوت يۈرەك زىيالىيلارنىڭ ئىلىم-پەنگە، ھاياتقا بولغان ئىنتىلىشلىرىدىن، ئۆزگىچە قاراشلىرىدىن بەھرە ۋە ئۆرنەك ئالالايمىز. ئەمما زوردۇن سابىر ئىجادىيىتىدىكى تەتقىقاتلاردا، بولۇپمۇ «ئىزدىنىش» رومانى ھەققىدە يېزىلغان ماقالىلەردە، ئەدىبنىڭ مەشھۇر رۇس يازغۇچىسى لېرمونتوفنىڭ «زامانىمىزنىڭ قەھرىمانى» رومانى بىلەن مۇئەييەن باغلىنىشلىرى بارلىقى تىلغا ئېلىنىپ باققان ئەمەس، شۇ ۋەجىدىن بىز بۇ ماقالىمىزدە مۇشۇ مەسىلىنى چۆرىدەپ، زوردۇن سابىرنىڭ ئىجادىيەت ھاياتى ۋە «ئىزدىنىش» رومانىنىڭ ئۆزىدىكى ئالاقىدار ئۇچۇرلار ئاساسىدا «ئىزدىنىش» رومانى ۋە «زامانىمىزنىڭ قەھرىمانى» رومانىنى سېلىشتۇرما ئەدەبىيات نۇقتىسىدىن تەھلىل قىلىپ بېقىشنى لايىق تاپتۇق.

سېلىشتۇرما ئەدەبىيات 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرى ياۋروپادا بارلىققا كەلگەن، 20-ئەسىرنىڭ باشلىرى جانلانغان ئەدەبىيات تەتقىقاتىنىڭ بىر تارمىقى، ئۇ ئىككى خىل مىللەت (دۆلەت) ئەدەبىياتى ئوتتۇرىسىدىكى تەسىر كۆرسىتىش جەريانىنى، ئەدەبىيات بىلەن باشقا ئاڭ فورمىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىدىغان پەن. سېلىشتۇرما ئەدەبىياتتا ئاساسلىقى تەسىر تەتقىقاتى، پاراللېل تەتقىقات، شەرھ تەتقىقاتى، قوبۇل قىلىش تەتقىقاتى قاتارلىق تەتقىقات ئۇسۇللىرى قوللىنىلىدىغان بولۇپ، بىز بۇ ماقالىمىزدە تەسىر تەتقىقاتى ئۇسۇلىنى قوللىنىمىز.

تەسىر تەتقىقاتى ئوخشاش بولمىغان

www.uyghurkitap.com

مىللەت يازغۇچىلىرى ياكى ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا مۇناسىۋەتلەرنى تەتقىق قىلىدۇ. مەيلى تەسىرنىڭ قوبۇل قىلىنىشى ياكى تەسىرنىڭ بېرىلىش نۇقتىسىدىن چىققايلى، بىز باشقا مىللەت يازغۇچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ ئۆزگەرتىپ تۈزۈش ۋە ياكى تەقلىد قىلىش ئەھۋاللىرىنى تەتقىق قىلساق بولىدۇ. ئۆزگەرتىپ تۈزۈش، باشقا دۆلەتتىكى ئەسلىي ئەسەرنىڭ شۇ دۆلەتنىڭ ئەھۋالى، ئوقۇرمەنلەرنىڭ قوبۇل قىلىش ئادىتىگە ماسلاشتۇرۇش ئۈچۈن بولۇپ، ئۇنىڭدا مۇقەررەر ھالدا ئۆزگەرتىپ تۈزگۈچىنىڭ ئىجادىي ئەمگىكى بولىدۇ.

ئەسەرنىڭ ئۆزىدىكى ئۇچۇرلار ھەققىدە:

«ئىزدىنىش» رومانى ئۇيغۇرلارنىڭ ئازادلىقتىن كېيىنكى تۇنجى ئەۋلاد زىيالىيلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىنى ئاساسىي تېما قىلىپ، ئاشۇ دەۋر ئېھتىياجلىق بولۇۋاتقان ۋە مەيدانغا چىققان ئەلادىن ئىبارەت «يېڭى زامان قەھرىمانى»نىڭ ئوبرازىنى يارىتىپ، نەچچە مىڭلىغان ئوقۇرمەننىڭ قەلبىدە بۈيۈك ئابىدە تىكلەشكە مەنبە بولغان ياخشى ئەسەر. ئەسەرنىڭ ئۆزىدە لېرمونتوف ۋە ئۇنىڭ «زامانىمىزنىڭ قەھرىمانى» رومانىدىكى باش پېرسوناژ پېچورىنغا ئائىت تۆۋەندىكى پارچىلار ئۇچرايدۇ:

رەقىبىنىڭ ئەلاغا دېگەن سۆزى: «— تۇفى! ساڭا ئوخشاشلارنىڭ چىرايى، ناخشا، شېئىر، بىلىم دېگەنلىرى مېنىڭ پۇلۇمنىڭ بازىرىنى ئۆلتۈرۈۋاتامدۇ؟ ئەينەككە قارىغىنا، سېنىڭ قېشىڭ قاش ئەمەس، قىزنىڭ يۈرىكىگە تېگىدىغان ئوق، سېنىڭ بۇرنۇڭچۇ؟ لېرمونتوف كۆرگەن بولسا پېچورىننىڭ بۇرنىنى سېنىڭكىگە ئوخشاتقان بولاتتى.»

ئەلانىڭ رازىيە توغرۇلۇق ھاشىرغا ئېيتقانلىرى: «خاتالىشىسەن، ئۇ پۇشكىنچە ئادەم ئەمەس، لېرمونتوفچە ئادەم، ھەرگىز خاتا قىلدىم دېمەيدۇ.»

ساۋۇتوفنىڭ ئەلا توغرۇلۇق رازىيەنىڭ دادىسى ئۆمەر ئەپەندىگە ئېيتقانلىرى: «— تازا مېۋە بېرىدىغان ۋاقتى ئىدى، رۇس يازغۇچىسى گوگول، لېرمونتوفلارمۇ ناھايىتى ياشلا تونۇلغان، شولوخوفمۇ «تىنچ دون»نى ئوتتۇزغا كىرمەي تۇرۇپ يازغان. شارائىت يار بەرسە، بىزنىڭ ئەلا ئاشۇنداق زور تالانت ئىگىسى ئىدى. ھەي، ئىسىت!»

يۇقىرىقى ئۇچۇرلار ئاساسىدا دەسلەپكى قەدەمدە شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، يازغۇچى زوردۇن سابىر ئۆز ئىجادىيىتىدە لېرمونتوف ۋە ئۇنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن تونۇشقان، شۇنداقلا ئۇنىڭ مۇئەييەن تەسىرىگە ئۇچرىغان. ئەگەر سەل ئىچكىرىلەپ پسىخولوگىيىلىك تەھلىل ئۇسۇلىدىن پايدىلانساق، ئەدىبنىڭ «... ئۇ پۇشكىنچە ئادەم ئەمەس، لېرمونتوفچە ئادەم...»، «لېرمونتوف كۆرگەن بولسا پېچورىننىڭ بۇرنىنى سېنىڭكىگە ئوخشاتقان بولاتتى...» دېگەن بايانلىرىدىن ئۇنىڭ لېرمونتوفنىڭ ئىجادىيەت خاسلىقى، مىجەز خاراكتېرى، ئوبراز يارىتىش ئۇسۇللىرى ھەققىدە مۇئەييەن ئۇچۇرغا ئىگە ئىكەنلىكى ۋە بۇ ھەقتە ئىزدىنىش ئېلىپ بېرىپ، مەلۇم چۈشەنچە ھاسىل قىلغانلىقىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ.

بىز يەنە «ئىزدىنىش» رومانى ۋە «زامانىمىزنىڭ قەھرىمانى» دېگەن ئىككى ئەسەرنىڭ قۇرۇلما شەكلى، سۇژىتى، يارىتىلغان ئوبرازلارنىڭ خاراكتېر خاسلىقى نۇقتىلىرىدىن سېلىشتۇرۇپ تېخىمۇ كۆپ ئوخشاشلىق ۋە بۇ ھەقتىكى دەلىللەرنى قېزىپ چىقالايمىز. شۇڭا ئالدى بىلەن ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشقا تېگىشلىكى شۇكى، زوردۇن سابىر ئەسىرىدە تىلغا ئالغان لېرمونتوف ۋە پېچورىن زادى كىملەر؟

لېرمونتوف — رۇسىيىنىڭ مەشھۇر شائىرى ۋە يازغۇچىسى بولۇپ، كۆپلىگەن بۈيۈك ئەدىبلەر ئۇنى «پۇشكىننىڭ ۋارىسى، ئۇلۇغ شائىر» دەپ تەرىپلەشكەن. لېرمونتوف ئۆز ئەسەرلىرىدە ئەينى دەۋردىكى رۇسىيە جەمئىيىتىنىڭ كارتىنى-

سى ۋە رۇسىيە خەلقىنىڭ تۇرمۇشىنى چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۇرگەن بولۇپ، مەشھۇر ئەدىب گوگول لېرمونتوف ۋاپاتى مۇناسىۋىتى بىلەن يازغان بايانلىرىدا، ئۇنى «رۇس ھاياتىنى توغرا تەسۋىرلەپ بېرىدىغان ئۇلۇغ رەسسام» دەپ ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئالغان.

پېچورىن بولسا لېرمونتوفنىڭ «زامانىمىزنىڭ قەھرىمانى» ناملىق رومانىنىڭ باش پېرسوناژى، شۇ زامان قەھرىمانىنىڭ ئوبرازى. لېرمونتوف ئۆزىنىڭ بۇ رومانىدا پېتېربۇرگدىن كاۋكازغا ئوفىتسېرلىك خىزمىتىگە تەيىنلىنىپ ماڭغان ياش گۋاردىيە ئوفىتسېرى پېچورىننىڭ ئاددىي، ئەمما رەڭگارەڭ سەرگۈزەشتىلەرگە باي بولغان ھاياتىنى تەسۋىرلەپ، ئەينى دەۋر رۇس جەمئىيىتىدىكى ياشلارنىڭ ئىنتىلىش نىشانى، ھاياتقا تۇتقان پوزىتسىيىسى قاتارلىقلارنى ئىپادە قىلغان. لېرمونتوفنىڭ «زامانىمىزنىڭ قەھرىمانى» ناملىق بۇ رومانى چىن ۋە گۈزەل تەسۋىرلەر، ھەقىقىي تۇرمۇش كارتىنىلىرى، شۇنداقلا ئەدىبنىڭ مەسئۇلىيەت ۋە مۇھەببەت بىلەن تولغان قەلىمى ئاستىدا، ئەينى دەۋر رۇس جەمئىيىتىنى زىلزىلىگە كەلتۈرگۈدەك زور تەسىرلەرنى پەيدا قىلىپ قىزغىن ئالقىش ۋە ناھايىتى يۇقىرى باھالارغا ئېرىشكەن.

ئەمدى بىز بۇ ئىككى ئەسەردىكى ئوبرازلار ئۈستىدە سېلىشتۇرما تەھلىل ئېلىپ بارساق تۆۋەندىكىدەك ئورتاقلىقلارنى بايقايمىز:

1) ئىككىلا ئەسەردىكى باش پېرسوناژ پېچورىن ۋە ئەلانىڭ ۋۇجۇدىدىكى ھاياتقا بولغان كۈچلۈك ئىنتىلىش بىلەن ئۇلار ياشاۋاتقان رېئال تۇرمۇش ئوتتۇرىسىدا چوڭ بىر ھاڭ بار بولۇپ، ھەر ئىككىلىسى بۇنى ھېس قىلىدۇ. شۇنداق بولغاچقا ئۇلارنىڭ ھېسسىياتى دائىم زىددىيەت ۋە كۈرەش بىلەن تولغان بولىدۇ.

2) ئىككىلا ئەسەردىكى باش پېرسوناژ پېچورىن ۋە ئەلا دائىم ئۆز-ئۆزىدىن «مەن نېمە ئۈچۈن ياشىدىم؟ قانداق مەقسەت ئۈچۈن تۇغۇلغانمەن؟ بۈگۈن نېمە ئىش قىلدىم؟» دېگەن سوئاللارنى سورايدۇ ۋە ئۆزلىرىنى پات-پات يوشۇرۇن تەنقىد قىلىپ تۇرىدۇ.

3) ھەر ئىككىلا ئەسەردىكى باش پېرسوناژلارنىڭ ئىچكى ھېسسىياتى ئىنتايىن مۇرەككەپ بولۇپ، ئىككىلا ئاپتور دۇنيادا ئىنساننىڭ ھېسسىياتىدىنمۇ سىرلىق، قېلىپسىز، چىگىش ۋە پىسخىك ھادىسە بولمايدىغانلىقىنى، بۇ خىل پىسخىك ھادىسىنى چىنلىق بىلەن يورۇتۇپ بېرەلىگەندە ئوقۇرمەنلەرنىڭ قەلبىدە كۈچلۈك تەۋرىنىش ھاسىل قىلغىلى بولمايدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەن. شۇڭا ئۆز ئىجادىيەتلىرى جەريانىدا، پېرسوناژلىرىنىڭ ھېسسىيات دۇنياسىغا دادىللىق بىلەن چوڭقۇرلاپ كىرىپ ئوقۇرمەنلەرنى بۇ تىلسىمات دۇنياسى بىلەن ئوچۇقلۇق ئۇچراشتۇرغان.

4) ئەسەردىكى پېرسوناژلار بىلەن رېئال تۇرمۇشنىڭ مۇناسىۋىتىدە، ئىككىلا يازغۇچى ئۆز پېرسوناژلىرىنى شۇ مۇھىت ۋە شۇ زېمىندا ياشاۋاتقان ئاددىي ئادەملەر ئىكەنلىكىنى چىنلىق بىلەن يورۇتۇپ بەرگەن، پېرسوناژلار ئىلاھلاشتۇرۇلمىغان. ئۇلارنىڭ ئادەتتىكى كىشىلەرگە ئوخشاش ئادىمىي خۇسۇسىيەتلىرى، ھېسسىيات دولقۇنلىرى، غەم-قايغۇلىرى، ئارىسالدىلىقلىرى، ھەتتا نۇقسانلىرى چىنلىق بىلەن تەسۋىرلەنگەن.

5) ھەر ئىككىلا ئەسەردىكى ئاساسىي ئايال پېرسوناژلار ئىنتايىن گۈزەل بولۇپ بۇلار دەسلەپتە پېچورىن بىلەن ئەلاغا ناھايىتى ئۆچمەنلىك بىلەن قارايدۇ، لېكىن ئاخىرىدا ئۇلارنى چىن كۆڭلىدىن ياخشى كۆرۈپ قالىدۇ.

6) ھەر ئىككىلا ئەسەردىكى ئاساسىي ئايال پېرسوناژلار بىلەن پېچورىن ۋە ئەلا ئۆزئارا ياخشى كۆرۈشۈشىدۇ، پېچورىن ۋە ئەلانىڭ يېقىن دوستلىرىمۇ ئاشۇ ئايال پېرسوناژلارنى ياخشى كۆرۈپ قالىدۇ، مۇشۇ سەۋەبلىك پېچورىن ۋە ئەلانىڭ تۇرمۇشى تېخىمۇ زىددىيەتكە

تولغان بولىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا ئىككىلا ئەسەردىكى ئوبرازلار تىپىك شارائىتتىكى تىپىكلەشتۈرۈلگەن ئوبرازلار بولۇپ بۇ ھەقتە مۇنداق ئورتاقلىقلار بار:

گەرچە لېرمونتوفنىڭ قەلىمى ئاستىدىكى پېچورىن بىر ھەربىي ئوفىتسېر، «ئىزدىنىش» رومانىدىكى ئەلا بىر ئالىي مەلۇماتلىق زىيالىي بولسىمۇ، بۇ ئىككىلا ئوبراز دەل شۇ دەۋر ئەڭ ئېھتىياجلىق بولۇۋاتقان ۋە شۇ جەمئىيەتتىكى ياشلارنىڭ ئومۇمىي ئىنتىلىشى ۋە ھاياتقا بولغان مۇئامىلىلىرىگە ۋەكىللىك قىلالايدىغان شەخسلەر سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا ھەر ئىككىلا ئاپتورنىڭ دەۋر روھىنى ئەكس ئەتتۈرۈشى، مەسىلىنىڭ ماھىيىتىنى تۇتۇشى ۋە ئوبراز يارىتىش ماھارىتى زور ئورتاقلىققا ئىگە، شۇنداقلا بۇ ئىككى پېرسوناژدىكى ئىچكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچمۇ ئورتاق بىر خىل مەنبەدىن ئۇرغۇپ چىققان، دېيىشكە بولىدۇ.

بايان ئالاھىدىلىكى جەھەتتىن، ھەر ئىككىلا رومانىنىڭ ئاپتورى ئەكس ئەتتۈرمەكچى بولغان مەزمۇنىنىڭ ئېھتىياجىغا قاراپ كۆپ خىل بايان ئۇسۇلىنى قوللانغان.

«زامانىمىزنىڭ قەھرىمانى»دىمۇ بايانچىنىڭ سالاھىيىتى ھەر خىل ئوخشىمىغان نۇقتىلاردىن بېرىلگەن بولۇپ، پېچورىنىنىڭ پورترېت تەسۋىرىلا ئۈچ قېتىم بېرىلگەن، يەنى بىرى قېرى كاپىتان تەرىپىدىن، بىرى پايتەختتىن كەلگەن ئوفىتسېرنىڭ ھېكايىلىرى ئارقىلىق ۋە ئەڭ ئاخىرىدا پېچورىنىنىڭ ئۆزى ھەققىدىكى كۈندىلىك خاتىرىسى ئارقىلىق پېچورىنىنىڭ كەچمىشلىرى بايان قىلىنغان.

«ئىزدىنىش» رومانىنىڭ 1-قىسمى بىرىنچى شەخس تىلىدا يەنى «مەن»نىڭ بايانى، «مەن»نىڭ يازغان، تاپشۇرۇۋالغان خەت-چەكلىرى، كۈندىلىك خاتىرىسى ۋە ئۇنىڭ ئۆگىنىش جەريانى ئارقىلىق باش قەھرىمان ئەلانىڭ ئۇمىد-ئارزۇلىرىنى، گۈزەللىككە، مۇھەببەتكە تەلپۈنۈش ھېسسىياتىنى، ئىنچىكە ۋە نازۇك پسىخىك تەۋرىنىشلىرىنى خېلىلا تولۇق ئىپادىلەپ ئەلانىڭ روھىي دۇنياسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك يورۇتۇپ بەرگەن.

رومانىنىڭ 2-قىسمى ئۈچىنچى شەخس تىلى ئارقىلىق ئەلانىڭ كەچۈرمىشلىرىنى بايان قىلىپ، ئۇنىڭ ئىزدىنىش روھىنىڭ ھايات سىناقلىرىدىكى ئىپادىلىرىنى سۈرەتلەپ بەرگەن.

«ئىزدىنىش» رومانىنىڭ بارلىققا كېلىشىنىڭ ئالدى-كەينىدىكى ئۇيغۇر رومانچىلىقىغا ئومۇمىي جەھەتتىن نەزەر سالىدىغان بولساق، «ئىزدىنىش» رومانى بايان ئۇسۇلى جەھەتتىن بىر قەدەر يېڭىلىق يارىتىلغان رومان ھېسابلىنىدۇ.

بىز يەنە ئىككى ئەسەرنىڭ خاتىمىسىدىكى بايان ئورتاقلىقىغا قاراپ باقايلى:

بايان بىر خىل ئالاقە ياكى ئىدىيىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىرىلىش جەريانى بولۇپ، ئەسەر ۋۇجۇدقا كەلگەندىن كېيىن ئوقۇرمەنىنىڭ ئوقۇپ ھوزۇرلىنىشىغا قالدۇرۇلىدۇ. ئوقۇش ئۇنۇمىنى ئۆستۈرۈش ھەم ئوقۇرمەنلەرنىڭ قىزغىنلىقىنى قوزغاش ئۈچۈن ۋەقەلىكنىڭ ئاخىرىنى قىسقارتىش ياكى گۇڭگا ئاخىرلاشتۇرۇش «ئېستېتىك بوشلۇق» دېيىلىدۇ، ھەر ئىككىلا ئەسەر دەل مۇشۇ خىل ئۇسۇل بىلەن ئاخىرلاشتۇرۇلغان. مەسىلەن:

«زامانىمىز قەھرىمانى»نىڭ خاتىمە قىسمى:

«ئېھتىمال، بەزى ئوقۇغۇچىلار (ئوقۇرمەن دېمەكچى) پېچورىنىنىڭ مىجەز-خۇلقى يەنە باشقا ئىشلىرى توغرۇلۇق مېنىڭ پىكرىمنى بىلگۈسى كېلىدىغاندۇ. مېنىڭ جاۋابىم — بۇ كىتابنىڭ ماۋزۇسىدۇر. — «بۇ زەھەرلىك تەنىغۇ» دەپ ئېيتار ئۇلار، — ئۇنى مەن بىلمەيمەن.»

«ئىزدىنىش» رومانىنىڭ خاتىمە قىسمى:

«كىتابخان سورايدۇ: گۈزەلئاي بىلەن ئەلا ياراشتىمۇ؟ ئوسمان خىزمەت ئورنىغا قايتىپ كەلدىمۇ؟ ئادىلە، ئەلانۇر خىزمەتكە ئورۇنلاشتىمۇ؟





www.uyghurkitap.com

هاشىر راستتىنلا ۋەدىسىگە ئەمەل قىلىپ رەقىپتىن ئىنتىقام ئالالىدىمۇ؟ هايات ئۆز قانۇنىيىتىنى ئۆزگەرتمەيدۇ. پاكلىق بىلەن رەزىللىك، گۈزەللىك بىلەن ۋەھشىيلىك، ھەقىقەت بىلەن ساختىلىق مەڭگۈ كۈرەش قىلىۋېرىدۇ، ھاياتلىق ئادەملەرنىڭ تەقدىرىنى ئۆزگەرتەلەيدۇ، لېكىن ئادەملەر ھايات قانۇنىيەتلىرىنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ.»

بايان قىلىش جەھەتتىكى يۇقىرىقى ئالاھىدىلىكلەر بۇ ئىككى روماننىڭ ئوقۇش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش، ئوقۇرمەنلەرنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشىپ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشلىرىنىڭ سەۋەبلىرىنىڭ بىرى بولۇشى مۇمكىن.

ئاپتورنىڭ ئەدەبىي تەربىيىلىنىش مۇھىتى ۋە دەۋر شارائىتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، زوردۇن سابىر 1937-يىلى غۇلجىدا تۇغۇلغان بولۇپ، ئۇ ئۆسۈپ يېتىلىۋاتقان ھەم ئىجادىيەتكە كىرىشكەن ۋاقىتلاردا ئېلىمىزدە سوۋېتتىن ئۆگىنىش دولقۇنى ئەۋج ئالغان. بولۇپمۇ غۇلجىدىكى سوۋېت مەدەنىيىتى، ئەدەبىيات-سەنئىتى تەسىرىنىڭ كۈچلۈكلۈكى زوردۇن سابىردەك ئەدەبىياتقا ھەۋىسى بار ياشلارغا تەسىر كۆرسەتكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە زوردۇن سابىر ئۆز ھاياتىدا مائارىپ ئىشلىرى، مۇخبىر، مۇھەررىرلىك خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان بولۇپ، ئۇ ھەم ئۆگىنىش، ھەم بىر بىر تەرەپتىن خىزمەت قىلىش شارائىتىغا ئىگە بولغان زىيالىي بولۇش سۈپىتى بىلەن ئەينى دەۋردىكى تاشكەنت باسمىسىدا بېسىلىپ چىققان تارقىلىشى تېز، دائىرىسى كەڭ ئەدەبىي ئەسەرلەر بىلەن تونۇشۇش شارائىتىغا ئىگە. شۇنداق بىر شارائىتتا زوردۇن سابىرنىڭ «زامانىمىزنىڭ قەھرىمانى» دېگەن ئەسەر بىلەن ئۇچراشقانلىقىنى بايقاش ئانچە تەس ئەمەس.

يۇقىرىقى بايانلىرىمىزدىن شۇنداق خۇلاسىنى چىقىرىشقا بولىدۇكى، گەرچە لېرمونتوف بىلەن زوردۇن سابىر ئۆسۈپ يېتىلگەن دەۋر، مۇھىت ۋە ئۆرپ-ئادەت، تارىخىي، جۇغراپىيىۋى شەرت-شارائىت قاتارلىقلاردا زور پەرق بولسىمۇ، ئەمما لېرمونتوفنىڭ «زامانىمىزنىڭ قەھرىمانى» رومانىنىڭ ئىجادىيەت ئۇسلۇبى ئالىلىقاچان دۆلەت ۋە مىللەت چېگراسىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، كېيىنكى مەزگىللەردە زوردۇن سابىرنىڭ ئىجادىيىتىگە، بولۇپمۇ «ئىزدىنىش» رومانىغا بەلگىلىك تەسىر كۆرسەتكەن. يازغۇچى زوردۇن سابىر ئىجادىيەت جەريانىدا «زامانىمىز قەھرىمانى» رومانىنىڭ ئىجادىيەت ئۇسلۇبىنىڭ مۇئەييەن تەسىرىگە ئۇچرىغان ۋە شۇ ئەسەرنىڭ ئىلھامى بىلەن «ئىزدىنىش» رومانىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا روياپقا چىقارغان.

ئەمما لېرمونتوفنىڭ زوردۇن سابىرغا، «زامانىمىز قەھرىمانى» رومانىنىڭ «ئىزدىنىش» رومانىغا بولغان تەسىرىنى تەھلىل قىلغاندا، بىر تەرەپلىمە مۇتلەقلەشتۇرۇۋېتىشتىن ساقلىنىش كېرەك. چۈنكى بىر يازغۇچىنىڭ ئۇچرىغان تەسىرىنى بايان قىلىش، بىر ئەسەرنىڭ مەنبەسىنى ئىزدەش، تەقلىد قىلىش ئۈستىدە ئىزدىنىش ھەرگىزمۇ يازغۇچىنىڭ ئىجادىيەت ئىندىۋىدۇئاللىقىنى ئىنكار قىلىش ئەمەس. يازغۇچى تۇرمۇشنى كۆزەتكەندە، تۇرمۇش ھادىسىلىرىنى ئانالىز قىلىپ تاللىغاندا مىللىي مەدەنىيەت ئەنئەنىسى، سىرتتىن كەلگەن تەسىرلەرنىڭ ھەممىسى مۇھىم رول ئوينايدۇ. شۇڭلاشقا يازغۇچىنىڭ تەجرىبىسى دەل تۇرمۇشتىن، ئەنئەنىدىن، ئالدىنقىلاردىن ئۆگىنىشنىڭ يىغىندىسى. مىللىي ئەنئەنە، مەدەنىيەت ئامىللىرى، سىرتتىن كەلگەن تەسىرلەرنىڭ ئۇنىڭ تونۇشىدىكى جۇغلانمىسى. تەقلىد قىلىش يازغۇچىنىڭ ئىجادىيەت ئىزدىنىشىدىكى مۇقەررەر باسقۇچ. پەقەت سادda، ئىپتىدائىي تەقلىد قىلىش يازغۇچىنى سىرتتىن كەلگەن تەسىرلەرنى ئۆزلۈكسىز قوبۇل قىلىش ئاساسىدا، ئۆزىنىڭ ئىجادىيەت ئۇسلۇبى ۋە ئالاھىدىلىكىنى شەكىللەندۈرۈشكە يېتەكلەيدۇ. بۇ ھەقتە پۈشكىن مۇنداق دېگەن: «تەقلىد قىلىش يازغۇچىنىڭ ئۆزىنىڭ كۈچىگە بولغان ئىشەنچىسىنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ، ئۇنىڭ

www.uyghurkitap.com

مەلۇم تالانت ئىزىنى بويلاپ يېڭى بىر دۇنيانى بايقاش ئۇمىدىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئۇنىڭ ئەدەپلىك پوزىتسىيە بىلەن ئۆزىنىڭ يۈكسەك نەمۇنىسىنى ئىگىلەپ، ھەم ئۇنىڭغا يېڭى ھايات بېرىشكە تەشنا ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.» يازغۇچى زوردۇن سابىر ۋە ئۇنىڭ «ئىزدىنىش» رومانى دەل بۇنىڭ تىپىك مىسالى بولالايدۇ.


بىز يەنە زوردۇن سابىرنىڭ رومان ئىجادىيىتىنىڭ مۇساپىسىگە قارىساق، «ئاۋرال شامالىرى»دىن كېيىن يېزىلغان «ئىزدىنىش»تە ئالدىنقى ئەسىرىگە ئوخشىمايدىغان يېڭىلىقلارنىڭ خېلى كۆپلۈكىنى بايقايمىز. شۇ نۇقتىدىن «ئاۋرال شامالىرى» زوردۇن سابىر رومان ئىجادىيىتى ئۈچۈن ئېيتقاندا «تۇرمۇش بىلەن ئەدەبىياتنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشىنىش، ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا ۋە مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىشتىكى سىناق جەريانى» بولسا، «ئىزدىنىش» رومانى ئەدىبنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ يېڭى يوللىرى، يېڭى ئۇسلۇبلىرىنى ۋە يېڭىچە ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىنى سىناق قىلىش جەريانى بولسا كېرەك.

ئەينى دەۋردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا، بولۇپمۇ پروزىنىڭ چوڭ ژانىرى — رومانلارنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىغا، سوۋېت ئەدەبىياتىنىڭ ئىجادىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئالاھىدە گەۋدىلىك تەسىر كۆرسەتكەن. بۇ خىل تەسىر ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ سوۋېت ئەدەبىياتىنى ئۆگىنىشى، ئۆرنەك قىلىشى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن ۋە جانلىق ئىپادىلىنىپ چىققان. زوردۇن سابىر ئۆزى ئۇچرىغان تەسىرنى دوگما قوبۇل قىلماستىن، بەلكى ئۇنى تېخىمۇ بېيىتىپ، رېئاللىقىمىزغا ماسلاشتۇرالىغان، ئۇنى تولۇق گەۋدىلەندۈرەلىگەن ۋە جانلىق ئىپادىلەپ چىققان. شۇڭا «ئىزدىنىش» رومانى ئوقۇرمەنلەرنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشىپ، ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە «ئەلا»دىن ئۆگىنىش قىزغىنلىقى پەيدا بولغان، بۇ ئۆز نۆۋىتىدە ئەينى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى بىلەن سوۋېت ئەدەبىياتىنىڭ ئىزچىل زىچ مۇناسىۋەتلەردە بولۇپ كەلگەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

(ئاپتورلار قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە فاكۇلتېتى 2007-يىللىق سېلىشتۇرما ئەدەبىيات پەنلىرى ماگىستىر ئاسپىرانتى، قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە فاكۇلتېتى 2007-يىللىق ھازىرقى، بۈگۈنكى زامان ئەدەبىيات پەنلىرى ماگىستىر ئاسپىرانتى)

مۇھەررىر **خاسىيەت ئەمەت**






(سۆھبەت خاتىرىسى)

**سوئال:** ئالىمجان ئىسمائىل ئاكا، سىزگە ئەدەبىيات ئوتى قاچاندىن باشلاپ تۇتاشقان؟ باشقا يازغۇچىلارغا ئوخشاش سىزمۇ ئىجادىيەتنى شېئىردىن باشلىغانمۇ؟

**جاۋاب:** مېنىڭ ئەدەبىياتقا قىزىقىشىم بالىلىق چاغلىرىمدىلا باشلانغان ئىدى. ئېسىمدە قېلىشىچە، باشلانغۇچنىڭ تۆتىنچى يىللىقىغا چىققاندىن كېيىن ھېكايە، رومانلارنى ئوقۇشقا قىزىقىپ قالدىم. ئۇرۇق-تۇغقانلارنىڭ ئۆيلىرىگە بارغان چاغلىرىمدا ئۇلارنىڭ كىتابلىرىغا دىققەت قىلاتتىم ۋە ئەدەبىي كىتابلار بولسا سوراپ ئېلىپ كېتەتتىم. ئۆيىمىزنىڭ كەينىدە چوڭ بىر باغ بار ئىدى. مەن مەكتەپتىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئاشۇ باغقا كىرىۋېلىپ، باش كۆتۈرمەي كىتاب ئوقۇيتتىم. ئەسەردىكى پېرسوناژلارنىڭ تەقدىرى، ئۇلارنىڭ قىلغان ئىشلىرى مېنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلىۋالاتتى، ئۇلار بىلەن تەڭ خۇشال بولۇپ، تەڭ قايغۇراتتىم. مەن ئەدەبىياتقا ھېكايە، رومانلارنى قىزىقىپ ئوقۇش بىلەنلا كىرگەن بولسام كېرەك.

مەنمۇ باشقا يازغۇچىلارغا ئوخشاش باشتا مەشىق ئۈچۈن شېئىر يېزىپ باققان. لېكىن قانچە كۆچىنىپ يېزىپ باققان بولساممۇ، يازغانلىرىم شېئىرغا ئوخشىماي قالدى. بىر بولسا پىكىرلىرىم بەكمۇ ئاددىي، تەمسىز چىقاتتى. بىر بولسا قاپىيە پەقەت كەلمەيتتى، ئاخىر شېئىر يېزىشتىن ۋاز كەچتىم.

**سوئال:** ئەسلىي ئوقۇغان كەسپىڭىز نېمە؟ قانداق بولۇپ ئەدەبىي ئىجادىيەت كەسپىنى تاللىۋالدىڭىز؟

**جاۋاب:** مېنىڭ ئەسلىي ئوقۇغىنىم ئەدەبىياتقا يېقىنمۇ كەلمەيدىغان پىلان كەسپى ئىدى. بۇنداق بولۇشى، مەن تولۇقسىز ئوتتۇرىنى تۈگەتكەن يىلى ئۈرۈمچىدىكى ئىنستىتۇت ، تېخنىكوملاردىن ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلغىلى كەلدى. كىچىكىمدىن ھېكايە، رومانلارنى ئوقۇشقا قىزىققاچقا ئەدەبىيات كەسپىدە ئوقۇپ يازغۇچى بولۇش ئارزۇيۇم بار ئىدى، شۇڭلاشقا مەنمۇ باشقا ساۋاقداشلار قاتارىدا ئىمتىھان بەردىم. بىر ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن ئۇقتۇرۇش كەلدى. قارىسام مېنىڭ ئىسمىم ئويلىمىغان يەردىن سابىق ئۆلكىلىك كادىرلار مەكتىپىگە چىقىپ قالسا بو-

لىدۇ. بۇنى ئاڭلاپ شۇنداق ئۈمىدسىزلەندىم.
بۇنى ئۆيدىكىلەرگە دېيدىم، دادام: «كادىر بولىدى-
غان ئوقۇش بولسا بويتۇ بارغىن»، دېدى. ئۇنداق
بولۇشى بىزنىڭ ئۆيدە بالا جىق بولۇپ، ئائىلى-
مىز پەقەت دادامغىلا قاراشلىق ئىدى. مەن بالدۇر-
راق كادىر بولۇپ، ئائىلىنىڭ سىڭلىقىنى يەڭگىل-
لىتىش ئۈچۈن ئۆزۈمنىڭ ئارزۇسىنى قايرىپ
قويۇپ، كادىرلار مەكتىپىنىڭ پىلان سىنىپىغا
ئوقۇشقا كەلدىم. مەكتەپنى تاماملىغاندىن كېيىن
بايىنغولىن ئوبلاستلىق ھۆكۈمەتنىڭ پىلان-ئىس-
تاتىستىكا بۆلۈمىگە ئورۇنلاشتىم. بۇ بۆلۈمدە
مەندىن بۆلەك خىزمەتچىلەرنىڭ ھەممىسى
خەنزۇلار ئىدى. ئالاقە، ھۆججەتلەر خەنزۇچە كې-
لەتتى. مەن خەنزۇچىنى تۈزۈك بىلمىگەچكە
خىزمەتتە تازا قىينالدىم. بىر يىل شۇنداق ئۆتتى.
ئىككىنچى يىلى ئوبلاستلىق پارتكوم تەشۋىقات
بۆلۈمى گېزىت چىقىرىدىغان بولۇپ، مېنى تەل-
پىم بويىچە شۇ يەرگە يۆتكىدى. گېزىت شىپىگ-
راپتا قەرەلسىز چىقاتتى. گېزىتنى بىر يىلغا
يېقىن چىقارغاندىن كېيىن، رەسمىي گېزىتخانا
قۇرۇش تەستىقلىنىپ، مېنى ئۈرۈمچىگە بىلىم
ئاشۇرۇشقا ئەۋەتتى. مەن 1963-يىلىغىچە گېزىت-
خانىدا مۇخبىر، مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىدىم.
مەن قانداق بولمىسۇن ئەدەبىياتقا يېقىنراق كە-
سىپتە ئىشلىگىنىمگە ئۈچۈن خۇشال ئىدىم. گې-
زىتنىڭ قەرەلسىز ئەدەبىيات بېتى بار ئىدى، ئۇ-
نىڭدا تولاراق شېئىرلار بېرىلەتتى. مەن شېئىر
يازالمىغاچقا گېزىتنىڭ تەلىپى بويىچە ئوچېرك
يېزىپ باقتىم. بىر-ئىككى ئوچېركىم گېزىتتە
ئېلان قىلىندى. مەن ئەدەبىي ئىجادىيەتكە ئەمدىلە-
تىن كىرىشۋاتقان چاغدا گېزىت نەشردىن
توختاپ، قىزغىنلىقىمغا سوغۇق سۇ سېپىلدى.
كېيىن مەن ئوبلاستلىق مەدەنىيەت يۇرتىغا ئال-
ماشتىم. بۇ ئورۇننىڭ تولاراق قىلىدىغان خىزمە-
تى كۆرگەزمىلەرنى ئىشلەش ئىدى. ئەدەبىياتقا
يېقىنمۇ كەلمەيتتى. لېكىن ماڭا ياققان يېرى
ئۇنىڭ كۈتۈپخانىسى بولدى. ئۇنىڭدا ئۇيغۇرچە
ئەدەبىي كىتابلار خېلى بار ئىدى. مەن بۇ يەردە
ھېكايە، رومانلارنى، ئەدەبىيات نەزەرىيىسىگە
ئائىت كىتابلارنى ئوقۇش پۇرسىتىگە ئىگە
بولدۇم. ھازىر شۇنداق دەيمەنكى، مەدەنىيەت يۇر-
تىدا ئىشلىگەن ئون نەچچە يىل مېنىڭ ئۆزلۈ-
كۈمدىن ئۆگىنىش يىللىرىم، مەدەنىيەت يۇرتى
مېنىڭ ئەدەبىيات بىلىملىرىنى ئۆگىنىدىغان
مەكتىپىم بولدى.

**سوئال:** سىزنىڭ ھازىرغىچە «تۇمانلىق
ئۇپۇق»، «زامانداشلار»، «قىسمەت»، «يېگانە
دۇنيا»، «ھايات جىلغىسى» قاتارلىق رومانلىرى-
ڭىز نەشر قىلىندى. بۇلارنىڭ ئىچىدە قايسى
رومانىڭىزنى ياخشى يېزىلدى، دەپ قارايسىز؟

**جاۋاب:** ھەر قانداق يازغۇچى يازغان ئەسەرلى-
رىنى ناچار دېگۈسى كەلمەيدۇ. ئەسەرگە باھا
بېرىش ئوقۇرمەنلەر بىلەن ئوبزورچىلارنىڭ
ئىشى. مېنىڭچە، ئەسەر ئېلان قىلىنغاندىن
كېيىن جەمئىيەتتە ئىجابىي غۇلغۇلا قوزغىغان
بولسا، ئوبزورچىلارنىڭ دىققىتىنى تارتقان
بولسا، شۇ ئەسەرنى ياخشى دېيىش كېرەك.
مېنىڭ رومانلىرىمدىن «زامانداشلار»، «قىسمەت»
نەشر قىلىنغاندىن كېيىن، شۇلار ھەققىدە
ئوبزور ئېلان قىلىندى. ئوقۇغانلار ياخشى تەرى-
پىنى قىلىشتى. مېنىڭچە، ھەر بىر روماننىڭ
ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى بار، بۇنىڭغا ئەڭ ياخ-
شىسى ئوبزورچىلار باھا بەرسۇن. ئومۇمەن جەم-
ئىيەتتە ھېچقانداق تەسىر قوزغىمىغان ئىسسى-
قىمۇ، سوغۇقىمۇ يوق ئەسەرنى ناچار ئەسەر دەپ
بىلىمەن.

**سوئال:** «زامانداشلار» رومانىڭىزنى مەلۇم
مەنىدىن ئۈرۈمچىنىڭ كىچىكلىتىلگەن كۆرۈ-
نۈشى، دېسە قوشۇلامسىز؟

**جاۋاب:** «زامانداشلار» رومانىمدا مەركىزي
شەھەردىكى مەلۇم گېزىتخانىنى، پائالىيەت سو-
رۇنى، گېزىتخانىدىكى مۇھەررىر، مۇخبىرلارنى
ئاساسلىق پېرسوناژ قىلىپ ياردىم. بۇنداق قىلى-
شىم گېزىت تەشۋىقات ۋاستىسى بولغاچقا

جەمئىيەتنىڭ ھەممە قاتلاملىرى بىلەن بىۋاستە باغلىنالايدۇ. شۇلار ئارقىلىق ھەر ساھەدىكى كىشىلەرنىڭ ئوبرازىنى يورۇتۇشقا ئىمكانىيەت تۇغۇلىدۇ. روماندا ھەر خىل تىپتىكى ئادەملەر — رەھبىرىي كادىرلار، تىجارەتچى، دوختۇر، دېھقانلار بار، ئوتتۇرا ياشلىقلارنىڭ تۇرمۇش مەنتىقىسى، ئارزۇ-ئارمىنى بىلەن ھازىرقى ياشلىرىمىزنىڭ ھايات قاراشلىرى، غايىلىرى، ئىنتىلىشى، مۇھەببەت ئۆلچىمى بايان قىلىنىدۇ. مەن مۇشۇ پېرسوناژلار ئارقىلىق بۈگۈنكى دەۋر كىشىلىرىنىڭ ھاياتىنى، زامانداشلارنىڭ ئوبرازىنى يارىتىشقا تىرىشىپ باقتىم. رومان ھەققىدە ئوخشىمىغان باھالارنى ئاڭلاپ تۇرۇۋاتىمەن. نېمىلا بولمىسۇن ئەسىرىمنىڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ دىققەت نەزىرىگە چۈشكەنلىكىدىن خۇشالمەن. بۇ رومان ئۈرۈمچىنىڭ كىچىكلىتىلگەن كۆرۈنۈشىگە توشامدۇ، توشمامدۇ، بۇ ھەقتە باھا بېرىشكە ئاجىزمەن. چۈنكى ئۈرۈمچى تولىمۇ چوڭ شەھەر.

**سوئال:** «يېگانە دۇنيا» رومانىڭىز قايسى تېمىغا بېغىشلانغان؟ «قىسمەت»، «يېگانە دۇنيا» رومانلىرىڭىزنىڭ بازاردىكى سېتىلىش ئەھۋالى قانداق بولۇۋاتىدۇ؟

**جاۋاب:** مەن 2006-يىلى تۇغقان يوقلاپ توقۇزتارا ناھىيىسىدە بولدۇم. شۇ جەرياندا تارانچىلار ماكانى دەپ نام ئالغان «تەمتى»، «شارغوجا» دېگەن مەھەللىلەردىكى ئادەملەرنىڭ ئۆزگىچە تۇرمۇش ئادەتلىرى ھەققىدە نۇرغۇن گەپلەرنى ئاڭلاپ قىزىقىپ قالدىم ۋە ناھىيىدىكى ئەدەبىيات ھەۋەسكارلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا ئۇ مەھەللىلەردە بىر نەچچە كۈن تۇردۇم. بۇ ئىككى مەھەللە ناھىيىدىن يىراق تاغ باغرىغا جايلاشقان بولۇپ، مەنزىرىسى گۈزەل، ھاۋاسى ساپ ئىكەن. بۇ يەردىكى دېھقانلار ئاساسەن بىنەمدىن چىقىدىغان ھوسۇلغا تايىنىپ ياشايدىكەن. دېھقانچىلىقتىن باشقا كەسىپ بولمىغاچقا، دېھقانلارنىڭ تۇرمۇشى ناچار ئىكەن. ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى كۆزدە تۇتۇپ بازار ئەتراپىغا كۆچۈرۈش ئۈچۈن نۇرغۇن خىزمەت ئىشلەپتۇ. لېكىن، بىر قىسىم ياشلاردىن باشقىلار: «ئاتا-بوۋىمىز ياشاپ ئۆتكەن بۇ زېمىنىدىن كۆچمەيمىز»، دەپ شۇ غۇربەت تۇرمۇشقا رازى بولۇپ ياشاپ كېلىۋاتقانىكەن. ئىسلاھات شامىلى بۇ خىلۋەت ماكانغىمۇ يېتىپ كېلىپ، ئاستا-ئاستا ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ئادىتىنى ئۆزگەرتىشكە باشلاپتۇ. ئەنئەنىۋى تۇرمۇش ئادىتى بىلەن زامانىۋى ياشاش، نامراتلىق بىلەن بايلىق ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشلارنى، ئاددىي دېھقانلار ئېڭىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى ئىپادىلەشنى مەقسەت قىلىپ «يېگانە دۇنيا» رومانىنى يېزىپ چىقتىم. مەن بۇ ئىككى يېزىدا تۇرمۇش ئۆگىنىش جەريانىدا نۇرغۇن تەسىرلىك ئىشلارنى ئۇچراتتىم. شۇلارنىڭ بىرسى بىر دېھقاننىڭ كونا تۈگمىنى بار ئىكەن، ئۇنىڭ سۆزلەپ بېرىشىچە بۇ بەش ئەۋلاد ماڭدۇرغان تۈگمەن ئىكەن. بۇ دېھقان تۈگمەننى تۈرلۈك ھەرىكەتلەرنىڭ بوران-چاپقۇنلىرىدىن ئامان-ئېسەن ساقلاپ كەپتۇ. ھازىر بۇ تۈگمەن ماڭمايدىكەن. مەن ئىگىسىدىن تۈگمەننى نېمىشقا ساقلىغانلىقىنى سورىسام، ئۇ: بىزنىڭ ئاتا-بوۋىلىرىمىز مۇشۇ تۈگمەندە تارتقان ئۇن بىلەن ھايات كەچۈرگەن، ئۇنى بۇزۇۋەتسەم ئەجدادلار ئالدىدا گۇناھلىق بولمايمەنمۇ؟ دېدى. ئۇ دېھقاننىڭ سۆزى ماڭا قاتتىق تەسىر قىلدى. شۇڭا، بۇ تۈگمەننى باش پېرسوناژنىڭ مۈلكى قىلىپ كىرگۈزدۇم.

«قىسمەت»، «يېگانە دۇنيا» رومانلىرىم نەشردىن چىققاندىن كېيىن ياخشى بازار تاپتى. «قىسمەت» بازارغا سېلىنىپ بىر يىل ئۆتمەي ئىككىنچى قېتىم قايتا نەشر قىلىندى. «يېگانە دۇنيا» يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانلىقىنىڭ 60 يىللىقىغا ئاتالغان نۇقتىلىق كىتابلار قاتارىدا قايتا نەشر قىلىندى ۋە خەنزۇچىگە تەرجىمە قىلىندى.

**سوئال:** «خىلۋەتتىكى بىنا» بىلەن «يىغلىماقىز» پوۋېستىڭىزنى يېزىشىڭىزغا نېمە تۈرتكە

بولدى؟ بۇ ئىككى پوۋېستىڭىزدىكى پېرسوناژ-
لار رېئاللىقتا بارمۇ ياكى بەدىئىي توقۇلمىمۇ؟

**جاۋاب:** «خىلۋەتتىكى بىنا» بىلەن «يىغلىما
قىز» پوۋېستىمنى مەن ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 90-يى-
لىرىنىڭ بېشىدا ياردىم. بۇ يىللاردا جەمئىيەتتە
ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇش قىزغىنلىقى كۆتۈرۈل-
گەندى. مۇشۇ دەۋردىكى ياشلار بىلىم ئىگىل-
لەش، ئىستىقبال يولىنى تاللاش بىلەن مۇھەب-
بەت، تۇرمۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتا
كەسكىن خىرىسلارغا يولۇقتى. ئىسلاھات، ئې-
چىۋېتىشنىڭ تەسىرىدە ھايات رەڭدارلىقىقا
تولدى. ياخشى نەرسىلەرمۇ، يامان نەرسىلەرمۇ
كىردى. بىرمۇنچە ياشلىرىمىز تولىمۇ تەستە ئې-
رىشكەن ئالىي مەكتەپتە بىلىم ئېلىش پۇرسىتى-
نى بىھۇدە ئۆتكۈزۈپ پۇشايمانغا قالدى. مەن
جەمئىيەتتىكى مۇشۇنداق ئىشلارنى كۆرگەندىن
كېيىن مۇشۇ ھەقتە ئەسەر يېزىشنى ئويلاپ، بۇ
ئىككى پوۋېستنى يازدىم. «يىغلىما قىز» پوۋېس-
تىم ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن ستۇدېنتلار ئارى-
سىدا خېلى غۇلغۇلا قوزغىدى، ياخشى باھاغا ئې-
رىشتى.

بۇ ئىككى پوۋېستتىكى پېرسوناژلار ئەلۋەت-
تە بەدىئىي توقۇلما. لېكىن ئۇلارنىڭ پروتوتىپلى-
رى مېنىڭ ئەتراپىمدا ئوخشىمىغان ئىسىملار،
ئوخشىمىغان قىسمەتلەر بىلەن ياشاۋاتقانلار.

**سوئال:** يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بىر يۈرۈش
چاتما ھېكايىلەرنى يېزىپ ئېلان قىلدۇردىڭىز،
بۇ خىل شەكىلنىڭ قانداق ئىجتىمائىي ئۇنۇمى
بار؟

**جازاب:** ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ ئەسلىي مەنى-
سى يېڭىلىق يارىتىش دېمەكتۇر. ئەدەبىيات تارى-
خىغا نەزەر سالساق، تارىختا نامى بار ئەدىبلەر-
نىڭ ھەممىسى ئىجادىيەتتە ئۆزىگە خاس يېڭى-
لىق، ئۇسلۇب ياراتقانلىقى بىلەن مەشھۇر
بولغان. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ھېكايىچىلىق كېچى-
كىپ دۇنياغا كەلگەن ژانىر بولغاچقا، بىزنىڭ
يازغۇچىلىرىمىزنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك چەت
ئەل يازغۇچىلىرىنىڭ ھېكايە يېزىشتىكى تەييار
قېلىپىنى ئۈلگە قىلىپ، شۇ ئەندىزە بويىچە
يېزىپ كەلدى. مەنمۇ دەسلەپكى ھېكايىلىرىمنى
شۇلارنى دوراپ يازدىم، بارا-بارا ئەدەبىياتنى چۈ-
شەنگەنسېرى بۇ ھېكايىلەر ئۆزۈمگە ئىجادىيەت
ئەمەستەك تۇيۇلدى. شۇنىڭ بىلەن ھېكايە ئىجا-
دىيىتىدە باشقىچە يولنى تۇتۇپ ئىزدىنىپ
بېقىش خىيالىغا كەلدىم ۋە چاتما ھېكايىلەرنى
يېزىپ باقماقچى بولدۇم. ھازىر تۇرمۇشىمىزدا
شەھەرلىشىش، قەۋەتلىك بىنالاردا ئولتۇرۇش تېز
ئومۇملاشتى. جەمئىيەتنىڭ بۇ تەرەققىياتى كى-
شىلەرنىڭ ئېڭىغا ئوخشىمىغان مەقسەت،
تۇرمۇش ئادەتلىرىنى ئېلىپ كەلدى. بىر بىنا
جەمئىيەتنىڭ كىچىكلىتىلگەن سەھنىسى
بولۇپ قالدى. مەن مۇشۇ رېئاللىقنى يورۇتۇپ
بېرىش ئۈچۈن چاتما ھېكايىلەر شەكلى بىلەن
ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 40 پارچىدىن ئارتۇق ھې-
كايە ياردىم. بۇ ھېكايىلەرنىڭ ھەجمى كىچىك،
سۇژىتى ئاددىي، پېرسوناژلىرى ئاز، ماكانى بىر
بىنادىن ئىبارەت. ھەر بىر ھېكايە ھەم مۇستەقىل
ئەسەر، ھەم بىر-بىرىگە چېتىلىدۇ. بۇ ھېكايىلەر
ھەققىدە ئوبزورچىلا ماقالە يېزىپ، ئىجابىي باھا
بەردى.

**سوئال:** ئالىمجان ئىسمائىل ئاكا، سىز ئىجا-
دىيەت جەريانىدا قايسى نۇقتىلارغا بەكرەك ئەھ-
مىيەت بېرىسىز؟

**جاۋاب:** مەن ھەرقانداق ئەسەرنى يېزىشتىن
ئاۋۋال ئالدى بىلەن كۆز ئالدىمدا يازماقچى
بولغان پېرسوناژلىرىمنىڭ ئوبرازلىرى پەيدا بو-
لىدۇ. مەن ئۇلارنىڭ خاراكتېرى، كەسپى، ئارزۇ-
غايىلىرىغا مۇناسىۋەتلىك تۇرمۇش مۇھىتىنى
ئۆگىنىمەن ۋە شۇ تۇرمۇشتىن ئەسەر ۋەقەلىكى-
نى قۇراشتۇرىمەن. ئەلۋەتتە، بۇ ۋەقە دېتاللىرى
تۇرمۇش چىنلىقىغا ئۇيغۇن بولۇشى، پېرسوناژ-
لارنىڭ خاراكتېرىگە ماس كېلىشى كېرەك. مە-
سىلەن: ستۇدېنتلار دېسەك، بىزنىڭ كۆز ئالدى-
مىزغا ئالىي مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىلار تۇپى كې-

لىدۇ. لېكىن شۇلارنىڭ ئىچىدىكى شەھەردىن كەلگەن ئوقۇغۇچى بىلەن يېزىدىن كەلگەن ئوقۇغۇچىنىڭ تۇرمۇش ئادىتى، ھايات قارىشى، سۆز-ھەرىكىتى تەبىئىي ھالدا پەرقلىق بولىدۇ. دېھقان بالىسىنىڭ ئالىي مەكتەپ ھاياتىغا ماسلىشىشى ئۈچۈن خېلى بىر جەريان كېتىدۇ. ناۋادا سەن ئۇلارغا ئوخشاش خاراكتېرىستىكا بەرسەڭ، ياراتقان ئوبرازىڭ سۇنئىي، جانسىز چىقىپ قالىدۇ. «يىغلىما قىز» پوۋېستىدىكى ئامانگۈل بىلەن ئادىلە مەن يۇقىرىدا دېگەن ئىككى خىل مۇھىتتا ئۆسكەن قىزلار، مەن ئامانگۈلنى شەھەر تۇرمۇشىغا تېزلا ماسلاشتۇرۇۋەتمەي، ئۇنى ئاستا-ئاستا ئۆزگەرتكەنلىكىم ئۈچۈن ئامانگۈلنىڭ خاراكتېرى بىر قەدەر جانلىق، تەبىئىي چىقتى. شۇڭا پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرى ئۈستىدە ئىشلەش مەن ئەسەر يازغاندا ئەڭ باش قاتۇرىدىغان نۇقتىلارنىڭ بىرسى.

**سوئال:** سىز تۇرمۇش ئۆگىنىشكە قانداق قارايسىز؟ سىزنىڭچە، تۇرمۇشتىن ماتېرىيال ئېلىپ يازغان ئەسەر چىن، تەسىرلىك چىقامدۇ؟ ئەسەرلىرىڭىزنى مىسال قىلىپ سۆزلەپ بېرەمسىز؟

**جاۋاب:** ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ مەنبەسى تۇرمۇش. ئۆگىنىش ئەدەبىي ئىجادىيەت ئۈچۈن كېرەكلىك ۋە زۆرۈر بولغان جەريان. لېكىن ئۇ يازغۇچى ئۈچۈن پەقەت خام ماتېرىيالدىن ئىبارەت. يازغۇچى رېئاللىقتىكى چېچىلاڭغۇ، تاسادىپىي ۋەقەلەر بىلەن تولغان تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرى ئىچىدىن مەنىلىكلىرىنى تاللاپ ۋە پىششىقلاپ ئىشلەپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ بەدىئىي مەقسىتى بىلەن يۇغۇرۇپ، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ماھىيىتى ۋە قانۇنىيىتىنى ئوبرازلىق يورۇتۇپ بېرىدىغان بەدىئىي چىنلىق دەرىجىسىگە كۆتۈرەلىسە، ئاندىن ئوقۇرمەننى ھەقىقىي تەسىرلەندۈرەلەيدۇ. ھەرقانداق يازغۇچى تۇرمۇشتىن ماتېرىيال ئېلىپ ئىجادىيەت قىلىدۇ. ھەرقانچە تۇرمۇش بىلىمى مول يازغۇچىمۇ ئۆيدە ئولتۇرۇپ خىيالىغا كەلگەننى توقۇيالمايدۇ. مەن ئۇزاق يىل كورلىدا خىزمەت قىلدىم. ئۇ يەرنىڭ مۇھىتى، كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش ئادىتى، ئالاھىدىلىكى ماڭا بىر قەدەر تونۇش. ئۇنىڭ ئۈستىگە پات-پات بېرىپ تۇرۇۋاتىمەن. شۇڭا بىر قىسىم ئەسەرلىرىمگە شۇ يەردىكى تۇرمۇشنى خام ماتېرىيال قىلغانىدىم. بايا دېگەندەك «يېگانە دۇنيا» رومانىمنى ئىلىنىڭ تۇرمۇشىنى ئۆگىنىپ يازدىم. «يىغلىما قىز» پوۋېستىمنى يېزىش جەريانىدا بىر مۇنچە ستۇدېنتلار بىلەن پاراڭلاشتىم، ئۇلارنىڭ ئوقۇش، تۇرمۇش ئادەتلىرى ھەققىدە ماتېرىياللارنى توپلىدىم. ئەسەردىكى ئامانگۈلنىڭ ياتاق ئىچىگە كىر يايغانلىق دېتالىنى ماڭا بىر ئوقۇغۇچى سۆزلەپ بەرگەنىدى. بۇ دېتال ئامانگۈلنىڭ خاراكتېرىگە تازا ماس كەلدى، ئەسەرنىڭ چىنلىقىنى ئاشۇردى.

ئومۇمەن، يازغۇچى چوقۇم تۇرمۇش ئۆگىنىشى كېرەك. ئەمما تۇرمۇش ئۆگەنگەندىمۇ مەقسەتسىز، قارىقويۇق ئۆگەنسە ئۇنىڭ رولى بولمايدۇ. مۇشۇ ھەقتە بىر ھېكايىنى ئاڭلىغانىدىم. يازغۇچىلار جەمئىيىتى بىر يازغۇچىنى يېزا تېمىسىدا ئەسەر يېزىپ كېلىشكە يېزىغا ئەۋەتىدىكەن. ئەمما ئۇ يازغۇچى يېزىدا بىرەر يىلغا يېقىن تۇرۇپ، بىرەر پارچىمۇ ئەسەر يازالماي قايتىپ كېتىدىكەن. ئۇنىڭ نەزىرىدە بۇ يەردە ئۇ پەرەز قىلغان «قاينام-تاشقىنلىق، جۇشقۇن» مەنزىرە ئۇچرىمايدىكەن... تۇرمۇش تولا چاغلاردا كۆل سۈيىدەك بىر خىل رىتىمدا ئۆتىدۇ. يازغۇچى شۇ تۇرغۇن كۆرۈنگەن تۇرمۇش ئىچىدىكى جۇشقۇنلۇقنى، تۇرمۇشنىڭ ماھىيەتلىك سىرلىرىنى، كىشىلەرنىڭ نازۇك روھىي دۇنياسىنى كۆزىتىش ۋە ئۇنى سۈزۈپ ئېلىشقا ماھىر بولۇشى كېرەك. مانا بۇ يازغۇچىنىڭ قابىلىيىتى.

**سوئال:** سىز ئۇزاق يىل مۇھەررىرلىك قىلغان يازغۇچى، مۇھەررىرلىك سىزنىڭ ئىجادىيىتىڭىزگە قانداق تەسىرلەرنى كۆرسەتتى؟ مۇھەررىرلىك ھاياتىڭىزدا خۇشال بولغان ۋە ئۆكۈن-

گەن چاغلىرىڭىز بولغانمۇ؟

**جاۋاب:** مەن ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ «بوستان» (هازىرقى «كروران»)، «تارىم» ژۇرناللىرىدا 20 يىلغا يېقىن مۇھەررىر بولدۇم. ئويلاپ باقسام، ئۇيغۇر هازىرقى زامان ئەدەبىياتىدا كۆزگە كۆرۈنگەن يازغۇچى، شائىرلارنىڭ مۇتلەق كۆپى ئەدەبىي ژۇرناللاردا مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىگەنلەر ئىكەن. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ئەدەبىي ژۇرنال يازغۇچى-شائىرلار ئۇچۇن ئەدەبىيات بىلىملىرىنى ئۆگىنىدىغان مەكتەپ رولىنى ئوينايدىكەن. بولۇپمۇ ماڭا ئوخشاش ئەدەبىيات كەسپىدە ئوقۇمىغان، ئۆزلۈكىدىن ئۆگەنگەنلەر ئۇچۇن تېخىمۇ شۇنداق ئىكەن. «تارىم» ژۇرنىلىدا ئىشلىگەن 15 يىللىق مۇھەررىرلىك هاياتىم دەل شۇنداق بولدى. هەممىگە مەلۇم «تارىم» ژۇرنىلىغا زامانىمىزدىكى ئاتاقلىق يازغۇچى-شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرى كېلىپ تۇرىدۇ. مەن بۇلارنى بىۋاستە كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ ئەسەرنى قانداق يازغانلىقىنى، قۇرۇلمىنى قانداق تۈزگەنلىكىنى، پېرسوناژلار خاراكتېرىنى قانداق يورۇتقانلىقى، تىل ئىشلىتىش جەھەتلەردىكى ئالاهىدىلىكلىرىنى ئۆگىنىپ، ئۇلارنى ئۆزۈمنىڭ ئىجادىيىتىدە ئۆرنەك قىلدىم. بۇنداق ئەمەلىي بىلىمنى مەكتەپلەردىمۇ ئىگىلىمەك تەس.

هەممە ئىشنىڭ ياخشى-يامان تەرىپى بولغاندەك، يازغۇچى ئۇچۇن مۇھەررىرلىك قۇربان قىلىش رولىنى ئويناپ قالىدىكەن. بىزنىڭ خېلى ئۈمىدلىك يازغۇچى-شائىرلىرىمىز ئۆزىنىڭ ئەدەبىي تالانتىنى مۇھەررىرلىككە قۇربان قىلىۋەتتى. ئىنساننىڭ زېهنىي كۈچى چەكلىك بولىدۇ. سەن سەككىز سائەت باشقىلارنىڭ ئەسەرلىرىگە ئىشلەپ، نۇرغۇن ئىجادىي پىكىرلىرىڭنى شۇنىڭغا بېرىۋەتكەندىن كېيىن ئۆزۈڭ يازغىدەك بىر نەرسە قالمايدىغان گەپ ئىكەن. مەن شۇنداق دەيمەن، ئەگەر مەن مۇھەررىرلىكنى ئۇزاق يىل قىلمىغان بولسام، هازىرغىچە تېخىمۇ جىق ئەسەر يازغان بولاتتىم. يازغۇچى بولىمەن دېگەن ئادەم مۇھەررىر بولمىغىنى ياخشى.

**سوئال:** ئىجادىيەتتە ئۆزۈمگە خاس ئۇسلۇب ياراتتىم دەپ قارامسىز؟ يېزىقچىلىقتا قانداق ئادەتلىرىڭىز بار؟

**جاۋاب:** مېنىڭچە، ئۇسلۇب هەممە يازغۇچى يارىتالايدىغان ئاددىي نەرسە ئەمەس. ئۇ، يېڭىلىق يارىتىش، كەشپىيات دېمەكتۇر. ئەڭ بولمىغاندا باشقا يازغۇچىلارغا ئوخشىمايدىغان ئىجادىيەت شەكلىنى ياراتقان بولۇشى ۋە بۇ كەڭ جامائەتچىلىكنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشكەن بولۇشى كېرەك. شۇڭا مەن ئىجادىيەتتە ئۆزۈمگە خاس ئۇسلۇب ياراتتىم دېيەلمەيمەن.

يېزىقچىلىق ئادىتىمگە كەلسەك، مەن ئادەتتە يازدا دەم ئالىمەن، تۇرمۇش ئۆگىنىمەن ۋە شۇ جەرياندا يازماقچى بولغان ئەسىرىمنى كاللامدا پىشۇرۇپ ماڭىمەن. ئۇرۇمچىنىڭ ئۇزاق قىش ئايلىرى مېنىڭ يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان پەسلىم. ئادەتتە چۈشتىن بۇرۇن يېرىم كۈن ئىشلەيمەن. چۈشتىن كېيىن دەم ئېلىپ كېچىسى سائەت 12 لەرگىچە ئىشلەيمەن. هەر كۈنى بىرەر بابنى پىلان قىلىمەن. لېكىن بەزىدە بىر بەتمۇ يازالمايدىغان چاغلىرىم بولىدۇ. ئەسەرنى بىرىنچى قېتىم يېزىپ بولغاندىن كېيىن بىر مەزگىل تاشلاپ قويۇپ، مېڭىنى سوۋۇتقاندىن كېيىن ئۈستىدىن كۆرۈپ ئۆزگەرتىپ چىقىمەن. ئاخىرىدا بوپتۇ دەپ قانائەت هاسىل قىلغاندىن كېيىن ئاققا كۆچۈرىمەن. مەن مەيلى هېكايە، پوۋېست ياكى رومان يازماي، ئالدى بىلەن ئويلىغانلىرىم بويىچە پىلان تۈزۈپ، بابلارنىڭ مەزمۇنىنى بېكىتىۋېلىپ يازىمەن. لېكىن بەزىدە ۋەقەلىكنىڭ راۋاجلىنىش ئېهتىياجىدىن بۇ پىلانلىرىم بۇزۇلۇپمۇ كېتىدۇ.

**سوئال:** هاياتىڭىزغا ۋە ئىجادىيىتىڭىزگە تەسىر كۆرسەتكەن ئەدىبلەرنى ئېيتىپ بېرەمسىز؟

**جاۋاب:** مېنىڭ ئەدەبىيات ساهەسىگە كىرىشىمگە ئوقۇغان كىتابلىرىمنىڭ هەل قىلغۇچ





www.uyghurkitap.com

رول ئوينىغانلىقىنى باشتا دەپ ئۆتتۇم. مەن ئەدەبىياتقا ئىنتىلگەن دەۋردە ئاساسەن رۇس، سوۋېت يازغۇچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇپ چوڭ بولدۇق. شۇلارنىڭ قاتارىدا لېف تولستوينىڭ «ئاننا كارېنىنا»، لېرمونتوفنىڭ «زامانىمىزنىڭ قەھرىمانى»، تۇرگېنېفنىڭ «ھارپا»، «ئوۋچى خاتىرىلىرى»، گوگولنىڭ «ئۆلۈك جانلار» قاتارلىق ئەسەرلەرنى ۋە چېخوفنىڭ ھېكايىلىرىنى سۆيۈپ ئوقۇيتتىم. كېيىنچە شولوخوفنىڭ «تىنچ دون»، «ئېچىلغان تىڭ»، ئوستروۋىسكىينىڭ «پولات قانداق تاۋلاندى»، ئابدۇللا قادىرىنىڭ «ئۆتكەن كۈنلەر»، «مېھرابتىن چايان» رومانلىرىنى ئىشتىياق بىلەن ئوقۇيتتىم. بولۇپمۇ شولوخوفنىڭ «تىنچ دون» رومانىنى ئۈچ، تۆت قېتىم ئوقۇپ چىقتىم دېسەممۇ بولىدۇ. ئۇنىڭ كازاكلار تۇرمۇشىنى ماھىرلىق بىلەن ئېچىپ بەرگەنلىكىگە، بىر كىتاب ئارقىلىق ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىش بولغان بىر دەۋرنى يورۇتۇپ بەرگەنلىكىگە قايىل بولىمەن.

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا كەلسەك، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، زوردۇن سابىر قاتارلىق پېشقەدەملەر ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب ياراتقان تالانتلىق يازغۇچىلار. مەمتىمىن ھوشۇر، خالىدە ئىسرائىللار ئۇيغۇر پروزىسىنى تېخىمۇ رەڭدار تۇسكە كىرگۈزۈپ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرگەنلەر. مەن ئېشىنىمەنكى، كەلگۈسىدە ياشلىرىمىز ئارىسىدىن تالانتلىق، ئەتراپلىق بىلىمگە ئىگە يازغۇچىلار يېتىلىپ چىقىدۇ.

**سوئال:** سىزنىڭچە، پروزا ئەسەرلىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ئالدى بىلەن نېمىدە ئۆلچىنىدۇ؟

**جاۋاب:** مەيلى ھېكايە ياكى رومان بولسۇن، ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ئاجايىپ قىزىقارلىق ۋەقەنى ياكى ھېچكىم قول تەگكۈزمىگەن يېڭى تېمىنى يازغانلىقى بىلەن ئەمەس، بەلكى ھەر قانداق بىر تېمىنى تۇرمۇش چىنلىقىغا ئۇيغۇن ھالدا گۈزەل، تەسىرلىك تىل بىلەن ئىپادىلەپ بەرگەنلىكى بىلەن ئۆلچىنىدۇ. بۇنداق ماھارەت ھەر قانداق بىر يازغۇچىنىڭ قولىدىن كېلىۋەرمەيدۇ. مېنىڭچە، مۇنداق ئۈچ نۇقتا بەكمۇ مۇھىم. بىرىنچى، يازغۇچىدا ئالدى بىلەن كۈزىتىش ئىقتىدارى بولۇشى كېرەك. ھايات خۇددى ئالەمدەك چەكسىز، مۇرەككەپ. ئۇنىڭدا قىممەتلىك نەرسىلەرمۇ، مەنىسىز، كېرەكسىز نەرسىلەرمۇ مەۋجۇت. يازغۇچى مۇشۇ چەكسىز ھايات ئالىمىدىكى ئەھمىيەتلىك، دەۋر روھىنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان، ماھىيەتنى تونۇشقا ماھىر بولۇشى كېرەك؛ ئىككىنچى بىر ئامىل، يازغۇچى تۇرمۇشتىن سۈزۈپ ئالغان ئاشۇ تەرمىلەرنى ئەدەبىياتتا قانداق ئەكس ئەتتۈرۈش، يەنى ئەسەرنىڭ قۇرۇلمىسىنى ئىخچام، ئەستايىدىل پىلانلاش مەسىلىسى. ۋەقەلىكنى بايان قىلىشتىكى مەقسەت ئوبراز يارىتىش. شۇڭا، يازغۇچى ھەر بىر پېرسوناژغا ئۆزىگە لايىق، ئۇ كۆتۈرەلىگۈدەك ۋەقەلىكنى بېرىشى، زورمۇزور يۈك ئارتىپ كۆتۈرەلمەس قىلىپ قويماسلىقى كېرەك. ئۈچىنچى ئامىل — تىل سەنئىتى. يازغۇچى تىل ئۇستىسى. ئەسەرنىڭ تەسىرلىك چىقىشى ھەممىدىن ئاۋۋال ئىشلەتكەن تىلغا باغلىق. يازغۇچى تىلغا تايىنىپ ئوبراز يارىتىدۇ، تىل ئارقىلىق شۇ مىللەتنىڭ مەدەنىيىتىنى يورۇتۇپ بېرىدۇ. تىل ئارقىلىق ئوقۇرمەننى تەسىرلەندۈرىدۇ. شۇڭا، يازغۇچى ئۆز مىللىتىنىڭ تىلىنى ياخشى بىلىشى ھەم ئۇنى ئۆز جايىغا ئىشلىتىشكە ماھىر بولۇشى كېرەك.

**سوئال:** ئەدەبىي تەنقىدچىلەر ئەسەرلىرىڭىزگە ئوبزور يېزىپ مۇئەييەنلەشتۈرۈپ باقتىمۇ؟ ھازىرقى ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزنىڭ ئەھۋالىغا قارىتا قارىشىڭىزنى دەپ باقامسىز؟

**جاۋاب:** بىر يازغۇچى ئۈچۈن يازغان ئەسەرى ھەققىدە بىرەر ئىنكاس بولماسلىقىدىن ئارتۇق پاجىئە بولمىسا كېرەك. بۇ خۇددى تەلەيسىز باغۋەننىڭ بىر يىل پەرۋىش قىلىپ بازارغا ئەكىرگەن مېۋىسىگە خېرىدار چىقماي تاشلىنىۋېتىلگىنىگە ئوخشاش. مېنىڭ ھەر ھالدا تەلىيىم

ياماﻥ ئەمەس. «ئاق چاچلىق كىشى»، «ئوي ئىجارىسى»، «ئوي مەھەللىلىكلەر» قاتارلىق ھېكايىلىرىم، «يىغلىما قىز» ناملىق پوۋېستلىرىم، «ئەلۋىدا قىزىل بىنا» ماۋزۇسىدىكى چاتما ھېكايىلىرىم ھەققىدە ئوبزورلار ئېلان قىلىندى. «تۇمانلىق ئۇپۇق»، «زامانداشلار»، «قىسمەت» قاتارلىق رومانلىرىم ھەققىدە بىر قانچە سالماقلىق ماقالىلەر يېزىلدى. مەن مۇشۇ پۇرسەتتە ئەسەرلىرىمنى ئەستايىدىل ئوقۇپ چىققان ئوبزورچىلارغا چىن كۆڭلۈمدىن رەھمەت ئېيتىمەن.

ھازىرقى ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىز ھەققىدە ھەر قېتىملىق مۇھاكىمە يىغىنلىرىدا كۆپ سۆزلەر قىلىندى ۋە قىلىنىۋاتىدۇ. ئومۇمەن تەنقىدچىلىكىمىز ئىجادىيەت بىلەن تەڭ قەدەمدە ماڭالمايۋاتىدۇ. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئىككى يۈزدىن ئارتۇق رومان نەشر قىلىندى، ئەمما مۇتلەق كۆپ رومانلار ھەققىدە ھازىرغىچە بىرەرمۇ ئوبزور يېزىلىپ باقمىدى. ھازىر بىزدە شائىر، يازغۇچىلار كۆپ، ئەمما ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنى باھالايدىغان ئوبزورچىلار بەك ئاز.

**سوئال:** تۇرمۇشتا يېزىقچىلىقتىن باشقا قانداق قىزىقىشىڭىز بار؟

**جاۋاب:** مەن يېزىقچىلىقتىن بۆلەك ناخشا-مۇزىكا ئاڭلاشنى ياخشى كۆرىمەن. ياخشى بىر مۇزىكىنى ئاڭلىسام ھاردۇقۇم چىققاندەك بولۇپ يېنىكلەپ قالىمەن. ناخشا-مۇزىكا ئىنسان قەلبىنى ياشارتىدۇ، نازۇك تۇيغۇلارنى ئويغىتىپ ئىلھام بەخش ئېتىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا ھەر كۈنى دېگۈدەك گېزىت، تېلېۋىزور خەۋەرلىرىنى كۆرۈپ، ئەتراپىمىزدا، دۇنيادا يۈز بېرىۋاتقان مۇھىم ئىشلاردىن خەۋەردار بولۇپ تۇرىمەن. نادىر تېلېۋىزىيە تىياتىرى قويۇلسا ئۆتكۈزمەي كۆرىمەن. چۈنكى، مەن ھازىرغىچە رېئال تېمىنى يېزىپ كېلىۋاتىمەن. شۇڭا، رېئاللىقىمىزدىكى مۇھىم ئىشلاردىن خەۋەر تېپىپ تۇرۇشۇم كېرەك.

**سوئال:** خەنزۇ ئەدەبىياتى ۋە چەت ئەل ئەدەبىياتىغا دىققەت قىلىپ تۇرامسىز؟

**جاۋاب:** ۋاقتىم بولسىلا تەرجىمە قىلىنغان خەنزۇ ۋە چەت ئەل يازغۇچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇيمەن. ياش چوڭايغانسېرى ۋاقىت تولىمۇ ئەتىۋارلىق بولۇپ كېتىدىكەن. ياشلىقتا بىھۇدە ئۆتۈپ كەتكەن يىللارغا ئۆكۈنۈمەن. شۇڭا ۋاقتىمنىڭ كۆپىنى ئۆزۈمنىڭ ئىجادىيىتىگە سەرپ قىلىمەن.

مېنىڭچە، يازغۇچى بولغان ئادەم كۆپرەك باشقا مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىياتى بىلەن تونۇشۇپ تۇرۇشى، يېڭى يۈزلىنىش، ھەر خىل ئېقىملاردىن خەۋەردار بولۇپ تۇرۇشى كېرەك. يازغۇچى باشقىلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇش، ئۆزىنىڭكى بىلەن سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق ئۆز ئىقتىدارىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ بارىدۇ.

**سوئال:** ئون نەچچە كىتابىڭىز نەشر قىلىنىپتۇ. قەلەم ھەققىگە تايىنىپ خېلى كۆپ پۇل تاپقانسىز؟

**جاۋاب:** بۇ سوئالىڭىزغا نېمە دېسەم بولار! بىلىشىمچە، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچىدە يازغۇچىلىق بىلەن مىليونېر ئەمەس، يۈز مىڭ يۈەنلىك بولدى دېگەنلەرنى ھازىرغىچە تېخى ئۇچراتمىدىم. ناۋادا پۇلنىلا مەقسەت قىلغان بولسا بۇ سەپتىن نۇرغۇن ئادەم كەسىپ ئالماشتۇرۇپ چىقىپ كەتكەن بولار ئىدى. بەزىلەر شۇنداقمۇ قىلدى.

ئەمما كۆپ قىسىم يازغۇچىلار بۇ كەسىپنى ۋىجدان بۇرچى بىلىپ، جاپاسى ھەممىدىن تولا، ھالاۋىتى يوق دېيەرلىك بۇ ئىشنى تەمەسىز ئىشلەپ كەلمەكتە. ئۇلار ئۇچۇن خەلقنىڭ تەشەككۇرى كۇپايە، ماددىي بايلىق ھامان بىر كۈنى تۈگەيدۇ، مەنىۋى بايلىق بولسا ئەبەدىي.

**سوئال:** يېزىقچىلىق قىلىۋاتقان ياشلارغا دەيدىغان سۆزلىرىڭىز بارمۇ؟

**جاۋاب:** ھازىر ئەدەبىيات سېپىمىزگە زور بىر تۈركۈم ياشلار كىرىپ كەلدى بۇ خۇشال بولغۇدەك ئىش. ئۇلار تەلەيلىك ئىكەن. ھازىر

نەشرىياتلار كۆپەيدى. ھەر بىر ۋىلايەت، ئوبلاست-
لاردا ئەدەبىي ژۇرناللار نەشر قىلىنىۋاتىدۇ. ئەسەر
ئېلان قىلىش ئىمكانىيىتى كەڭرى. بۇنداق شارا-
ئىت تارىختا كۆرۈلۈپ باقمىغان. مېنىڭ ئېسىم-
دىن چىقمايدىغىنى، مەن كورلىدا «بوستان» (ھا-
زىرقى «كروران») ژۇرنىلىنىڭ دەسلەپكى سانلى-
رىنى ئىشلىگەن چېغىمىزدا ژۇرنالغا بىرەر ھې-
كايە تاپالماي تولىمۇ قىينالغان، ئامالسىز سىرت
جايلارغا خەت يېزىپ ئەسەر ئالدۇرغانىدۇق.
ھازىر قارىسام كورلىدىمۇ زور بىر تۈركۈم ئاپ-
تورلار قوشۇنى بەرپا بولۇپتۇ.

ئەمما، تولا چاغلاردا ساننىڭ كۆپىيىشى سۈ-
پەتنىڭ چۈشۈشىنى پەيدا قىلىدۇ. مەن ئوقۇغان
ياش ئاپتورلارنىڭ ئەسەرلىرىدىن شۇنى ھېس قىل-
دىمكى، كۆپىنچە ئەسەرلەر ئالدىراپلا يېزىلغان.
تۇرمۇش چىنلىقى كۈچلۈك ئەمەس، يېڭى ئىجا-
دىي پىكىرلەر يوق، تېما تەكرارلىقى كۈچلۈك.
ئەدەبىي ئىجادىيەت بولىدىكەن، ئۇ چوقۇم ئىجا-
دىي، يېڭى بولۇشى كېرەك.

ياشلارنىڭ مىجەزى ئالدىراقسان بولىدۇ.
بىزمۇ بىر چاغلاردا شۇنداق ئىدۇق. تېزرەك نام
چىقىرىشنى ئارزۇ قىلاتتۇق. ئەمما يازغۇچىلىق
تولىمۇ ئەستايىدىللىقنى، سەۋرچانلىقنى تەلەپ
قىلىدۇ. مەشھۇر يازغۇچىلار بىرەر ئەسەر ئۈستى-
دە يىللاپ، ئون يىللاپ ئىشلەيدۇ. شولوخوف
«تىنچ دون» رومانىنى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ
ئوتتۇز يىلدا يېزىپ تۈگەتكەنىدى. شۇڭا، ئۇ دۇن-
ياۋى مەشھۇر ئەسەر بولۇپ كەلدى. مەن ياشلىرى-
مىزدىن ئەسەر ئېلان قىلىشقا ئالدىراپ كەتمەس-
لىكنى، كۆپرەك كىتاب ئوقۇشنى، كەمتەر بولۇ-
شىنى ئۈمىد قىلىمەن.


**سوئال:** ئالىمجان ئىسمائىل ئاكا، سىز ھا-
زىرغىچە قانچىلىك ئەسەر يازدىڭىز؟ قايسى ئە-
سەرلىرىڭىز مۇكاپاتلاندى؟ بۇنىڭدىن كېيىن
قايسى تېمىدا ئەسەر يېزىشنى كۆڭلىڭىزگە
پۈكۈپ قويدىڭىز؟

**جاۋاب:** ماڭا ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنى-
ۋاتقىلى 30 يىل بولدى. ھازىرغىچە 60 پارچى-
دىن ئارتۇق ھېكايە، 14 پوۋېست، بەش رومان
يېزىپ ئوقۇرمەنلەرگە تەقدىم قىلدىم. بىر
مۇنچە ھېكايە، پوۋېستلىرىم ياخشى باھالىنىپ
مۇكاپاتلارغا ئېرىشتى، «ئىجارە ھەققى» ناملىق
ھېكايەم ئاپتونوم رايون بويىچە يېڭى دەۋر مۇنەۋ-
ۋەر ئەسەرلەر مۇكاپاتىغا، «سەھرالىقلار» ناملىق
پوۋېستىم «خانتەڭرى مۇكاپاتى» غا ئېرىشتى.
«يىغلىما قىز» ناملىنق پوۋېستلار توپلىمىم 5-
نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر
ئەدەبىيات مۇكاپاتى «تۇلپار» مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.
«يېگانە دۇنيا» رومانىم 3-قېتىملىق «تەڭرىتاغ ئە-
دەبىيات-سەنئەت مۇكاپاتى» غا ئېرىشتى.

مېنىڭ تازا يازىدىغان قىران چاغلىرىم ئون
يىللىق ئاپەتلىك يىللاردا مەنىسىز ئۆتۈپ
كەتتى. شۇڭا، ئاشۇ يىللارنىڭ ئورنىنى تولدۇ-
رۇش ئۈچۈن تىرىشىۋاتىمەن. لېكىن يىللار تولى-
مۇ تېز ئۆتۈپ كېتىۋاتىدۇ، يازغانلىرىم تولىمۇ
ئازدەك تۇيۇلىدۇ. مەن گەرچە دەم ئېلىشقا
چىققان بولساممۇ، لېكىن يازىدىغان، قىلىدىغان
ئىشلىرىم جىقتەكلا قىلىدۇ. شۇڭا، يېزىشنىلا
ئويلايمەن. ھازىر كاللامدا بىر مۇنچە تېمىلار
بار، شۇنىڭ تەييارلىقىنى قىلىۋاتىمەن. لېكىن
ئالدىن گەپنى چوڭ قىلىپ قويۇپ ئوقۇرمەنلەرنى
نائۈمىدتە قويغۇم يوق. يېزىپ تاماملىغاندا بىر
نېمە دەرمەن. مەندە شۇنداق بىر ئەقىدە بار، ياز-
غۇچى ئۈچۈن مەڭگۈ دەم ئېلىش يوق!

(ئالىمجان ئىسمائىل ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىدىن دەم ئېلىشقا چىققان. ئېزىز-
جان خۇدابەردى شىنخۇا شىنجاڭ ئېنېرگىيە چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى ئامانلىق قوغداش باشقارمىسىدا)

مۇھەررىر **مۇھەممەد ئەيسا ئۆزئەرك**




مەنگە باي سالقىن بېقىشىڭ
يوشۇرغاندۇ ئوت دېڭىزىڭنى.
جىسمىڭدىكى ئىللىق كەيپىيات
يوشۇرغاندۇ ئېچىرقىشىڭنى.

خىياللارغا ئەسىر تىنىقىڭ
ئەپسۇس ئېيتىپ قويار بۈگۈنگە،
دىققىتىڭنى چاچقان رېئاللىق
قەرزدار قىپ قويار ئۆزۈڭگە.

كېچىلەرنىڭ تىنىقلىرى ئوت،
تاۋلانغانسەن ئۇندا مىڭ-مىڭ رەت.
ئوربىتاغا ئايلانغان روھىڭ
تىلسىمىڭدا پارتلايدۇ دەھشەت.

ئاشىقلارغا بېرىدۇ ساۋاق،
ئاشىقلىقىڭ بەرگەن كامالەت.
ئەقىدەڭنى تاۋلار ھىجراندا،
ئەرلىكىڭدە مەغرۇرسەن ئەبەت.

ئۆز قەلبىڭگە خائىن رېئاللىق،
غالىب ئۇندا قۇرغاق ئېرىشىش.
يۇلقۇنۇپلا كەتسەڭ مەيلىتى،
كۈتەر يەنە سۆيگۈگە قېچىش.

كۆز شاملى يىرىك قولىدا
پېشانەڭنى سىلايدۇ سوغۇق.
ئەسلىمىلەر ھارغىن قېتىدىن
ھازىرىڭغا قايتىسەن تۇرۇپ.

ھېسلىرىڭنىڭ چۈشكەن قاسىرىقى،
يىللار ئۇنى كەتكەندۇ يالماپ.
شۇغىرغانلىق قىشتىكى ئارمان،
باھاردا بوپ ئۈنگەندۇ ماكاپ.

گۈل ئېچىلسا كەلگەن ئىلھامىڭ،
شامال بىلەن توزۇغان رەت-رەت.
كۆز ياپرىقى تۆكۈلسە ئاستا،
قالدىڭ يەنە غەمكىن چۆلدەرەپ.

قۇشلار بىلەن قىلغانسەن پەرۋاز،
ئەركىنلىكنىڭ خاھىشى ئارا.
باشلاپ كىرەر تەنھا قەدىمىڭ
غېرىبلىقنى قەلبىڭ قېتىغا.

ئىزدىگەنسەن ساپ ئاۋازىڭنى،
تاغلارئارا ئەكس سادادىن.
مۇڭغا تولغان روھىڭ قېتىغا
روھ بەرگەنسەن ھەم بۇلاقلاردىن.

سەن، مەن، ئۇلار ھەممىسى شۇنداق،
تاسقاپ چىقار سېنى بىر-بىرلەپ.
چۈشەنمەيدۇ ھېچبىرى، ئەمما،
باھا بېرەر ساڭا ھەسسىلەپ.

دولقۇنلاردا كۆۋرەپ ئېقىپ،
قوشۇلغانسەن تىنچ دېڭىزغا.
سىرغىۋېلىپ كېچىگە مەغرۇر،
دەۋالغانسەن گېپىڭنى ئايغا.

سەن مەندىكى ئارمانلىق بىر ئوت،
ئەسىربويى كۆيگەن چاراسلاپ.
جانلىرىمدىن قانلىرىمغىچە
لاۋۇلدىغان مېنى قۇچاقلاپ.

روھلىرىمىز كەتكەن چىرمىشىپ،
بىز زېمىنغا يارالماستىنلا.
ياشىغانمىز يىلسېرى كۈتۈپ،
ئۈمىدلىنىپ ئەتە سىياقتا.

سەن مەندىكى چۈچۈك ئېچىرقاش،
ئايالىقىم تۇرغان باغاشلاپ.
سەن مەندىكى بارلىق يوقلۇقتىن
ئىككىمىزنى چىقىسەن باشلاپ.

كەلگىن شېئىر قوي مېنى سۆيۈپ،
ئايلانمايمەن كۆز ياشقا ئەمدى.
مەن شېئىرغا ئايلانغان ياقتىن،
ئەپكەلگىنىڭ ئۇ كىمنىڭ ھىدى؟

مەن شېئىرغا ئايلانغان دەقىق،
سەنمۇ شېئىر ئوقۇدۇڭ تەنھا.

يەر شارىنىڭ ئىككى چېتىدە
شېئىر بولۇپ تۇغۇلدۇق تەڭلا.

سۆيۈۋالغىن ئۇنى ئەي شېئىر،
تۇيدۇرماستىن ئاستا بەك ئاستا.
مەن ئۇنىڭغا ئۇمۇ ھەم ماڭا،
ئوقۇلدۇق بىز سېنىڭ تىلىڭدا.

شۇنچە پاكىز ئەقىدە بىلەن،
شېئىر بولۇپ تۇغۇلسۇن ھەممە.
ھەركىم سۆيسۇن ئادەملىكىنى،
سۆيۈلدۈرسۇن ھەركىمنى يەنە.

بىز ھاياتنى كۆكلىتىپ تۇرۇپ،
سۆزلىشەيلى ئىنسانچە تىلدا.
روھ پەسلىمىز باشلانسۇن باشتىن،
شېئىر تۇغقان ئاداققى جايدا.

يېپىلمەكتە مەن، سەن ۋە ئۇمۇ،
رېئاللىقنىڭ تەمسىز قولىدا.
يوقالماقتا ئاخىرقى ئىزىمۇ
مۇڭغا چۆكۈپ قەدىم زېمىندا.

قالدى سۆيگەن، سۆيۈلگەن تەملا،
ۋە ئۆتمىدى ئۇندىكى رەڭمۇ.
ئۆز قەلبىدىن يىراقلاپ كېتىپ،
ياتنى دوراپ يۈرگەنلەر كىم ئۇ؟

ئۇزاپ كەتتى تەمتىرەپ، تىترەپ،
يۈرىكىڭدىن ئوت سورىغانلار.
ئۆچرىشارمىز ئاخىرەت كەبى،
سۆيگۈسىراپ بارغان ئارالدا.

قالدى سۆيگەن، سۆيۈلگەن تەملا،
ۋە ئۆتمىدى ئۇندىكى رەڭمۇ.
بىز تۇغۇلغان ئاشۇ دوقمۇشتىن
چىقىپ كەلگەن جىنىم ئۇ سەنمۇ؟!

(ئاپتور خوتەن ۋىلايەتلىك رادىئو-تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتىدا)

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

مەھمۇت ھېيت مەھدى

# كۆك خېنىم

## نېمە ئۇ يۈرەكنى كۆيدۈرگەن ۋىژ-ۋىژ

نېمە ئۇ يۈرەكنى كۆيدۈرگەن ۋىژ - ۋىژ،
تاڭدىكى بىر گۈلنىڭ نازلىق سايرىشى.
دەرەخلەر كۈز پەسلى ئۇچۇپ كېتەلمەي،
يوپۇماق ئالدىدا يىغلاپ تاشلىدى.

ئۇ شۇنداق كۆكلەرگە قولىنى سوزغان،
يۇلتۇزلار چاقنايتتى ئۇنىڭ كۆكسىدە.
ھارارەت شۇنچىلىك دولقۇنلاپ تۇرسا،
چۈشلەرمۇ كۈي قىلغان سۆيگۈ ھەققىدە.

ئۇ ئەسلىي گۈل ئەمەس، دەرەختەك ئىدى،
شېخىدا سايرايتتى ھىجراندا بىر قۇش.
بۇ چۈشلەر غازاڭغا سىزىلغان رەسىم،
شامالدەك يېنىكلەپ كەتسەڭچۇ ئۇنتۇش.

ئېسىمدە ئۇ قىزىل بولغان شۇ كېچە،
ئېسىمدە بەختىنىڭ قەدەم تىۋىشى.
ئاسمانىنىڭ ئايلىرى ئاسماندا قالسۇن،
ئېسىمدە پىچىرلاپ تۆككەن كۆز يېشى.

يوللارنى يوللارغا تۇتاشتۇردى غەم،
قەلبتىن قەلبكە تۇتاشقاندا نۇر.
نېمە ئۇ يۈرەكنى كۆيدۈرگەن ۋىژ-ۋىژ،
يىلاندەك سويلىشى تۈيغۇدەك چوڭقۇر.

## بىرىنچى بەت

كۆزۈڭدىن ھېس قىلدىم ئىللىق بىر نۇرنى،
ئاق قەغەز ئۈستىگە تاشلاندى قەلەم.
بۇلاقتا ئوخشايدۇ ئاخشامدا خىيال،
قەلبىمدۇر سۆيۈملۈك مېنىڭ مەھەللەم.

ئاشۇ پەيت باشلىدى باش قۇرغا بايان،
ئۇ چاغدا دەرەخلەر قۇشقا ئايلاندى.
يۈرەككە سىزىلغان سېنىڭ كۆزلىرىڭ
ئۇ چاغدا كۆڭۈلگە سىزىق سىزىلدى.

باشلاندى كېچىدە سېھىرلىك تىۋىش،
باشلاندى چۈشلەرنىڭ رەڭدار تەبىرى.
يوللاردا پۈتۈمغا سوقۇلغان تاشلار
بىلەمسەن بەختتۇر ئۇنىڭ ھەر بىرى.

ئات مىنگەن خىيالدۇر — سۆيگۈ خىيالى،
تاڭلاردىن نۇر ئېلىپ يورۇيدۇ دىللار.
باشلىنىش — بىر گۈزەل مۇساپە دېمەك،
ئۇچۇشنى ئويلايمەن ئۇچسا شامالللار.

ئۇ چاغدا دەرەخلەر قۇشقا ئايلاندى،
قايرىلدىم يولۇمدىن كۆڭۈل تەرەپكە.
چىرايلىق كۆزلىرىڭ ئىسمىڭدۇر سېنىڭ،
لېۋىڭنى سېغىندىم بىرىنچى بەتتە.

## كۆك خېنىم

باھارنىڭ كۆكسىدە كۆپكۆكتۇر ئاسمان،
كۆك خېنىم، باشلىغىن بۇغداي سۆزۈڭنى.
ئېرىقتىن كەلگىنى سۆيگۈ-ئېتىقاد،
چېچەكلەر ئېچىلىپ كۈيلەر ئىزىڭنى.

بىر قوياش، بىر زېمىن، بىر دانە بۇغداي،
كۆكلەيدۇ رىۋايەت ئېچىدە چۈشلەر.
بۇ دۇنيا ئەسلىدە «ياغلىق قاپاق»تۇر،
كۆيمەكتە گۈلخاندا سانسىز سۆيۈشلەر.

مۇقاملار داپتىكى داننىڭ ئاۋازى،
داپ چالغان ئالقاننىڭ قايناپدۇ قېنى:
تۇزۇماس گۇللەرمۇ ئېچىلىپ كەتتى،
يۈرەكنىڭ يەنىلا ئۆگمەيدۇ رېڭى.

كۆك خېنىم، سەن بىلەن باراي تاغلارغا،
چۇشلەرگە تولدى شوخ كۆكۈل بويلىرى.
يەلكەمنى، مەڭزىمنى سىلايدۇ شامال،
يوپۇرماق شەكلىدە ۋىسال كۈنلىرى.

كۆك ئۈندى، ياشاردى بارچە كائىنات،
كۆك ئۈندى، باشلاندى قۇشلارنىڭ تويى.
شىلدىرلاپ ئاققان سۇ يېتەر پەللىگە،
كۆك ئۈندى، باھارنىڭ يورۇدى كۆزى.

يېشىنەر دەرەخلەر ھارارەت ئۈچۈن،
تاغلارنى قۇچاقلار قۇياشنىڭ ئۆزى.
بىر مىسرا بېيىتنىڭ چوڭقۇرلۇقىدا،
يۈرەككە ئورناشتى بىر قىزنىڭ كۆزى.

## دىلبەر كۆۋرۈكى

قىز كۆۋرۈكى — خان كۆۋرۈكى دەپتىكەن،
ئۆتەر يولۋاس، ئۆتەر تاغنىڭ تۈلكىسى.
مۇھەببەتلىك بېسىلماقتا بۇ قەدەم،
يوقتۇر بىراق چىن سۆيگۈنىڭ ئۆلگىسى.

ئىشەنمەيمەن پەسىللەرگە، شامالغا،
يۈرەكتىكى گۈزەللىكنى سۆيىمەن.
ئاچچىق-چۈچۈك گۈزەللىكنى سەزگەندە،
بۇ بوشلۇقنى ساڭا ئاتاپ كۈتىمەن.

يامغۇر ياغسا كۈنلۈك تۇتتۇم كوكاتقا،
كوكاتلاردىن ھېس قىلغاچقا ھىدىڭنى.
قار ياغقاندا يۈگۈرۈپ باردىم دالىغا،
دالىلاردەك ھېس قىلغاچقا باغرىڭنى.

كېچىلىرى خىيالىمدا قانايسەن،
كۈيلىرىمدە يوپۇرماقلىق دەرەخسەن.
مۇھەببەتنىڭ يۇلتۇزلىرى چېچىلسا،
كۆزلىرىمدە مۆلدۈرلىگەن قاراقسەن.

ئىككى يولۇم قىينار مېنى تاغلاردا،
قۇياش باردۇر ھامان تەقدىر كۆكسىدە.
تام ھەققىدە بىلەلمىدىم ھېچنېمە،
چۈش كۆرىمەن دائىم قىلىنىڭ ئۈستىدە.

ئىككى يولۇم قىينار مېنى تاغلاردا،
شېئىرلىرىم بىر ساڭا خاس تىلەكتۇر.
تىترەپ تۇرۇش تەمبۇرۇمنىڭ قىسمىتى،
سۆيۈپ ياشاش ماڭا مەڭگۈ راۋادۇر.

(ئاپتور شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ئۇيغۇرچە ئاخبارات ئۈنۈپرسال قانىلىدا)

ھەزرەتئەلى ئەلى

# سەن گويا پىنھاندا ئېچىلغان بىر گۈل

## كېلىدۇ

سۆيگۈگىدە قۇرۇغان قاقشال ئوتۇن بوپ،
تاشلانغۇم كېلىدۇ ئوچاقلىرىڭغا.
لېۋىڭدە مەي باغلاپ پىشقان مېۋە مەن،
تۆكۈلگۈم كېلىدۇ قۇچاقلىرىڭغا.

تۈنلەردە ھىجرانكار پەرۋانە بولۇپ،
ئېتىلغۇم كېلىدۇ چىراغلىرىڭغا.
بېغىڭدا ئىشقۋاز كاككۇكتەك چاك-چاك
سايرىغۇم كېلىدۇ پىراقلىرىڭغا.

سەن ئامراق خۇش پۇراق ئەتىرگۇل كەبى،
ئوخشىغۇم كېلىدۇ زىناقلىرىڭغا.
تەييار قىل گېلىمغا سۆيگۈ شەمشىرى،
سۇركەلگۈم كېلىدۇ پىچاقلىرىڭغا.

كۆزلىرىڭ دولقۇنلۇق بىر ئەزىم دەريا،
تاشلانغۇم كېلىدۇ قاراقلىرىڭغا.
تۇرىمەن سۆيگۈڭدە ئۆزۈمدىن تېشىپ،
ئېتىلغۇم كېلىدۇ ياراقلىرىڭغا.

قەلبىمدە دۇنيانىڭ گۈلىسەن يەكتا،
قېتىلغۇم كېلىدۇ يالغۇزلۇقۇڭغا.
سۆيگۈڭنىڭ باغلىرى خۇشبۇي پۇرايدۇ،
مەست بولغۇم كېلىدۇ يالپۇزلۇقۇڭغا.

چۇش كۆرۈپ ئولتۇرغان ياپيېشىل بۇندا،
تاشلانغۇم كېلىدۇ ياپراقلىرىڭغا.
مەن ساڭا بىر ئۆمۈر بېغىشلىنىمەن،
يۈگەشكۈم كېلىدۇ قاسىراقلىرىڭغا.

مۇزلىدىم سىنىڭسىز، ئەكەل لېۋىڭنى،
ئۇرۇلغۇم كېلىدۇ تىنىقلىرىڭغا.
ئالساڭمۇ جېنىمنى نازلىرىڭ بىلەن،
تىرىلگۈم كېلىدۇ قىلىقلىرىڭغا.

## P.A غا

سەن گويا يورۇماس سىرلىق بىر كېچە،
مەڭگۈلۈك گۈزەللىك شۇ پىنھان جىسمىڭ.
سەن گويا تۈگىمەس ئۇزاق بىر مەنزىل،
مەڭگۈلۈك ئارماندۇر شۇ ياڭراق ئىسمىڭ.

سەن گويا پىنھاندا ئېچىلغان بىر گۈل،
مەن ئۇنىسىز غايىۋى ئىنتىلىپ كەلگەن.
سەن گويا ئەپسانە، سىرلىق تەبەسسۇم،
بىر دەريا سۆيگۈنى ئېلىپ تۆرەلگەن.

سەن گويا بىخ سۇرگەن يۇمران بىر گىياھ،
دىللارغا تۇتاشقان پىنھان چىغىر يول.
سەن گويا ئۇنتۇلماس شېرىن ئەسلىمە.
چۇشلەردە قىيغىتىپ ئويىنغان دۇلدۇل.

سەن گويا جىمىرلاپ تۇرغان بىر دېڭىز،
بىپايان قاقاسلىق تەلمۇرگەن يامغۇر.
سەن گويا تۈگىمەس بىر تەگسىز خىيال،
مىڭ يىللىق قايغۇنى جەملىگەن يالغۇز.

سەن گويا بىر پارچە ئازابلىق شېئىر،
يۈرەكتىن سىرغىغان پىغانلىق كۆز ياش.
سەن گويا ئالبۇمدا كونا بىر سۈرەت،
ئەڭ گۈزەل ئۆتمۈشكە قويۇلغان ياندىش.

سەن گويا ئۆپۈقسەن قىزىرىپ تۇرغان،
ئەبەدىي يەتكىلى بولماس بىر ئارمان.
سەن گويا كۆزدىكى ئۆمىدسىز دەرەخ،
ياپراقلار سارغىيىپ بولغان باغرى قان.

## سۆيگۈ

ئۇ مۇڭلۇق يايرىغان يېقىملىق بىر كۈي،
دىللارنىڭ تېخىچە مېھرى قانمىغان.
ئۇ ئېيتىپ تۈگىمەس گۈزەل بىر چۆچەك،
ھاياتلىق ئىمكانى تاشقىنلاپ تۇرغان.

ئۇ تىنماي دولقۇنلاپ تۇرغان بىر دەريا،
پايانسىز كەڭلىككە نۇردەك يامرىغان.
ئۇ مەڭگۈ لاۋۇلداپ تۇرغان يانار تاغ،
ئوت ــ تەپتى، شىددىتى جاننى چىرمىغان.

ئۇ ئېزگۈ ھاياتقا بېرىلگەن پۇرسەت،
ئىستەكلەر ئۆزىنى ئەيلىگەن كۆرەك.
ئۇ چەكسىز دېڭىزدا كۆرۈنگەن قىرغاق،
تەلپۈنۈش ئەۋجىدە تىتىلغان يۈرەك.

ئۇ تۇيغۇن روھلاردا بالقىغان چاقناش،
قاراڭغۇ زۇلمەتلەر يورۇغان ئاسمان.
ئۇ گۈلگۈن دىللاردا قاينىغان قىيام،
ھەر بىر تەن تەكتىگە ئويۇلغان داستان.

ئۇ كۈندەك يامرىغان نۇرانە ھالقىش،
سەزگۈلەر باغرىدا دولقۇنلىغان قان.
ئۇ مەڭگۈ شادىمان چەكسىز ئەركىن قۇش،
پەرۋازى روھلارنى ئەيلىگەن ماكان.

## ھېلىمۇ قەلبىمدە بىر گۈل سەن مەسۇم

ھېلىمۇ قەلبىمدە بىر گۈل سەن مەسۇم،
بىر سېنى سېغىنىپ كېلىمەن تەنھا.
يۈرىكىم دەردىڭدە لەختە-لەختە قان،
ئېھ مېنى يادىڭغا ئالغىن ئەي دۇنيا.

كېزىدۇ باغرىمنى ھەر بىر تۈن-كېچە،
يېقىملىق سېيمايىڭ، شۇ مەغرۇر سۆيگۈڭ.

كۆزلىرىڭ شۇنچىلىك پىغانلىق، مۇڭلۇق،
ۋە لېكىن سەزمەيدۇ سۆيگۈمنى سەزگۈڭ.

مۇھەببەت ئازابلىق جەرياندۇر بەلكىم،
مەن مەڭگۈ دەردىڭدە قايغۇرۇپ ئۆتەي.
سەن ئاشۇ سېھرىلىك كۆزلىرىڭ بىلەن،
داۋام ئەت قىيناشنى مەن ئۆلۈپ كېتەي.

(ئاپتور شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات ئىنستىتۇتى ئۇيغۇر تىل - ئەدەبىيات 2005 - يىللىق 5 - سىنىپتا)

**نامانجان تۇرسۇن قاراتېكىن**

# رۇبائىيلار

شاد-خۇرام ياشايمەن دېسە ھەر بەندە،
ھاياتلىق بېغىدا ئەيلىسۇن خەندە.
ئۈمىدنىڭ ۋەسلىدىن ئەمسۇن ئوغۇز سۈت،
ۋۇجۇدنى خوراتماي ئورۇنسىز غەمدە.

* *

ئالەمنىڭ كېچىسى بار ھەم كۈندۈزى،
ئوخشىماس ئەينەكنىڭ ھەر ئىككى يۈزى.
مۇكەممەل شەيئى يوق ھاياتتا زادى،
مىسالدۇر بۇنىڭغا ئادەمنىڭ ئۆزى.

* *

توختام سۇ قانچىلىك بولسىمۇ سۈزۈك،
بەربىر ئۇنىڭكى مەنزىلى ئۈزۈك.
ئۆمۈرنىڭ ئاخىرقى مىنۇتىدىمۇ،
ھەرىكەت ئىچىدە ياشىغان تۈزۈك.

ئەقىلنىڭ قىممىتى ئەقىل بار يەردە،
ئەقىلسىز ئەقىلنى ئۆلچەيدۇ زەردە.
قەلبىگە نادانلىق ئۇرۇقى چاچار،
ئەقىلنىڭ كۆزىگە تارتقانلار پەردە.

* *

بولمىسا ئەل-يۇرتۇڭ غېمىڭدا سېنىڭ،
ھالاللىق بولمايدۇ نېنىڭدا سېنىڭ.
كىچىك دەپ ئويلىما ئەل قەدرىتىنى،
تاغ كەبى يۆلەكتۇر يېنىڭدا سېنىڭ.

* *

ۋاقىتنى قەدىرلە، ۋاقىت ئالتۇن-زەر،
ئىجتىھات قىلسا كىم، جاۋاھىر سۈزەر.
دەقىقە ئۆتتىمۇ، سائەتلىك پۇشمان،
تىلەككە ھەركىمنى ۋاقىت يەتكۈزەر.

(ئاپتور يوپۇرغا ناھىيە ئاچچىق يېزىسىدا)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

شىڭ چىڭجي



# ئەپكۈلۈقى يوقىتىش

(hېكايە)

**ئەسقەر ئەھمىدى** تەرجىمىسى

بايىلا بىر قەپەس قاتتىق يامغۇر يېغىپ، تاغنىڭ ھاۋاسى ئادەتتىن تاشقىرى ساپلىشىپ كەتتى. ئاسماندا بىر قانچە قۇش يېقىملىق سايراپ، توختىماي چۆرگىلەپ ئۇچاتتى. يامغۇر سۈيىدە يۇيۇلغان تاغ گۈللىرى تېخىمۇ چىرايلىق كۆرۈنەتتى.

بىر توپ ساياھەتچى ساياھەت يېتەكچىسىنىڭ باشلىشى بىلەن مۇئەللەق بوشلۇققا تارتىپ قويۇلغان ئاسما كۆۋرۈك ئارقىلىق ئون نەچچە مېتىر كەڭلىكتىكى جىلغىدىن ئۆتۈپ، جىلغا ئۇدۇلىدىكى مەنزىرە نۇقتىسىغا بارماقچى بولۇشتى. جىلغا ئىنتايىن چوڭقۇر بولۇپ، ئاستىدىكى لاي-لاتقىلىق ئېقىن ئىنتايىن تېز ئاقاتتى. ساياھەتچىلەر سەل ئەنسىرەپ، پۇلاڭشىپ تۇرغان ئاسما كۆۋرۈكتىن ئېھتىيات بىلەن ئۆتۈشكە باشلىدى. ھېلىمۇ ياخشى، ئاسما كۆۋرۈك ئۈستىدە باش بارماقچىلىك چوڭلۇقتىكى بىر تال مىس سىم ئارغامچا بار ئىدى. ساياھەتچىلەر ئۇنىڭغا ئېسىلىۋېلىشتى، بىراق يەتتە-سەككىز ياشلاردىكى بىر ئوغۇل بالا قورقۇپ تىترەپ كۆۋرۈكتىن ئۆتكىلى ئۇنىمىدى. ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسى ئۇنى ئىلھاملاندۇرۇپ نەسىھەت قىلىۋېدى ئۇمۇ كار قىلمىدى. كىشىلەرنىڭ ھەممىسى كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ بولدى. ئۇلارغا يېتىشىۋالمىسا سەپتىن چۈشۈپ قالىدىغان گەپ. ئوغۇل بالىنىڭ ئاتا-ئانىسى ئۇنى قالدۇرۇپ قويۇپ كۆۋرۈكتىن ئۆتۈشتى. بۇ چوڭلارنىڭ بالىلارغا تاقابىل تۇرۇشتىكى دائىملىق ئامالى ئىدى. ئادەتتە

چوڭلار مېڭىپ يىراقلاپ كەتسە، كىچىك بالىلار تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئەگىشىپ ماڭاتتى. بىراق بۇ قېتىم بۇ ئۇسۇل كارغا كەلمىدى. بۇ بىر جۈپ ياش ئاتا-ئانا جىلغىنىڭ قارشى تەرىپىگە بېرىپ بولغانىدى. ئوغۇل بالا يەنىلا ئەسلىدىكى ئورنىدا تۇراتتى. ئۇ بېشىنى تۆۋەن سېلىپ، بىر دانە سېپىرلىق ئويۇنچۇقنى ئويناۋاتاتتى. ئوغۇل بالىنىڭ دادىسى:

— قارىغاندا مەن ئۇنى كۆتۈرۈپ ئەكەلسەم بولغۇدەك. ئۇ قورقۇنچاق بولۇپ قاپتۇ — دېدى. ئۇنىڭ گېپى تۈگەپ تۇرۇشىغىلا، غەلىتە بىر ئاۋاز پۈتكۈل جىلغىنى لەرزىگە سالدى!

ئوغۇل بالىنىڭ كەينىدىكى تاغ ئاستا-ئاستا گۈمۈرۈلۈپ تاش پارچىلىرى جىلغىغا چۈشۈشكە باشلىدى.

— لاتقا ئېقىن!

— تېز يۈگۈر! بالام! تېز كەلگىن!

بالىنىڭ ئاتا-ئانىسىلا ئەمەس، باشقا كىشىلەرمۇ ۋارقىراشتى!

ئوغۇل بالا دەسلەپتە نېمە ئىش يۈز بەرگەنلىكىنى بىلەلمىدى. كىشىلەرنىڭ ئەنسىز ۋارقىرىشىدىن كەينىگە بۇرۇلۇپ قاراپ، ئۆزىگە خېيىم-خەتەرنىڭ يېقىنلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى بىلدى، بىراق ئۇ ئاسما كۆۋرۈك تەرەپكە قاراپ يۈگۈرمەي، جىلغا تەرەپتىكى تاغ يولى تەرەپكە قاراپ يۈگۈردى!

ئوغۇل بالا ئەمدىلا خەتەردىن قۇتۇلۇپ تۇرۇشىغا، ئاسما كۆۋرۈك ئەتراپىدىكى تاغ خۇددى ئېرىپ كېتىۋاتقاندەك لۆمشۈپ، لاي-لاتقا ئارىلاش تاش پارچىلىرى، دەرەخ شاخلىرى، ئوت-چۆپلەر غايەت زور ئاۋاز چىقىرىپ جىلغىغا قاراپ ئېقىشقا باشلىدى. جىلغا ئاستىدىكى سۇمۇ كۆزنى يۇمۇپ ئاچقىچە يۇقىرى ئۆرلەپ يۈرەكلەرنى جىغىلداتتى.

بۇ بىر كىچىك دائىرىدىكى تاغ گۈمۈرۈلۈش ھادىسىسى بولۇپ، بۇ بالايىئاپەتنى بايىقى يامغۇر كەلتۈرۈپ چىقارغانىدى. لاي-لاتقا ئېقىنى ئون نەچچە مىنۇت داۋاملىشىپ، تەدرىجىي پەسەيدى. ئوغۇل بالا يېقىن ئەتراپتىكى ھۆل يەردە ئولتۇرغان بولۇپ، قورقۇپ چىرايىنىڭ خۇنى قالمىغانىدى.

بۇ قېتىمقى كىچىك دائىرىدىكى لاتقا ئېقىنى گەرچە ئادەم ئۆلۈش، يارىلىنىش ئەھۋالىنى كەلتۈرۈپ چىقارمىغان بولسىمۇ، بىراق جىلغىنىڭ ئىككى قىرغىقىنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان ئاسما كۆۋرۈكنى نابۇت قىلىۋەتكەنىدى. پەقەت ھېلىقى ساياھەتچىلەر ئېسىلىپ ماڭىدىغان مىس ئارغامچىلا قالغان بولۇپ، شامالدا پۇلاڭشىپ تۇراتتى.

ساياھەتچىلەر ئېسىنى تېپىشقاندىن كېيىن خۇشال بولۇشتى. ئەگەر سەللا كېيىن قالغان بولسا، لاي-لاتقىنىڭ تېگىدە قېلىش مۇمكىنچىلىكى بارئىدى. نېمىدېگەن خەتەرلىك-ھە!

ساياھەتچىلەر ھەل قىلىشقا تېگىشلىك بىر قىيىن مەسىلىگە دۇچ كەلدى. يەنى بالىنى قانداق ئېلىپ كېلىش كېرەك؟ بىردەمدىن كېيىن قاراڭغۇ چۈشەتتى. ئەگەر بىر كىچىك بالا يالغۇز ئۇ تەرەپتە قالسا، ئادەم تەسەۋۋۇر قىلىپ بولغىلى بولمايدىغان خەتەرگە ئۇچرىشى مۇمكىن ئىدى.

كىشىلەر بىر-بىرىگە قارىشىپ ھەممىسى ئىلاجسىزلىقنى بىلدۈرۈشتى. جىلغا گەرچە ئون مېتىر كەڭلىكتە بولسىمۇ، بىراق كۆۋرۈك يوق ئىدى. ئوغۇل بالىنىڭ ئانىسى ئۆزىنى تۇتۇۋالالماستىن يىغلاشقا باشلىدى. دادىسى بولسا ھەسرەت چېكىپ، بۇ قېتىمقى ساياھەتكە قاتناشقانلىقىغا پۇشايمان قىلدى.

بۇ چاغدا 20 ياشلار ئەتراپىدىكى بىر يىگىت ئوتتۇرىغا چىقتى:

— جىددىيلەشمەڭلار. بالىنى مەن ئېلىپ كېلەي، — دېدى ئۇ.

ھەممەيلەن نەزىرىنى ئۇنىڭغا ئاغدۇرۇشتى. بەزىلەر ئۇنىڭ ئۆزلىرى تۇرۇشلۇق شەھەردىكى سېرك ئۆمىكىنىڭ ئارتىسى ئىكەنلىكىنى تونۇۋالدى. ئۇ پولات سىمدا ماڭالايتتى. ئۇ قولى بىلەن ھېلىقى مىس ئارغامچىنى سىناپ باقتى. ئاندىن بەدىنىنى بىر سىلكىپلا ئەپچىللىك بىلەن سىمنىڭ ئۈستىگە چىقىپ تۇردى.

— قاملىشالارمۇ يىگىت؟ — دېدى بەزىلەر.

يىگىت كۈلۈپ تۇرۇپ:

— چاتاق يوق. ئادەتتە ئويۇن قويغاندا ئىشلىتىدىغان پولات سىم بۇ سىمدىن ئىنچىكە، — دېدى.

دەرۋەقە، يىگىت پولات سىم ئۇستىدە خۇددى تۈز يولدا ماڭغاندەكلا راۋۇرۇس ماڭدى. سەيىرداشلىرىنىڭ ئەنسىرىگىنىنىڭ ئەكسىچە جىلغىدىن قىينالمايلا ئۆتتى.

بىراق ھېلىقى بالا جاھىللىق قىلىپ يىگىتنىڭ ئۆزىنى كۆتۈرۈپ مېڭىشىغا ئۇنىمىدى. يىگىت ئۇنى مۈرىسىگە ئېلىپ كۆتۈرۈپ، ئىككى پۇتىنى تۇختىماي مىدىرلاتتى. ئاندىن ئوغۇل بالىنى قورقۇتۇپ:

— سەن يەنە ياۋاش بولمايدىكەنسەن، مەن سېنى جىلغىغا تاشلىۋېتىمەن ! — دېدى.

بالا ئاخىر شۈككىلىدى.

بۇ قېتىم يىگىت ئىنتايىن ئېھتىيات بىلەن ماڭدى. قەدەملىرى ئىلگىرىكىدىن كۆپ ئاستىلىدى.

ساياھەتچىلەر دېمىنى ئىچىگە يۇتۇشۇپ، جىددىيلەشكەن ھالدا ئۇنىڭ مۈرىسىدىكى ئوغۇل بالىغا قاراشتى.

يىگىت بىر قانچە قەدەم ماڭغاندىن كېيىن، مۈرىسىدىكى يۈككە ماسلىشىپ قالدى. ئۇنىڭ قەدىمى تېزلىشىپ ھەرىكىتى بۇرۇنقىدىن چاققانلاشتى. يىگىت ئىنتايىن تېزلىكتىلا پولات سىمنىڭ يېرىمىدىن ئۆتۈپ جىلغىنىڭ ئۇ تەرىپىگە يېقىنلاشتى. بۇ چاغدا، يىگىت ھېچكىم قىياس قىلمىغان بىر ھەرىكەتنى ئىشلىدى. ئۇ مۈرىسىدىكى بالىنى مەيدىسىگە ئېلىپ كۆتۈرۈپ، ئاندىن ئالدى تەرەپكە قارىتىپ ئېگىز چۆرىدى. كىشىلەرنىڭ ئەنسىز ۋارقىراشلىرى ئىچىدە، ئۇ چەبدەسلىك بىلەن بېرىپ بالىنى تۇتۇۋالدى. ئاندىن پولات سىم ئۇستىدىن پەسكە سەكرەپ چۈشتى!

كۆپچىلىك «ياخشى» دەپ ۋارقىراشتى ھەممىدە قىزغىن ئالقىش ساداسى ياڭراتتى !

ئوغۇل بالىنىڭ ئاتا-ئانىسى يىگىتكە مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرۈۋاتقان چاغدا، ئوغۇل بالا تۇيۇقسىز يىغلاپ كەتتى:

— مېنىڭ ئويۇنچۇقۇم ئاشۇ تەرەپتە قاپتۇ.

كىشىلەر جىلغا تەرەپكە قارىۋىدى، بالا بايا ئولتۇرغان جايدا پارقىراپ تۇرغان بىر مېتال جىسىمنى كۆرۈشتى.

— بولدى قىلايلى، ئۆيگە قايتىپ بارغاندىن كېيىن يەنە يېڭىسىنى ئېلىپ بېرىمىز، — دېيىشتى بالىنىڭ ئاتا-ئانىسى.

— شۇ ئەمەسمۇ، ئاشۇنچىلىك كىچىك نەرسە تەۋەككۈل قىلىشقا ئەرزىمەيدۇ، — دەپ نەسىھەت قىلىشتى كۆپچىلىكمۇ.

ھېلىقى يىگىت كۈلۈپ قويۇپ:

— ھېچ ۋەقەسى يوق. مەن يەتتە ياش ۋاقتىمدىن باشلاپ مەشىق قىلىپ، پولات سىم ئۇستىدە 15 يىل ماڭدىم. ئەگەر بىخەتەرلىك سىمى بولغان بولسا، موللاق ئاتساممۇ چاتاق چىقمايتتى، — دېدى.

يىگىت سۆزلىگەچ، بەدىنىنى بىر سىلكىپلا پولات سىم ئۇستىگە چىقتى.

— خەق بىزنىڭ بالىمىزنى قۇتقۇزدى، يەنە شۇنچە خەتەرگە تەۋەككۈل قىلىپ ئويۇنچۇقىنى ئېلىپ بەرگىلى مېڭىۋاتىدۇ. بىز ئۇنىڭغا ئوبدانراق رەھمەت ئېيتىشىمىز لازىم! — دېدى بالىنىڭ ئانىسى.

بالىنىڭ دادىسى تەسىرلەنگەن ھالدا:

— مەن يېڭىدىن سالغان بىنادا يەنە تۆت يۈرۈش تۆت ئېغىزلىق ئۆي بىكار. ئۇنىڭغا بىرنى ھەدىيە قىلساق ھېچ قانچە ئىش ئەمەس، — دېدى.

بۇ چاغدا يىگىت جىلغىنىڭ ئوتتۇرىسىغا بېرىپ بولغانىدى. شۈبھىسىزكى، ئۇ بالىنىڭ دادىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلىغانىدى، ئۇ سەل توختاپ كەينىگە قاراپ:

— راستمۇ؟ — دېدى.

— ناھايىتى بىر قانچە يۈز مىڭ يۈەنلىك نەرسىغۇ؟ بىزنىڭ بالىمىز بىلەن سېلىشتۇرغاندا ئۇ قانچىلىك نېمىتى؟ — دېدى ئوغۇل بالىنىڭ دادىسى.

يىگىت ئالدىغا قاراپ داۋاملىق ماڭدى. بۇ قېتىم ئۇ ناھايىتى ئېھتىيات بىلەن ئاۋايلاپ ماڭدى. بىراق ئۇ بىر دەلدۈگۈنۈپلا، ۋارقىرىغىنىچە جىلغىغا چۈشۈپ كەتتى!

(«ياشلار كۆرگەزمىلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 2009-يىلى 9-سانىدىن ئېلىندى)
(تەرجىمان: قەشقەر شەھەرلىك مائارىپ ئىدارىسىدا)
مۇھەررىر **خاسىيەت ئەمەت**




(2007-يىل 10-ئاينىڭ 8-كۈنى بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا سۆزلەنگەن نۇتۇق)

**ھەزرەتئەلى ئەخەت** تەرجىمىسى

مەن بۈگۈن «ئەدەبىيات-سەنئەت ۋە بىمەنىلىك» تېمىسىدا سۆزلەيمەن. مەن بۇ قورقۇنچلۇق تېمىنى قەستەن ئىشلەتتىم. ئەمەلىيەتتە يۈرىكىم ئۇنچە چوڭ ئەمەس، سۆزلەپ-سۆزلەپ ئاخىرىدا يەنە بوشاپ قالىمەن. بىز دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەردە ئەدەبىيات-سەنئەتنى ئازدۇر-كۆپتۇر بىمەنىلىككە بۇرايدىغان خاھىشنىڭ بارلىقىنى بىلىمىز. «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» تە بۇ ناھايىتى روشەن بولۇپ، لىن دەييۈ سۆزلىگەن چاغدا «غەربىي ھويلا خاتىرىسى» دىكى سۆزلەرنى ئىشلىتىدۇ، بۇ چاغدا شۆ باۋچەي ئۇنى بىر چەتكە تارتىپ: «سەن بايام نېمىلەرنى دەپ يۈرسەن؟ ئاشۇنداق نەرسىلەرنىمۇ ئوقۇمسەن؟ مەن كىچىك ۋاقتىمدا بەك كەپسىز ئىدىم، چوڭلارنىڭ گېپىنى ئاڭلىمايتتىم، ئۇ نەرسىلەرنى مەنمۇ ئوقۇغان. كېيىن ئۆيدىكى چوڭلار مېنى ئۇرۇپ، ئۇ نەرسىلەرنى كۆيدۈرۈۋەتتى» دەيدۇ. مانا بۇ بىمەنىلىككە مۇئامىلە قىلىشنىڭ ئىككى خىل ئۇسۇلى. بىرى، ئەدەبىيات-سەنئەت بىلەن ئۇچراشقانلارنى ئۇرۇش، يەنە بىرى، ئەدەبىيات-سەنئەت ئەسەرلىرىنى كۆيدۈرۈش. شۇ ئارقىلىق كۆڭلى ئەمىن تېپىش. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە، سىز ئۇ نەرسىلەرنى ئوقۇغاندىن كېيىن مىجەزىڭىز ئۆزگىرىپ روھىڭىز زەھەرلىنىدۇ. مىجەزىڭىز ئۆزگەرگەندىن كېيىن چاتاق تېخىمۇ چوڭىيىدۇ. مەن ئەدەبىيات-سەنئەتنى بىمەنىلىك دەپ قارايدىغان مىسالدىن يەنە بىرنى كەلتۈرەي. يەنى، ئەنگلىيىلىك ماۋھام يازغان «ئاي ۋە ئالتە پېنىس①» ناملىق رومانىنىڭ خام ماتېرىيالى فرانسىيىلىك رەسسام گارگىننىڭ ھاياتىدىن ئېلىنغان. رومانىدىكى باش قەھرىمان ئەسلىدە پاي شىركىتىدىكى ئاددىي بىر خىزمەتچى. ئۇ 40 ياش چېغىدا تۇساتتىن ئەدەبىيات-سەنئەتكە مەپتۇن بولۇپ، روھىي جەھەتتە بىنورماللىق كۆرۈلىدۇ، ئۆيىگىمۇ قايتمايدۇ. بۇ چاغدا ئۇنىڭ ئايالى بىر شەخسىي رازۋېدكىچىنى تەكلىپ قىلىپ، ئېرىنىڭ سىرتتا ئاشنىسى بارلىقىدىن گۇمان قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئېرىنىڭ قايسى ئايال بىلەن تېپىشىۋالغانلىقىنى ئېنىقلاپ بېرىشىنى ئۆتۈنىدۇ. رازۋېدكىچىمۇ ئىنتايىن ئەستايىدىللىق

بىلەن تەكشۈرىدۇ. چەت ئەللىكلەر كەسىپچان بولغاچقا، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەق ئالغاچقا، ئىشلارغا ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىدۇ ئەمەسمۇ. رازۋېدكىچى ئەستايىدىل تەكشۈرگەندىن كېيىن، ئايالغا ئېرىنىڭ سىرتتا ھېچقانداق ئايال بىلەن غەيرىي مۇناسىۋىتىنىڭ يوقلۇقىنى، ئۇنىڭ ھازىر سەنئەتكە مەپتۇن بولۇپ قالغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئايال بۇ گەپنى ئاڭلاپ يىغلاپ كېتىدۇ. ئۇ يىغلاپ تۇرۇپ، تۈگىشىپتىمەن! ئەگەر ئۇ باشقا ئايالغا مەپتۇن بولۇپ قالغان بولسا، كۆپ بولسا ئۈچ يىلدا ئۇنىڭدىن بىزار بولاتتى. مەنمۇ ئۆزۈمنىڭ ئاياللىق لاتاپىتىمگە تايىنىپ ئۇنىڭ كۆڭلىنى يەنە ئۇتۇۋالغان بولاتتىم. ئەگەر ئۇ زەھەرگە خۇمار بولۇپ قالغان بولسىمۇ، ئامال قىلىپ ئۇنى زەھەر تاشلاتقۇزۇش ئورنىغا ئاپىرىپ بېرىپ، ئىككى يىلغا قالماي ئۇنى يېڭىدىن ئادەم قىلاتتىم. سەنئەتكە مەپتۇن بولۇپ قاپتۇ ئەمەسمۇ؟ ئەمدى پۈتۈنلەي تۈگىشىپتىمەن، دەيدۇ ھەم رازۋېدكىچىغا: «سىز ئەمدى يولدىشىم ئۈستىدىن ئۇنىڭ سىرتتا ئاشنىسى بارلىقى، مەلۇم بىر ئايال بىلەن ئىش-پەش تارتىشىپ يۈرگەنلىكى توغرىسىدا ئۆسەك سۆز تارقىتىڭ، شۇندىلا ئۇنىڭ ئابرۇيىغا تەسىر يەتمەيدۇ. ئەرلەرنىڭ 40 ياشتىن ئاشقان مەزگىلى پىشقان، كۈچ-قۇۋۋىتى ئۇرغۇپ تۇرغان مەزگىل، بۇنداق مەزگىلدە بىر-ئىككى قىز دوستىنىڭ بولۇشى نومۇسلۇق ئىش ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇنداق بولسا مەنمۇ قالتىس كۆرۈنىمەن. گەرچە ئۇ بىر نەچچە ئايالغا مەپتۇن بولۇپ قالسىمۇ، ئاخىرقى ھېسابتا ئۇ يەنىلا مېنىڭ ئىلكىمدە. شۇڭا، مەن ئاشۇ ئاياللاردىنمۇ قەيسەر، جەلپكار كۆرۈنىمەن. بۇنىڭ ئەكسىچە، ناۋادا سىز ئۇنىڭ سەنئەتكە مەپتۇن بولغانلىقىنى ئاشكارىلاپ قويسىڭىز، ھېچبىر شىركەت ئۇنىڭغا قەرز بەرمەيدۇ. ھېچكىم ئۇنى نورمال ئادەم ھېسابلىمايدۇ. ھېچبىر چىركاۋ سەنئەتكە مەپتۇن بولغان ئادەمنىڭ تىلاۋەت قىلىشى ئۈچۈن ئۇنى قارشى ئالمايدۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇ ئاخىر جەمئىيەتتە يېتىم قالىدۇ» دەيدۇ. بۇ بۆلەك تەسۋىر ناھايىتى ياخشى يېزىلغان. بىر ئادەم سەنئەتكە مەپتۇن بولۇپ قالغاندىن كېيىن ئاشۇنچىلىك ناچار بولۇپ كېتەمدۇ؟ ئۇنىڭدىن سىزنىڭ ئىشقۋازلىق قىلىشىڭىز، قىمار ئوينىشىڭىز ياخشىمىش. توغرا، ئۇ بايانلارنىڭ ئىچىدە يەنە قىمار ئويناشمۇ تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، «ئەگەر قىمارغا ئۆگىنىپ قالسا، بىر يىلغا قالماي قاقسەنەم بولۇپ، قىماردىن قول ئۈزىدۇ. قىمارغا بېرىلىشكە بولىدۇكى، سەنئەتكە بېرىلىشكە بولمايدۇ» دېيىلگەن. مەيلى شۇ باۋچەي بولسۇن ياكى بۇ ئايال بولسۇن ھەر ئىككىسى يۇقىرى تەبىقە كىشىلىرى. يەنە ئادەتتىكى كىشىلەر ئارىسىدىمۇ ئاشۇنداق ئىشلا بار. سىلەرگە بېشىمدىن ئۆتكەن بىر ئىشنى سۆزلەپ بېرەي. 1970-يىللىرىغۇ دەيمەن، ئۇ مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى مەزگىلى بولۇپ، سىنىپىي قوشۇننى تازىلاشتىن ئىبارەت «بىرگە زەربە بېرىپ، ئۈچكە قارشى تۇرۇش» ھەرىكىتى بولۇۋاتاتتى. ئۇ چاغدا مەن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى قىزىل بايراق خەلق كوممۇناسىنىڭ 2-چوڭ ئەترىتىدە ئىدىم. سىنىپىي قوشۇننى تازىلاش داۋامىدا، قىزىل قوغدىغۇچىلار بىلەن ئەترەت كادىرلىرى بىر قېتىم چوڭ تەكشۈرۈشتە بىز بىلەن بىرگە ئەمگەك قىلىدىغان بىر دېھقاننىڭ ئۆيىدىن ئالتە-يەتتە پارچە كىتاب تېپىۋالدى. ھەممىسى سوۋېت ئىتتىپاقىدا نەشر قىلىنغان ئۇيغۇر يېزىقىدىكى كىتابلار بولۇپ، گوركىينىڭ «كىشىلەر ئارىسىدا» ناملىق رومانى ۋە ئۇيغۇر، ئۆزبېك شائىرلىرىنىڭ بىر قانچە كىتابىمۇ بار ئىدى. شۇنداق قىلىپ بۇ كىتابلارنىڭ ھەممىسى مۇسادىرە قىلىندى. كېيىن ھاشىم ئىسىملىك ئەترەت شۇجىسىنىڭ ئۇ دېھقانغا تەربىيە قىلىپ: «ئۇ كىتابلارنى ئوقۇماڭ، ئۇ كىتابلارنى ئوقۇسىڭىز ئىدىيىڭىزدە، روھىڭىزدا ئۆزگىرىش بولىدۇ. بۇ بەك خەتەرلىك» دېگەنلىكىنى ئۆز قۇلىقىم بىلەن ئاڭلىغان. ئەدەبىيات-سەنئەتنى بىمەنىلىك دەپ قاراشقا ئائىت جۇڭگو، چەت ئەل ۋە يەرلىكتىن ئۈچ مىسال كەلتۈردۇم. ھەممىسى ئوخشاش.

مېنىڭچە، دەڭسەپ كۆرىدىغان بولساق،





www.uyghurkitap.com

خەتتاتلىقنىڭ ئەھۋالى ناھايىتى كۆڭۈلدىكىدەك. خەتتاتلىقنى بىمەنىلىك دەپ قارايدىغانلار ناھايىتى ئاز، خەتتاتلىقنى خەتەرلىك دەپ قارايدىغانلار يوق دېيەرلىك. كىشىلەر تېخى خەتتاتلىقنى بىمەنىلىكتىن خالىي بولۇشنىڭ تەدبىرى دەپ قارايدۇ.

ئەدەبىيات-سەنئەت نېمىشقا باشقىلار تەرىپىدىن بىمەنىلىك دەپ قارىلىدۇ؟ مېنىڭچە، بىرىنچىدىن، ئەدەبىيات-سەنئەت ئىجادچانلىقنى تەكىتلەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىجادچانلىق ھامان ئاددىيلىققا خىرىس قىلىدۇ. ھەرقانداق ئىجادىيەت بىر خىل خىرىستۇر. ھەرقانداق ئىجادىيەت زور تەسىر پەيدا قىلىدۇ. بولۇپمۇ بۇ خىل ئىجادىيەت ئىلغار ھەم كىشىلەرنىڭ كۆنۈككەن ئىستېتىك ئادىتى، تەپەككۇر ئادىتى بىلەن پەرقلىق بولغان ئەھۋالدا، ئىنتايىن كۈچلۈك زىددىيەت كېلىپ چىقىدۇ. ھيۇگو ئەينى يىلى قوزغىلاڭچى قەھرىماننى ئاساس قىلغان بىر دراما يېزىپ چىقىدۇ. ئويۇن قويۇلىدىغان چاغدا، تىياتىرخانىنىڭ سىرتىدا نامايىش يۈز بېرىپ، نامايىشچىلار «قوزغىلاڭچى قەھرىمان» غا قارشى چىقىدۇ. قاراپ تۇرۇپ «قوزغىلاڭچى قەھرىمان»نى ماختىسا، بۇ ئىنتايىن خەتەرلىكتە! جۇڭگودىمۇ شۇنداق. «سۇ بويىدا»نى ئوغرى-قاراقچىنى يازغان، «قىزىل راۋاقتىكى چۈش»، «غەربىي ھويلا خاتىرىلىرى»نى ئىشقۋازلىقنى يازغان دەپ قاراپ، بۇلارنى سۆزلەپ يۈرۈشكە، ئۆگىتىشكە بولمايدۇ، دەپ قارايمىز. مېنىڭچە، ئىجادىيەت ئاددىيلىققا نىسبەتەن بىر تەھدىت. شۇڭا، نۇرغۇن ئىجادچان كىشىلەردىن خەۋپسىرەيمىز. ئىجادىيەت ئەزەلدىن ئۆلچەمگە چۈشمەيدۇ. ئەمىسە ئىجادىيەت بىلەن ئالدامچىنىڭ پەرقى نەدە؟ سەۋىيىسىنىڭ تۆۋەنلىكى، گەپ يورغىلاتقانلىقى ئېنىق تۇرسىمۇ، ئەمما ئۇ مانا بۇ ئىجادىيەت دەيدۇ. ياكى بولمىسا ئىجادىيەت ئىكەنلىكى ئېنىق تۇرسىمۇ باشقىلار ئۇنى گەپ يورغىلاتتى، دەيدۇ. سىز بۇنى قانداق ئايرىيسىز؟

بىناكارلىق ساھەسىدىمۇ بۇ خىل مۇنازىرە بەك كەسكىن. فرانسىيىدە ھازىرمۇ، ئېيفىر تۆمۈر مۇنارىنىڭ گېپى چىقسا بەزىلەر ئىنتايىن غەزەپلىنىپ: «ناھايىتى شۇ تۆمۈر - تەسەككۇ، نەدىمۇ مۇشۇنداق مۇنار بار! ياۋروپادا بۇنداق مۇنار يوق. بۇ مۇنار پارىژنىڭ نەپىس، ئېسىل ھالىتى بىلەن ماسلاشمىغان !» دەيدۇ. مەن پارىژدىكى ۋاقتىمدا بىرەيلەن ماڭا مۇنداق بىر ئىشنى سۆزلەپ بەرگەن: پارىژدا ئېيفىر تۆمۈر مۇنارىغا ئىنتايىن ئۆچ بىر كىشى بولۇپ، مۇنار رېمونت قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇ كىشى ھەر كۈنى ئېيفىر تۆمۈر مۇنارىدىن نېرى كېتەلمەيدىكەن. چۈنكى مۇنارنىڭ ئۈستىدە قەھۋەخانا، كۆرگەزمىخانا، ئاشخانا بار ئىكەن. باشقىلار ئۇنىڭدىن مۇنارغا شۇنچىلىك ئۆچ تۇرۇپ، يەنە نېمىشقا ئۇنىڭدىن نېرى كېتەلمەيدىغانلىقىنى سورىغاندا، ئۇ: «پۈتكۈل پارىژنىڭ بىرلا يېرىدە بۇ مۇنار كۆزۈمگە كۆرۈنمەيدۇ، ئۇ بولسىمۇ ئېيفىر تۆمۈر مۇنارىنىڭ ئۈستى. بولمىسا، مەيلى مەن سېنا دەرياسى بويىغا باراي، ياكى فونتاينېبلېۋغا باراي ۋە ياكى ۋېرسال سارىيىغا باراي بېشىمنى كۆتۈرسەملا كۆزۈمگە ئېيفىر تۆمۈر مۇنارى كۆرۈنىدۇ. قېچىپ قۇتۇلالمايمەن»، دېگەن ئىكەن. ئەمما بىزنىڭ جۇڭگولۇق شوپۇرلار ئېيفىر تۆمۈر مۇنارىغا ئامراق. ناۋادا يولدىن ئېزىپ قالغۇدەك بولسا، مۇنارنى بەلگە قىلىپ تۇرۇپ، ئاخىر يەنە ئۆز جايىنى تېپىۋالىدۇ. پارىژدا يەنە پۇنپىرۇ دېگەن مۇزېي بار. بۇ مۇزېينى لايىھىلەشتە سانائەتلەشكەن تەسەۋۋۇر قوللىنىلغان بولۇپ، لىفتىلىرىمۇ ئەينەك تۇرۇبا شەكلىدە ياسالغان. سۈزۈك ئەينەك ياكى سۇلياۋ ماتېرىيال ئىشلىتىلگەن بولۇپ، يىراقتىنلا ئىچىدىكى ئادەملەرنى كۆرگىلى بولىدۇ. بىر قارىماققا ئىچىدىكى ئادەملەر خۇددى ئەينەك تۇرۇبا ئىچىدە توشۇلۇۋاتقان خام ماتېرىيالدەك، پۈتكۈل قۇرۇلۇش خۇددى ئىلەشتۇرۇش ماشىنىسىدەك كۆرۈنىدۇ. سانائەتلەشكەن نەرسىلەرنى بىناكارلىق سەنئىتىدە ئىشلىتىش فرانسىيىدە كۆپ ئۇچرايدۇ.

فرانسىيىلىكلەرنىڭ بۇ خىل ھۈنىرى ھازىر جۇڭگودىمۇ پەيدا بولدى. مەسىلەن: ئېلىمىزنىڭ دۆلەتلىك چوڭ تىياتىرخانىسىنى بەزىلەر

www.uyghurkitap.com



تۆپراق بېشىغا ئوخشاتسا، بەزىلەر ئۆردەك تۇخۇمىغا ئوخشىتىدۇ. چاڭگا مەيدانىنىمۇ فرانسىيەلىكلەر لايىھىلىگەن. مېنىڭ بىر بىناكار دوستۇم بار. ئۇ ئۆزى پۇل خەجلەپ بىر كىتابچە باستۇردى ھەم ھەممە يەردە تارقىتىپ، بېيجىڭدىكى ئۆردەك تۇخۇمى (دۆلەتلىك تىياتىرخانا)، چاڭگا مەيدانى ۋە مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ Z شەكىللىك يانتۇ مۇنارىنى «ئۈچ غەلتە» دەپ ئەيىبلەپ يۈردى. بۇنداق ئىش ئادەمنى قىيىن ئەھۋالدا قويىدۇ. ھەقىقىي ئەھۋالنى سىلەرگە ئازراق ئېيتىپ بېرەي، ئەينى چاغدا مەدەنىيەت مىنىستىرلىقىنىڭ مەلۇم مۇئاۋىن مىنىستىرى مېنى قۇرۇلۇشنىڭ لايىھىسىگە پىكىر بېرىشكە تەكلىپ قىلدى. تاللاشقا قاتناشتۇرۇلغان لايىھەلەر ناھايىتى كۆپ بولۇپ، مۇكەممەل لايىھىدىن ئون نەچچىسى بار ئىكەن. بۇلارنىڭ ئارىسىدا جۇڭخۇا ئۇنىۋېرسىتېتىدا لايىھىلەنگىنىمۇ، ئامېرىكا، ئەنگلىيە، گېرمانىيىدە لايىھىلەنگىنىمۇ، نەنجىڭ، شاڭخەيدە لايىھىلەنگىنىمۇ بار ئىكەن. مەن كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن ئاخىر تۆپراق بېشى، يەنى ئۆردەك تۇخۇمىنى كۆرسەتتىم. چۈنكى ئۇنىڭدا مول تەسەۋۋۇر بار. ئەمما ئۇنىڭ ئىچىگە كىرسىڭىز شۇنداق نورمال، ھېچ يېرىنى ئۆردەك تۇخۇمىدەك ھېس قىلمايسىز. يېقىندا مەن بىر كىرىپ چىقتىم، ئىچى شۇنداق ئوبدان. بولمىسا بىز پەرەز قىلىپ باقايلى، بۇ دۆلەتلىك تىياتىرخانىنى ياساش جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 60 يىللىقى ھارپىسىغا توغرا كەلدى. ئۇنداقتا بۇ تىياتىرخانىنى قانداقراق شەكىلدە، قەيەرگە ياسىساق بولار؟ تيەنئەنمېن مەيدانىغىمۇ؟ خەلق تىياتىرخانىسىنىڭ يېنىغىمۇ؟ ياكى جۇڭنەنخەينىڭ قىيپاش ئۇدۇلىغىمۇ؟ ۋە ياكى تيەنئەنمېن راۋىقىنىڭ يېنىغىمۇ؟ ئەگەر جۇڭگوچە ئۇسلۇبتا ياساساق، چوڭ قەسىردىن بىرنى ياسىيالامدۇق؟ بەلكىم چوڭ- كىچىك قىلىپ بەشىنىمۇ ياسارمىز، ئەمما جۇڭگو مەدەنىيىتىدە تىياتىرخانا يوق، چاڭچىلە راۋىقى بار. چاڭچىلە راۋىقىمۇ شۇنداق قىممەتلىك ، ئوبدان ئاسرىشىمىز لازىم. يىخپيۇەن باغچىسىدا چاڭچىلە راۋىقى بار، گۇڭۋاڭفۇدا چاڭچىلە سۇپىسى بار. مەن مەدەنىيەت مىنىستىرلىقىدىكى ۋاقتىمدا گۇڭۋاڭفۇ چاڭچىلە سۇپىسىنى ئوبدان ئاسرىشىمىز لازىملىقىنى دەپ ئۆتكەن. جۇڭگونىڭ جىڭجۇي تىياتىرى زامانىۋىلاشقان تىياتىرخانا، ھەرىكەتچان سەھنە، سەھنە چىرىغى دېگەنلەرنى كېرەك قىلمايدۇ. مېنىڭچە، چاڭچىلە سەھنىسى شۇنداق ياخشى. ئاستى- ئۈستى ماسلاشقان. يۇقىرى تەرەپتە ئويۇن قويىدۇ. تۆۋەن تەرەپكە ئۈستەللەرنى تىزىپ، ئويۇن كۆرگەچ چاي ئىچىپ، ئۇنى - بۇنى يېگىلى بولىدۇ. ئەلۋەتتە، بەزىبىر قالايمىقان نەرسىلەر مۇۋاپىق ئۆزگەرتىلىشى كېرەك. ئەمما جۇڭگو تىياتىرى بىلەن غەرب تىياتىرىنىڭ ئۇسلۇب- شەكىللىرى ئوخشىمايدۇ. ئۇنىڭ رىتىمى ئاستا، ئالدىرىماي ھۇزۇرلىنىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئولتۇرۇپ چاي ئىچكەچ تىياتىر كۆرسە شۇنداق ھۇزۇر ئەمەسمۇ؟ كۆز يۇمساق بولمايدۇ. ئەمىسە ھازىر 21- ئەسىر تۇرسا دەپ، ۋېينا ئالتۇن رەڭلىك تىياتىرخانىسىغا ياكى لوندون تىياتىرخانىسىغا ۋە ياكى موسكۋا تىياتىرخانىسىغا تەقلىد قىلامسىز؟ ياۋروپادىكى ئۇ تىياتىرخانىلارنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى: 1، ھەيكەلتىراشلىق گەۋدىلىنىشى كېرەك، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىناكارلىقنىڭ ئۆزىلا ھەيكەلتىراشلىق. 2، گىلەم، تام رەسىملىرى ۋە تورۇس رەسىملىرى گەۋدىلىنىشى؛ تورۇس رەسىملىرى تاللانغان رەسىملەر بولۇشى كېرەك. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ رەسىملەردىن بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. 3، ئۆزگىچە فونتان بولۇشى كېرەك. 4، ئۇنىڭ قۇرۇلۇش ماتېرىيالى مەرمەر تاش، گرانت تاش ۋە باشقا ئېسىل تاشلارنى ئاسان قىلىدۇ. جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى قۇرۇلۇشلىرىدا تاش ماتېرىيالى ئاز ئىشلىتىلىدۇ. ژۇرنالدىن كۆرۈشۈمچە جۇڭگولۇقلار مۆتىدىللىكنى ئاساس قىلىدۇ. تاش بولسا سالقىن قۇرۇلۇشلارغا ئىشلىتىلىدۇ. تاش دېگەن ئۆلۈك نەرسە، ئەمما ياغاچ ئۇنداق ئەمەس. ئۇ ھاۋا ئۆتكۈزۈش، نەملىكنى تارتىش ئالاھىدىلىكىگە ئىگە.

ئەدەبىيات- سەنئەت سىزنى ئازدۇر- كۆپتۇر

ئـارامسـزلاندۇرىغان زەربىسـى بـار نـەرسـە. بـىز
هـېچ بـولـمىغاندا بـىر خـىل چاقچاق ۋە كـەيپسىز-
لـىك هـېسسـياتى بـىلەن كـۆز ئـالدىمىزدىكى بۇ
ئۆردەك تـۇخۇمىنى ئـېتىراپ قـىلايلى. بـۇ ئـۆردەك
توخۇمىنىڭ جۇڭگو مەدەنىيىتىگە، جۇڭگو ئەدە-
بىيات- سەنئىتىگە قـانداق تـەسىرلەرنى كـۆرسىتـ-
ىدىغانلىقىغا قاراپ باقايلى. ئىدىيىمىزگە ئـەركىنـ-
لـىك ئـېلىپ كـېلەمدۇ؟ جـۇڭخـۇا مـەدەنىيىتىگە
ئاپەت ئېلىپ كېلەمدۇ؟ ياكى جـۇڭخۇا مـەدەنىيـ-
ىتـگە هـالاكـەت ئـېلىپ كـېلەمدۇ؟ مـېنىڭچە
بـۇنداق ئـويلاش ئـورۇنسىز. بـۇنىڭ ئـەكسىچە،
بىزنىڭ ئـىسلاھات، ئـېچىۋېتىشتىكى يـېڭى بـىر
خـىل مـەيدانىمىزنىڭ نـامايەندىسى بـولۇشىمۇ
مۇمكىن. تـۆۋەندە ئـولتۇرغانلاردىن بـارسېلوناغا
بارغانلار بارمۇ- يوق بىلمەيمەن. بارسېلونا ئىسپا-
نىيىنىڭ كاتلىنيا ئاپتونوم ئـوبلاستىنىڭ مـەركـ-
ىزى. ئۇ يەردە ئىسپان تىلى بىلەن پۇتۇنلەي ئـوخـ-
شىمايدىغان كاتلىنيا تـىلى قـوللىنىلىدۇ. ئـەمما
ئۇ يـەردە تـالانتلىقلار بـەكلا كـۆپ. ئـۇ يـەردە گـود
ئىسىملىك بـىر بىناكارلىق ئـۇستىسى بـولـۇپ،
ئۇنىڭ قۇرۇلۇشلىرىنى كۆرسىڭىز هـەيران قـالـ-
ىسىز. چۈنكى ئۇ لايىھىلىگەن دېرىزە، ئىشىك ۋە
تۇۋرۇكلەر قىڭغىر- سىڭغىر بولۇپ هېلىلا ئـۆ-
رۈلـۈپ چۈشىدىغاندەك بىلىنىدۇ. ئـەينى چـاغدا
ئـۇ «بىناكارلىق ساهەسىدىكى ساراڭ» دەپ قـارالـ-
غان. ئەمما هـازىر ئـۇ بارسېلونانىڭ داڭلىق مـار-
كىسىغا ئـايلانغان. ئـۇ يـەرگـە بـارغانلار چـوقۇم
ئۇنىڭ قۇرۇلۇشلىرىنى كۆرۈپ بېقىشى كېرەك.
شۇڭا، ئەدەبىيات- سەنئەت ئىجادچانلىق نۇقتىسـ-
ىدىن بىر خىل رىقابەتتۇر. هەتتا بۇ خـىل رىقـابەت
سىزنى ئىنتايىن بىئارام قىلىدۇ.

ئەمما شەيئىلەرنىڭ يەنە بىر تـەرىپىمۇ بولـ-
ىدۇ. مەن دېگەن يەنە بىر تەرەپ قايسى؟ ئۇ بولسـ-
ىمۇ، ناۋادا هەقىقىي سەنئەت ۋايىغا يېتىش مەزگـ-
ىلىگە قەدەم قويسا، ئۇ رىقابەتنى نەزەرگە ئالمايـ-
ىدۇ. هەتتا قارشىلىقىمۇ بولمايدۇ. كىشىلەرنى
تۇيۇقسىز هەيران قالدۇرۇشنىمۇ قوغلاشمايدۇ.
قانچىكى ۋايىغا يەتكەن نەرسىلەر سىزگە شۇنچە
ئـاددىي، سىڭىشلىك بىلىنىدۇ. ئـەينى يىلى

خۇچيامۇ ئەپەندى ماڭا مۇشۇ خىلدىكى مىسالـ-
لارنى سۆزلەپ بېرەتتى. ئۇنىڭ دېيىشىچە ئەنگـ-
لىيىلىك يازغۇچى گوۋرېسنىڭ بىر پارچە ماقا-
لىسى بولۇپ، ئۇنىڭدا «يېرىم چېلەك سۇ بەك
شالاقشىيدۇ» دېگەن هېكمەتلىك سۆز تىلغا ئېـ-
لىنغان. ئەمەلىيەتتە، ئارتۇق هەشەم- دەرەم قىلىش،
قىلىق چىقىرىش، چالۋاقاش هاجەتسىز. پەقەت
سىز ئۆزىڭىزگە تولۇق ئىشىنىپ، ئۆز هېسسـ-
ياتىڭىز، پاراستىڭىز ۋە ئىبلىس سىياق ئەمەس
بەلكى پەرىشتە سىياق قەلبخانىڭىزنى ئىپادىلـ-
ىسىڭىزلا يېتەرلىك. شاڭخەيدە ۋاڭ ئەنيى ئـ-
ىسىملىك بىر يازغۇچى بار. مەن ئۇنىڭ قارىشىغا
قوشۇلىمەن. ئۇ: «مەن ئۇسلۇبلاشتۇرۇشقا ئەهمـ-
يەت بەرمەيمەن، چۈنكى ئۇسلۇب قانچە ئۆزگـ-
ىچە بولغانسېرى باشقىلار شۇنچە ئاسان تەقلىد
قىلىدۇ- دە، مەنمۇ ئۇسلۇبىمدىن شۇنچە ئاسان
مەھرۇم قالىمەن» دېگەن. بۇ گەپنى چۈشەندۈرۈپ
ئولتۇرغۇم يوق. مەن بىر ئىشنى سۆزلەپ بېرەي،
ئىنتايىن غەلىتە ئەسەر يازىدىغان بىر يازغۇچى
بولىدىغان، ئەمما ئۇ ئەيىبلەشكە ئۇچرىغاندا ئىنـ-
تايىن كۆرەڭلەپ كېتىدۇ. چۈنكى بۇنداق ئەسەر
يازىدىغان ئادەم يوق. ئۇنىڭ بايان قىلىشتىكى
جەلپكارلىقىمۇ باشقىلارغا ئوخشىمايدۇ. مەن
مۇشۇنداق غەلىتە نەرسىلەرگە چاپان يېپىشقا،
كەڭ قورساق بولۇشقا، تاقەت قىلىشقا ئامراق
ئادەم. ئەلۋەتتە، ماڭا ئوخشاش ئادەملەرنىڭ چاپان
يېپىشى ئارقىلىق كىشىلەر ئۇنىڭ غەلىتە نەرسـ-
ىلىرىدىن بىزار بولماي، ئاستا- ئاستا قوبۇل قىلـ-
ىدۇ. ئەمما ئويلىمىغان يەردىن بۇ يازغۇچى تازا
ئىلگىرى باسمىدى. چۈنكى بۇنداق ئۆزگىچە
نەرسىلەر بەك تار دائىرىلىك بولغاچقا، ئاخىرقى
هېسابتا ئىككى خىل قىسمەتكە دۇچ كېلىدۇ.
بىرى، هەدەپ ئۆز ئىزىغا دەسسەيدۇ. ئۆزگىچە-
لىكنى تەكرارلايدۇ. ئەمما ئۆزگىچىلىكنىڭ
جەلپكارلىقى، يوچۇنلۇقى ۋە تەسىرچانلىقى تەكـ-
رارلانماسلىقى كېرەك. سىز توختىماي ئۆز ئىزىـ-
ڭىزغا سەكرىسىڭىز، بولۇپمۇ باشقىلار قارشى
چىقمىغان شارائىتتا ئۆز ئىزىڭىزغا سەكرىسـ-

ڭىز، زوقلانغۇچىنى چارچىتىپ قويىسىز. سىز ھەدەپ زورۇققانسېرى، شۇنچە مەززىسى قالمايدۇ. شۇڭا جۇڭگولۇقلاردا: «ئۆزىنى چاغلىماي شىلتىڭ ئاتتى، پالاسقا يۆگىنىپ ھەپتە ياتتى» دەيدىغان گەپ بار؛ ئىككىنچى بىرى، «موزاينىڭ يۈگۈرۈشى سامانلىققىچە» بولىدۇ. مەن ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىپ: «ئۆزىڭىزنى چۈشەپ قويماڭ. غەلىتە نەرسىلەرنى يازسىڭىزمۇ، نورمال، ئاممىباب، باشقىلارنىڭكىدىن كۆپ پەرقلەنمەيدىغان نەرسىلەرنى يازسىڭىزمۇ بولىۋېرىدۇ» دېگەن. ئۇ ئۆزمۇ پىكرىمنى لايىق كۆرگەن. ئەمما، ئۇ ئاشۇ ئاممىباب ئەسەرلەرنى يازغان چاغدا، ئوقۇرمەنلەر زور ئۈمىدسىزلەندى. ئۇنىڭدا نە ئۇسلۇب، نە خاسلىق قالمىغانلىقىنى ھېس قىلدى.

مېنىڭچە، مۇشۇنداق ئىشلار ھەقىقەتەن مەۋجۇت. ئىنتايىن غەلىتە ئۇسلۇب، كىشىنىڭ ئەقلى يەتمەيدىغان ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەر ۋە ئاتالمىش «تەتۈر چۈشەندۈرۈش» ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، سەن شۇنداق ياقتۇرساڭ، مەن نېمىشقا يازمىغۇدەكمەن، دېگەن خاھىشتا يېزىلغان ئەدەبىي ئەسەرلەر كۆپ ھاللاردا سىزنى بىردىنلا ئۆزىگە رام قىلىۋالىدۇ. ئۇنىڭ تەسىرچانلىقى، ھەيران قىلارلىقى، يېڭىلىقى ۋە ئۆزگىچە بىر دۇنيالىقى سىزنى قايىل قىلىدۇ، ئەمما بۇ قايىللىق ئۇزاق داۋام قىلمايدۇ. ئەكسىچە، بەزىبىر ئادەتتىكى نەرسىلەر، مەسىلەن: ساپ ھېسسىيات بىپايان، ئالىيجاناب قەلب، شەيئى ۋە ئوبيېكتقا بولغان ئەتراپلىق غەمخورلۇق، تاللانغان سۆز-جۈملىلەر، رەسىمدىكى سىزىق، رەڭ، يوشۇرۇن ۋە ئاشكارىلىقلارلا ئۇزاققىچە كىشىنى ھاياجانلاندۇرىدۇ. شۇڭا دېمىزكى، بۇ ھەقىقەتەنمۇ ئىنتايىن چوڭ زىددىيەت. بىمەنە نەرسىلەر كۆپ ھاللاردا بەلكىم يېڭى ئىجادىيەت بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا سەنئەتتە بىمەنىلىكنى ھەرگىزمۇ چەتكە قاقماڭ. ئەمما، ئاشۇ ھەقىقىي ۋەزنى بار ئىجادىيەتلەر كۆپ ھاللاردا بىمەنە نەرسىلەرگە قارىغاندا ئاسان ماسلىشىش، كۈچلۈك قوغدىنىش ۋە ئاسانلىقچە چەك كەتمەسلىكتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە. مەن دائىم ھەقىقىي سەنئەت، ھەقىقىي ئىجادىيەت «قوغدىنىش كۈچى» گە ئىگە دەيمەن. ئاتالمىش «قوغدىنىش كۈچى» دەل ئۇنىڭ تۈيۈقسىز كۆككە كۆتۈرۈلۈشى ياكى تۈيۈقسىز يەر بىلەن يەكسان بولۇشى مۇمكىن ئەمەسلىكىدىن ئىبارەت. چۈنكى ئۇنىڭدا چېكىدىن ئېشىش ھەم غەيرىي مۇددىئا يوق. ئۇنىڭ ھايات ۋە كائىناتقا بولغان مۇپەسسەل چۈشىنىشى ۋە ئىپادىلىشىگە بىر خىل كۆيۈنۈش ۋە زور بوشلۇق يوشۇرۇنغان. شۇڭا، نۇرغۇن ئادەم ئۇنى ياقتۇرىدۇ. سىز ھەم ئۇنى ئىنكار قىلالمايسىز. ناھايىتى ئاسانلا يوققا چىقىدىغان ئاشۇ نەرسىلەرنىڭ چېكىدىن ئېشىشىنىڭ بىرەر تال شېخى، ياپرىقى بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىن، ھەم قارىماققا گۈزەل كۆرۈنىدىغان شاۋقۇنلۇق ئېرىق بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئەمما ئۇ دەريا ۋە ياكى دېڭىز ئەمەس.

ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ بىمەنە تەرەپلىرى مەۋجۇت. ئەمما ئۇنىڭ كىشىلەرگە يېقىنلىشىشتەك يەنە بىر تەرىپىمۇ بار. ئەدەبىيات-سەنئەتنى مەجبۇرلاش ياكى قايمۇقتۇرۇش ئۇسۇلى ئارقىلىق كىشىلەرگە قوبۇل قىلدۇرغىلى بولمايدۇ. ئەلۋەتتە، يىغىپ ساقلاپ تۇتيا كۆرسىتىشمۇ بەزىدە ئەسقاتىدۇ. ئەمما ئومۇمىي جەھەتتىن ئالغاندا، ئەدەبىيات-سەنئەت كىشىلەرنى جەلپ قىلىشتا قايمۇقتۇرۇشقا ئەمەس، كىشىلەرنىڭ ياقتۇرۇشىغا، خۇشتار بولۇشىغا تايىنىدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئەدەبىيات-سەنئەت ئالەمنى مالەم قىلىدىغان، كىشىلەرنىڭ نەپرىتىنى قوزغايدىغان يىرگىنچلىك نەرسە ئەمەس. يەنە بىر جەھەتتىن، ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ دائىم كىشىلەر تەرىپىدىن رەت قىلىنىشى، ئەيىبلىنىشىنىڭ سەۋەبلىرىدىن بىرى شۇكى، كىشىلەر دائىم ئاتالمىش بىر كۆرۈپلا چۈشىنىش ياكى چۈشەنمەسلىكنى ئۆلچەم قىلىۋالىدۇ. ئەمما بۇ ئىلمىي ئۇسۇل ئەمەس. مەسىلەن: بىر پارچە رەسىمنى مىسالغا ئالساق، بىر قاراپلا بۇ مايمۇن ئىكەن، بۇ

www.uyghurkitap.com

گۈل ئىكەن، بۇ تاش ئىكەن، بۇ بامبۇك ئىكەن دېسىلا بۇ رەسىمنى چۈشەنگەنلىك بولامدۇ؟ بۇنىڭغا ئېنىق بىر نەرسە دېگىلى بولمايدۇ. ئەدەبىي ئەسەرلەرمۇ مۇشۇنداق بولىدۇ. چۈشىنىش دېگەن نېمە؟ چۈشەنمەسلىك دېگەنچۇ؟ ھەقىقەتەنمۇ بەزىبىر غەلىتە ئىشلار بار، مەسىلەن: ئەسەر ئىنتايىن بازار تاپتى، كۆرمىگەن ئادەم قالمىدى. ئەمما ھەممىسى چۈشەنمىدۇق دېيىشتى. ھېچكىم چۈشەنمىگەن نەرسىنى نېمىشقا ھەممە ئادەم ياقتۇرىدۇ؟ ھەممە ئادەم كۆرىدۇ؟ ئەمەلىيەتتە، بىز ئەدەبىيات-سەنئەت بىلەن ئۇچراشقان ۋاقتىمىزدا ئۇنى چۈشىنىشتىن سىرت، ئۇنى ھېس قىلىشىمىز، ئۇنىڭدىن ھوزۇرلىنىشىمىز كېرەك. نۇرغۇن نەرسىلەر تۇيغۇغا ۋە مەپتۇنلۇققا تايىنىدۇ. بۇنىڭ چۈشىنىش ياكى چۈشەنمەسلىك بىلەن ئالاقىسى يوق. بۇنداق ئىشلار مېنىڭمۇ بېشىمدىن ئۆتكەن. باشقىچە قىلىپ ئېيتسام، چەت ئەللىكلەر تۇيغۇنى بەكرەك تەكىتلەيدۇ. مەن دائىم چەت ئەلدىكى بەزىبىر پائالىيەتلەرگە قاتنىشىمەن. ئۇلارنىڭ دېكلاماتسىيە يىغىلىشىغىمۇ قاتناشقان. بىر قېتىم ئەنگلىيىلىك، تۈركىيىلىك، لاتىن ئامېرىكىلىق ۋە جۇڭگولۇق بولۇپ بىر قانچە كىشى ئۆز تىلىمىزدا ئۆز ئەسەرلىرىمىزنى دېكلاماتسىيە قىلدۇق. كىمنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى ھېچكىم چۈشەنمەيدۇ. ئەمما كۆپچىلىك شۇنداق ئىشتىياق بىلەن ئاڭلىدى. ئەمما مەن بىلەن تەڭ دېمەتلىك بىر يازغۇچى دوستۇم ئاشۇ قېتىملىق دېكلاماتسىيە يىغىلىشىدىن قايتىپ كېلىپ، بىر پارچە ماقالە يازدى. ماقالىسىدە: «مەن خورلۇق ھېس قىلدىم. مەن بىر جۇڭگولۇق، نېمىسچە ياكى ئىنگلىزچىنى بىلمەيدىغان تۇرسام، مېنى بىر تالاي نېمىسچە ۋە ئىنگلىزچە ئەسەرلەرنى دېكلاماتسىيە قىلىدىغان يىغىلىشقا تەكلىپ قىلدى. بۇ دوستانە ئەمەسلىكنىڭ، جۇڭگولۇقلارنى كۆزگە ئىلمىغانلىقنىڭ ئىپادىسى. نېمىدەپ ماڭا بىر تەرجىماننى ھەمراھ قىلمايدۇ» دەپ قاقشىدى. دېكلاماتسىيە قىلغان چاغدا قانداق تەرجىمە قىلىپ بېرىدۇ؟ تۇۋا قىلدىم، نەدىمۇ ئاشۇنداق تەرجىمە قىلىش بار؟ سېنى يازغۇچىلارنىڭ ئاۋازىنى، خاسلىقىنى ئاڭلاپ باقسۇن دەپ تەكلىپ قىلغان تۇرسا!

1985-يىلى، مەن بېرلىنغا بېرىپ، ئۇيپۇق سىزىقى سەنئەت بايرىمىغا قاتناشتىم. شۇ چاغدا جياڭسۇنىڭ بىر تىياتىرخانىسى شۇ يەردە «مودەنگۈل راۋىقى» دېگەن ئويۇننى قويدى. ئويۇن قويىدىغان چاغدا بىز نۇرغۇن ھەرىكەتلىك سۈرەت كۆرۈنۈشى تەييارلىغان. ئەمما، ئويۇشتۇرغۇچى تەرەپ: «بۇنىڭدىكى نېمىسچە تەرجىمە ياخشى قىلىنماپتۇ، باشقىلارنىڭ ئەسەرگە بولغان باھاسىغا تەسىر يېتىدۇ. يەنە ھەرىكەتلىك كۆرۈنۈشمۇ بەك كۆپ ئىكەن، توختىماي كۆرۈنۈپ تۇرسا كۆپچىلىكنىڭ ئويۇننى كۆرۈشكە تەسىر يېتىدۇ، — دەپ بۇ كۆرۈنۈشلەرنى قويغۇزمىدى ۋە بىزگە تەكلىپ بېرىپ، — پۈتكۈل ۋەقەلىك سۆزلەنگەن بىر چۈشەندۈرۈش قوللانمىسى تەييارلاڭلار، ئويۇن كۆرگىلى كەلگەنلەرنىڭ ھەممىسى تىياتىر جەھەتتە تەربىيىلەنگەنلەر بولغانلىكىدىن، بىر كۆرۈپلا چۈشىنىدۇ» دېدى. بىر ھازا تالاش-تارتىش قىلغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ تەكلىپى بويىچە ئىش كۆردۇق. ئاقىۋەتتە شۇنداق ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشتۇق. تاماشىبىنلارمۇ قوبۇل قىلالىدى. شۇڭا دەيمىزكى، ياخشى بولغان سەنئەت تۇيغۇسىنى يېتىلدۈرسەك، بىزنىڭ ئاتالمىش بىمەنە بولغان ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرىنى چۈشىنىشىمىزگە ياردىمى بولىدۇ.

ئاخىرىدا مەن كۆپچىلىككە ئۆزۈمنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەتكە بولغان ئۈمىدىمنى، تىلىكىمنى سۆزلەپ بېرەي. مەن دائىم ئۆزۈمنىڭ سەنئەتتىكى خاسلىقىمنى نامايان قىلىش بىلەن بىرگە، ئوقۇرمەنلەر بىلەن بىر خىل ئورتاقلىق ھاسىل قىلغىلى بولامسىمۇ، دەپ ئويلايمەن. سىز ئۆز ئەسىرىڭىزدە زاماندىن زارلاشلىرىڭىزنى ئىپادىلىسىڭىز، ئېنىقكى بۇ سىزنىڭ كۆڭلىڭىزدە تالاي تۈگۈن بارلىقىنىڭ، دۇنياغا گۇمان، دېلـ

غۇللۇق، نارازىلىق بىلەن قارايدىغانلىقىڭىزنىڭ ئىپادىسى. ئەمسە باشقىلارچۇ؟ باشقىلارمۇ دۇنياغا سىزدەك قارىسا، ئۇنداقتا ئۇلار سىزنىڭ ئەسەرىڭىزنى ئوقۇپ، ئۇنىڭدىن ھوزۇرلىنىش بىلەن بىللە، سىز بىلەن پىكىرلىشىدىغۇ؟ ئەدەبىي ئەسەرلەر ئىچىدە مۇشۇنداق نەرسىلەر كۆپ. مەسىلەن، بىر ئايال يازغۇچى بىر ئەسەر يازدى، ئۇنىڭدىكى ئاساسلىق مەزمۇن پۈتۈن دۇنيادا بىرمۇ ياخشى ئەر كىشى يوق، ئەرلەرگە ئىشەنىشكە قەتئىي بولمايدۇ. ئەرلەرنىڭ ھەممىسى بۇزۇق، دېگەنلەردىن ئىبارەت دەپ ئويلايلى. بۇ ئەسەرنى كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن ئۇ ئايالنىڭ بىر ئېسىل ئەرگە نەقەدەر تەشنالىقىنى، ئۇنىڭ ئەرلەردىن زارلىنىشىنىڭ ئارقىسىغا ئېسىل، ئەخلاقلىق ئەرلەرگە بولغان تەلپۈنۈشى يوشۇرۇنغانلىقىنى بىلىمىز. بۇنىڭ چۈشەنمىگۈدەك نەرى بار؟ ئۇ نېمىشقا غېرىبسىنىدۇ؟ كىممۇ ئېسىل بىر جۈپتىنىڭ بولۇشىنى ئارزۇ قىلمايدۇ؟ ئەرلەرنىڭ ئېسىل ئاياللارغا تەلپۈنۈشى، ئاياللارنىڭ ئېسىل ئەرلەرگە تەلپۈنۈشى ئىنتايىن ئادەتتىكى نورمال ئىشقۇ؟ ئۇنىڭدىن باشقا، بەزىلەر كىشىلىك ھاياتتىكى زۇلمەت، ئالا نىيەتلىك، ئۆزئارا قىلتاق قۇرۇش، سۈيىقەستلەر دەستىدىن يۈرەكئالدى بولۇش قاتارلىق نەرسىلەرنى يازىدۇ. مەن بۇنداق ئەسەرلەرنى ئوقۇغاندا، كىشىلىك سەمىمىيەت، گۈزەل قەلبكە بولغان ئىنتىلىشنى ھېس قىلىمەن. ئۇ نېمىشقا مۇشۇنداق يازىدۇ؟

شۈبھىسىزكى، ئۇ تېخىمۇ ساپ، تېخىمۇ گۈزەل قەلب بولۇشنى ئىستەيدۇ. شۇڭا بىر ئادەمنىڭ ئىدىيىۋى تونۇشى مەلۇم دەرىجىگە يەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ھەممە نەرسىگە قارىتا بەلگىلىك چۈشەنچىسى شەكىللىنىدۇ ھەم ئاشۇ خىل چۈشىنىشتىن قەلب بىلەن قەلبنىڭ بىرلىكىگە ئېرىشىدۇ. ئۇرۇش، تاجاۋۇزچىلىقتا ئۇچراش ياكى باشقا غەلىتە ئىشلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئەدەبىيات بىلەن سەنئەت يەنىلا بىر خىل مېھىر-شەپقەت، ئازادە كەيپىياتنىڭ پەرۋىشكارى بولۇپ، ھەرگىزمۇ بالايىئاپەتنىڭ جارچىسى ئەمەس.

ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ يەنە بىر زور ئارتۇقچىلىقى بار. يەنى، بىزنىڭ كىشىلەر بىلەن بولغان ئورتاقلىقىمىزنى رېئاللىققا ئايلاندۇرىدۇ. مانا بۇ ئۇنىڭ ئەسلىي ۋەزىپىسى. مەسىلەن، مەلۇم بىر ئەسەر زور دەرىجىدىكى زېرىكىشلىكنى ئىپادىلىگەن. ئەمما، يەنە بىر جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بۇ خىل زېرىكىشلىك ئىپادىلىنىپ چىققاندىن كېيىن، زېرىكىشلىك تۈگەيدۇ. مەن باشقىلار ئانچە ياقتۇرمايدىغان ئەمەلىي مىسالدىن بىرنى سۆزلەپ بېرەي. گېيوتى ياش ۋاقتىدا «ياش ۋېتېرنىڭ دەردى» ناملىق داڭلىق رومانىنى يېزىپ چىققان. بۇ ئەسەر يېزىلغاندىن كېيىن، گېرمانىيىدىكى نۇرغۇن ئادەم ۋېتېر ۋە قىز باش قەھرىمانغا تەقلىد قىلىپ كىيىم كىيگەن، ھەم ۋېتېرنىڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشىنى دورىغان. ئەمما، بىر شۇنىڭغا دىققەت قىلىشىمىز كېرەككى، گېيوتى ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالمىغان. ئۇ تېخى دۇنيادىكى ئەڭ ئۇزاق ئۆمۈر كۆرگەن يازغۇچىنىڭ بىرى بولۇپ، 80 يېشىدا بىر قېتىم توي قىلغان. مانا بۇ ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ ماھىيەت جەھەتتىن ئىنساننى چۈشكۈن، ئۈمىدسىز قىلمايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. سىز ئۆز زېرىكىشلىرىڭىزنى، غەم تۈگۈنلىرىڭىزنى سەنئەت شەكلى ئارقىلىق ئىپادىلەپ چىقارغاندا، ئۇ سىزنىڭ قايغۇ-نەپرىتىڭىزنى بەردەملىككە ئايلاندۇرۇپ، سىزنى چېكىدىن ئاشقان يولغا باشلىمايدۇ.

---

①ئەنگلىيىنىڭ پارچە پۇل بىرلىكى.

(شاڭخەي ئەدەبىيات-سەنئەت نەشرىياتى 2009-يىل 8-ئايدا نەشر قىلغان «ۋاڭ مېڭنىڭ ئەدەبىيات ھەققىدە ئېيتقانلىرى» ناملىق كىتابتىن قىسقارتىپ تەرجىمە قىلىندى).

(تەرجىمان «تارىم ژۇرنىلى» نەشرىياتىدا)

مۇھەررىر **مۇھەممەد ئەيسا ئۆزئەرك**



uyghurkitap.com

ھەنىفە سالىھوۋا (ئۆزبېكىستان)

# ھىرقەتى ۋە نەۋايى

ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: **غۇنچەم مەخمۇت**

مۇھەممەد ئىمىن خوجامقۇلى ھىرقەتى 17-
ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرىدا ياشاپ، ئىجادىيەت
بىلەن شۇغۇللانغان ئۇيغۇر شائىرى. ئۇنىڭ بىز-
گىچە 1670-يىلىدا يېزىلغان «مۇھەببەتنامە ۋە
مېھنەتكام» ناملىق ئەسىرى يېتىپ كەلگەن. بۇ
ئەسەر ئۆز مۇندەرىجىسى، قۇرۇلمىسى، تاللاپ
ئېلىنغان ئوبرازلىرى بىلەن ئۆز دەۋر ئەدەبىي ھايا-
تىنىڭ بىر ھادىسىسى سۈپىتىدە كۆزگە تاشلىنى-
دۇ. داستان ئاللاھ ھەمدى، مۇھەممەد پەيغەمبەر
نەئتى ۋە چارىيارلار تەرىپىگە بېغىشلانغان ئەنئە-
نىۋى مۇقەددىمە بىلەن باشلانغان. بىراق مۇئەل-
لىپ شۇ مۇقەددىمىنىڭ ئۆزىدە مۇھەببەت ۋە
مېھنەتنى (مېھنەت بۇ ئورۇندا رەنج ۋە مۇشەق-
قەت مەنىسىنىمۇ بىلدۈرىدۇ) ئىسلام دىنى ۋە تە-
سەۋۋۇپ تەلىماتى زېمىنىدا تۇرۇپ، پوئېتىك
تەرزدە كەڭ شەرھلەپ بەرگەن. ئەسەرنىڭ ئەنە
شۇ خۇسۇسىيىتىنى ھېسابقا ئالغاندا، ئۇنى
مەلۇم مەنىدە «ھەيرەتۇل ئەبرار» ئۇسلۇبىدىكى
پەلسەپىۋى - ئەخلاقى داستان سۈپىتىدە باھالاش
مۇمكىن. خۇسۇسەن، «ھەيرەتۇل ئەبرار»نىڭ
«ئىشق ئوتى» تەرىپىگە بېغىشلانغان توققۇزىنچى
ماقالاتى بىلەن سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىش
ھىرقەتىنىڭ ئۇستازلار ئەنئەنىلىرى بىلەن نەقە-
دەر مۇستەھكەم ئالاقىدا بولغانلىقىنى ئېنىق
كۆرسىتىدۇ.

ھىرقەتى داستانى ئىشق ۋە ئىشق مېھنىتىگە
بېغىشلانغان مۇقەددىمە بىلەن باشلىنىدۇ. شائىر
ئىشق تەرىپىگە كىرىشكەنلىكى ئۈچۈن،
ئىلاھىي ئىشق ھەققىدە ناھايىتى تەسىرلىك مىس-
رالارنى ياراتقان. ئىشق يېنىپ لاۋۇلداپ تۇرغان
چوغدۇر. ئىشق بوستانىنىڭ گۈللىرىگە ئېرى-
شىش مۇشكۈل. ئىشق سەھراسى پايانسىز؛ ئۇ-
نىڭغا كىرگەن، ئۇنى بېسىپ ئۆتمەكچى بولغان-
لارنى مىڭ تۈمەن مۇشەققەتلەر كۈتىدۇ. كامىل-
لىق يولىغا كىرىش، ئۇنىڭ سىناقلىرىغا بەرداش-
لىق بېرىش بىلەن ئۇنىڭغا ئېرىشىش مۇمكىن.
ھىرقەتى ئەنە شۇ ئىلاھىي ئىشقنىڭ لەززىتى ۋە
مېھنەتلىرى ھەققىدە سۆز ئېچىپ، «ئاشىق مۇ-
ھەببەتسىز بولماس ۋە مۇھەببەت مېھنەتسىز.
لوقما تۇزسىز بولسا، بولار لەززەتسىز»، «مۇھەب-
بەت تاتلىق ئېرۇر، مېھنەت ئاچچىق» دەپ ھېك-
مەتلىك مىسرالارنى يارىتىپ، مۇھەببەت بار
يەردە ئۇنىڭ مېھنىتىمۇ بار دېگەن غايىنى ئىلگى-
رى سۈرىدۇ. مېھنەت ۋە مۇھەببەتنىڭ دائىم ھەم-

دەملىكىنى، يەنى ھەقىقىي ئاشىق ئىشق زەخمەتلىرىگە بەرداشلىق بەرگەندىلا، ئاندىن ۋىسالغا يېتەلەيدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىدىن چىقىپ تۇرۇپ يۇقىرى ماھارەت بىلەن تەسۋىرلەپ بېرىدۇ. شۇ مەقسەتتە داستان مۇقەددىمىسىدە، ئىشق ماۋزۇسىنى مەخسۇس بىر بۆلۈمدە يورۇتۇپ، ئۆز كۆزىتىشلىرىنىڭ بەدىئىي تەسۋىرى ئۈچۈن، «شام ۋە پەرۋانە»، «گۈل ۋە بۇلبۇل» ھېكايەتلىرىنى يارىتىدۇ.

ھىرقەتى ئىشق پەلسەپەسى ماھىيىتىنى ئۆزىگە خاس يول بىلەن ئايدىڭلاشتۇرۇش مەقسىتىدە، ئاجايىپ تەلقىنلەر قوللىنىدۇ. ئوقۇرمەنلەرگە ئىشق ماھىيىتى ھەققىدە مەلۇمات بېرىش نىيىتىدە، ھەر خىل قىياسلارنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. جۈملىدىن، شائىر مۇھەببەت سۆزىنىڭ ئەرەب ئىملاسى بىلەن تۆت ھەرپتىن تەشكىل تېپىشىغا ئىشارەت قىلىپ، ئۇنىڭ ھەر بىر ھەرپىدە يەتتىدىن قىسمەت يوشۇرۇنغان دەپ ئېيتىدۇ ۋە ئۇلارنى بىرمۇ بىر شەرھلەشكە ئۆتىدۇ. مەسىلەن: «مۇھەببەت» سۆزىنىڭ «م» ھەرپىدە مۇۋەپپەقلىق، مۇنىسلىق قىسمەتلىرى؛ «ھ» ھەرپىدە ھايات، ئىلىم، ھايا، ھەسرەت، ھەقىرلىق مەنىلىرى يوشۇرۇنغان. بۇ ئىستىلاھلارنىڭ ھەممىسى مەزمۇن ئېتىبارىدا بىۋاستە ياكى ۋاستىلىك ھالدا تەسەۋۋۇپتىكى ئىشقنىڭ شەرت ۋە تەلەپلىرى بىلەن ئىزاھلانغاندى. ئەسەر ئۆزىدىكى ئىشق ۋە مېھنىتى تەلقىنلىرى بىلەن «ھەيرەتۇل ئەبرار» دىكى ماقالات مۇندەرىجىسىگە يېقىنلىشىپ كېتىدۇ. لېكىن نەۋايى ئەسىرىدە ئىجتىمائىي ـ سىياسىي ۋە ئەخلاقىي ماۋزۇلار ناھايىتى چوڭ بىر ھالقىنى تەشكىل قىلغان بولسا، ھىرقەتى ئۆز داستانىدا پەقەت ئىشق ماۋزۇسى توغرىسىدىلا مۇھاكىمە ئېلىپ بارغان، خالاس.

ئەلىشىر نەۋايى «ئىشق تەئرىفى...» ماقالاتىدا ئىشق ھەقىقىتىنىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن، «شەيخ ئىراقىي شامدا ھۇسن شەمئىي گۈلىن كۆرگەچ، پەرۋانەدەك تۇتاشقانى ۋە شۇئلەسى ئىنكار تىكەنلىرىن كۆيدۈرۈپ، مۇنكىرلەر باشىغە ئاشقانى» ھېكايىتىنى كەلتۈردى. ھىرقەتى ئۆز ئەسەرلىرىدە ئىشق ھەقىقىتىنىڭ شەۋق ۋە ئىزتىرابلىرى ھەققىدىكى پەلسەپىۋى ـ ئەخلاقىي قاراشلىرى بايانىدىن كېيىن، ئۇنى قۇۋۋەتلەش ئۈچۈن «شام ۋە پەرۋانە» ھەمدە «گۈل ۋە بۇلبۇل» ھېكايىتىنى كەلتۈردى. ئۇشبۇ ھېكايەتلەردىن بىرىنچىسى، يەنى «شام ۋە پەرۋانە» نىسبەتەن ئىخچام بولۇپ، ئۇنىڭدا ئەنئەنىۋى شام ۋە پەرۋانە ئوبرازلىرى ئارقىلىق مۇھەببەتنىڭ ئاتەشىن كۈچىگە ئاپىرىنلار ئوقۇلىدۇ.

كۈنلەردىن بىرىدە تۈندە تەشكىل قىلىنغان بىر سۆھبەت مەجلىسىنى شام يورۇتۇپ تۇراتتى. شام ئۆزىنى ئۆزى كۆيدۈرۈش بەدىلىگە ئەتراپقا نۇر تارتىپ، يىغىلىشتىكىلەرگە خۇشاللىق بەخش ئېتەتتى. لېكىن ئۇنىڭ «ئاتەشۇ ئاب» (ئوت ۋە سۇ) ئىچىدىكى ھالىتىدىن يىغىلىشتا ئولتۇرغانلار پۈتۈنلەي غاپىل ئىدى. دېمەك، ھەر كىم ئۆز خىرىدارىنى، دەردىنى چۈشىنىدىغانلارنى، غەمگۇزارىنى تېپىشى كېرەك ئىدى. ئەسلىدە ئىشنىڭ يولىمۇ شۇ ئىدى. ئۇزاقتىن شام نۇرىنى كۆرگەن پەرۋانە ئۇنىڭ ئۈستىگە يېتىپ كېلىدۇ.

بىناگاھ بولدى بىر پەرۋانە پەيدا،
ئۇ بولدى شامنىڭ ھۆسنىگە شەيدا.

شۇ شەيدالىق تۇپەيلى پەرۋانە ئۆزىنى ئوتقا تاشلاشقا، ھايات تارلىرىنى كۆيدۈرۈشكىمۇ تەييار ئىدى.

ئۇرۇپ شام ئوتقا گاھى قاناتىنى،
ئۈزەي دەپ دۇنيادىن تارى ھاياتىنى.

ھىرقەتى مۇھەببەت ۋە مېھنەتنىڭ بىردەكلىكى ھەققىدىكى قاراشلىرىنى بايان قىلىش مەقسىتىدە كەلتۈرگەن يۇقىرىدىكى كىچىككىنە ھېكايىتى بىلەن كىتابخاننى مۇھەببەت، مۇھەببەتنىڭ سىناقلىرى، ۋىسال دەقىقىلىرىنىڭ تەسۋىرلىگۈسىز لەززىتىنى يەنىمۇ كەڭرەك پىلان ئاساسىدا تەسۋىرلىگەن يېڭى بىر داستاننى تىڭشاشقا تەييارلايدۇ. بۇ «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەت

كام» ئەسىرنىڭ ئاساسىنى تەشكىل قىلغان «گۈل ۋە بۇلبۇل» داستانىدۇر.

ھەرقەتى شەرق مۇھەببەتناملىرىنىڭ ئەڭ ياخشى ئەنئەنىلىرىنى داۋاملاشتۇرغان ھالدا، بۇلبۇل ۋە گۈلدىن ئىبارەت سىمۋوللۇق ئوبرازلاردىن پايدىلىنىپ، ئۆزىنىڭ جەمئىيەت ۋە تەبىئەت ھاياتىغا ئائىت قاراشلىرىنى شېئىرىي تەرزدە ئىپادىلەشنى مەقسەت قىلىدۇ. داستان ۋەقەلىرى بۇلبۇل، گۈل ۋە سابا ئوبرازلىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەر ئاساسىدا راۋاجلىنىپ بارىدۇ.

سابا ــ تاڭنىڭ ئارامبەخش مەيىن شامىلى. شەرق ئەدەبىياتىدا ئاشىقنىڭ مەشۇقىغا ۋە نۆۋىتىدە مەشۇقنىڭ سۆيگىنىگە دۇئا- سالاملىرىنى يەتكۈزۈش يولىدا ۋاستىچى رولىنى ئادا قىلىپ كەلگەن پىدائىي بىر ئوبراز سۈپىتىدە ئورۇن ئالغان. دەسلەپ لىرىك ئەسەرلەرگە كىرىپ بارغان سابا، بارا- بارا ئېپىك ئەسەرلەرنىڭ قەھرىمانى دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن. جۈملىدىن، گۈل ۋە بۇلبۇل ئوبرازلىرى ئاساسىي ئورۇننى تەشكىل قىلغان ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسىدە سابا ئىشتىراك ئەتكەن. ھەرقەتى ئۆزىنىڭ «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكام» داستانىدا سابا ئوبرازىنى ئېپىك قەھرىمان دەرىجىسىدە ئىشلەش بىلەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى يېڭى بىر ئوبراز بىلەن بېيىتقان.

سابا ــ ياخشىلىق، ئېزگۈلۈك ئەلچىسى، ئۇ سۈبھى- تاڭ سۈزۈلۈشتىن باشلاپ تاغۇ تاشلارنى، باغۇ بوستانلارنى، گۈلشەنلەرنى كېزىدۇ. ئادەملەر قەلبىگە ئارام بېغىشلايدۇ. ئاشىقلار قەلبىنى بىر- بىرىگە باغلايدۇ. سابا ئۆزىنىڭ دائىملىق ئادىتى بويىچە گۈلشەنلەرنى كېزىپ يۈرگىنىدە، بىر خىل گۈللەر بىلەن زىننەت تاپقان باغنىڭ ئۈستىدىن ئۆتۈپ قالىدۇ. ئۇنىڭ قىپقىزىل گۈللىرى شۇ دەرىجىدە گۈزەل ۋە ئارامبەخش ئىدىكى، بۇ ئېرەم بېغىغا ھەممە ھەۋەس قىلسا ئەرزىيتتى. سابا بۇ باغنىڭ لالە ۋە گۈللىرىنى تاماشا قىلىپ، قۇشلارنىڭ شوخ، ئاجايىب سايراشلىرىغا قۇلاق تۇتۇۋاتقىنىدا بىردىن لاتاپەت نازۇكلۇق رەمزى بولغان قىزىلگۈلگە كۆزى چۈشۈپ قالىدۇ. ھەمىشە ھەممىگە ياخشىلىقنى، ئېزگۈلۈكنى ئارزۇ قىلىپ يۈرگەن سابا قىزىلگۈلگە يېقىنلىشىپ، ئۇنىڭغا كۆزىتىش نەزىرى بىلەن قاراپ، «بۇ گۈلگە مۇھەببەت يولىدا بىرسادىق كېرەك ئىكەن» دېگەن پىكىرگە كېلىدۇ. ئۇ قىزىلگۈلگە يېقىنلىشىپ، چوقۇم ساڭا مۇناسىپ يار تاپىمەن دەپ سۆز بېرىدۇ.

داستاندا شۇ نۇقتىدىن باشلاپ گۈل ئوبرازى پەيدا بولىدۇ. مەجازى نۇقتىدىن ناھايىتى گۈزەل، ئەينى پەيتتە پاكلىق- ئىپپەت رەمزى بولغان گۈل- مۇھەببەت تىمسالى ئىدى. گۈل گۈلشەندە ئەڭ گۈزەل بولۇشىغا قارىماي، ئۆز كۆركىنى كۆز- كۆز قىلمايدۇ. گۈل ئۆزى بىلەن ئۆزى مەشغۇل. تاڭ ئېتىشى بىلەن بىئىختىيار ئۆزىنىڭ غۇنچە بەرگلىرىنى ئېچىشقا باشلايدۇ. كۆپ ئۆتمەي ئۇلار مەي بىلەن سەرخۇش كىشىلەردەك ئۆزلىرىنى ھەر تەرەپلەرگە تاشلاشقا باشلايدۇ. سابا بۇ گۈزەللىك خەۋرىنى ئېلىپ، يەنە باغۇ بوستانلار ئارا سەير قىلىۋېتىپ، بىر مەنزىلدە توپ بولۇپ تۇرغان گۈللەر ۋە ئۇلارغا پەرۋانە بولغان خۇش ئاۋاز قۇشلارغا كۆزى چۈشىدۇ. سابا شۇ يەردە چاك - چاك قىلىپ، ئاجايىب خۇش ئاۋازدا سايراۋاتقان بۇلبۇلغا كۆزى چۈشىدۇ. سابا زېرەكلىك بىلەن كۆزىتىپ بىلىدۇكى، بۇلبۇل شۇ ئەتراپتىكى گۈلقەھقەھكە مەيل بىلدۈرۈپ، بىھوش بولۇشقا باشلىغان. بۇنى سەزگەن سابا بۇلبۇلغا يېقىنلىشىپ، دۇنيادا نېمە كۆپ، گۈل كۆپ، چىمەن كۆپ. لېكىن «مەھرەم» ۋە «ھەمدەم» تېپىش ئىنتايىن قىيىن. بۇنداق ئالىيجاناب جۈپ تېپىش ئۈچۈن، زەخمەت چېكىش، دەھشەتلەرنى يېڭىش، ۋاپا ۋە ساداقەت سىناقلىرىغا بەرداشلىق بېرىش كېرەك، دەپ ئېيتىدۇ ۋە ئۇنىڭغا قوشنا بىر گۈلشەندە كۆرۈپ كەلگەن قىزىلگۈلنى تەبرىكلەپ، ئۇنىڭ سۈپەتلىرىنى بايان قىلىدۇ. بۇلبۇل سابادىن قىزىلگۈلنىڭ تەرىپىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭدا بۇ گۈلنى كۆرۈشكە قىزىقىش پەيدا بولىدۇ.

ھەرقەتى داستان ۋەقەلىرىنى تەسۋىرلەشنى داۋاملاشتۇرۇش جەريانىدا بۇلبۇلنى گۈلگە ياكى

www.uyghurkitap.com

گۈلنى بۇلبۇلغا ئاسانلا يېتىشتۈرمەيدۇ. بۇلبۇل بىلەن گۈل ئوتتۇرىسىدا سىناقلار باشلىنىدۇ. سابا ئۇلارنىڭ بىر-بىرلىرىگە يېزىلغان نامەلىرىنى يەتكۈزۈپ تۇرىدۇ.

بۇلبۇل سابادىن گۈلنىڭ سۈپەتلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا دىل ئىزھارى سۈپىتىدە غەزەل تەرزىدە نامە يوللايدۇ:

سېنى ئەي گۈل، كامالىڭنى ئىشىتتىم،
قىزىل ئوتتەك جامالىڭنى ئىشىتتىم.
ئەدەتسىز ۋەسفىڭ ئاڭلاپ مەن سابادىن،
جەھاندا يوق مىسالىڭنى ئىشىتتىم.

گۈل بۇلبۇلنىڭ مەكتۇپلىرىدىن غايەت تەسىرلىنىپ، ئۇنىڭغا جاۋاب ئېيتىشقا تۇتۇنىدۇ. گۈلنىڭ نامەسىمۇ باشتىن-ئاياغ ئاشىقانە بولۇپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ئەنئەنىۋى غەزەللەر تېماتىكىسى، ئوبرازلار سىستېمىسى ئاساسىغا قۇرۇلغان. لېكىن ھەرقەتنىڭ گۈل ۋە بۇلبۇل ئوبرازلىرىنىڭ مەنىۋى ئالەمىنى يارىتىشقا بېغىشلانغان غەزەللىرى ئۆزىدە نامەلەرگە خاس خۇسۇسىيەتلىرىنى ئىپادىلىگەن. مەسىلەن، بۇلبۇلنىڭ نامەسى مۇھەببەتلىك دىل ئىزھارىدىن ئىبارەت بولسا، گۈلنىڭ مەكتۇبى شۇ مۇھەببەت ھاياجانلىرىغا مۇناسىپ بىر جاۋاب تەرزىدە يېزىلغان. گۈلنىڭ بۇلبۇلغا جاۋاب نامەسىدە شۇ ھال دەرھال كۆزگە تاشلىنىدۇ.

ئىشىت نامەسىنى، كەل، ئەندىشە قىلماي،
ئۈمىدىڭ تارىدىن بوينۇمدەدۇر غول.
مېنى دەپ سەن كېلەر بولساڭ بۇ يەرگە،
فىدا ئەيلەي دىلۇ جانىمنى بىلكۆل.

ياخشى كۆرۈشكەنلەر ئارىسىدىكى مەكتۇبلىرىدە ھەرقەتى ئەلىشىر نەۋايىنىڭ «فەرھاد ۋە شېرىن» داستانىدىكى فەرھاد ۋە شېرىن ئوتتۇرىسىدىكى يېزىشمىلاردىنمۇ بەھرىمەن بولغانلىقى شۈبھىسىز. بۇنىڭدىن تاشقىرى، سابا ۋە بۇلبۇل، گۈل ۋە بۇلبۇل ئوتتۇرىسىدىكى سوئال-جاۋابلار فەرھاد ۋە خۇسرەۋ سوئال-جاۋابلىرىنىڭ تەسىرى ئاستىدا يېزىلغانلىقى روشەن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

ھەرقەتى ئەسىرىدە بۇنداق سوئال-جاۋابلار ئىككى يەردە ئۇچرايدۇ. ئۇلاردىن بىرى دەسلەپ سابا بۇلبۇل ياشايدىغان گۈلزارغا بارغاندا يۈز بېرىدۇ. بۇلبۇلنىڭ چىمەندىكى ئاشىقانە سايراشلىرىنى ئاڭلىغان سابا ئۇنى ئۇزاق سوئالغا تۇتتى. بۇ قىستۇرمىنى يارىتىشتا ھەرقەتى نەۋايى داستانىدىكى ئېيتىشىشنىڭ تاشقى ئوخشاشلىقىنىلا ئەمەس، بەلكى مەزمۇن ئاھاڭداشلىقىنىمۇ ساقلاپ قېلىشقا، شۇنداقلا گۈزەل بىر مەنزىرە يارىتىشقا ھەرىكەت قىلغان ۋە بۇنىڭغا ئېرىشكەن.

مەلۇمكى، نەۋايى داستانىدا خۇسرەۋنىڭ بىرىنچى سوئالى فەرھادنىڭ ۋەتىنى، ماكانىنى سوراشتىن ئىبارەت بولدى:

دېدى: قايدىن سەن، ئەي مەجنۇنى گۇمراھ؟

فەرھاد خۇسرەۋنىڭ بۇ سوئالىغا «ئەخمەق بولمىساڭ شۇنداق سوئال سورارمىدىڭ» دېگەندەك زەھەرخەندىلىك بىلەن جاۋاب بەردى:

دېدى: مەجنۇن ۋەتىنىدىن قايدا ئاگاھ.

«مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكام» داستانىدىمۇ سابانىڭ بۇلبۇلغا دەسلەپكى سوئالى نەۋايى تەلقىنلىرىگە ئاھاڭداشتۇر.

دېدى: قايدىن بولۇرسەن مۇرغى خۇشخان؟

بۇلبۇلنىڭ جاۋابىمۇ «فەرھاد ۋە شېرىن» داستانىدىكىگە ئوخشاش.

دېدى بۇلبۇل: ماكانى ئېرمەس ئايان.

«مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكام» ئەسىرىدىكى ئىككىنچى سوئال-جاۋاب بىۋاستە گۈل ۋە بۇلبۇل ئوتتۇرىسىدا بولۇپ ئۆتىدۇ. ئىلگىرى گۈلقەھقەھ ۋە باشقا گۈللەرگە ئاشىق بولۇپ، ئۇلارنى تەرىپ ئېيتىپ يۈرگەن بۇلبۇل ھەقىقىي ئاشىقلىقنىڭ كەيپىنى ئەمدىلەتتىن سېزىشكە باشلايدۇ.

دېدى: نەدىن بولۇپدۇر رەڭگى زەردىڭ؟
دېدى: جانىمنى ئۆرتەر ئىشق دەردىڭ.
دېدى: نەدىن تىپشىكدۇر جىسمى زارىڭ؟
دېدى: سانجىلدى ھەردەم تەنگە خارىڭ.

سوئال- جاۋاب ئەسناسىدىكى: گۈلنىڭ
«نېچۈن كۆز ياشلارىڭ لەئلىگە ئوخشاپ قان
رەڭگىدە؟» دېگەن سوئالغا بۇلبۇلنىڭ «چۈنكى
جىگىرىم قاندۇر» دەپ جاۋاب بېرىشى بۇلبۇلـ
نىڭ هاياتىنىڭ گۈزەللىك گۈلىگە ئاشىقلىقىنىڭ
بەلگىسى بولۇپ، شائىر باتىني مەزمۇن بىلەن
ئاللاھقا بولغان بۈيۈك ئىشقىنىڭ لەززىتى ۋە مۇ-
شەققىتىنى كۈيلەيدۇ. ھىرقەتى ئۆز ئەسىرىنىڭ
ۋەقەلىرى داۋامىدا بۇ مەسىلىلەرگە دىققەت قىـ
لىشنىمۇ ئۇستاز نەۋايىدىن ئۆگەندى. خۇسۇسەن
نەۋايىدىكى:

دېدى: قەي چاغدىن ئولدۇڭ ئىشق ئارا مەست،
دېدى: روھ ئېرمەس ئېردى تەنگە پەيۋەست.

دېگەن مىسرا بىلەن ھىرقەتىنىڭ:

دېدى: شەرھ ئەت مەي پەيمانەسىن،
دېدى: ئىچتىم ئەزەل مەيخانەسىن.

دېگەن مىسراسى بۇنىڭغا ياخشى مىسال.

داستان ۋەقەلىرىنىڭ كېيىنكى ئېقىمىدىن
مەلۇم بولۇشىچە، بۇلبۇلنىڭ چىن ئاشىقلىقى،
ئۆز ئىشقىدا پىدائىيلىقىنى چۈشەنگەن گۈل ئۇ-
نىڭغا خەيرخاھلىق بىلەن قاراشقا باشلايدۇ. بۇلـ
بۇلنى «مېھرىبانىم» دەپ ئاتايدۇ. لېكىن كۆپ
ئۆتمەي بۇلبۇلنىڭ چىدامسىزلىقى، قىيىنچىـ
لىقلار ئالدىدا ئاجىزلىقى بىلىنىپ قالىدۇ. ئۇ قىـ
زىلگۈلنىڭ تىكىنىنى باھانە قىلىپ، ئۇنىڭ ھۇ-
زۇرىدىن كېتىپ قالىدۇ. بۇلبۇلنىڭ ئۆزىنى
بۇنداق تۇتۇشى، سۆز- ھەرىكىتىدىكى يەڭگىلـ
تەكلىك گۈلنى قاتتىق رەنجىتىدۇ. ئوتتۇرىدا
گىنە- ئاداۋەت باشلىنىدۇ. بىر- بىرىنى كەمسىتىـ
دىغان گەپلەر بولۇپ ئۆتىدۇ. مانا شۇ ناھايىتى
زىددىيەتلىك، كۆڭۈلنى ئۆرتىگۈچى جۇدالىق
دەملىرىدە سابا يەنە ۋەقەگە ئارىلىشىدۇ. ئۇ
بۇلبۇل بىلەن گۈلنى ئۆتكۈنچى ھەۋەسلىرىدىن
ۋاز كېچىشكە، ئىشق يولىدا قىيىنچىلىقلارغا
بەرداشلىق بېرىشكە دەۋەت قىلىدۇ. سابانىڭ
پەند- نەسىھەتلىرى ۋە ۋاقتى- ۋاقتى بىلەن «دوست
يىغلىتىپ ئېيتىدۇ» دېگەن مەزمۇندىكى خىتابىـ
دىن خىجالەت چەككەن بۇلبۇل يەنە گۈلنىڭ ئالـ
دىغا قايتىپ كېلىدۇ. بۇلبۇلنىڭ قىزىلگۈل ھۇ-
زۇرىغا قايتىپ كېلىپ قىلغان ئارزۇ- نىيەتلىرىدە
سۆيگۈگە ئېتىقاد، ۋاقىتلىق ئاراز ۋە ئادىشىش
ئۈچۈن پۇشايمان، ۋىسال دەقىقىلىرى ئۈچۈن جانـ
پىدا قىلىشقا تەييار ئىكەنلىكى ئايان بولىدۇ.
گۈل ۋە بۇلبۇلنىڭ شۇ جەريانلاردىكى ھاللىرىنى
بايان قىلىشلىرى بىۋاستە نەۋايى داستانىدىكى
فەرھاد ۋە شېرىن مەكتۇبلىرىنى ئەسلىتىدۇ.

شۇنداق قىلىپ، ھىرقەتى ئۆزىنىڭ «مۇھەبـ
بەتنامە ۋە مېھنەتكام» داستانىدا بۇلبۇل ۋە گۈل
ئوبرازلىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەت سەرگۈ-
زەشتى تەسۋىرى ئارقىلىق يۈكسەك ئەخلاقىي پە-
زىلەتلىرىنى كۈيلەيدۇ. سۆيگۈ ۋە ساداقەتنى،
دوستلۇقتىكى پىدائىيلىقنى ئۇلۇغلايدۇ. شائىر
ئۆز ئەسىرىگە مۇھەببەت ئالىمىنىڭ مېھنەت ۋە
مۇشەققەتتىن ئىبارەت سىناقلىرىغا بەرداشلىق
بېرىش، بۇ يولدىكى توسۇق ۋە داۋانلارنى چىدام،
قەتئىيلىك بىلەن يېڭىپ ئۆتۈش زۆرۈرلۈكى غا-
يىسىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.بۇلبۇلمۇ، گۈلمۇ ئۆز-
لىرىنىڭ يۈكسەك مەقسەت يوللىرىدىكى تىرىشـ
چانلىق ۋە ھەرىكەتلىرى، يەنى ئىزگۈلۈكنى قە-
دىرلىشى، ياخشىلىقا، يۈكسەك ئەخلاق ۋە پەزىـ
لەتكە ئىنتىلىشلىرى بىلەن ئىبرەتلىك ئىدى.
ھىرقەتى «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكام» داستانىدا
ئەنە شۇ ھاياتىي غايىلەرنى رەڭگارەڭ ئوبرازلار ۋا-
سىتىسىدە ئىپادىلەپ بېرىشتە ئەلىشىر نەۋايىـ
نىڭ «خەمسە» داستانىدىن پايدىلاندى. نەۋايى ما-
ھارىتىدىن مەدەت ئالدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، «-
مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكام» داستانىدا ئەنئەنىلەر-
گە قەتئىي ئېتىقاد بىلەن قارىغان ھىرقەتىنىڭ ئىـ
جادىي ئىزدىنىشلىرى سەمەرىسى بولغان قەلەم
قۇدرىتى يارقىن كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدۇ.

(تاشكەنتتە چىقىدىغان «ئۆزبېك تىلى ۋە ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 2008 - يىللىق 6 - سانىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇلدى)

مۇھەررىر **ھەزرەتئەلى ئەخەت**

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# بېلىقچىنىڭ قىزى

(چۆچەك)

بۇرۇنقى زاماندا بىر پادىشاھنىڭ شۇنداق كېلىشكەن، ساھىبجامال قىزى بولغانىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇ قىز ئوۋغا چىقماقچى بولۇپ:

— پۈتۈن شەھەرگە يارلىق چىقىرىڭلار، مېنىڭ بىلەن بىللە ئوۋغا چىقىشنى خالايدىغان قىزلار بولسا، تېز ئوردىغا يىغىلسۇن، — دەپتۇ. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان قىزلار تەرەپ - تەرەپتىن ئوردىغا يىغىلىپتۇ. بۇ خەۋەر بېلىقچىنىڭ قىزىنىڭمۇ قۇلىقىغا يېتىپتۇ ۋە ئۇنىڭمۇ ئوۋغا چىقىپ تاماشا قىلغۇسى كەپتۇ - دە، ئوردىغا بېرىپ قىزلار سېپىگە قوشۇلۇپتۇ. ھەممىسى جەم بولغاندىن كېيىن جاڭگالغا ئوۋغا ئاتلىنىپتۇ. قىزلار ئوۋ ئوۋلاپ، تاماشا قىلىپ يۈرسە، ئارىدىن بىر قىز:

— ھەي قىزلار، ئاسمانغا قاراپ بېقىڭلارچۇ، بىر تەخت ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندەك قىلىدىغۇ، — دەپتۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان پادىشاھنىڭ قىزى:

— ئۇ چوقۇم سۇلايمان پادىشاھنىڭ تەختى بولسا كېرەك، سۇلايماننىڭ تەختىنى دىۋە - پەرىلەر ھاۋادا كۆتۈرۈپ يۈرىدۇ، دەپ ئاڭلىغانىدىم، — دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان بېلىقچىنىڭ قىزى:

— مەن سۇلايمان پادىشاھنىڭ خوتۇنى بولغان بولسام قانچىلىك ياخشى بولار ئىدى، —

دېگەن گەپنى ئاغزىدىن چىقىرىپ ساپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان پادىشاھنىڭ قىزى دەرغەزەپكە كېلىپ:

— ئۇنىڭ ئاغزىغا ئۇرۇڭلار! بۇ نېمىدەپ جۆيلۈۋاتىدۇ؟! ھەر كاتتا پادىشاھ، بايلارنىڭ قىزلىرى تۇرغان يەردە، سەندەك بېلىق گۆشى يېگەن سېسىق بىر نېمىگە نېمە قويۇپتۇ؟! — دەپ ئۇنى ئوۋدىن قوغلاپ كەتكۈزۈۋېتىپتۇ. بۇ ئىش بېلىقچىنىڭ قىزىغا ئېغىر كېلىپ، كۆڭلى بەك يېرىم بوپتۇ-دە، يىغلاپ تۇرۇپ: «ئەي ئۇلۇغ پەرۋەردىگار، بىزمۇ سۇلايمانغا ئوخشاش سېنىڭ بەندەڭغۇ؟! ئۇنى نېمىشقا پادىشاھ، بىزنى نېمىشقا بېلىقچى قىلىپ ياراتتىڭ؟» دەپ خۇداغا نالە قىپتۇ. بۇ قىزنىڭ ئەرز-ھالى خۇدانىڭ دەرگاھىغا يېتىپتۇ. شۇ چاغدا سۇلايمان پادىشاھ شامالغا:

— مېنى گىلەم بىلەن ئۇچۇرۇپ ئالدىمىزدىكى بېلىقچىنىڭ قىزىنىڭ يېنىغا ئاپارغىن، — دەپ بۇيرۇق قىپتۇ. شامال سۇلايمان پادىشاھنىڭ بۇيرۇقىنى بەجا كەلتۈرۈپ، ئۇنى ئۇچۇرۇپ بېلىقچىنىڭ ئۆيىنىڭ ئۈستىگە كەلگەندە، ئۇنىڭ كۆڭلىدە ئەي ئۇلۇغ خۇدا، سەن مېنى پادىشاھ قىلدىڭ، نېمىنى قىلغۇم كەلسە شۇنى قىلالايمەن، ھەتتا دېڭىزدىن تارتىپ شامالغىچە ھەممىسى مېنىڭ ئەمرىمنى تۇتىدۇ، لېكىن خۇدالىقىڭغا شېرىك ئەمەسمەن، ئەگەر خۇشاللىقىڭغا شېرىك كېرەك بولسا، مېنى شېرىك قىلارمىدىڭ؟ دېگەن ئوي كېچىپتۇ.

ئۇ شۇ ئويلار بىلەن بىر دەريا بويىغا چۈشۈپتۇ-دە، تاھارەت ئالماقچى بولۇپ قولىنى يۇغانكەن، تۇيۇقسىز قولىدىكى ئۈزۈك سۇغا چۈشۈپ كېتىپتۇ. ئۇ ئۈزۈكنى ئالماقچى بولۇپ قولىنى ئۇزىتىشىغا، بىر بېلىق پەيدا بولۇپ ئۈزۈكنى كاپ قىلىپ يۇتۇۋېلىپ كۆزدىن غايىب بوپتۇ، ئۇ ئولتۇرغان تەختمۇ، شامالمۇ غايىب بوپتۇ. ئەسلىدە سۇلايماننىڭ كارامىتى ئۈزۈكتە ئىكەن، ئەگەر ئۈزۈكتىن ئايرىلسا ھېچقانداق ئىش قىلالمايدىكەن. شۇ چاغدا سۇلايمان پادىشاھ گۇناھ ئۆتكۈزگەنلىكىنى تونۇپ، «ئاھ، خۇدا، سېنىڭ ئالدىڭدا چوڭ گۇناھ ئۆتكۈزدۇم، كەچۈرگەيسەن» دەپ يىغلاپ-قاقشاپ كېتىۋاتسا، بىر بېلىقچى ئۇچراپ قاپتۇ. بېلىقچى:

— ھەي، يىگىت نەگە بارىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— مەن سەرگەردانمەن، جاڭگال بالىسىمەن، يۇرتقا بېرىپ ئوغلى يوققا ئوغۇل، قىزى يوققا قىز بولىمەن، ئۆزۈمگە ئاتا تاپىمەن، — دەپتۇ.

— ئىسمىڭ كىم؟

— سۇلايمان.

— ئۇنداق بولسا ماڭا بالا بولۇشنى خالامسەن؟

— خالايمەن.

بېلىقچى سۇلايماننى باشلاپ ئۆيگە كەپتۇ ۋە بىر ئېغىز ئۆينى تۇتۇپ بېرىپتۇ. ئۇ كۈندۈزى بېلىقچى بىلەن دەرياغا بېرىپ بېلىق تۇتسا، كېچىسى خۇداغا نالە قىلىپ ئۆز گۇناھىنى تىلەيدىكەن. بۇنى كۆرگەن بېلىقچى خوتۇنىغا:

— سۇلايمان ئەجەب ياخشى بالا ئىكەن، كۈندۈزى ماڭا ياردەملەشسە، كېچىسى تىنماستىن خۇدانى سېغىنىپ ئىبادەت قىلىپ ئولتۇرىدۇ. قىزىمىزنى ئۇنىڭغا چېتىپ قويمايلىمۇ؟ قىزىمىزمۇ، ئوغلىمىزمۇ ئۆيىمىزدىلا بولىدۇ، — دەپ مەسلىھەت ساپتۇ، خوتۇنى قوشۇلۇپتۇ.

ئەتە توي دېگەن كۈنى بېلىقچىنىڭ قىزى بۇ يۇرتتىكى پۈتۈن قىزلارنى تويغا چىللاپ كېلىمەن، دەپ دەريا ياقىسىدىن شەھەرگە بېرىپتۇ. قىزلار كىم بىلەن توي قىلىدىغانلىقىنى سورىغاندا:

— ئۆزى سۇلايمان پادىشاھ بولمىسىمۇ، ئىسمى سۇلايمان دېگەن يىگىت بىلەن توي قىلىمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

ئەتىسى توي بوپتۇ. تويدىن كېيىن ئۇزاق ۋاقىتقىچە ئۇلار ئاتا-ئانىسى بىلەن بىللە غىزالنىپ ئۆتۈپتۇ. بىر كۈنى بېلىقچى بۈگۈن كۈيئوغلۇمغا ئاتاپ بىر تور سالاي، ئۇنىڭ تەلىيىگە قانداق بېلىق چىقىدىكىن، ئۇلارنىڭمۇ ئۆيى بول-

غاندىكىن ئۆزى خالىغانچە تاماق ئېتىپ يېسۇن دەپ ئويلاپ، تورنى دەرياغا تاشلىغانىكەن، بىر كىچىك بېلىق چىقىپتۇ. بېلىقچى بۇ بېلىقنى ئايرىم ئېلىپ قويۇپ، ئۆيگە بارغاندا كۆيئوغلىنى چاقىرىپ ھېلىقى بېلىقنى بېرىپتۇ. قىزى بىلەن سۇلايمان بېلىقنى ئۆيگە ئېلىپ كىرىپ بېلىقنىڭ قارنىنى يارغانىكەن، سۇلايمان پادىشاھنىڭ ئۈزۈكى چىقىپتۇ. ئەسلىدە سۇلايمان پادىشاھنىڭ كىچە-كۈندۈز قىلغان ئىبادەتلىرى قوبۇل قىلىنغانىكەن. شۇ زاماتلا ھاۋا قاتتىق گۈلدۈرلەپتۇ، قارىسا دىۋىلەر ئۈزۈكنى ئالغىلى كېلىۋاتقانىكەن، سۇلايمان تېزلىك بىلەن خوتۇنىنىڭ قولىدىن ئۈزۈكنى ئېلىپ قولىغا سېلىۋاپتۇ ۋە دىۋىلەرگە قاراپ:

— تەخت ئەكېلىڭلار! — دەپ بۇيرۇق قىپتۇ. دىۋىلەر پەرماننى بەجا كەلتۈرۈپتۇ. سۇلايمان قېيناتا-قېينانىسىغا شۇنداق دەپتۇ:

— مەن سۇلايمان پادىشاھ ئىدىم، خۇدانىڭ دەرگاھىغا ئاشىق بولۇپ مۇشۇ ھالغا چۈشۈپ قالغانىدىم . مېنىڭ نەچچە ۋاقىتتىن بېرى تىلىگەن تىلىكىم خۇداغا يەتتى. ئەمدى بىز كەتمىسەك بولماس، خوش ئەمىسە، — دەپ خوتۇنىنى ئېلىپ ماڭماقچى بولغاندا خوتۇنى سۇلايمانغا:

— توختاپ تۇرۇڭ. بىز بىر كۈنى پادىشاھنىڭ قىزى بىلەن ئوۋغا چىققانىدۇق، قارىسام سىزنىڭ ئاشۇ ئالتۇن تەختىڭىز ئۆتۈپ كېتىۋاتقانىكەن، مەن شۇ ۋاقىتتا سىزنىڭ نىكاھىڭىزدا بولۇشنى ئارزۇ قىلىپ، سۇلايماننىڭ خوتۇنى بولغان بولسام دەپ ساپتىمەن، شۇ چاغدا پادىشاھنىڭ قىزى مېنى ھاقارەت قىلىپ قوغلىۋەتكەنىدى. مەن خۇداغا سېغىنىپ نالە - زار قىلدىم، خۇدا قوبۇل قىلىپ، سىز بىلەن توي قىلىشنى نېسىپ قىلدى. توي كۈنى مەن قىزلارغا سۇلايمان پادىشاھنىڭ ئۆزىگە تەگمىگەن بولسامىمۇ، ئىسمى سۇلايمانغا تەگدىم، دېگەنىدىم. راستىنلا سۇلايمان پادىشاھقا تېگىپتىمەن. مەن بېرىپ قىزلارنى چاقىراي، ئۇلار ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆرۈۋشسۇن، — دېگىنىچە قىزلارنى قىچقارغىلى كېتىپتۇ. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي قىزلار يېتىپ كەپتۇ. بېلىقچىنىڭ قىزى قىزلارغا ئىشىك ئالدىدا تۇرغان ئالتۇن تەختنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

— مەن سىلەرگە بۈگۈن شۇنى جاكارلايمەنكى، مەن ئىسمى سۇلايمانغا ئەمەس، بەلكى سۇلايمان پادىشاھنىڭ ئۆزىگە تەگدىم! — دەپتۇ.

قىزلار ھەيران بولۇشۇپ قاراپ قېلىشىپتۇ. سۇلايمان خوتۇنىنى ئېلىپ، دىۋىلەر تەرىپىدىن قوغدىلىپ، ئالتۇن تەختكە ئولتۇرۇپ، ئۆز ماكانىغا ئۇچۇپ كېتىپتۇ. شۇنداق قىلىپ بېلىقچىنىڭ قىزى ئۆز مۇرادىغا يەتكەنىكەن.

(«خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى»دىن ئېلىندى)

مۇھەررىر **مۇھەممەد ئەيسا ئۆزئەرك**



شائىر سالى ئىبراھىم 1937-يىلى كەلپىندە تۇغۇلغان.



بوغدا كۆلى

ئۆركەش جاپپار فوتوسى


《塔里木》文学月刊(维吾尔文)— TARIM A MONTHLY OF UYGHUR LITERATURE

主　　管：新疆维吾尔自治区文联
编辑出版：新疆塔里木杂志社
印　　刷：新疆日报社印务中心
国外发行：中国国际图书贸易总公司
订阅、零售：各地邮局所
地　　址：乌鲁木齐市友好南路 716 号
电　　话：0991－4516214, 4597601, 4597603

2010 - يىل 1 - سان (ئومۇمىي 587 - سان)، 60 - يىل نەشرى.
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى باشقۇرىدۇ.
شىنجاڭ تارىم ژۇرنىلى نەشرىياتى تۈزدى ۋە نەشر قىلدى. ئۈرۈمچى جەنۇبىي دوستلۇق يولى 716 - قورۇ.
شىنجاڭ گېزىتى باسما مەركىزىدە بېسىلدى.
جۇڭگو كىتاب سودىسى باش شىركىتى چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ.
مەملىكەت بويىچە ھەممە جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ.
تېلېفون: 4597603، 4597601، 4516214 _ 0991

国际标准刊号：ISSN1002 － 9044
国内统一刊号：CN65 － 1010/I
国外代号：M4461　邮政编码 830000
邮发代号：58 － 66　定价：7.00 元
广告许可证号：6500006000046

خەلقئارالىق ئۆلچەملىك ژۇرنال نومۇرى:
مەملىكەت بويىچە بىر تۇتاش ژۇرنال نومۇرى:
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى: M4461　پوچتا نومۇرى:
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 66 _ 58، باسما تاۋاق: 10، باھاسى: 7.00 يۇەن
ئېلان تىجارەت نومۇرى: 6500006000046
بېسىش، تۈپلەشتە مەسىلە كۆرۈلسە زاۋۇت ئالماشتۇرۇپ بېرىدۇ. تېلېفون: 5593475 _ 0991